مۇھەممەد ئەززۇھەيلى

# ئىسلامدا كىشىلىك ھوقۇق

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ﴿ حقوق الإنسان في الإسلام ﴾

«باللغة الأويغورية»

تأليف: محمد الزهيلي

ترجمة: عبد الأحد حافظ

مراجعة: عبد الجليل تران

ن. تمكيني

المصدر: دار تكلمكان الأويغوري

2010 - 1431

islamhouse.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ..... 11

مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى ..... 13

مۇھاكىمە قىلىش پىلانى ..... 13

ھوقۇق ۋە ئىنسان ھەققىدە مۇقەددىمە ..... 15

بىرىنچى ھوقۇق ..... 15

ئىككىنچى ئىنسان ..... 15

بىرىنچى باب: كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ئاساسى ئامىللىرى ..... 17

بىرىنچى پەسىل: ئىنسانغا بولغان ئىلاھىي ئىززەت ـ ئىكرام ..... 18

بىرىنچى ئىنسانغا بولغان ئىلاھىي ئىززەت ـ ئىكرام ..... 18

خەلىپىلىكنىڭ ئاساسلىرى ..... 19

بۇ خەلىپىلىكنىڭ نەتىجىلىرى ..... 20

ئىككىنچى پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئىنساننى مەركەز قىلىشى ..... 23

ئۈچىنچى پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇش ..... 31

تۆتىنچى ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلىش ..... 35

بەشىنچى كائىناتتىكى بارلىق نەرسىنى ئىنسانغا بويسۇندۇر ..... 42

بويسۇندۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرى ..... 45

ئالتىنچى ئىنسانغا ئەقىل نېمىتىنى بېرىش ..... 49

يەتتىنچى ئاۋۋال ئىنسان تۇرغۇزۇش ..... 60

سەككىزىنچى ئىنسان مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقنىڭ ئاساسى ..... 65

ئىنساننى گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەر بىلەن ھۆرمەتلىك قىلىش ..... 67

توققۇزىنچى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ئىنساننى ھۆرمەتلەش ..... 70

1 ـ ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ..... 70

2 ـ ئەۋلادلارنىڭ ھەقلىرى ..... 72

3 ـ كېلىشىم ۋە تەسەررۇپلاردا ئىنسان ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىش ..... 73

4 ـ جازالار ..... 75

5 ـ شۇرا (مەسلىھەت كېڭەشى) ..... 78

6 ـ ئوتتۇرا ھاللىق ئۇسۇلى ..... 79

خۇلاسە ............ 81
ئىككىنچى پەسىل: زۆرۇرىيەتلەرنى قوغداش ............ 82
شەرىئەت ۋە ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ............ 82
زۆرۇرىيەتلەرنى تونۇتۇش ............ 83
زۆرۇرىيەتلەرنى بەلگىلەش ............ 83
بىرىنچى دىن ............ 84
ئىككىنچى جان ............ 87
ئۈچىنچى ئەقىل ............ 90
تۆتىنچى ئىپپەت، نەسەب ياكى نەسىل ............ 92
بەشىنچى مال ............ 94
شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى زۆرۇرىيەتلەرگە ئاساسەن تەرتىپكە سېلىش ............ 96
مەنپەئەتلەر ئارىسىدا زىتلىق ۋە تاللاش ............ 97
ئۈچىنچى پەسىل: كىشىلىك ھوقۇق تارىخى ............ 102
1 ـ باسقۇچ كىشىلىك ھوقۇق پىكرى ............ 102
2 ـ باسقۇچ ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق ............ 104
3 ـ باسقۇچ قانۇن ـ نىزامدا كىشىلىك ھوقۇق ............ 105
فرانسىيە كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنىڭ مەزمۇنى ............ 107
دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ مەزمۇنى ............ 109
ھازىرقى زاماندا ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق ............ 112
بىرىنچى خەلقئارا ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ............ 112
بىرىنچى ئاساسىي ھوقۇقلار ............ 114
ئىككىنچى سىياسىي ھوقۇقلار ............ 115
ئۈچىنچى ئائىلە ھوقۇقى ............ 115
تۆتىنچى تەۋەلىك بولۇش ۋە گىراژدانلىق ھوقۇقى ............ 115
يەتتىنچى كەسىپ، پايدىلىنىش ۋە ئەدەبىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ............ 116
سەككىزىنچى سوتلىنىش ھوقۇقى ............ 116
توققۇزىنچى سەپەر قىلىش ۋە باش پاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى ............ 117
ئونىنچى ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر ............ 117
ئون بىرىنچى ئۆلۈكنى ھۆرمەتلەش ............ 117

ئون ئىككىنچى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن قەيت قىلىنغان ئەركىنلىك،
مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلار ........................................ 117

ئۈچىنچى  ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ........................................ 117

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى بىلەن ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق
باياننامىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ........................................ 122

بىرىنچى  ئىككى باياننامە ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش نۇقتىلار ........................ 122

ئىككىنچى  دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىلىرى .......... 125

ئۈچىنچى  ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىلىرى .......... 125

تۆتىنچى پەسىل: كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىرى ........................................ 127

بىرىنچى  كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پەلسەپىۋى ۋە پىكرى ئاساسلىرى ........................ 127

1 ـ ئادالەت ........................................ 127

2 ـ ئەركىنلىك ........................................ 128

3 ـ ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسى ........................................ 128

ئىككىنچى  دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىرى ..... 130

ئۈچىنچى  كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىسلامىي ئاساسلىرى ........................................ 130

تۆتىنچى  ئىسلامىي باياننامىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىرى ........................ 134

كىشىلىك ھوقۇقتا ئىماننىڭ تەسىرى ........................................ 136

ئىككىنچى باب: كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پرىنسىپلىرى ........................................ 137

بىرىنچى پەسىل: ئاساسىي ھوقۇقلار ........................................ 138

بىرىنچى  ھايات ھوقۇقى ........................................ 138

1 ـ ئىنساننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 140

2 ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 141

3 ـ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 142

4 ـ يەكمۇ يەك ئۇرۇشۇشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 142

5 ـ قورساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 143

6 ـ ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى ....... 143

7 ـ ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ........................................ 144

8 ـ ئىنسانلارنى يوقىتىشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 145

9 ـ ئۆلۈكلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ........................................ 146

ئىككىنچى شەرىئەت ۋە قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىك ھوقۇقى ........ 148
ئىسلام نەزىرىدە ئىنسانىي بىرلىك ........ 151
مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ........ 154
ھازىرقى ئەسىر دۇنيا ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىلىرىدىكى باراۋەرلىك ........ 160
ئۈچىنچى ئەركىنلىك ھوقۇقى ........ 161
ئىسلام ۋە قۇللۇق ........ 164
خەلقئارالىق خىتابنامە ۋە شەرتنامىلەردە ئەركىنلىك ھوقۇقى ........ 165
تۆتىنچى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقى ........ 167
ئىسلامدىكى دىنىي كەڭچىلىك ........ 169
1 ـ غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى ........ 169
2 ـ ئىبادەت يەرلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ........ 171
3 ـ ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىش ........ 172
4 ـ ئىقتىسادىي مۇئامىلە ........ 174
غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئاساسى ........ 174
ئەھلى كىتابقا قىلىنىدىغان مۇئامىلە ........ 176
ئىسلامدىن يېنىپ كېتىشنىڭ ھۆكمى ........ 177
كېلىشىم ۋە باياننامىلەردە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقى ........ 179
ئىككىنچى پەسىل: سىياسىي ھوقۇقلار ........ 180
بىرىنچى پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ........ 182
پىكىر ۋە ئىجتىھات ئەركىنلىكى ........ 187
كېلىشىم ۋە باياننامىلەردە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ........ 189
ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئەركىنلىكى ........ 191
ئىككىنچى شۇرا (كېڭەش) ھوقۇقى ........ 193
كېڭەش بىلەن چىقىرىلغان قارارنىڭ مەجبۇرىيىتى ........ 197
كېڭەش ئەھلى ........ 200
كېڭەش ۋە دېموكراتىيە ........ 201
دۇنياۋى ۋە ئىسلامىي خىتابنامىلەردە دېموكراتىيە ........ 202
ئۈچىنچى پەسىل: ئائىلە ھوقۇقى ........ 204
ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكى ........ 206

دۇنيا ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق باياننامىلىرىدە ئائىلە ........ 206
بىرىنچى ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكى ........ 208
دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە خەلقئارالىق كېلىشىمدە ئاياللارنىڭ ئەرلەر
بىلەن باراۋەرلىكى ........ 209
1 ـ ئاياللارنىڭ تەبىئىتى ........ 212
2ـ ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى ........ 213
3 ـ ئاياللارنىڭ سالاھىيىتى ........ 214
4 ـ تەلىم ـ تەربىيە ........ 215
5 ـ ئاياللارنىڭ ئىشلىشى ........ 215
6 ـ ئەر ـ خوتۇنلۇق ھايات ........ 216
7 ـ مىراس ........ 219
8 ـ ئاياللارنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ........ 221
9 ـ خۇسۇسىي مەسىلىلەر ........ 223
10 ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا بىر سېلىشتۇرما ........ 224
ئىككىنچى ئانىلارنىڭ ھوقۇقى ........ 227
دۇنيا ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىلىرىدا ئانىلارنىڭ ھوقۇقى ........ 232
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش ھوقۇقى ........ 233
ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ھەققى ........ 235
ئۈچىنچى بالىلارنىڭ ھوقۇقلىرى ........ 238
بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى ........ 238
2 ـ بوۋاقتا كۆكرەك بىلەن بولۇش ........ 240
3 ـ بالىغا كىچىكىدىن باشلاپ كۆكۈل بۆلۈش ........ 241
4ـ بالىنى تەربىيىلەشتە كىچىكىدىن باشلاش ........ 244
5ـ ھالال ـ ھارامنى تونۇتۇش ........ 246
6 ـ ئىبادەتكە ئادەتلەندۈرۈش ........ 247
7 ـ ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۈچلۈك ئورنىتىش ........ 248
8 ـ قۇرئان يادلىتىش ........ 249
9 ـ پەرزەنتلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك ........ 250
10 ـ ياخشى ئۈلگە بولۇش ........ 250

**11 ـ ئاللاھ تەئالاغا يۈلىنىش ........ 251**
**باللارنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ھوقۇقلىرى ........ 252**
**ئىگە ـ چاقىسىز ۋە يېتىم بالىنىڭ ھەققى ........ 255**
**دۆلەتنىڭ باللاردىن جاۋابكارلىقى ........ 256**
**خەلقئارالىق كېلىشىملەردە باللارنىڭ ھەقلىرى ........ 257**
**باللار ھوقۇقى باياننامىسى ........ 258**
**ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە باللار ھوقۇقلىرى ........ 260**
**تۆتىنچى قىرىلىق ھەقلىرى ........ 260**
**تۆتىنچى پەسىل: تەلىم ـ تەربىيە ھوقۇقى ........ 264**
**ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى پەزىلىتى ........ 264**
**ئىلىمنىڭ پەرزلىكىنىڭ دەرىجىلىرى ........ 266**
**ئىلىمدا پەرزى كۇپايىنىڭ قىسىملىرى ........ 268**
**ئىسلامدا ھەقسىز تەلىم ........ 268**
**قەدىمدىن زامانىمىزغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئىلىم ........ 272**
**باياننامە ۋە كېلىشىملەردە تەلىم ئېلىش ھوقۇقى ........ 273**
**بەشىنچى پەسىل: ئىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقى ........ 275**
**بىرىنچى ئىشلەش ھوقۇقى ........ 275**
**ئىشلەش شەرئى ۋاجىپ ۋە دىنىي پەرزدۇر ........ 276**
**ئىشنىڭ تۈرلىرى ........ 279**
**ئىشلەش ئەركىنلىكى ........ 281**
**ئىشلەش بىر ھوقۇقتۇر ........ 283**
**كېلىشىملەردە ئىشلەش ھوقۇقى ........ 286**
**دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئىشلەش ھوقۇقى ........ 288**
**ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئىشلەش ھوقۇقى ........ 289**
**ئىككىنچى ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقى ........ 290**
**ئىسلامدا ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ۋە ھەمكارلىقنىڭ يوللىرى ........ 293**
**دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە خەلقئارالىق كېلىشىملەردە ئىجتىمائىي كاپالەت ........ 295**
**ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئىجتىمائىي كاپالەت ........ 296**

ئالتىنچى پەسىل: ئىگىلىك ھوقۇقى ..................... 298
ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ..................... 298
مۈلۈكنى قوغداش ..................... 300
مۈلۈكچىلىككە تەئەللۇق ھوقۇقلار ..................... 301
مۈلۈكچىلىكنىڭ شەرتلىرى ..................... 304
ئېلىم - سېتىم ئەركىنلىكى ..................... 307
دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ..................... 309
ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ..................... 310
پاتېنت ھوقۇقى ..................... 311
يەتتىنچى پەسىل: پۇقرالىق (گىراژدانلىق) ھوقۇقى ..................... 314
بىرىنچى تەۋەلىك ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى ..................... 314
خەلقئارالىق نىزام ۋە كېلىشىملەردە گىراژدانلىق ھوقۇقى ..................... 320
ئىككىنچى كۆچۈش ۋە باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى ..................... 320
1 - كۆچۈش ھوقۇقى ..................... 321
كۆچۈشنىڭ شەرتلىرى ..................... 324
دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە كۆچمەنلىك قانۇنى ..................... 325
ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە سەپەر قىلىش ھوقۇقى ..................... 326
ئىككىنچى باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش قانۇنى ..................... 327
ھىجرەتنىڭ ۋاجىپلىقى ..................... 328
ئامانلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى ..................... 331
ئىسلام دۆلەتلىرى كۆپەيگەن چاغدىكى گىراژدانلىق قانۇنى ..................... 332
ئۈچىنچى سوت ھوقۇقى ..................... 333
سوتنىڭ قانۇنلىشىشى ..................... 334
1 - قۇرئان كەرىم ..................... 334
2 - پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى ..................... 335
3- ئىجما(پىكىر بىرلىكى) ..................... 337
سوت ۋە ئادالەتتە باراۋەرلىك ..................... 339
ئىنساننىڭ ئەسلىدە گۇناھسىز ئىكەنلىكى ..................... 342
جاۋابكارلىق شەخسىيدۇر ..................... 342

جنايەت ۋە جازالارنىڭ شەرئى بولۇشى ........ 344
دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە سوت قانۇنى ........ 347
ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە سوت قانۇنى ........ 348
سەككىزىنچى پەسىل: خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ........ 349
خاتىمە   كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كاپالەتلىرى ........ 353
كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىسلامى كاپالەتلىرى ........ 354
1 ـ ئەقىدە، ئىمان ۋە تەربىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشى ........ 355
2 ـ ئىسلام دۆلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشى ........ 356
كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ........ 357
كىتابقا ئىلاۋە قىلىنغان تېمىلار ........ 361
بىرىنچى قوشۇمچە: ئىسلام مەھكىمىلىرىدە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كاپالەتلىرى ........ 361
ئىسلام قانۇنىدا ئىنسان نەزەرىيىسى ........ 361
كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن سوت قانۇنى چىقىرىش ........ 362
ئىسلام مەھكىمىلىرىدە كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بەزى شەكىللىرى ........ 365
بىرىنچى سوتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىشتىكى ئەھمىيىتى ........ 365
ئىككىنچى  سوت قانۇنى ........ 367
ئۈچىنچى سوتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەرلىكى ........ 370
تۆتىنچى  ئەسلىدە ئىنسان گۇناھسىزدۇر ........ 371
بەشىنچى  جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشىنىڭ ھوقۇقى ........ 373
ئالتىنچى  شەخسىي مەسئۇلىيەت ........ 374
يەتتىنچى  شاھىدلارنى ھۆرمەتلەش ........ 375
سەككىزىنچى  جازالارنىڭ ھەر تۈرلۈك بولۇشى كىشىلىك ھوقۇققا رىئايە قىلىنغانلىقتۇر ... 376
سوت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا كىشىلىك ھوقۇق ........ 377
خاتىمە ........ 381
ئىككىنچى قوشۇمچە: دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ........ 383
ئۈچىنچى قوشۇمچە: ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ........ 391

# مۇقەددىمە

پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى، ئۇ ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا سۆزلىشىشنى ئۆگەتتى. ئۇنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەۋزىلى قىلىپ، يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىدىن خالىغانچە پايدىلىنىشقا بۇيرۇدى.

ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن رەسۇلۇللاھقا ئاللاھنىڭ سالام ۋە رەھمىتى بولسۇنكى، ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى قىلىپ تاللىدى. ئۇنى ئىنسانلارغا نەمۇنە ۋە ئۈلگە بولسۇن ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل ئىنسان قىلدى.

ئاللاھقا ھەمدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالاتتىن كېيىن، سۆزىمىز شۇكى، ئاللاھ ئىنسانغا ئەڭ بۈيۈك نېمەت بېرىپ، ئۇنى يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلدى. ئۇنى ئىلاھىي مەدەت، ساماۋى ۋەھيي ۋە توغرا قانۇن بىلەن قوغدىدى. ئۇنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ۋە يەر يۈزىدىكى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئەۋزەل قانۇن - تۈزۈملەرنى كۆرسىتىپ بەردى.

لېكىن ئىنسان بىلىمسىز ۋە زالىم بولغىنى ئۈچۈن بەزىدە قېرىندىشىغا قارشى دۈشمەنلىك ۋە يامانلىق قىلىشتا چىلبۆرىلەرگە ئوخشاش بولسا، يەنە بەزىدە ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلاردىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانغا قىلغان زۇلۇملىرى ھەرخىل شەكىلدە ۋە ھەر تۈرلۈك شوئارلار ئاستىدا مەيدانغا چىقتى. بۇ زۇلۇملار ئىچكى - تاشقى ئامىللار، جۈملىدىن مىللەتچىلىك، دۇنياپەرەسلىك، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر بىلەن مەيدانغا كەلدى. خۇسۇسەن ياۋروپادا «زۇلمەتلىك يىللار» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئەسىردە توغرا ئەقىدە، ھەق دىن ۋە ئادالەتلىك قانۇن بولمىغانلىقىدىن بۇ زۇلۇملار چېكىدىن ئېشىپ كەتتى.

مۇتەپەككۇر ۋە ئىسلاھاتچىلار پۈتۈن دۇنيادا، بولۇپمۇ ياۋروپادا بۇ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىپ، ئىنسانلارنى كىشىلىك ھاياتتا ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا

چاقىردى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە فرانسىيە قوزغىلىڭى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا تۇنجى «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى. لېكىن بۇ خىتابنامە پەقەت تەشۋىقات بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنى ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىق پەقەت كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق بولۇپ قالدى. 1948 ـ يىلى 10 ـ دېكابىردا «ب د ت دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى. كېيىن، 1966 ـ يىلى «خەلقئارا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھەق ـ ھوقۇقلىرى كېلىشىمى» «خەلقئارا سىياسىي ۋە مەدەنىي ھەق ـ ھوقۇقلىرى كېلىشىمى» تۈزۈلدى.

بۇنىڭغا ئەگىشىپ خەلقئارادا تۈرلۈك «كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتلار بەزىدە فاشىست دۆلەتلەرنىڭ كەتمىنىنى چاپسا، يەنە بەزىدە بىر قىسىم دۆلەتلەرگە قارشى سىياسىي كوزىرلىق رولىنى ئوينىدى. شۇڭا بىر قىسىم دۆلەتلەر بەزى چاغلاردا قۇلىقىنى ئېتىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئارىدىن يوق بولدۇ.

مۇسۇلمانلاردا كەڭ دائىرىلىك ئىسلامىي ئاڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئارقىدا قالدى. كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئىسلامنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يات پىكىر ئېقىمى بېسىپ كىرىپ ياۋروپاچە قانۇنلار ئاساسىي قانۇن قىلىپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر پاجىئەگە يۈزلىنىپ، زوراۋانلىق قارا بورانلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي پوزىتسىيىسىنى بايان قىلىش ھەققىدە بەزى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. كۆپلىگەن ئىخلاسمەن ئىسلاھاتچى ئالىملار، دەۋەتچىلەر پۈتۈن دىققىتىنى ئىسلام دىنىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى بايان قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى خەلقئارالىق ۋاستىغا ئايلاندۇرۇشقا چاقىردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىنى دەرس پروگراممىسىغا كىرگۈزۈش قارار قىلىندى. دۇبەيدىكى ئىسلام بىلىملىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئالىي بىلىم قىسمىدا بۇ دەرسنى ئوقۇتۇش ماڭا تاپشۇرۇلدى. فاكۇلتېتتا بۇ ھەقتە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك ماتېرىياللار تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر تېمىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندىم.

## مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى

بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش تۆۋەندىكى تۆت پرىنسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ تارىخىي نۇقتىئىنەزەر: قەدىمكى دەۋرگە ئائىت كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ياۋروپادا ۋە ئىسلام دۇنياسىدا قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان بارلىق كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە نەزەر تاشلاش.

2 ـ تەھلىل قىلىش نۇقتىئىينەزىرى: كىشىلىك ھوقۇققا سەۋەبچى ۋە تۈرتكە بولغان بارلىق ئامىللارنى بىلىش، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەقسەت ۋە غايىسىنى ئىزاھلاش، شەرىئەت ۋە قانۇنىنىڭ دەلىللىرىنى، ھەر تۈرلۈك كېلىشىملەر، باياننامىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن تۈزۈلگەن شەرتنامىلەرنى چۈشىنىش.

3 ـ سېلىشتۇرۇش نۇقتىئىينەزىرى: ئىنسانىي قانۇنلار[1] بىلەن ئىسلام قانۇنىنى، فىقھى مەزھەپلەر بىلەن ھەر تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرىنى ۋە خەلقئارالىق رەسمىي قانۇنلارنى سېلىشتۇرۇش نۇقتىئىينەزەرىيىسى.

4 ـ ۋەسىقىلەندۈرۈش نۇقتىئىينەزەرىيىسى: ئۇ شەرئى مەتىنلەر ۋە فىقھى كىتابلاردىن ئېلىنغان مەلۇمات ۋە پىكىرلەرنى، قانۇنىي ماددىلارنى، كېلىشىملەر ۋە باياننامىلەرنىڭ ئىبارىلىرىنى، ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە شەرھلىگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى دەلىللەش.

## مۇھاكىمە قىلىش پىلانى

بۇ مۇھاكىمە ھوقۇق ۋە ئىنسان ھەققىدە بىر مۇقەددىمە، ئىككى بابتىن تەركىب تاپىدۇ:

بىرىنچى باب: كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرى، بۇ ئىنسانغا بېرىلگەن ئىلاھىي نېمەتلەردە نامايان بولىدۇ، شەرىئەتتە زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ساقلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇق تارىخى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسى توغرىسىدا.

---

[1] ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان قانۇنلار، يازما قانۇنلار.

ئىككىنچى باب: كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ ئاساسى ۋە سىياسىي ئامىللىرى، ئائىلە قانۇنى، تەلىم ـ تەربىيە قانۇنى، ئىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش قانۇنى، مال ـ مۈلۈك قانۇنى، پۇقرالىق قانۇنى، كۆچمەنلىك قانۇنى ۋە خەلقئارالىق قانۇنلار توغرىسىدا.

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇقنا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ جازالىرى توغرىسىدا بىر خاتىمە.

كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ۋە ئىسلام دىنىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خاتىمە.

ئاللاھتىن يولىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇشىنى، مەقسەت ۋە نىيىتىمىزنى توغرىلاپ بېرىشىنى، غايىمىزگە يەتكۈزۈشىنى ۋە ئىلىم بىلەن پايدىلىنىشنى نېسىپ قىلىشىنى سورايمىز. ئۇ ئەڭ ياخشى سورالغۇچى ۋە تەۋەككۈل قىلىنغۇچىدۇر.

دەمەشق 5 ـ
رامىزان 1416 ـ ھىجرى
25 ـ يانۋار 1996 ـ مىلادى

دوكتور مۇھەممەد زۇھەيلى

# هوقۇق ۋە ئىنسان ھەققىدە مۇقەددىمە

بۇ مۇھاكىمىنىڭ پۈتۈن ماۋزۇلىرى كىتابىنىڭ «ھوقۇق ۋە ئىنسان» دېگەن ئىككى سۆزلۈك ئاتالغۇغا مەنسۇپتۇر. شۇڭلاشقا ئۇ ئىككى سۆزنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بۇنىڭ بىلەن توغرا چۈشىنىش ۋە دىققەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا قۇلايلىق تۇغۇلىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى توغرا چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## بىرىنچى هوقۇق

ھوقۇق ــ ھەق سۆزىنىڭ كۆپلۈكى. ھەق باتىلنىڭ ئەكسى. ھەر بىر ھەقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى بار. «ھەق» سۆزى لۇغەتتە مۇستەھكەم دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ بەزىدە مەجازىي، ئىسلامىي، قانۇنىي، ئەخلاقىي ۋە پەلسەپە جەھەتتىن ئىشلىتىلگەندە، بىر قانچە خىل مەنىدە كېلىدۇ. ئالىملار ئۇنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن جەھەتتىكى مەنىسىدە ئىختىلاپلاشتى. ھەممىسىنىڭ پەرقلىق ۋە يوللۇق تەرەپلىرى بار. مەن ئۇلارنى يىغىنچاقلاپ: «ھەق ــ شەرىئەتتە قارارلاشتۇرۇلغان مەنپەئەتتۇر» دەپ ئاتىدىم.

ھەق: ئىنسان ئۈچۈن تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي ۋە يا بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەنپەئەتتۇر. شەرىئەت، دىن، قانۇن ـ نىزام ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قارارلاشتۇرمىغۇچە ھەق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ماۋزۇيىمىزدا ھەقنىڭ مەنىسى، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان مەنپەئەتتۇر. بۇنىڭ بىلەن ھەق بىر تەرەپنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلىشى لازىم بولىدۇ. ھەق بەزىدە بىر نىزام، قانۇن، خەلقئارا بايانىنامە ياكى ئىككى تەرەپلىمىلىك كېلىشىم بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

## ئىككىنچى ئىنسان

ئىنسان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر. لېكىن ئالىملار ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەر تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىنسانلار ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىر تەرەپتىن ياكى تار بىر بۇلۇڭدىن ياكى چەكلىك بىر مەقسەتتىن قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى «سۆزلىگۈچى

ھايۋان« يەنى سۆزلەش بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان مەخلۇق دەپ تەرىپلەيدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىشلەپچىقىرىش قورالى كۆزى بىلەن قارايدۇ. ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتتە ئىنسان بەشەر جىنسىنىڭ بىر تارمىقى ياكى ئۇ ئادەم ئەۋلادى يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى سۈپەتلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ يەنىلا بىر ئادەم، ئادەم بىلەن ھەۋۋا ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىدىن كۆپەيگەن جىسىم، ئەقىل بىلەن جاننىڭ بىرلەشمىسى بولغان بىر مەخلۇق. ئۇلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا، بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقىغا، ئەر - ئايال بولۇشىغا، باي - كەمبەغەل بولۇشىغا، چوڭ - كىچىك بولۇشىغا، ئاق، قارا، سېرىق بولۇشىغا قارىماستىن ئۇلارنى ئىنسان دەپ ئاتايمىز. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى ياراتقان تەبىئىي قانۇنى ئۈستىگە تۇغۇلغان ئىكەن، ئۇ ئىنساندۇر. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، مانا بۇ توغرا دىندۇر.

ئىنسان ــ ئادەم بىلەن ھەۋۋا ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىدىن دۇنياغا كەلگەن ئەر - ئايالدۇر. سۈپىتى نېمە بولسا بولسۇن، ھەتتا ساراڭ، قۇل، قورساقتىكى بوۋاق بولسىمۇ ئۇ ئىنساندۇر.

ئىنسان ــ كۆيۈمچان دادا، مېھرىبان ئانا، قىممەتلىك ئوغۇل، ئامانەت قىز، سۆيۈملۈك نەۋرە، قەدىرلىك بوۋا، ئەزىز چوڭ ئانا، كۆيۈمچان ئايال، ئامانەت بالا، شەرەپلىك بوۋاق، ياش ئۆسمۈر، كېلىشكەن يىگىت، ئەقىللىق چوڭ كىشىدۇر.

ئىنسان دېمەك، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ئەسكەر، قوماندان، خىزمەتچى، ئىشچى، دېھقان، رەئىس، خەلق، ئىدارە قىلغۇچى ۋە ئىدارە قىلىنغۇچى دېمەكتۇر.

ئىنسان ــ پەيغەمبەر، تەقۋادار مۆمىن(ھەقىقىي مۇسۇلمان)، بەدبەخت كاپىر، زاھىت ئىبادەت قىلغۇچى، ئالدامچى مۇناپىق، ئىخلاسمەن تەربىيىچى، مېھرىبان قېرىنداش، سادىق دوست، مۇھەببەتلىك قوشنا، زالىم ھاكىم، قانخور ئىسيانچى، باي تىجارەتچى، زېرەك ئوقۇغۇچى، ساۋاتسىز ۋە شۇنداقلا ئىككى ئايىغى ئۈستىدە يۈرىدىغان پۈتۈن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر. ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەش روشەندۇر. ئۇنىڭدىن غاپىل بولۇش ھاكاۋۇرلۇق، بىلىمسىزلىك ۋە ئەقىلسىزلىك بولىدۇ.

بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسلى مەقسەت بولغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ ئاساسى ھەققىدە توختىلىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىمىز.

# بىرىنچى باب

# كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى

كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدىكى بايان بەك ئۇزۇن ۋە كۆپتۇر. ئىنسانىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ سانى يوق. كىشىلىك ھوقۇققا چاقىرىش، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە تەكرارلىنىۋاتىدۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شوئارلار ھەر يەردە كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ تارىخى ئۇزۇن ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسىي بولغان مۇھىم ئاساسلار بىلەن باشلىدىم. بۇ ھەر نۇقتىنى ئۆز ئورنىغا قويۇش، كىشىلىك ھوقۇققا تۈرتكە بولىدىغان سەۋەبلەرنى بايان قىلىش ۋە ئىنسانىنىڭ ھەققىي ئىز باسار بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تايىنىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر.

مەن بۇ بابنى تۆۋەندىكى قىسىملارغا بۆلۈپ بايان قىلىمەن:

1 ـ پەسىل ئىنسانغا قىلىنغان ئىلاھىي ئىززەت ـ ئىكرام.

2 ـ پەسىل ئىنسانىنىڭ زۆرۈر ھوقۇقلىرىنى قوغداش.

3 ـ پەسىل كىشىلىك ھوقۇق تارىخى.

4 ـ پەسىل كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىرى.

# بىرىنچى پەسىل

# ئىنسانغا بولغان ئىلاھىي ئىززەت ـ ئىكرام

**بىرىنچى  ئىنسانغا بولغان ئىلاھىي ئىززەت ـ ئىكرام**

ئىنسانغا بولغان ئىلاھىي ئىززەت ـ ئىكرام بىرقانچە جەھەتتە ئاشكارا بولىدۇ، ئۇلارنى مۇشۇ پەسىلدە بايان قىلىمىز.

بىرىنچى: ئىنسان يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) دۇر

ئىنسان بولسا پۈتۈن كائىناتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەخلۇقتۇر. ئۇنى ئاللاھ تەئالا ئۆز ئىرادىسى بىلەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلدى. يەر يۈزىدىكى ھايات ۋە مەدەنىيەت ئۇنىڭغا باغلاندى. ھەتتا بەزى ئالىملار ئىنساننى «ئىنسان ئاشۇ نامەلۇم نەرسە» دەيدۇ. شائىر ئۇنىڭغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

تەرجىمىسى: ئى ئىنسان سەن ئۆزۈڭنى كىچىك بىر جىسىم دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى كاتتا ئالەم سەندە توپلانغاندۇر.

بۇ ئىنسان شۇنداق بىر مەخلۇقكى، ئاللاھ ئۇنى پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئىچىدىن ئورۇنباسارلىققا تاللىدى، ئۇنى باشقىلاردىن ئەۋزەل قىلدى، ئۇنى مەخسۇس ھېكمەت بىلەن ياراتتى، ئۇنى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن كىرگۈزۈش بىلەن شەرەپلىك قىلدى، ئۇنى جەننەتتە ياراتتى، ئاندىن ئۇنى يەر يۈزىنىڭ ۋارىسى قىلدى، ئۇنىڭغا ئامانەت ۋە مەسئۇلىيەت يۈكلىدى، ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە يول كۆرسىتىش بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلدى، ئۇنى ساماۋى كىتابلاردا ھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلاردىن بەزىسى ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى.

ئاللاھ ئىنساننى ھۆرمەتلەپ ئۇنى يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىش ئىرادىسىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە پەرىشتىلەرگە بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىمەن› دېدى، پەرىشتىلەر: ‹يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز

بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز› دېدى، پەرۋەردىگارىڭ: ‹مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن› دېدى.»[1]

ئاللاھ ئىنساننى، يەر ۋە ئاسماننى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، ئۇ ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقلارنى باشقۇرىدۇ. ئۇ يەر يۈزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش، ھەقنى ئايان قىلىش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، مۇھەببەتنى، رەھىم ـ شەپقەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنساننى ئورۇنباسار قىلدى، بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ رەھمەتكە ئوخشاش ئالىي سۈپەتلىرى نامايان بولدى. رەسۇلۇللاھ بىر ھەدىسىدە بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەردىكىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، ئاسماندىكى (زات) سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ.» بۇ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) ئورۇنباسار قىلامسەن؟ دېگەن پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلمىگەننى بىلىمەن» دەپ بەرگەن جاۋابىدىن مەقسەت مانا مۇشۇ.

### خەلىپىلىكنىڭ ئاساسلىرى

خەلىپىلىك ئۈچ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ:

1 ـ ئىشتا قۇرئان بۇيرۇغان ماددىي سەۋەبلەرنى قىلىش، ھەرىكەت قىلىش، ئىزدىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش.

2 ـ ئاللاھ كائىناتتا ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ماددىي نېمەتلەرگە، يەر يۈزىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان خەزىنىلەرگە، ئىنساننى قورشاپ تۇرىدىغان تەبىئەت قانۇنلىرى ۋە ئاسماندىكى پىلانىتلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىگە تايىنىش.

3 ـ ئىنسانغا بېرىلگەن خۇسۇسىي قابىلىيەتلەرنى، سېزىم ئورگانلىرىدىن باشلاپ ئەقلىغىچە ھەممىنى ئىشلىتىش. بۇنىڭدا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ۋە باشقا كۈچ، تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىش.

ئەگەر ئىنسان يۇقىرىدىكى ماددىلارنى ئىجرا قىلسا، ئەقىدە، دىن، مەزھەپكە قارىماستىن ئومۇمىي مەنىدە خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋەتىش، ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن كىتاب چۈشۈرۈش، ئۇلارنىڭ

---

[1] بەقەرە 30 ـ ئايەت.

قولىدىن تۇتۇپ تۇغرا، ھەق، ئادالەت ۋە داغدام يولغا باشلاش بىلەن ئىلاھىي مەدەت كېلىدۇ.

ئەگەر ئىنسان بۇ ئۈچ ماددىغا ئەقىدە، ئىمان، گۈزەل ئەخلاق، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىش، ئاللاھنىڭ يولىدا مېڭىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت تۆتىنچى ماددىنىمۇ قوشسا، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ئالەمدە ھەقىقىي خەلىپىلىكنى كامىل ئادا قىلغان بولىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايەتتە دېمەكچى بولغان مەقسىتىدۇر: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.» (سۈرە نۇر 55 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز يەر يۈزىدە بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىراده قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى ۋە ئۇلارنى (مۈلۈككە) ۋارىس قىلىشنى ئىراده قىلىمىز.» (سۈرە قەسەس 5 ـ ئايەت)

مۇشۇ ئاخىرقى خەلىپىلىكتە، يۇقىرىدىكى تۆت ماددىنى تولۇق ئىجرا قىلغاندا ئىنسان تولۇق سائادەتمەن بولىدۇ، ھاياتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەقسىتىگە يېتىدۇ، ئۆزىنى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تەييارلايدۇ. بۇ خەلىپىلىك ئىنسانلار ئۈچۈن بىر شەرەپتۇر، ئۇنىڭ بەدىلىگە زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئەڭ ياخشى ئادا قىلىش ئىنسانلارغا ۋاجىپتۇر، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

### بۇ خەلىپىلىكنىڭ نەتىجىلىرى

ئىنساننىڭ يەر يۈزىگە ئورۇنباسار بولۇشىدىن تۆۋەندىكى ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ:

1 ـ ئىنسان يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى، ئاللاھ زېمىندىكى پۈتۈن رىزىقلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى. ئىنسان ھايات ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان باش ئامىل بولۇپ، ھاياتنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىگە، ھاياتنىڭ بۇزۇلۇشى ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىغا باغلىق.

ۋەزىيەت ۋە شەرت ـ شارائىتلار قانچىلىك ئۆزگەرسە ئۆزگەرسۇن، بۇ ھەقىقەتكە سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بەشەرى(ئىنسانى) پرىنسىپلار، پەلسەپۋى ۋە ئىجتىمائىي نەزەرىيىلەر، يەرلىك قانۇنلار مۇشۇ ھەقىقەتكە قانچىلىك ئۇيغۇن بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە دۇرۇستلۇقى شۇنچىلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىنساندىن ئەلا بىلىش توغرا ئەمەس. ئىنساننىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەن ھېچقانداق پرىنسىپ ۋە قانۇن توغرا قانۇن بولمايدۇ. ماددىي پايدىلار ياكى ماددىي غايىلەر ئۈچۈن ئىنساننىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈش پۈتۈنلەي خاتا.

زىرائەت، سانائەت ۋە تىجارەتتىن كېلىدىغان بايلىقلار ئىنساننىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئۆلچىمى بولۇشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك، پادىشاھلىق، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ھۆكۈمرانلىق ھاياتلىقنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ھەقىقەتتە ئىنسان مەنپەئەتىنىڭ ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ ۋاستىسىدۇر. دېمەك، ئىنسان بىرىنچى ئاساس ۋە غايىدۇر، سەۋەبلەرنى غايىگە ئۆزگەرتىش توغرا بولمىغىنىدەك، غايىنى سەۋەبكە ئايلاندۇرۇشمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، شەكىل تەتۈر بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىسى بولمايدۇ ۋە توغرا يولدا ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.

2 ـ ئاللاھ ئىنسانغا يەر يۈزىدىكى ۋەزىپىسىنى توغرا ئادا قىلىشى ئۈچۈن بەزى ئىلاھىي سۈپەتلەرنى بەردى. ئۇ بولسا، ئىنساندىكى ئېسىل سۈپەتلەر، گۈزەل ئەخلاقلار بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن مۇكەممەللىك ۋە ئۇلۇغلۇققا يۈكسىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەر: رەھىم ـ شەپقەت، ئىلىم، ئىرادە، قۇدرەت، ئىختىيار، كەرەم، ساخاۋەت، تەدبىر، ھېكمەت، كۆرۈش، ئاڭلاش قاتارلىقلاردۇر. بۇ سۈپەتلەر ئىنساندىكى نىسبىي ۋە قوشۇمچە سۈپەتلەردۇر.

3 ـ ئىنسان ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە شەرىئىتىنى تىكلەش، ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاش ۋە ئۇنىڭ يولىيورۇقى بىلەن مېڭىش ئۈچۈن يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىنغان. ھەقنى تۇرغۇزۇش،

ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش خەلىپىلىك ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىنسان ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە بۇيرۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇلغاندۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەبلىغ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىرىنچى پەيغەمبەردۇر. تەپسىر ئالىملىرىنىڭ شەيخى ئىمام تەبەرى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ (سۈرە بەقەرەنىڭ 30 ـ ئايىتىنىڭ) تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە بولىدىغان بىرىنى يارىتىمەن، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا خەلق ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىدۇ. ئۇ خەلىپە بولسا، ئادەم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، خەلق ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىلاردۇر.» (ئىمام بۇ سۆزنى ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان)

بۇ بولسا «خەلىپە» سۆزىدىن پەرىشتىلەرنىڭ چۈشەنگەنلىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان زۇلۇملارنى ئايرىيدۇ. ئىنسانلارنى ھاراملاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ياكى ئاللاھ پەرىشتىلەرگە يەر يۈزىدە كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر ئورۇنباسار(خەلىپە) يارىتىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن. ئاندىن پەرىشتىلەر «خەلىپە» سۆزىدىن ئۇنىڭ زۇلۇملاردىن توسىدىغانلىقىنى، ئۆلتۈرۈشتە ۋە قان تۆكۈشتە ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى، توغرا يولنى تۇرغۇزۇپ، بۇزغۇنچىلىقتىن توسىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن.

قۇرئاندا «مەن سىلەر بىلمىگەننى بىلىمەن» دېگەن سۆزىدىن پۈتۈن ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، قان تۆكۈپ، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن، شۈكرىدىن، ئىبادىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن، ھەق ـ ئادالەتنى تۇرغۇزغۇچىلاردىن بولۇشى مۇمكىن ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن ھەقىقىي ياخشىلىق ۋە دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن دېمەكچى. ئىمام قۇرتۇبى ۋە باشقا ئالىملار بۇ ئايەتنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ماجىرانى ئايرىيدىغان، تالاش ـ تارتىشنى توختىتىدىغان، زالىمدىن مەزلۇمنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىدىغان، پاھىشە ئىشلاردىن توسىدىغان خەلىپە ۋە باشلىق تىكلەشنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىل قىلىدۇ.

بۇنى باشقا بىر ئايەت تەپسىر قىلىدۇ. ئۇ ئايەت ئاللاھنىڭ «ئى داۋۇد! بىز سېنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم

چىقارغىن.» (سۇرە ساد 26 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىدۇر. يەنى مۇلكىدە، ھۆكۈم چىقىرىشتا، ھاكىمىيەت تۇتۇشتا، كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلىشتا خەلىپە قىلدۇق دېگەن بولىدۇ.

4 ـ ئىنسان زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئۇنىڭ سىرلىرىنى كەشىپ قىلىش، ئۇنىڭدىكى نېمەتلەردىن پايدىلىنىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاللاھ زېمىندا ياراتقان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئورۇنباسار قىلىنغان. ئاللاھ تەئالا: «(ئاللاھ) ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى» دەيدۇ[1]. ئىبنى ئىسھاق: «ئىنسانىنى زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇنى ئاۋات قىلىپ گۈللەندۈرىدىغان ئورۇنباسار قىلدى» دەيدۇ.

5 ـ ئاللاھ ئىنساندا سىرلارنى ياراتتى. ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ نەسىللىنىش ئارقىلىق قىيامەتكىچە داۋام قىلىشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تەپسىرچىلەر ئايەتتىكى خەلىپە سۆزىنى «بەزىسى بەزىسىگە ئورۇنباسار بولىدىغان ئورۇنباسار» دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

6 ـ بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ ئىشلىرىدىكى مەخپىي ھېكمەتنى بىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىنىڭ دۇرۇسلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ شەرئىيتىدىكى ۋە قىلغان ئىشلىرىدىكى ھېكمەتنى سورىشى جائىز بولىدۇ. سوراش بىلەن ئەقىل ئېچىلىدۇ، پىكىر روشەنلىشىدۇ، مۇھاكىمە قىلىشقا، ئىلىم ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى ئىلىمنىڭ ئاچقۇچى سوئالدۇر.

بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى بەزى سىرلىرى پەرىشتىلەرگە مەخپىي ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ سىرلارنىڭ ئىنسانغا مەخپىي بولۇپ قېلىشى ئەيىب ئەمەس. ئاللاھ: «سىلەرگە بەك ئاز ئىلىم بېرىلدى» (ئىسرا سۈرىسى 85 ـ ئايەت) دەيدۇ. قۇرئان ئىلىمنى زىيادە قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا يوليورۇق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم مېنىڭ ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن.» (تاھا سۈرىسى 114 ـ ئايەت)

## ئىككىنچى پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئىنساننى مەركەز قىلىشى

ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى تاللاپ ئەۋەتىش ۋە ئۇلارغا كىتاب، سەھىپىلەرنى نازىل قىلىشنىڭ مەقسىتى ئىنساندۇر. ئاللاھ ئىنساننى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلدى. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، ئىرادىسى ۋە رەھمىتى ئىنساننى بىھۇدە يارىتىپ،

[1] سۈرە فۇسسىلەت 10 ـ ئايەت.

بىكار تاشلىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنى زېمىندا يەرلەشتۈرگەندىن تارتىپ ھىدايەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسىتىشكە، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھەق يولغا باشلاشقا ۋە خاتىرجەم قىلىشقا كېپىل بولدى. ئۇنى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە تائام قىلىپ بەرمەيدۇ. ئۇنى ۋەھىمە، خىيال، ئازغۇنلۇق، شەھۋەتلەرگە تاشلاپ قويمايدۇ. ئۇنى بىلمەسلىككە، يول تاپالماسلىققا، زايە بولۇپ كېتىشكە تەسلىم قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ھىدايەت بېغىشلايدۇ ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ، دېدۇق.» (سۈرە بەقەرە 38 ـ ئايەت)

ئاللاھ ئىنساننى ياخشىلىققا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا باشلايدىغان پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتى، كىتابلار ۋە شەرىئەتلەر نازىل قىلدى. بۇنى ئاللاھ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.» (سۈرە ئىسرا 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (ئاللاھ) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى.» (سۈرە ئال ئىمران 3 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر باردۇر.» (سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(بىز) ئۇنىڭغا (ئىيساغا) ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق.» (سۈرە مائىدە 46 ـ ئايەت)

ئاللاھ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «(ئۇلارغا) ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە

غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ، دېدۇق. كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر)

بۇنى ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتتە تېخىمۇ روشەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ. كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇنىڭ ھاياتى تار(يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىزكۆر قوپۇرىمىز.» (سۈرە تاھا 123 ـ 124 ـ ئايەتلەر)

مانا مۇشۇنداق، پەيغەمبەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كەلدى ۋە كىتابلار نازىل بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا نەرسىگە مەركەزلەشتى. ئۇ بولسىمۇ ئىنساندۇر. ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە ھەقىقىي ئورۇنباسار بولالىشى ئۈچۈن، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان شەرىئەتلەر كەلدى. شەرىئەت قانۇنلىرى ئىنسانغا پايدىلىق نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، زىيانلىق نەرسىلەردىن چەكلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەت ئاستىغا ئالدى. ئۇنى ياخشىلىققا باشلىدى، توغرا يولغا يېتەكلىدى. ئۇنىڭغا ياخشىلىقنىڭ يولىنى ئاچتى، ئۇنى ئازغۇنلۇقتىن ۋە يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇردى. ھەقىقىي مەنپەئەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى توختاتتى. شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بېكىتىش بىلەن ئۇلارغا ھەقىقىي مەنپەئەتكە يەتكۈزىدىغان ئالامەتلەرنى بەلگىلەپ بەردى. بۇ ئالامەتلەر ئۇلارغا مەقسەت ۋە غايىلىرىگە يېتىش، مەنپەئەتىنى تەمىنلەش، ئۇنى ساقلاش، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن قوغداش ئۈچۈن ھىدايەت ۋە يولباشچى بولىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئويلايمەنكى، دىنلاردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ۋە ئۇنى ئالەمدە زايە بولۇشقا، پارچىلىنىشقا، ئۈمىدسىزلىككە تاشلىۋەتمەسلىكىدۇر. كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئىزھار قىلىشتا ئىسلام ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئىنسان ھەقىقەتتە پەقەت ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى كۆرۈنۈشى ۋە ئاللاھنىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ئىرادىسىنىڭ دەلىلىدۇر.»

ئۇستاز ئابباس ئەققاد پەيلاسوپلارنىڭ، ئالىملارنىڭ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كىتابىنى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئىنساننى قۇرئان قەدىرلىگەندەك قەدىرلىيەلمىگەنلىكىنى ۋە ئىززەت ـ ئىكرام قىلالمىغانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى ۋە مۇنداق دېدى: «ئىنسانغا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىنمۇ توغرا، زامانغا يارايدىغان ۋە ئىنسانىيەت بىرلەشكەن بىر ئەسىرگە پايدىلىقراق بىر نەرسە يوقتۇر.»

پۈتۈن ساماۋى دىنلار ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشكە، ئەقىل ۋە قەلبنى شېرىكتىن، ۋەھىملەردىن، ئازغۇنلۇق، زالالەتتىن ۋە خۇراپاتلاردىن ئازات قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى ھەقىقەتكە چىقىدۇ. يۇقىرى مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ ۋە يەر يۈزىدە ئورۇنباسار بولۇشقا لايىق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەقسەت ئىنسان چىن قەلبىدىن ئاللاھنىڭ يولىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى كامىل خەلىپىلىكنى ئورۇنلاشتۇر. ئىنسانغا خىتاب قىلىش، قىزىقتۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە باشقا ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەلبىگە يۈزلىنىدۇ.

ئۆلىمالار: «شەرىئەتنىڭ مەقسىتى، ئىنساننىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى مەنپەئەتلىرى بولسا، ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى، راھەت ـ پاراغىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، شۇنىڭدەك، بارلىق زىيان ـ زەخمەت ۋە بۇزغۇنچىلىقلاردىن ساقلىنىشقا ۋاستە بولىدىغان ھەرقانداق نەرسە» دەپ كۆرسەتتى.

شۇنىڭدەك، ئۇلار ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتلىرىنى، جەننەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، جەھەننەمدىكى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن نىجات تېپىش دەپ بايان قىلدى. ئۆلىمالار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئىنسانلارغا مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، بۇزۇقچىلىقنى ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ھەر بىر شەرئى ھۆكۈم بىر پايدىنى ئېلىپ كېلىش ياكى بىر زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن ياكى ھەر ئىككىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان. شارىئى ھەكىم دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ھەر قانداق بىر مەنپەئەت بولسا، ئۇنى ئىجاد قىلىدىغان ئاندىن ئۇنى باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر ھۆكۈم چىقارغان. يەنە

شارىئى ھەكىمنىڭ كىشلەرگە بايان قىلمىغان، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرمىغان ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا، يىراق تۇرۇشقا باشلىمىغان ھېچبىر زىيانلىق نەرسە يوقتۇر.»

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسى ھېكمەتكە ۋە بەندىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتىگە قۇرۇلغاندۇر. ئۇنىڭ ھەممىسى ئادالەتتۇر. ھەممىسى رەھمەتتۇر. ھەممىسى ھېكمەتتۇر. ئادالەتتىن زۇلۇمغا، رەھمەتتىن زىيانغا، ھېكمەتتىن بىھۇدىلىككە چىققان ھەرقانداق مەسىلە تەۋىل(بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش) ئارقىلىق شەرىئەتكە كىرگۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ شەرىئەتتىن ئەمەس. چۈنكى شەرىئەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدىكى ئادالىتى، رەھمىتى، زېمىندىكى سايىسى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سادىقلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئەڭ توغرا ھېكمىتىدۇر.»

ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ شەرىئەت مەنپەئەتلەرنى ھاسىل قىلىش، تولۇقلاش ۋە بۇزۇقچىلىقنى ئازايتىپ يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەندۇر.»

ئىزز ئىبنى ئابدۇسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەتنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتتۇر. ئۇ يا زىياننى يوقىتىدۇ ياكى مەنپەئەتنى كەلتۈرىدۇ.»

ئىمام شاتىبى مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەت ھۆكۈملىرى ياكى پايدا كەلتۈرۈش ياكى زىياننى كەتكۈزۈش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر.»

بۇنىڭ دەلىلى: ئۇ ھۆكۈملەر شەرىئەت مەتنىلىرىدىن (قۇرئان ۋە ھەدىستىن) ۋە ئىنسان مەنپەئەتلىرىدىن سۈزۈپ چىقىرىلغاندۇر. ھېكمەتلىك ئاللاھ يارىتىشتا، ئىجاد قىلىشتا، ئۆزگەرتىشتە ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتا بىھۇدە ئىش قىلمايدۇ.

### بەزى مەتىن، دەلىل ۋە مىساللار

ئىمان ۋە ئەقىدە توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ، سۆزگە

قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇشخەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر.» (سۈرە زۇمەر 17 ـ 18ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ھېكمىتى ۋە مەقسەت ـ غايىسى، دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، شەيتانلاردىن ساقلىنىشى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: ‹ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار› دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.» (سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت)

ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (ئىنسانلارنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيي قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى.» (سۈرە ئەنبىيا 73 ـ ئايەت)

قۇرئان ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشنىڭ ھېكمىتى ۋە مەنپەئەتىنى ئالاھىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.» ( سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت)

قۇرئان ــ كىتاب نازىل قىلىشنىڭ مەقسەت ۋە غايىسى ئىنساننىڭ دۇنيادا بەخت ـ سائادەتكە يېتىش، ئاخىرەتتە نىجات تېپىشتىن ئىبارەت مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق.» (سۈرە ئىبراھىم 1 ـ ئايەت)

قۇرئان بىرلا ئايەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب نازىل قىلىشنىڭ ھېكمىتى كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ئادالەت بىلەن ئىش قىلىشى لازىم ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى

چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار.» (سۈرە ھەدىد 25 - ئايەت)

شارىئى ھەكىم ئىبادەت ھەققىدە ئىبادەتلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقەتكە چىقىرىش ئۈچۈن لازىم ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ تائەت - ئىبادەتكە ھاجىتى يوقلىقىنى، ئىبادەتنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ۋە گۇناھنىڭمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.» (سۈرە بەقەرە 21 - ئايەت)

ئاللاھ ناماز توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «نامازنى ئادا قىلغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.» (سۈرە ئەنكەبۇت 45 - ئايەت)

ئاللاھ زاكات ھەققىدە مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلىغايسەن.»[1] زاكات زاكات بەرگۈچىنى پاكلايدۇ ۋە مېلىنى تازىلايدۇ. ئۇنىدىن باشقا ماددىي - مەنىۋى نۇرغۇن پايدىلارنى ئەكېلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ نامىزى ئۇنى پاھىشە ۋە يامانلىقتىن توسمىسا، ئۇ ناماز ئۇنى ئاللاھتىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ.» (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)

رەسۇلۇللاھ ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەندىلىرىم! ئاۋۋال - ئاخىر، ئىنسى - جىن ھەممىڭلار ئەڭ تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك تەقۋادار بولساڭلار، مېنىڭ مۈلكۈمدە ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئەگەر ئاۋۋال - ئاخىر، ئىنسى - جىن ھەممىڭلار ئەڭ ئاسى ئادەمنىڭ قەلبىگە ئوخشاش ئاسى بولساڭلار مېنىڭ مۈلكۈمدىن ھېچ بىر نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ.» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەھكام ئايەتلىرىدىمۇ ئىش شۇنداق. ئاللاھ قەرز ئېلىپ - بېرىش ھەققىدە، قەرزنى يېزىش، گۇۋاھچى قىلىش ئارقىلىق ھۆججەتلىشىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

---

[1] سۈرە تەۋبە 103 - ئايەت.

ھېكمەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر.» (سۈرە بەقەرە 282 ـ ئايەت)

قۇرئان ناھەق يول بىلەن مال يېيىشتىن توسۇشنىڭ ھېكمىتىنى زۇلۇم، تاجاۋۇز ۋە بۇزغۇنچىلىق دەپ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.» ( سۈرە بەقەرە 188 ـ ئايەت)

قۇرئان ھاراقنى ھارام قىلىشتىكى ھېكمەت، مەقسەت ۋە غايىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى بۇلاردىن يانمامسىلەر؟» (سۈرە مائىدە 91 ـ ئايەت)

قۇرئان قىساسنى قانۇن قىلىشنىڭ ھېكمەت ۋە غايىسىنىڭ ئىنسان ھاياتىنى قوغداش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار.» (سۈرە بەقەرە 179 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ (قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزسا ياكى ھاياتتا قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ.» (سۈرە مائىدە 32 ـ ئايەت)

روسۇلۇللا بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «زېمىن ئەھلى ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئىجرا قىلىنغان بىر جازا قىرىق كۈن يامغۇر ياغقاندىن ياخشىراقتۇر.» (نەسائى رىۋايەت قىلغان.)

بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى تەكىتلەيدۇكى، ساماۋى كىتابلار، ئىلاھى پەيغەمبەرلەر، ئەھكامى شەرئىيلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان مەنپەئەتىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىنسان بولسا تەكلىپ، قانۇن ۋە ئەھكاملارنىڭ ئوبيېكتىدۇر. ئىنسان بولسا كۈللى، جۈزئى پۈتۈن ھۆكۈملەرنىڭ مەقسەت قىلىنغان غايىسىدۇر.

## ئۈچىنچى پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇش

ئاللاھ تەئالانىڭ ئىنسانىنى زېمىندا خەلىپىلىككە تاللاش بىلەن قالمىدى، بەلكى ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى ئاسماندا، ئالىي جەننەتتە تەكىتلىدى ۋە ئۇنى ئەمەلىي تەتبىقلىدى. ئاللاھ يۇقىرى ئالەمدە ئادەم يارىتىپ ئۇنى خەلىپە قىلىش ئىرادىسىنى ئېلان قىلدى. بۇنى لەۋھۇلمەھفۇزدا يازدى. ئاللاھ ئۇنى ئوقۇلىدىغان ۋەھيي قىلىپ ئىنسانغا نازىل قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئاللاھ ئىنسانىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن پۈتۈن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇنى ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بىلەن تاللىغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن، ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار»، پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى، پەقەت ئىبلىسلا بويۇنتاۋلىق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.» (سۈرە ساد 71 ـ 74 ـ ئايەتلەر)

باشقا بىر سۈرىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: ‹مەن ھەقىقەتەن قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئىنسان يارىتىمەن، مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار.› پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي ھەممىسى سەجدە قىلدى، پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى.» (سۈرە ھىجر 28 ـ 31 ـ ئايەتلەر)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.» (سۈرە بەقەرە 34 ـ ئايەت)

قۇرئان بۇ مەسىلىنى تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئالدى. ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان پەزلىنى خاتىرىلىتىش، ئىنساننىڭ كائىناتتىكى مەرتىۋىسىنى بىلدۈرۈش ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ قىسسە (پەرىشتىلەرنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشى ۋە ئىبلىسنىڭ باش تارتىش ۋەقەسى) قۇرئان كەرىمدە بەقەرە، ئەئراف، ئىسرا، تاھا ۋە ساد قاتارلىق بىر قانچە سۈرىدە سۆزلىنىدۇ.

تەپسىر ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئادەمنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىگە ئۆزرە تىلەش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە سالام بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ بولسا، ئاللاھنىڭ ئادەمگە بەرگەن ئەڭ كاتتا كارامىتىدۇر. ئۇ تەزىم، تەسەللى ۋە سالام سەجدىسىدۇر. ئىبادەت سەجدىسى ئەمەس.»

پەرىشتىلەرنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىدىن تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنى چىقىرىمىز:

1 ـ پەرىشتىلەر ئالاھىدە يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار مۇتلەق ياخشىلىق ۋە كامىل ئىبادەتكە يارىتىلغاندۇر. ئۇلار ئىنسانىنى تەزىم ۋە ھۆرمەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. دېمەك، ياخشىلىق ماددىسى ئىنساندا ئاساستۇر. ئەگەر ئىنسان ماددىي ۋە بەدەنىي كۆرەشنى تاشلاپ، شەھۋەت ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەستىن يېنىپ، ئۇ ياخشىلىق ماددىسىنى ھەقىقىي شەكىلدە توغرا يولدا ئىشلەتسە، ئۇ پەرىشتىلەردىنمۇ كۈچلۈك، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قازىنىشتا تېخىمۇ ئىرادىلىك ۋە ئاللاھنىڭ جەلال ۋە ئەزىمىتىگە تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ.

بۇنى نۇرغۇن ئالىملىرىمىز مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئىنسانلار بەزىدە ھەقىقەتەن پەرىشتىلەردىن پەزىلەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل بولىدۇ: «ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر[1].» ۋە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرگە رازى بولغان ھالدا قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ.» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) ئاللاھنىڭ ئەرەپاتتىكى مۆمىنلەر بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىدىغانلىقى سەھىھ ھەدىسلەردە مەۋجۇد. پەخىرلىنىش پەقەت ئەڭ ئەۋزەل كىشى بىلەن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن ئاللاھقا بەزى پەرىشتىلەردىن ئەۋزەلرەكتۇر.» (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)

قاشانى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە بەزى ئىنسانلارنىڭ مۇقەررەب پەرىشتىلەردىن ئەۋزەل بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئادەم ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس،

[1] سۈرە بەييىنە 7 ـ ئايەت.

ئۇلاردا مەخپى قويۇلغان سىر ۋە ئىلاھى مەرىپەتتىن ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭغا ئاللاھ: ‹مەن سىلەر بىلمىگەننى بىلىمەن› دېگەن سۆزى بىلەن ئىشارەت قىلغان.»

2 ـ ئىنسان ياخشىلىققا يارىتىلغان. ئۇنىڭدىن سادىر بولغان بەزى يامانلىقلار بولسا، كېيىن پەيدا بولغان بەزى ناچار ئەخلاق تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر.» (سۈرە رۇم 30 ـ ئايەت) رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن باللار ئىسلامنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ياكى مەجۇسى قىلىدۇ.»

مانا بۇ ئالىملارنىڭ نەزىرىدە كۈچلۈك سۆزدۇر. ئۇنى دوكتۇر دۇرەينى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «شۇ ئېنىقكى، قۇرئان كەرىم دىن بىلەن پىترەتنىڭ ئەسلىدە بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوقلىغىنى، توغرا دىن ۋە توغرا پىترەت ئىككىسىنىڭ بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلىدۇ. ‹ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دېگەن بولىدۇ. قۇرئان بۇ سىېلىشتۇرۇشنى ۋە دىن بىلەن پىترەتنىڭ بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن شۇنى مەقسەت قىلىدۇكى، ئىنساننىڭ ئىگىزىدىكى ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىش، ئۇنىڭ ئەسلىدە ياخشىلىققا يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر، بۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئۇيغۇنلۇق تولۇقلىنىدۇ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئەڭ كامىل دەرىجىدە ئورۇنلىيالايدىغانلىقى ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى دىن شەكسىز ياخشىلىقتۇر. ئۇنىڭدا يامانلىقنىڭ ئورنى يوقتۇر. مانا بۇ پىترەتتۇر.»

3 ـ ئاللاھ ئىنساننى خۇسۇسى قابىلىيەت بىلەن تەييارلىدى، ئۇنى مىسلىسىز سۈپەتلەر بىلەن باشقىلاردىن ئايرىدى ۋە ئۇنى پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن قىلىدىغان شەيئىلەر بىلەن ياراتتى. ئىنساندا باشقىلاردىن ئايرىلىدىغان ۋە ئۆزىنى خەلىپىلىككە لاياقەتلىك قىلىدىغان ئىستېدات بار. ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتىن مەقستى مۇشۇ بولسا كېرەك:

«ئاللاھ ئادەمگە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: ‹(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار› دېدى. پەرىشتىلەر: ‹سېنى (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقساندىن) پاك دەپ تونۇيمىز، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز. ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن› دېدى. ئاللاھ: ‹ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن› دېدى[1].» ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئادەمنىڭ شەرىپىنى ۋە مەرتىۋىسىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭدا قويۇلغان سىرنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ئادەمگە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈردى. ئادەمنى ئىلىم بىلەن پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.» (سۈرە ئەلەق 5 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى، ئىنسانىنى ياراتتى، ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى.» (سۈرە رەھمان 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر)

بۇ مەنە قۇرئاننىڭ دالالىتىدىكى كامىل بىر ئامانەتنى ئاسمان ـ زېمىنغا كۆرسەتكەندىن كېيىن ئىنسانغا يۈكلەشتىكى سىرنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى(يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق. ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ(ئېغىرلىقىدىن) قورقتى، ئىنسان ئۇنى ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر.» (سۈرە ئەھزاب 72 ـ ئايەت)

4 ـ ئىبلىسنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتىشى، ئاسىيلىق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن بولغانلىقى ئۈچۈن لەنەتكە، كۇفرى بىلەن سۈپەتلىنىشكە ۋە دوزاختا مەڭگۈ ئازابلىنىشقا ھەقلىق بولدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر، ئاللاھقا قارشى تەكەببۇرلۇق قىلغانلار، گۇناھلار بىلەن

[1] سۈرە بەقەرە 31 ـ 33 ـ ئايەتلەر.

پەخىرلەنگەنلەر، ئەقلىنى پىكىر قىلىشتىن، ئەمەل قىلىشتىن ۋە كائىناتتىكى مەخلۇقلارغا نەزەر سېلىپ ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن توسقانلار شەيتاننىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىبلىسقا ئەگىشىدۇ. ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىدۇ. ئۇنىڭ سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. كېيىن ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازا شەيتاننىڭ جازاسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شەيتاننىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا شەيتان بىلەن بىرگە دوزاختا توپلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، پەرىشتىلەرنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇشى ۋە ئىبلىسنىڭ ئۇنىڭدىن باش تارتىشىدىن ئىبارەت بولغان بۇ قۇرئانى كۆرۈنۈش، ياخشىلىق ۋە ئۇنى قىلغۇچىلار، يامانلىق ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ زامانىمىزدىمۇ داۋام قىلىۋاتقانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. شەكىل بىر، كۆرۈنۈش تەكرارلىنىدۇ. بۇ ھەر گۇرۇھنىڭ ئۆز نەتىجىسىگە يېتىشى ۋە ھەر پىرقىنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» (سۈرە زەلزەلە 7 ـ، 8 ـ ئايەتلەر)

### تۆتىنچى ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلىش

ئاللاھ ئىنسانغا ئىكرام قىلىش، ئادەمگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن قالماستىن، بەلكى ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغ قىلدى. ئىنساننىڭ تەركىبىدە پۈتۈن كائىناتنىڭ ماددىلىرىنى ياراتتى. قۇرئان كەرىم بۇ ئۈستۈنلۈك ۋە ئۇلۇغلۇقنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.» (سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت)

ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئەۋزەل ۋە ئۈستۈن قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆپتۇر. ئۇلاردىن بەزىلىرىنى بايان قىلىمىز: ئايەتتىكى «كەررەمنا» سۆزى «كەرەم» سۆزىنىڭ تەكرار ھەرپلىك تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇنى شەرەپلىك، ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك قىلدۇق» دېگەن بولىدۇ. بۇ پەزىلەت مىلىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى كەمچىلىكنى يوقىتىدىغان ئارتۇقچىلىقتۇر. ئىنساننى پەزىلەتلىك قىلغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى شۇكى، ئاللاھ ئۇنى ھەر تۈرلۈك سۈپەتلەر بىلەن ياراتتى. ئۇنىڭدا ھەر قىسىم سۈپەتتىن مۇئەييەن مىقداردا قويدى ۋە ئۇنى بۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرلەشمىسىدىن مىسلىسىز بىر مەخلۇق قىلدىكى، باشقا بىر مەخلۇق ئىنساندىن ئۈستۈن بولالمايدۇ. ھەر نەرسىنى ئەڭ گۈزەل ياراتقۇچى ھېكمەتلىك ئاللاھ ئىنساننى ئۈچ ئاساسى ماددىدىن مۇرەككەپ قىلىپ ياراتتى:

1 ـ ئەقىل: يۇقىرى ئۆرلەش، ئويلاش، ئاڭ، بىلىش، ھۆررىيەت ۋە تاللاش ئەقىل بىلەن بولىدۇ. ئىنسان دۇنيادا باشقا مەخلۇقلاردىن ئەقىل بىلەن ئايرىلىدى. ئۆز ئالدىغا بىر ئالەم بولدى. ئاللاھ ئۇنى دۇنياغا خوجايىن قىلدى ۋە ئۇنى زېمىندا خەلىپە قىلدى.

2 ـ روھ: ئۇنى ئاللاھ ئىنسانغا ئۆز زاتىدىن بەردى ۋە «ئۇنىڭغا ئۆز روھىمدىن كىرگۈزدۈم» دېدى. ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن كامىللىق ۋە ئۈستۈنلۈككە تەدرىجىي ئۆرلەيدۇ. باشقۇرغۇچى ۋە ياراتقۇچى ئاللاھقا روھى ئارقىلىق بىۋاستە ئۇلىشىدۇ. ئارزۇلىرىنى ئۇنىڭغا باغلايدۇ.

3 ـ بەدەن: ئۇ ھەر تۈرلۈك شەھۋەت، مىجەز، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن مۇرەككەپ بولغان ماددىدىن يارىتىلغان. ئىنسان ماددىي مايىللىق بىلەن پەقەت ماددىغىلا قىسقارغان نۇرغۇن مەخلۇقاتلارغا شېرىك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھ تەئالا بۇ قارىمۇ قارشى ماددىلارنى بىر ـ بىرىگە ماسلىشىدىغان قىلىپ ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بىر مۇۋازىنەت ئورناتتى. يەنى ئەگەر بۇ ماددىلار ئارىسىدا ھەر قانداق بىر تەكشۈكسىزلىق ۋە ئىختىلاپ يۈز بەرسە، بىر تەرەپتىن كېسەل پەيدا قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بىرىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا يول ئاچىدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن: ئاللاھ ئىنساننى ئەسلى تەبىئىتىدە توپتوغرا ياراتتى. ئەگەر ئۇ توغرا يولدا ماڭسا ئېزىپ قېلىش، يولدىن چىقىپ كېتىش بولمايدۇ. لېكىن يامان ئىشلار ئۇنى بۇ توغرا تەبىئىتىدىن چىقىرىدۇ ۋە ئۇنى ئاددىي، قەدىرسىز بىر نەرسە قىلىپ قويىدۇ. بۇ مۇنۇ ئايەتتە كەلگەندۇر: «ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇلارغا ئۈزۈلمەس مۇكاپات بېرىلىدۇ.» (سۈرە تىن 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر)

ئۈستۈن ۋە پەزىلەتلىك قىلىشنىڭ يەنە بىر بەلگىسى شۇكى، ئاللاھ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ۋە ئەڭ مۇكەممەل سۈرەتتە ياراتتى. بۇنى قۇرئان بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق.» (سۈرە تىن 4 ـ ئايەت)

ئۇنى قەددى قامەتلىك ئۈستۈن، تۈز ماڭىدىغان قىلدى. ھالبۇكى، باشقا مەخلۇقلارنى ئېگىلىپ يۈزىنى يەرگە قىلىپ ماڭىدىغان ياراتتى. ئىنساننى بولسا، قامىتىنىڭ نورماللىقى بىلەن تۈز، ئەڭ چىرايلىق سۈرەتتە ياراتتى. ئۇنىڭغا سۆزلەيدىغان تىل، تۇتىدىغان بارماقلار بەردى. ئۇنى ئەقىل بىلەن زىننەتلىدى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىش يولىنى كۆرسەتتى. ئۇ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى قولى بىلەن يەيدۇ. پاك نەرسىلەرنى ئۆزى تاللايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىدۇ. قاسىمى مۇنداق دەيدۇ: «يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇنى يارىتىشتا، شەكىلدە، سۈرەتتە ۋە مەنىدە ئەڭ چىرايلىق ياراتتى.» قۇرئان بۇ چىرايلىق يارىتىشتىكى نېمەتنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.» (سۈرە غاپىر 64 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق. ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش

قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى  ئاللاھ ئۇلۇغدۇر.» (سۈرە مۆئمىنۇن 12 ـ 14 ـ ئايەتلەر)

ئىبنى ئەرەبى ئەلمالىكى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھېچقانداق مەخلۇقنى ئىنساندەك گۈزەل ياراتمىغان. ئاللاھ ئۇنى تىرىك، بىلگۈچى، كۈچى يەتكۈچى، ئىرادە قىلغۇچى، سۆزلىگۈچى، ئىشىتكۈچى، كۆرگۈچى، تەدبىر قىلغۇچى ۋە ھېكمەتلىك قىلىپ ياراتتى. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى.» بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ‹ئاللاھ ئادەمنى ئۆز سۈرىتىدە ياراتتى› دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن ياراتتى دېگەن بولىدۇ.» باشقا بىر رىۋايەتتە «ئىنسان رەھماننىڭ سۈرىتىدە يارىتىلدى» دەيدۇ. رەھمان بولغان ئاللاھنىڭ نەدە شەكىل ـ سۈرىتى بار؟ ئۇنداقتا پەقەت مەنىۋى بولىدۇ. بۇ ساھا ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ مەنىۋى ۋە زاھىرى ئەڭ گۈزەل مەخلۇقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ھەيئىتىنىڭ گۈزەللىكى، تەڭداشسىز تەركىبى، بېشى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر، كۆكرەك ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە توپلانغان ئورگانلار، قورساق ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر، ئەۋرەت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەر، ئىككى قول ۋە ئۇنىڭ تۇتۇشلىرى، ئىككى ئاياغ ۋە ئۇنىڭ كۆتۈرگەنلىرى ھەممىسى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل يارىتىلغاندۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن پەيلاسوپلار مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان كىچىك بىر ئالەمدۇر. چۈنكى مەخلۇقاتلاردا بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا توپلانغاندۇر.» بۇ ئومۇمى بولغىنى. تەپسىلاتىغا كەلسەك، ئىنسان گۈزەللىكلىرىنىڭ ئۇيغۇنلىقىدا كۈندىن ۋە ئايدىنمۇ چىرايلىقتۇر.

ئىمام تەبەرى بىر جامائەتتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنساننى ئارتۇق قىلىش بولسا ئۇنىڭ قولى بىلەن تۇتۇپ يېيىشىدۇر. باشقا مەخلۇقاتلار ئاغزى بىلەن يەيدۇ. بۇنى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان. زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى تاللاش ۋە سۆزلەش بىلەن ئارتۇق قىلدى.» ئاتا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانغا ئۆرە تۇرىدىغان قەددى ـ قامەتنى بېرىش بىلەن ئارتۇق قىلدى.» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى باشقا مەخلۇقلارغا ھاكىم قىلدى ۋە باشقا مەخلۇقلارنى ئىنسانغا بويسۇندۇردى.»

مېنىڭ كۆز قارىشىم بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، لېكىن ئىنساندىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك ۋە ئۇنىڭ بىلەن باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن بولغان نەرسە بولسا

ئەقىل ۋە ئىدرەكتۇر. ئىمام قۇرتۇبى بۇنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ ئۈستۈن بولۇشى ھەققىدە ئىشەنچلىك سۆز شۇكى، ئۇ ئەقىل بىلەن باشقىلاردىن ئارتۇق بولدى. ئەقىل بولسا تەكلىپنىڭ ئاساسىدۇر. ئەقىل ئاللاھنى تونۇيدۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ئۇلىشىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلايدۇ. لېكىن ئەقىل ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلدى ۋە كىتابلار نازىل قىلىندى. بۇ شەرىئەت بىلەن ئەقىلنىڭ مىسالىدۇر. كۆز ئېچىلسا ۋە ساق بولسا قۇياشنى كۆرىدۇ ۋە ئەشيالارنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىدۇ.» ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بەزى ھايۋانلاردا بەزى ھېسسىياتلارنى ياراتتىكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋانلار ئىنساندىن ئۈستۈن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتنىڭ يۈگۈرۈشى، ئاڭلىشى ۋە كۆرۈشى، پىلنىڭ كۈچى، شىرنىڭ جاسارىتى، خورازنىڭ سېخىلىقىغا ئوخشاش. دېمەككى ئىنساندىكى ئارتۇقچىلىق ئەقىل بىلەن بولىدۇ.»

مېنىڭچە، ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى جىسىم، روھ ۋە ئەقىلنىڭ تەگپۇڭلۇقى بىلەن بولىدۇ. ھايۋانغا ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ماددىدا، جەسەتتە ۋە ھەۋەستە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى، پەرىشتىلەرگە ئوخشاش غايىپ روھ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن روھنىلا يۈكسەلتىپ، بەدىنىنى تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئەقىل، پىكىر بىلەن بولۇپ كېتىپ روھنى ۋە بەدەننى بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا نەزىرى پەيلاسوپ، خىيالى مۇتەپەككۇر بولۇپ قالىدۇ. تارىختا مۇنداق بىر تەرەپلىمە پەلسەپىلەر كۆپ چىققان. ئۇ پەقەت بىرلا تەرەپكە ئېسىلىۋېلىپ باشقىلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي پەلسەپە، روھانىي پەلسەپە ياكى ئەقلىي پەلسەپىلەر مەيدانغا كەلگەن.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىنساننىڭ بەدىنى روھتىن ئايرىلسا ئىنسانلىقىدىن چوڭ بىر پارچىنى يوقىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىي ھەرىكەت ياكى ئىنسانى ھاياتتۇر. ئەمما روھ بولسا ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولساقمۇ، ئۇنى ئىنساندىن بىر پارچە دەپ قارايمىز. لېكىن ئۇ (يەنى روھ) كامىل ئىنسان ئەمەس. ئىنساننىڭ بەدىنى روھ ئۇنىڭ ئىچىدە بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسانىي ئىرادە ۋە ئىنسانىي غايىگە موھتاج

بولــدىغان ئومـۇمىي ھەرىــكەت ۋە ئىنــسانىي بەدەنــدىن باشــقا ھــېچ نەرســىگە ئــگە بولالمايدۇ.»

دېمەك، ئەقىل، روھ ۋە بەدەن ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلـۇق ئىـسلام نەزىرىـدە ئەڭ مـۇھىم ئاساستۇر. شۇڭلاشقا مەن كىتابىمنى «دىنىنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسى ۋە ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھاجىتى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن تۈگەتتىم. ئـۇ بىـر قـانچە نۇقتـا بولـۇپ، بـۇ يەردە بەزىلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمەن:

1 ـ بىـز دىنغـا موھتـاج، چـۈنكى ئـۇ ئىنـسان تەبىئىتىنىـڭ بىـر پارچىـسى. ئەقىللىـق نورمـال بىـر ئىنـساننىڭ ئـۆز تەبىئىتىـدىن ۋە ماھىيىتىنىـڭ بىـر پارچىـسىدىن ئايرىلىـشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت تەبىئىتى بۇزۇلۇق ئازغۇن ئىنسانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

2 ـ بىز دىنغا موھتـاج، چـۈنكى ئـۇ ئىنـسانىي ھاياتنىـڭ ئەمەلـگە ئېشىـشى ۋە دۇنيـا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتنىڭ يەككە ـ يېگانە ۋەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ كېپىلىدۇر.

3ـ بىز دىنغا موھتاج، چۈنكى ئۇ شەخـسىي ۋە ئىجتىمـائىي ھاياتنىـڭ، روھ ۋە كـۆڭـۈل خاتىرجەملىكىنىڭ كاپالىتىدۇر.

4 ـ ئىلىمنىـڭ تەرەققىـي قىلىـشى ۋە ئەقىلنىـڭ كەڭ دائىرىلىـك ئېچىلىـشىنى قولغـا كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن دىنغـا موھتـاجمىز. چـۈنكى دىــن ئـۆز ماھىيىتىــدە ئىلگىرىلەشــكە، مەدەنىـيەتكە، ھەرخىـل سـەۋىيىلەردە تەرەققىـي قىلىـشقا دەۋەت قىلىـدۇ. شـۇڭلاشقا ئۇچـۇن ئىلىم ئۆگىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش پەرز قىلىندى.

5 ـ شـەخس بىـلەن جەمئىـيەت ئارىـسىدا تەڭپۇڭلـۇقنى تۇرغـۇزۇش ئۈچـۈن دىنغـا موھتاجمىز. چۈنكى ئۇ خەلق بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى مۇستەھكەم ئـالاقىنى ئورنىتىـدۇ. ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ھەققىنى بىلىدۇ ۋە ئـۆز ھەددىـدىن ئاشـمايدۇ. شەخـسلەر دۆلەتـكە ۋە جەمئىيەتكە قارشى چىقىپ بىھۇدە ئىشلارنى قىلمايدۇ. بۇزغۇنچىلىـق قىلمايـدۇ، جىنـايەت ئىـشلىمەيدۇ ۋە خەلقنىـڭ رىزقىغـا ئىـگە بولىۋالالمايـدۇ. دۆلەتمـۇ شەخـسلەرگە چوڭلـۇق قىلىپ ئۇنىڭ تەبىئىي كىـشىلىك ھوقـۇقنى تارتىۋالمايـدۇ، زۇلـۇم قىلمايـدۇ، ھەددىـدىن ئېشىپ ئىستىبداتلىق بىلەن دىكتاتورلۇق قىلمايدۇ. ئىنسانلارنى جانسىز سـايمان، تىلـسىز ھايۋانغا ئوخشاش كـۆرۈپ، پەقەتـلا يـېمەك ـ ئىچـمەك ۋە شـەھۋانىي ھـاۋايى ـ ھەۋەسـتىن

باشقا ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان قىلىپ قويمايدۇ، ياكى خەلقنى ئىشقا يارىمايدىغان بىكار تەلەپ، ھۇرۇن، تەييارتاپ قىلىپ جەمئىيەتنىڭ سەلبىي ئەزاسى قىلمايدۇ.

6 ـ ئىنساننى ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دىنغا موھتاجمىز. چۈنكى دىن مەلۇم گۇرۇھ، ھەيئەت ۋە سىنىپنىڭ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇپ قۇل قىلىدىغان يەرلىك قانۇن چىقىرىشىغا يول قويمايدۇ.

7 ـ دۇنيانىڭ تەخمىنەن يېرىمىدا ئومۇملاشقان بۇتپەرەسلىكنى ۋە مىليونلارچە ئىنسانلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان ھەقىقەتسىز ئىپتىدائىي دىنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن دىنغا موھتاجمىز. چۈنكى ئۇ دىنلاردا ئەقىلنىڭ رولى يوق. تەرەققىي قىلغان يېڭى ئىلىم ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا قادىر ئەمەس. ئۇ باتىل دىنلارنىڭ ئىچىدە نى ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، سىياسىيونلار، دۆلەت رەئىسلىرى بار. ئۇلار دىنلىرىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، ئىلمىي ھەقىقەتتى يوقلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كالىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭ سىيدۈكىنى ئىچىدۇ.

8 ـ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئەقىدىدە، پىكىردە، ئەخلاقتا، قانۇن چىقىرىشتا ۋە نىزامدىكى جاھىلىيەتنى يوقىتىپ ئىنسانلارنى ئۆز ئىگىسى بولغان ئاللاھقا قايتۇرۇش ۋە ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقلاردىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن دىنغا موھتاجمىز.

9 ـ بۇ بىز ياشاۋاتقان زامانىۋى دۇنيادا ئىلىم ۋە ئىلمانىلىق (دىنسىزلىق) ئىسمى بىلەن مۇپتىلا بولغان مۇرتەدلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن دىنغا موھتاجمىز. بۇ مۇرتەدلىكنى تەخمىنەن ئىككى ئەسىردىن بىرى يەھۇدىيلار قاتتىق راۋاجلاندۇرماقتا.

10 ـ بىز شۇنداق بىر دىنغا موھتاجمىزكى، ئۇ سالىھ ئىنسان يېتىشتۈرىدۇ. ئىنسانىيەتكە لايىق بولغان باراۋەرلىك، ئەخلاق، ۋە بۇرادەرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا مىللەتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىق، سىنىپىي ئوخشاشماسلىق بولمايدۇ. يات مىللەتلەر خەلقنى بېسىۋالالمايدۇ. دۆلەتلەر ئىستىلا قىلالمايدۇ. شەخسىي ياكى ئومۇمىي زۇلۇمغا ئۇچراش بولمايدۇ. ماددىي ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش بولمايدۇ.

11 ـ ئىنسانلار ئارىسىدا گۈزەل ئەخلاق ئورنىتىش بىلەن دىنىي ئورتاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دىنغا موھتاجمىز.

12 ـ ئىنساندا روھ، ئەقىل ۋە بەدەن ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرلىرى ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىدىغان، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى توغرا تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ، شەخسىيىتىنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان ئادەم قىلىش ئۈچۈن دىنغا موھتاجمىز.

## بەشىنچى كائىناتتىكى بارلىق نەرسىنى ئىنسانغا بويسۇندۇر

ئىنسان ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پەزىلەتلىك ۋە يەر يۈزىدە خەلىپە قىلىنغان بىر مەخلۇقتۇر. ئاللاھ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىش بىلەن ئىنسانغا ئىززەت ـ ئىكرامنى تېخىمۇ زىيادە قىلدى. كائىناتتىكى بارلىق نەرسىنى ئىنساننىڭ ئىختىيارى ئاستىدا قىلدى. ئىنساننى دۇنيادىكى نەرسىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان قىلدى. ئىنسانغا دۇنيادىكى نەرسىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرىغا يېتىشى ئۈچۈن كۈچ ـ قۇدرەت بەردى. ئۇندىن كېيىن ئىنساننى زېمىننىڭ ھەر تەرىپىدە مېڭىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇنىڭدىكى رىزىقلاردىن پايدىلىنىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.» (سۈرە مۇلۇك 15 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دېدى: «بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى.» (سۈرە لوقمان 20 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئارقىلىق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار. ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، قۇياشنى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى،

يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.» (سۈرە نەھل 10 - 13 - ئايەتلەر)

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كېچە - كۈندۈزنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق.» (سۈرە ئىسرا 12 - ئايەت)

يەنە قۇرئان كېچە - كۈندۈز ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «كېچىنى لىباس قىلدۇق، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق، ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق، (سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنى (قۇياشنى) ياراتتۇق، ئاشلىقلارنى، ئوت - چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق.» ( سۈرە نەبە 10 - 16 - ئايەتلەر)

قاسىمى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ يورۇقتىن پايدىلىنىدىغان، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان يۇلتۇزلار، ئاي، قۇياش ۋە يامغۇر بۇلۇتلىرى قاتارلىق يۇقىرىدىكى مەخلۇقاتلارنى ئىنساننىڭ پايدىسى ئۈچۈن ياراتتى. شۇنىڭدەك، يەردە ئورۇن ئېلىش، دەل - دەرەخلەر، ئېرىق - ئۆستەڭلەر، كۆكتات، زىرائەتلەر ۋە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئىنسان ھاياتى بويىچە ئىشلىتىش ۋە يەر يۈزىدە راھەت ۋە سائادەتتە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى.»

تەپسىرى مۇنىردا مۇنداق دەيدۇ: «يارىتىش ۋە نېمەت ئىنئام قىلىش ئاللاھنىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ئاسماننى ۋە ئۇنىڭدىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە

پەرىشتە قاتارلىق پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ ئىنسانىنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى تاغلار، دەل ـ دەرەخلەر، مېۋىلەر، مەدەنلەر، سۇ، هاۋا، تۇمان، ئاتوم ۋە باشقا سانسىز مەخلۇقاتلارنىڭ هەممىنى ئىنسانىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ياراتتى. ئادەم ئەۋلادىغا پۈتۈن نېمەتلەرنى كامىل ۋە تولۇق قىلىپ بەردى. مەيلى ئۇ نېمەتلەر سالامەتلىك، كامىل يارىتىش، مال ـ مۈلۈك، مەرتىۋە، هۆسنىجامال ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئوخشاش كۆرگىلى ۋە هېس قىلغىلى بولىدىغان بولسۇن، ياكى ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەقىل ۋە ئاللاهقا ئىمان قاتارلىق ئەقلىي نېمەتلەر بولسۇن، مەيلى هازىر مەلۇم بولغان نېمەتلەر بولسۇن، ياكى بۇنىدىن كېيىن ئىلىمنىڭ ئىلگىرىلىشى نەتىجىسىدە بىلىنىدىغان نېمەتلەر بولسۇن، هەممىسى ئاللاهنىڭ ئىنسانغا بەرگەن نېمىتىدۇر.»

قۇرئان ئاللاهنىڭ چارۋىلارنى يارىتىپ ئىنسانغا مۈلۈك قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىدىن كېيىن ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ مىنىشى، گۆشىنى يېيىشى، سۈتلىرىنى ئىچىشى ۋە باشقا هەر تۈرلۈك مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن هايۋانلارنى (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ئۇ هايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. هايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ هايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار شۇ هايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ. ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟!» (سۈرە ياسىن 71 ـ 73 ـ ئايەتلەر)

قايسى بىر ئومۇمىي ئايەتتە قارىساق، يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «ئاللاه يەر يۈزىدىكى هەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى.» (سۈرە بەقەرە 29 ـ ئايەت)

قاسىمى مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدىكى ‹سىلەر ئۈچۈن› دېگەنىنىڭ مەنىسى ‹پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن› دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭدا يارىتىلغان مەخلۇقاتلار ئەسلىدە مۇباھ بولۇپ، ئەسلىدىن چىقىرىدىغان دەلىل كەلمىگۈچە مۇباھ قالىدىغانلىقىغا دەلىل بار. بۇنىڭدا هايۋاناتلار ۋە باشقا زىيانسىز پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسى مۇباھتۇر. بۇنى ئايەتتىكى «جەمىئەن» دېگەن سۆز تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.»

## بويسۇندۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرى

كائىناتنىڭ ماددىلىرىنىڭ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلغانلىقى توۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشىمىزغا ئۈندەيدۇ:

1 ـ ئاللاھ ئىنسانىنى ياراتتى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشى ۋە يەر يۈزىدىكى مەئىشىتىنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ياراتتى. ئالىملار ئۇنى يارىتىلغان مەخلۇقاتلاردا ئەسلى مۇباھ ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىدۇ. ئاللاھ يەر ئاستىدا، تاغلارنىڭ ئىچىدە، دېڭىزلارنىڭ تەكتىدە، ھاۋا قاتلاملىرىدا نۇرغۇنلىغان نېمەتلەرنى، ئاجايىپ خەزىنىلەرنى ۋە كۆپلىگەن بايلىقلارنى ياراتتى. ئۇلار ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا يەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپتۇر. ئاللاھنىڭ: «ئەھلى زېمىنىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى.» دېگەن سۆزى ئىشارەت قىلغان مەنە مانا مۇشۇدۇر. يەنى زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقىنى، ئۇنىڭ مەئىشىتى ئۈچۈن لازىم بولغان دەرەخلەر ۋە باشقا مەنپەئەتلەرنى زېمىندا تەقدىر قىلدى. زېمىنىنىڭ ھەر تەرىپىدە ئىنسانغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تائام، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە زېمىندىن باشقا پىلانېتلاردا تېپىلمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ياراتتى.

2 ـ بويسۇندۇرۇش بولسا، ئىنسانىنى كائىناتقا نەزەر سېلىش، ئۇنىڭ ماددىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان چاقىرىقتۇر. ئاللاھنىڭ زېمىندا ياراتقان نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ زېمىن ئەتراپىدا يۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، قېزىشى، زېمىنىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن جىددىي سەئيى ـ سەۋەب قىلىشى كېرەك. بۇ بولسا ئاللاھنىڭ توۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەقسىتى: «ئۇ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى.» (سۈرە ھۇد 61 ـ ئايەت)

زېمىندىكى ۋە كائىناتتىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش زاھىرى نەرسىلەرگىلا چەكلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئازراق نەزەر قىلىش بىلەن يېتىدىغان ئاشكارا نەرسىلەرنى ۋە چوڭقۇر ئويلىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىدىغان ئىچكى نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئىنسانلارنى كائىناتتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، سىرلىرىنى بىلىشكە ۋە ئۇنىڭدىن

پايدىلىنىشقا يۇزلەندۇرىدۇ. ئاللاھ سۇدىكى بېلىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرىنى (يەنى بېلىقلىرىنى) يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە - مارجانلار) نى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.» ( سۇرە نەھل 14 - ئايەت)

ئۆسۈملۈك بايلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقتىدا) ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.» (سۇرە ئەنئام 141 - ئايەت)

ھايۋانات بايلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار(نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار(نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار(نىڭ گۆشلىرى) نى يەيسىلەر. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ).» ( سۇرە نەھل 5 - 6 - ئايەتلەر)

ئەگەر ئىنسان ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلسا، يارىتىلىشىدىن بولغان مەقسەت ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئىنسانلار ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، سەل قارىغان بولۇپ، قولىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن سايماننى ئىشلەتمىگەن ئىشچىغا ۋە تاپشۇرۇلغان ئىشنى ئادا قىلمىغان ۋەكىلگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان دۇنيانى گۈللەندۈرۈش ۋە كائىناتنىڭ سىرلىرىنى كەشىپ قىلىشقا ناھايىتى قاتتىق ئۈندەيدۇ.

3 - ئىنسانغا كائىناتنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ، ئۇنىڭغا ئالەمنىڭ سىرلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشقا قۇدرەت بەردى، دۇنيانى ئۇنىڭ قولى ئاستىدا ۋە ئەقلىنىڭ دائىرىسىدە قىلدى. ئاللاھ دۇنيادىكى نەرسىلەرنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇشنى، ئىنساندىكى ئويلاش،

پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئەقىل ئىشلىتىشتىن ئىبارەت قۇدرەتكە باغلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ئايەتنىڭ ئاخىرى: «ئەقىل ئىشلەتمەمسىلەر؟»، «ئەقىل ئىشلەتكەيسىلەر»، «ئەگەر ئەقىل ئىشلىتىدىغان بولساڭلار» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ ئۈستىگە باشقا ئايەتلەردە ئەتراپىدىكى مەخلۇقاتلارغا نەزەر قىلىشقا، ئويلاشقا ۋە زېمىننىڭ ئۈستىدە سەيىي ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى كائىناتتىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش پەقەت ئەقلىنى ئىشلىتىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىلىم ۋە مۇھاكىمە قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە باغلىق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. مەيلى ئىنسان مۆمىن بولسۇن، كاپىر بولسۇن، ياخشى ئويلاپ، تولۇق مۇھاكىمە قىلسا، كائىناتنىڭ ماددىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ. قۇرئان كەرىم دۇنيادىكى مەۋجۇداتتىن پايدىلىنىشنى كاھىنلىقنىڭ سىرلىرىغا ۋە ئېچىلماس تىلسىملارغا باغلىمىدى.

لېكىن ئاللاھ بەزى نەرسىنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلىپ ئۇنى ئىنسانغا بويسۇندۇرمىدى. ئىنسان ھەر قانچە مۇھاكىمە قىلىپ ئىزدەنسىمۇ، تەتقىقات ئېلىپ بارسىمۇ، ئۇ نەرسىلەرگە قولى يەتمەيدۇ ۋە ئىلمى ئۇنىڭغا ئۇلىشالمايدۇ. مەسىلەن: روھنىڭ ھەقىقىتى، ئۆلۈم ھادىسىسى، تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالمىشىپ تۇرۇشى، قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى ۋە ھاياتنىڭ سىرى قاتارلىقلار. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى نېمە پايدا تاپىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.» (سۈرە لوقمان 34 ـ ئايەت)

بۇ ئىستىسنالار بىر تەرەپتىن ھەممىنى تەدبىر قىلغۇچى، ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەكىتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىنسان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ قويغان قانۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

4 ـ ئاللاھ ئىنساننىڭ باياشات ياشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بەخت ـ سائادىتىنى تەمىن قىلىش، ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تولۇقلاش، ھايات سەۋەبلىرىنى تەدبىر قىلىش، زېمىننىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن كائىناتنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كائىنات ماددىلىرىنى زىيانلىق ئىشلارغا، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئىشلىتىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. توغرا يولدا داۋام قىلىشقا، ياخشىلىققا قاراپ يۈرۈشكە، يامان يوللاردىن قېچىشقا ۋەسىيەت قىلدى. زېمىننى ئۈستىدە بىنا سېلىش، زىرائەت تېرىش، تىجارەت ۋە مال توشۇش ئۈچۈن يول ياساشقا ئەپلىك قىلدى. سانائەت ئۈچۈن تۆمۈر ۋە مەدەنلەرنى يارىتىپ بەردى. ئاللاھ مۇنداق دېدى: «بىز تۆمۈرنى ياراتتۇق، تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار.» (سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دېدى: «بىز تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق، (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) ‹مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن›، (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن.» (سۈرە سەبە 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر)

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بۇ قۇرئاننىڭ يوليۇرۇقى بويىچە ئەقىللىرىنى ئىشلەتتى، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن كۈچى يەتكەن مىقداردا پايدىلاندى ۋە ئۇلۇغ مەدەنىيەت، ھەر تۈرلۈك ھۈنەر كەسىپ ۋە يېڭى ئىلىملەرنى ئىجات قىلدى.

لېكىن زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار پاسسىپلاشتى، دىنىنىڭ مېغىزىنى قويۇپ پوستىغا ئېسىلىۋالدى، ئىسلامنىڭ ئىسمى ۋە پۇرىقىغا قانائەتلەندى، قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ تەتبىقلاش، ئەقىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنىغا پەقەت ئۇنى تالاۋەت قىلىپلا قويدى. بەزىلەر قۇرئاننى تەكچىدە، كۆڭلىدە، زىنىنەت ئۈچۈن، ئۆلۈكلەرگە

ئوقۇش ئۈچۈن ساقلىدى. دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگىنىپ، ئىسلامنى كەڭ دائىرىلىك چۈشىنىپ، قۇرئاننى چوڭقۇر تەتقىق قىلماي باشقىلارغا ۋاستە بولدى. ئىلىم ۋە ماددىي مەدەنىيەتنى كاپىرلاردىن ئالىدىغان بولدى. باشقا مىللەتلەرنى تەقلىد قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. غەيرىي مۇسۇلمانلارغا كۆز تىكىپ، ئۇلارغا قول باغلاپ ياشايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر گۇرۇھ كىشىلەر: «ئىسلام زامانىمىزغا زىت كېلىدۇ، تەرەققىياتنىڭ يولىنى توسىدۇ، ئىلىمغا قارشى تۇرىدۇ» دەپ ئىسلامغا تۆھمەت قىلماقتا. ئىسلامنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەتكە چاقىرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قاتتىق ئۈندەيدىغانلىقىنى، ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن باشقىلارغا ئەگەشكەنلەرنى ياكى ئۇنى توغرا ئىشلەتمەي يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغانلارنى قانچىلىك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيدۇ ياكى بىلمەس بولىۋالىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار دىللىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.» (سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسلامنىڭ ئارىسىنى ئايرىش لازىم كېلىدۇ. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بۈگۈن ياۋروپادىكى ئىلىم ھالاك قىلىش، يامانلىق قىلىش، بۇزۇقچىلىق قىلىشقا قارىتىلغان. ئىلىم ئىككى بىسلىق قورال بولۇپ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە پايدىلىق ئىشقا قارىتىش ئۈچۈن ئىسلامغا ۋە ئەقىدىگە موھتاجدۇر.

## ئالتىنچى ئىنسانغا ئەقىل نېمىتىنى بېرىش

ئاللاھ ئىنسانغا تەڭداشسىز بىر نېمەت بەردى، ئۇ بولسىمۇ ئەقىلدۇر. ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ئەشيالارنى تونۇيدۇ، ياخشى ـ يامان ئىشلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىيدۇ، ئەمەللەرنى زىننەتلەيدۇ. ئەقىل ئىگىسىنى ياخشىلىققا باشلايدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ. ئۇ ئىگىسىگە ئەتراپىدىكى نەرسىلەردە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يول باشلىغۇچى ۋە ياردەمچى بىر كۈچ بولىدۇ. ماڭىدىغان يولىنى توغرا تاللاش، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئىشلارنىڭ

ھەقىقەتنى تونۇش، مەۋجۇداتلارنىڭ تەركىبلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى كەشىپ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، جەمئىيەتكە ۋە ياراتقۇچىسىغا قارىتا مەجبۇرىيىتىنى تونۇش ئۈچۈن ئەقىل، مۇستەقىل ئىرادە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىنسان ئەقىل ئارقىلىق ياخشى بىلەن ياماننىڭ، پايدا بىلەن زىياننىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ.

ئەقىل ئەڭ چوڭ ئىلاھىي نېمەتتۇر. ئۇ ئىنساندىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە، ئەڭ ئۇچۇق ئالاھىدىلىك ۋە ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئايرىيدىغان ئەڭ روشەن سۈپەتتۇر.

ھارىس مۇھاسىبى مۇنداق دەيدۇ: «ھەر نەرسىنىڭ جەۋھىرى بار، ئىنساننىڭ جەۋھىرى ئەقىل، ئەقىلنىڭ جەۋھىرى تەۋپىقتۇر.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنى بىلدىمكى، ھېچقانداق بىر ئىنسان ئەقىلدەك بىر زىننەت بىلەن زىننەتلەنگەن ئەمەس. ئىلىمدىن گۈزەلرەك كىيىم كىيگەن ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ، پەقەت ئەقىل بىلەن تونۇلىدۇ ۋە ئىلىم بىلەن ئىتائەت قىلىنىدۇ.»

تابىئىنلاردىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: «بەندىلەرگە دۇنيادا بېرىلگەن ئەڭ ئەۋزەل نەرسە ئەقىلدۇر. ئاخىرەتتە بېرىلگەن ئەڭ ئەۋزەل نەرسە ئاللاھنىڭ رازىلىقىدۇر.»

ئەقىل مەرىپەتنىڭ ئەڭ چوڭ قورالى. ئۇنىڭدىن پىكىر، ئىرادە، ئەركىنلىك، ئىلىم ـ مەرىپەت ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئەقىل بىلەن سادىر بولغان ئىشتىن مەسئۇل بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز ۋە دىلىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.» (سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىم سەزگۈ ئورگانلىرىنى ۋە ئەقىلنى ئىشلەتمىگەن كىشىنى ھايۋانلاردىنمۇ ئازغۇن سانايدۇ. چۈنكى ئۇ قولىدا بار بولغان مەرىپەت قوراللىرىنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولىۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولىۋالغان، (ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر.» (سۈرە ئەنفال 22 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.» (سۈرە ئەراف 179 - ئايەت)

ئىسلام ئەقلىنى ئىنسان ھاياتىنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىدىن سانىدى. ئۇنى قوغداش دىنىدىكى زۆرۈرىي مەنپەئەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭلاشقا ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ھۆكۈملەر چىقاردى. ساغلام ئەقلنى تەمىن ئەتمەك ئۈچۈن بەدەننى ساپ - ساغلام تۇتۇشقا چاقىردى. چۈنكى ساغلام ئەقىل ساغلام بەدەندە بولىدۇ. ئىسلام ئەقلنى يوقىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ھاراق ۋە پۈتۈن مەست قىلغۇچى ماددىلارنى ئىستېمال قىلىشنى ھارام قىلدى. ئىسلام بۇ زىيانلىق ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلارغا جازا بېكىتتى. چۈنكى ئەقلنى قوغداش ئىنسان ئۈچۈن مەقسەت قىلىنغان بىر مەنپەئەتتۇر. ئۇنى قوغدىمىغاندا، ئىنسان ئىگە بولغان بىردىنبىر قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقاتقان بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىسلام قارىغۇلارچە تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنداق قىلغانلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئاللاھ جاھىلىيەت ئەھلىنى ئەقىدىدە ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن قارىغۇلارچە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىلىرىگە ئېسىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق سۆكتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قاچان ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: ‹ياق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز› دېيىشىدۇ، ئاتا - بوۋىلىرى ھېچبىر نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟ كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، (كاپىرلار ھەقىقەتنى

ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز ـ نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 170 ـ 171 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمگە ۋە پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: ‹ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە› دەيدۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ بىر نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ؟!)» (سۈرە مائىدە 104 ـ ئايەت)

بۇ يەردە شۇنى كەسكىن قىلىپ ئېيتالايمىزكى، ئىنسان پەقەت ماددىي، جىسمانىي ھاجەتلىرىنى، ھايۋانىي شەھۋەتلىرىنى ئادا قىلىپلا قالماستىن، ئەقىل، پىكىر، ۋىجدان ۋە روھنىڭ تەلەپلىرىنىمۇ ئادا قىلغاندا ئاندىن ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانى كامىل دەرىجىسىگە ئۆرلىيەلەيدۇ. ئەقىل نېمىتى بولسا ئىنساننى ھۆرمەتلەشنىڭ غايىسى، شەرىئەت تەكلىپىنىڭ مەنبەسى، ئىلىم ـ مەدەنىيەت، ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىياتنىڭ ئاساسىدۇر.

بىز تۆۋەندە ئىسلام نەزىرىدە ئىنساننىڭ ئەقلىنى ھۆرمەتلەشنىڭ بىر نەچچە مىسالىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1 ـ ئىنساننى، كائىناتنى، ھاياتنى، ئاخىرەتنى ئىسلامىي چۈشەندۇرۇش ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئەقلىنى ھۆرمەتلەشتۇر. چۈنكى ئىسلام ئەقىلنى توغرا تەرەپكە باشلايدۇ، ئۇنى ۋەھىمىلەردىن، خۇراپاتلاردىن ۋە غەيبىي نەرسىلەرنى چۈشەندۇرۇشتە ئەۋج ئالغان ئەپسانىلەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: زېمىن ئۇيىنىڭ مۈڭگۈزىدە تۇرىدىكەن دېگەندەك، ياكى كائىناتنىڭ نىزامىنى ئۆزىنى ئىجات قىلىشتىن ئاجىز بولغان تەبىئەتكە باغلىغاندەك خۇراپاتلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەقلىگە قىلىنغان بۇ ھۆرمەت ئىجات قىلغۇچى ۋە ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئۇلۇغلاشتا، ئىبادەت ۋە بويۇن ئېگىشنى ئۇنىڭغىلا خاسلاشتۇرۇشتا، ئىنسانلارنى بۇتلارغا، تاشلارغا، دەرەخلەرگە، كالىغا ۋە ئىنسانلاردىن بولغان تاغۇتلارغا چوقۇنۇشتىن قۇتقۇزۇشتا ئاشكارا بولىدۇ.

ئىسلام ئەقىلنى توغرا ئەقىدە، ياراتقۇچىنى، كائىناتنى، ئىنساننى، ھاياتنى توغرا تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنى ئىنسان ئۈچۈن يارىتىپ، بويسۇندۇرۇپ بېرىش بىلەن ئۇزۇقلاندۇرىدۇ. ئىنسان ئەقلىنى ئەسلىدە ئۆز ـ ئۆزىگە

خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان مەخلۇقاتلارغا بويۇن ئېگىپ قۇل بولۇشتىن پاكلايدۇ. ئەقلىنىڭ ئالدىدا ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش مۇھاكىمە قىلىش، يەكۈن چىقىرىش ۋە پايدىلىنىشنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ.

بۇنىڭدىن ئىسلام ۋە قۇرئاننىڭ ئەقلىنى توغرا يولغا باشلاش، ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، ئىنساننىڭ كائىناتتىكى شەيئىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسان بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۈزەشتە ئىنسانغا بولغان مەرھەمىتى ئاشكارا بولىدۇ. ئىنسانغا بولغان بۇ ھۆرمەتنىڭ تەسىرى، ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن قازانغان ئەزىزلىكى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىززەت (يەنى غەلىبە) ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ.» (سۈرە مۇنافىقۇن 8 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ دۇئاسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سېغىنىپ سەندىن باشقىسىدىن قورقۇشتىن، سەندىن باشقىسىنىڭ ئالدىدا خار بولۇشتىن ۋە سەندىن باشقىسىغا موھتاج بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن.»

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئاللاھ ئىسلام ئارقىلىق ئەزىز قىلغان قەۋمدۇرمىز، ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن قانچىلىك ئىززەت تىلىسەك ئاللاھ بىزنى شۇنچىلىك خار قىلىدۇ.»

2 ـ ئەقلىنى ئىزدىنىشكە، كائىناتتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا، تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا، ئۇنىڭ پاك رىزقلىرىدىن مەنپەئەتلىنىشكە ۋە ھايات مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا چاقىرىش.

قۇرئاندا ئەقلگە ئاشكارا ياكى ئىشارەت بىلەن خىتاب قىلىنغان، ئۇنى كائىناتتا مۇھاكىمە قىلىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئويلاشقا چاقىرغان ۋە پىكىر قىلىشنى دىنىي پەرز قىلغان كۆپ ئايەتلەر بار. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى زىكىر قىلىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ،

(ئۇلار ئېيتىدۇ) ئـى پەرۋەردىگـارىمىز! سـەن بـۇنى بىكـار ياراتمـىدىڭ، سـەن پاكتۇرسـەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» (سۈرە ئال ئىمران 190 ـ 191 ـ ئايەتلەر)

ئـاللاھ مۇنــداق دەيــدۇ: «بـۇلاردا تەپەككـۇر قىلىــدىغان قەۋم ئۈچـۈن (ئاللاھنىــڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار.» (سۈرە رەئد 3 ـ ئايەت)

ئـاللاھ يەنە مۇنــداق دەيــدۇ: «بـۇلاردا چۈشــىنىدىغان قەۋم ئۈچـۈن (ئاللاھنىــڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.» (سۈرە رەئد 4 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىم ئەقىلنى دوزاختىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋە جەننەتكە ئېرىشىشنىڭ ئاساسى قىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگـارىنى ئىنكـار قىلغـانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچـار بولىدۇ. دوزاخ نېمە دېگەن يامان جاي!» (سۈرە مۇلك 6 ـ ئايەت)

ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئەگەر (بىـز پەيغەمبەرنىـڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشـەنگەن بولساق دوزاخ ئەھلـى قاتارىـدا بولمـاس ئىـدۇق دەيدۇ.» (سۈرە مۇلك 10 ـ ئايەت)

ئـاللاھ يەنە مۇنـداق دەيـدۇ: «(ئـى مـۇھەممەد!) ئېيتقىنكـى، ئاسـمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار.» (سۈرە يۇنۇس 101 ـ ئايەت)

ئۇستاز ئەققاد مۇنـداق دەيـدۇ: «قۇرئانـدىكى پىكىـر قىلىشنىڭ پەرزلىكـى ئىنسان ئەقلىنىڭ پۈتۈن ۋەزىپىلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ. ئـۇ كۆزەتكـۈچى ئەقىلگە، ئىدراك قىلغۇچى ئەقىلگە، ھېكمەتلىك ئەقىلگە ۋە يـول كۆرسـەتكۈچى ئەقىلـگە بىردەك خىتاب قىلىدۇ. ئۇ ئەقىلنى كۆز ـ كۆز ئۈچۈن زىكىر قىلمايدۇ، بەلكـى ئـۇ ئەقىلنـى مەقسەتلىك ھالدا، ھېچقانداق دىن كىتابلىرىدا تەڭدىشى بولمىغـان شـەكىلدە تەپسىلىي زىكىر قىلىدۇ.»

3 ـ ئىلىمـگە چـاقىرىش: ئىـسلام نەزەرىـيە ۋە ئەمەلىيىتـى بىـلەن چاقىرغـان ئىلىـم مۇھـاكىمە قىلىــش، ئــويلاش، پىكىــر قىلىــش ئــارقىلىق مەيــدانغا كېلىــدۇ. ئىلىمــگە ئۈندەيدىغان، ئىلىمگە چاقىرىش بىلەن بىرگە ئىلىمنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ پەزىلىتىنى بايـان قىلىــدىغان ئــايەتلەر كــۆپ بولــۇپ، ئۇنىڭغــا ئىــشارەت قىلىــش كۇپـايە دەپ ئــويلايمىز. ئىــسلامنىڭ بىلىملىــك ئــۈممەتتىن مەيــدانغا كەلتــۈرگەن ئۇتــۇقلىرى، ھەرخىــل ـ پەن تېخنىكا مەيدانلىرىدىكى يۈكسەك ئىلىم ـ مەدەنىيەتلىـرى، بۈگـۈنكى كۈنـدە مۇسـۇلمانلار

پەن تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن، ئالەمگە تارالغان ۋە ياۋروپا يېڭى مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇش ۋە ئىلمىي ئىلگىرىلەشتە ئۇزۇن ئەسىرلەر بويىچە تايانغان ئىسلامىي، ئەدەبىي، ئىنسانىي، تەتبىقىي ۋە ئاساسىي ئىلىم بايلىقى بۇنىڭ ئۇچۇق دەلىلىدۇر.

مۇنداق دېسەك كۇپايە قىلار: ئىنسانلار ئەقلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنسانىيەتنىڭ خىزمىتىگە سۇنۇلغان كەشپىياتلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە ئۇ كېلەچەكتىكى كەشپىياتلارنىڭ ئۈمىدىدۇر.

ئىسلام ئىنسانغا پىكىر ئەركىنلىكى بەردى. ئىنسان ئەقلىنىڭ كۈچى يېتىدىغان پۈتۈن ئىلمىي ساھەلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. مۇسۇلمانلار باشقا مىللەتلەر ۋە قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن پايدىلاندى، ئۇلارنىڭ ئىلىملىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئۇلار بىلەن شېرىك بولدى. لېكىن ئىسلام غەيبنى ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە ئەقلنى يالغۇز تاشلاپ قويمىدى. چۈنكى ئۇ مەسىلىلەرنى ئەقلىنىڭلا چۈشىنىشى ئىمكانسىز ۋە پايدىسىزدۇر. ئەقىل بۇ مەسىلىدە پايدىسى يوق، قۇرۇق خىياللاردىن باشقا بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھېچبىر نەرسە تاپالمايدۇ. ئەمما كائىناتقا نەزەر سېلىش ۋە ئۇنىڭ ماددىلىرىنى تەكشۈرۈش بولسا، ئەقلىنى نۇرغۇنلىغان پايدىغا ئېلىپ بارىدۇ، بىز ئۇ پايدىلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن ئىككىنى بايان قىلىمىز:

بىرىنچى ـ ئىلىم ـ مەرىپەت، ئۇنىڭدىن دۇنيالىق ئۈچۈن پايدىلىنىش ۋە ئىنسانغا مەنپەئەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئىككىنچى ـ ياراتقۇچىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىش، ئەقىدە ۋە ئىماننى ئەقلىي، ئەمەلىي دەلىل، تەھلىل قىلىنغان مۇھاكىمىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇش.

4 ـ تەكلىپنى ئەقىلگە باغلاش: ئىسلامنىڭ ۋاجىپ، مۇستەھەب، ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ قاتارلىق شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن ئىبارەت تەكلىپلەرنى ئەقىلگە باغلىغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئىنسان ئەقلىگە قانچىلىك ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. بالاغەتكە يەتكەنلىكنى ئەقلىنىڭ ئالامىتى قىلدى. مەسئۇلىيەتنى پەقەت ئەقىلگە باغلىدى.

كىچىك بالا ۋە سارائىنىڭ كامىل ئەقلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەسئۇل بولمايدۇ. ئىنسان ئەقلىنىڭ كامىل بولغانلىقى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن خىتاب قىلىنىدۇ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەقىلگە باغلىدى. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۈچ كىشىدىن قەلەم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى: نارەسىدە بالا، ساراڭ ۋە ئۇيقۇدىكى كىشى.»

ئىسلام ئەقىل نېمىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنى ئۆستۈرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان پۈتۈن نەرسىنى جائىز ياكى مۇباھ قىلدى، ئۇنىڭغا ئازار بېرىدىغان، ياكى ئۇنى كەمەيتىدىغان، ياكى ئۇنىڭغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان، ياكى ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغان ياكى ئۇنى ئىشىدىن توختىتىدىغان مەست قىلغۇچى، زەھەرلىگۈچى ۋە ئۇنى يەڭگىللەتكۈچى بارلىق نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. ئىسلام ئەقىلنى قوغداشنى بەش زۆرۈرىي نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلدى. ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن ئورۇن بەردى.

ئۇستاز ئەققاد مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننىڭ نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوچۇق بىر ئالاھىدىلىكى بار. مۇسۇلمانلار ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ھەققىدە ئىختىلاپ بەك ئاز بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئالاھىدىلىك ئايەتلەرنى ئوقۇش بىلەنلا ئىسپاتلىنىدۇ، ئۇنى ماتېماتىكىلىق سانلار ۋە سۆزلەرنىڭ ئاسانلا ئۇقۇلىدىغان دالالەتلىرى كۈچلەندۈرىدۇ، ئۇنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تالاش - تارتىش قىلىشقا ۋە خىلمۇ خىل مەزھەپلەرنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىغا ھاجەت قالمايدۇ. ئەنە شۇ ئالاھىدىلىك بولسا، قۇرئاننىڭ ئەقىلنى ھۆرمەتلىشى، ئەقىدە ۋە تەكلىپ ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشىدۇر.» ئۇندىن كېيىن، ئەققاد باشقا چوڭ دىنلارنىڭ ئەقىلگە بولغان قارىشىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئەقىلنى ھەر زامان ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن تىلغا ئالىدۇ.» بۇ بىزنى تۆۋەندىكى ئابزاسقا باشلايدۇ.

5 - ئەقىل ۋە ئىمان: قۇرئان كەرىم ئىمان ياكى كۇپرى بىلەن ئەقىلنىڭ ئارىسىنى باغلىدى. چۈنكى ئەقىلنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قۇرئاننىڭ يېزىلغان ئايەتلىرىدە ۋە كائىناتتىكى كۆرۈلگەن ئايەتلەردە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىنساننى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە دالالەت قىلىشتۇر.

ئەقىللىق ئىنسان ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىدۇر. قۇرئان كەرىم ئۇنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.» (سۈرە بەقەرە 164 - ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدە بىر - بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىرقانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىرتال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.» (سۈرە رەئد 4 - ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار.» (سۈرە نەھل 12 - ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر، چۈشىنەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا شەك - شۈبھىسىز نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.» (سۈرە رۇم 24 - ئايەت)

ئەقىلنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئەقىلنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ تەدبىر قىلغۇچى، ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ھەققىي تۈردە ئىشىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئايەتلەر كۆپتۇر. ئەگەر ئەقىل بۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭ بارلىقى يوقالغان ۋە ئىنسان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بولىدۇ. بۇنى قۇرئان كەرىم كاپىرلارنى ئەقىلسىز دەپ ئەيىبلەش بىلەن تەكىتلەيدۇ. قۇرئان

كاپىرلارنى «چۈشەنمەيدىغانلار» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ بولسا ئۇلار ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدىغان كائىناتتىكى ئالامەتلەردىن كۆز، قۇلاق ئارقىلىق پايدىلانمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنداق بولغاندا كاپىر ئىنسانلىقتىن چىقىدۇ ۋە ھايۋان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنلەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامى بولالامسەن. ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنى گېپىڭنى ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) شەكسىز چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر.» (سۈرە فۇرقان 43 ـ 44 ـ ئايەت)

ئىسلام كۇپرىنى ئەقلىي ئاپەت دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى كاپىرلار ئەقىللىرىنى ئىشلەتمەيدۇ. مەرىپەتنىڭ مەنبەئى ۋە ئەقىلنىڭ يولى بولغان سەزگۈ ئورگانلىرىنى ئىشقا سالمايدۇ. كۆزلىرى بىلەن كۆرمەيدۇ. قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىمايدۇ ۋە سۆزنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئايەتلەر كۆپتۇر. ئۇنىڭدىن بەزىلىرىنى زىكىر قىلىمىز:

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز ـ نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 171 ـ ئايەت)

مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ۋە باشلىقلىرىغا ئەگىشىشتىكى سۈپەتلىرى پادىچى يايلاقتا باقىدىغان ھايۋاناتلارغا ئوخشايدۇ. پادىچى ھايۋانلارنى يايلاققا ھەيدەش ئۈچۈن ۋارقىرايدۇ، سۇغا چاقىرىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ يېرىگە كىرىپ قېلىشىدىن توسۇپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىشى بىلەن ھايۋانلار پادىچىنىڭ چاقىرغان يېرىگە ماڭىدۇ، توسۇشى بىلەن توسۇلىدۇ.»

كېيىن ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا كاپىرلارنىڭ ھالىنى پادىچى بىلەن بولغان قويلارنىڭ ھالىغا ئوخشاتتى. چاقىرسا ماڭىدىغان، توسسا توختايدىغان، ئۇنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان، پەقەت ئاڭلىغان ئاۋازغا قاراپ كېلىپ ـ كېتىدىغان، كەلگەنلىكى ۋە كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ

ھالىغا ئوخشاتتى.» ئۇ سۆزنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى: «كاپىرلار خۇددى ھايۋانغا ئوخشاش ئۆز چۈشەنچىسى ۋە ئۆز ئىلمىنىڭ بولماسلىقىغا رازى بولىدۇ. بەلكى باشقىلارنىڭ ئۇنى يېتەكلىشىگە ۋە خالىغىنىچە ئۆرۈپ - چۆرۈشىگە رازى بولىدۇ.»

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولىۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولىۋالغان، (ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر[1].» ئاللاھ كاپىرلارنى تۇيغۇلىرىنى ۋە ھېسسىي، ئەقلىي كۈچىنى بىكار قىلغانلىقى بىلەن سۈپەتلىدى. ئۇ بولسا مۆمىنىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولۇشى كېرەك بولغان نەرسىدۇر.

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىلى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.» (سۈرە ئەئراف 179 - ئايەت)

كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالىنى بايان قىلغان مۇنۇ ئايەت باشتا ئۆتكەن ئىدى. «ئۇلار: ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان بولساق ياكى چۈشەنگەن بولساق دوزاخ ئەھلىدىن بولمىغان بولاتتۇق. دەيدۇ، ئۇلار گۇناھلىرىنى تونۇيدۇ.» (سۈرە مۇلك 10 - 11 - ئايەت)

مانا مۇشۇنىڭدىن ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسى ئېتىقادقا يېتىش ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. ئۇ بولسا ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقىقىدىن، ياراتقۇچىغا ئىنكار قىلىشتىن قۇتقۇزۇش، شېرىكنىڭ پاتقىقىدىن چىقىرىش ۋە ئاللاھنىڭ توپتوغرا يولىغا باشلاشتۇر.

بۇ سۆزلەرنى بىرقانچە ھەدىس شەرىپلەر نەقىل قىلىش بىلەن تۈگىتىمىز، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاللاھنىڭ زاتىدا

[1] سۈرە ئەنفال 22 - ئايەت.

پىكىر يۈرگۈزمەڭلار.» باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ زاتىدا پىكىر قىلماڭلار» ئۈچىنچى رىۋايەتتە: «مەخلۇقاتتا پىكىر قىلىڭلار، خالىقتا پىكىر قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر ئۇنىڭ قەدرىنى بىلەلمەيسىلەر.» تۆتىنچى رىۋايەتتە: «ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ زاتىدا پىكىر قىلماڭلار، ھالاك بولىسىلەر.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىرىنچى ياراتقان نەرسە ئەقىلدۇر، ئاللاھ ئۇنىڭغا «كەل» دېۋىدى كەلدى، «كەت» دېۋىدى كەتتى.» ئاللاھ: «ئىززەت ۋە جەلالىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن ھۆرمەتلىكرەك بىر نەرسە ياراتمىدىم. سەن ئارقىلىق ئالىمەن، سەن ئارقىلىق بېرىمەن، سەن ئارقىلىق مۇكاپاتلايمەن ۋە سەن ئارقىلىق جازالايمەن» دېدى.

## يەتتىنچى  ئاۋۋال ئىنسان تۇرغۇزۇش

ئەگەر تەتقىقاتچىلار بۇ ئالەم ۋە بۇ ھاياتتىكى ھەر قانداق بىر ھەرىكەت ۋە پائالىيەتكە قاراپ باقسا، دۇنيادىكى ئاساسلىق مەخلۇقنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئىنسان بىرىنچىدىن، بۇ ئالەمدىكى ئەڭ پائال مەخلۇق ۋە كائىناتنىڭ غايىسىدۇر. ئىككىنچىدىن، كائىناتتىكى نەرسىلەردىن پايدىلانغۇچىدۇر.

ئەگەر زىرائەتكە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا بىرىنچى ھەرىكەت قىلغۇچى ئىنساندۇر. ئەگەر تىجارەتنى تەجرىبە قىلساق ئىنسان ئۇنىڭدا خوجايىن. سانائەتكە قارىساق، ئىنسان ئۇنىڭدا ئاكتىپ ئىشچى. كۆزىمىزنى قۇرۇلۇش ۋە بىنالارغا ئاغدۇرساق، ئىنسان ئۇنىڭدا ئىنژېنېر ۋە لايىھىلىگۈچى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلغۇچى باشلىق. دېمەك، ئىنسان دۇنيادا باش ئامىل.

ئەگەر ئىلىم ـ مەدەنىيەتتە شەخسى ياكى ئىجتىمائىي ياكى تەربىيە ئىسلاھاتىنى ئويلىساق، ئىنساننىڭ باشتىن  ـ ئاخىر سەۋەب ۋە غايە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەگەر ھەرقانداق بىر مىللەت ئىلگىرىلەشكە، تەرەققىي قىلىشقا، بەخت  ـ سائادەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق بولۇشقا بەل باغلىسا، ھالقىنىڭ مەركىزى ئىنسان ئىكەنلىكىنى، لايىھە ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىنساننىڭ ئاساس ئىكەنلىكىنى، پايدا  ـ مەنپەئەتنىڭ مەقستى

ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلمىز. ھەتتا ئۇرۇش ـ سوقۇش، خاراب قىلىش ۋە ھالاك قىلىش ئىشلىرىدىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىنسان، ھادىسىلەر ۋە نەتىجىلەر ئىنساننىڭ پائالىيىتىگە باغلىقتۇر.

بۇ مۇقەددىمىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ئاللاھ تەئالانىڭ پەرىشتىلەرنىڭ سوئالىغا جاۋابەن: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ بەزى سىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن قۇرئان ئىنساننىڭ زېمىندا پايدىلىنىدىغان خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاشكارا قىلدى. ئۇلارنى يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلدۇق. بولۇپمۇ، ئىنساننىڭ روھ، بەدەن ۋە ئەقىلدىن تەركىب تاپقان بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ساماۋى دىنلارنىڭ ۋە قۇرئانىي تەربىيىنىڭ مەركىزى بولدى. ئىسلام ئىنساننى تەربىيىلەشتە، بەدەن، روھ، ئەقىل، ئەخلاق، نەپسىي، ئىجتىمائىي، ھېسسىي ۋە ھۆسنى ـ جامال جەھەتتە پۈتۈن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي تەربىيىنى قوللىنىدۇ.

ئىسلام مەكتەپ بىنا قىلىشتىن بۇرۇن ئىنسان بىنا قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەڭ ئاساسلىق نەرسە مۇئەللىم، مۇدەررىس ۋە ئۇستازدۇر. ئەگەر مۇئەللىم، مۇدەررىس، ئۇستاز ۋە تەربىيىچى بىنا قىلىنسا ماكان مۇھىم ئەمەس. نەدە بولسا ۋە قانداق شەكىلدە بولسا بولۇۋېرىدۇ.

مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى تاللاشتىكى ئۇسۇلى بولۇپ، ئالدى بىلەن پەيغەمبەرلەرنى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاش، ئاندىن ئۇلارنى ئىلاھى تەربىيە بىلەن تەربىيىلەش، ئاندىن ئۇلارغا ۋەھيي نازىل قىلىپ، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ.

مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرنى تەربىيىلەپ كامىل ئىنسان قىلىپ چىقىش، كېيىن ئۇلارنى تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇپ دەۋەت ئىشىنى يۈكلەشتە تۇتقان يولى ۋە ئۇسۇلىدۇر.

ئىسلام مەسچىت سېلىشتىن بۇرۇن نەپسىنى تەربىيىلەيدۇ، روھنى غىزالاندۇرىدۇ، ئەقىلنى نۇرلاندۇرىدۇ. چۈنكى تەقۋادار مۇسۇلمان نامىزىنى ۋە زىكرىنى ھەر يەردە ئادا قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ: «ماڭا زېمىننىڭ ھەممىسى مەسچىت ۋە پاكلىغۇچى قىلىندى» دېگەن سۆزى مۇشۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ماكان ۋە بىناغا قارىماستىن ئىبادەتلىرىدە پەرۋەردىگارىغا بولغان ئالاقىسى ۋە ئېتىقادىنى ئادا قىلىدۇ.

ئىسلام جىھاد ۋە ئۇرۇشتا ئەڭ ئىلغار سەۋىيىدە تەرەققىي قىلغان قورال - ياراغلارنى تەييارلاشقا چاقىرىدۇ: «(ئى مۆمىنلەر!) دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار[1].» لېكىن ئىسلام ئالدى بىلەن كۈچلۈك ئۇرۇشچى، سادىق مۇجاھىد تەييارلاش بىلەن باشلايدۇ. ئىسلام ئەسكەر ۋە قوماندانلارنىڭ توغرا تەربىيىلىنىشىگە، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئۈستۈنلۈكىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ سىرلىرىدىن بىرىدۇر: «دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن غالىپ قىلىندىم.» بەيھەقىنىڭ رىۋايىتىدە: «مەن ئىككى ئايلىق يەردىكى دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن غالىپ قىلىندىم.» تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە: «ئالدىمدىن بىر ئايلىق، كەينىمدىن بىر ئايلىق يەردىكى دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن غالىب قىلىندىم.»

ئىسلام قانۇن، نىزام، ھۆكۈم چىقىرىش ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى پەرز قىلىشتىن بۇرۇن ھالال - ھارامنى ئايرىيدىغان ۋە قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدىغان ئىنسان يېتىشتۈرىدۇ. ئىنساننى ئەمرى - نەھيىلەرنى تەتبىقلايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چىقارغان قانۇنلار مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، تەتبىقلاش بولسا ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدۇ، پۈتۈن قانۇنلار تولۇق قوبۇل قىلىنىدۇ. ھۆكۈمەرنىڭ ئالدىدا ئىتائەت بىلەن تۇرۇلىدۇ، ئىجرا قىلىش ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسلام ئىبادەتلەردە، ئەخلاقتا، مۇئامىلىلەردە، ئىتائەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھارام ۋە يامانلىقلاردىن ساقلىنىشتا، ياكى ئاللاھ يولىدا مالدىن، جاندىن كېچىشتە ۋە باشقا ھەر قانداق ئىشتا بولمىسۇن، قورقۇتۇشتىن بۇرۇن رىغبەتلەندۈرۈش، جازالاشتىن بۇرۇن قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق

---

[1] سۈرە ئەنفال 60 - ئايەت.

مەقسەتكە يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا مۇشۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە نۇر 51 ـ ئايەت)

بۇنىڭ تارىخي ۋە ئەمەلىي مىساللىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپتۇر. ئۇلاردىن بىرى، ئىسلام دەۋىتى ئالدى بىلەن ئىنسان يېتىشتۈردى، كېيىن ئۇنىڭدىن نامازنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئۇندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىدىن، يۇرتىدىن، مېلىدىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلىشقا ئىشارەت قىلىندى، مۇسۇلمانلار ئىككىلەنمەستىن دەرھال ھىجرەت قىلدى. ئاللاھ يولىدا مەلۇم مىقداردا پۇل چىقىم قىلىش مۇستەھەب بولدى، ھەممىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قولىدا نېمە بولسا ئېلىپ كەلدى. ئاللاھ يولىدا جىھاد ئېلان قىلىندى، پۈتۈن كىشىلەر دەرھال قوبۇل قىلىپ ئەڭ قىممەتلىك جانلىرىنى، ماللىرىنى قۇربان قىلدى ۋە: «جەننەتنىڭ پۇرىقى نېمە دېگەن تاتلىق» دەپ تۈۋلاشتى. نىجىس ۋە ھارام نەرسىلەردىن قېچىشقا، ھاراقنى تاشلاشقا بۇيرۇلدى، ساھابىلەر دەرھال: «تاشلىدۇق، تاشلىدۇق ئى پەرۋەردىگارىمىز!» دېيىشتى. مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا خەۋەرچى قىبلىنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، ئۇلار تەرەددۇتسىز يۈزلىرىنى كەبىگە بۇردى. ساھابىلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان: «لەببەيكە ۋە سەئدەيكە يارەسۇلەللاھ! (بىز سىزنىڭ ئەمرىڭىزدە ئى رەسۇلۇللاھ، بەخت سىزنىڭ ئەمرىڭىزدىدۇر)، ئاتام ـ ئانامنىڭ ئورنىدا سىز ۋە ئانام ـ دادام سىزگە پىدا بولسۇن» دېگەن سۆزلەر ئۇلارنىڭ ئادەت سۆزىگە ئايلانغان.

سادىق مۆمىنلەرنىڭ ھالى ئۇزۇن تارىخ بويىچە مانا مۇشۇنداق داۋام قىلدى. زامانىمىزدىمۇ دائىم ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ھېسابقا تارتىدىغان سادىق مۇسۇلمانلار بار. ئۇلار ھېچكىم تەلەپ قىلمىسىمۇ، بەرمىسەڭ جازالايمىز دېمىسىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن زاكاتلىرىنى تولۇق بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ناماز، ئەخلاق ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا، ھارام نەرسىلەردىن قېچىشتا ۋە باشقا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ھېچقانداق ھەيدەكچىگە تايانمايدۇ.

ئىسلام بۇ خۇسۇستا ئىنساننىڭ مىللىتىگە، جىنسىغا، رەڭگىگە، تىلىغا، دىنىغا قارىماستىن سالىھ ئىنسان يېتىشتۈرۈشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئۇ بولسا، ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل ۋە ئىنسانىي بىر دىن بولغانلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىسلام تەربىيىسىنىڭ بىرىنچى قىلىپ ئىنسان يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى، مىليونلارچە ئىنساننىڭ ئىسلامغا كىرىشى، ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا بولۇپ، ياخشىلىقلىرىدىن پايدىلىنىشىدا باش رول ئوينىغان. چۈنكى ئۇ ساغلام تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى بولغان سادىق ۋە رېئال ئىنسانىيەتنى ھەقىقەتكە چىقىرىدۇ، ئىنساننىڭ دۇنيا، ئاخىرەتتە كۆتكەن ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ۋە خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەت نەزەرىيىسىدىن بىلىمىزكى، ھاياتنىڭ ئاساسى بولغان پۈتۈن پائالىيەت، ھەرىكەتلەر ۋە جىھازلار ئىنسان ئۇنسۇرىغا باغلىق. پۈتۈن پائالىيەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئىنساننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە، غەيرىتىگە باغلىقتۇر. ئىسلام شۇنى قارارلاشتۇرىدۇكى، ئىنساننىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك جىھازلار ھەر قانچە تەرەققىي قىلىپ ياخشىلانغان تەقدىردىمۇ، ئىنسان ئۇنىڭدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرمىسا، ئۇ جانسىز ۋە نەتىجىسىز بىر نەرسە بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيىگە چىقىشنى مەقسەت قىلىدىغان پۈتۈن پەن ـ تېخنىكا، تەلىم ـ تەربىيە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئىنساندۇر. بۇنى ھاياتنىڭ سىياسەت، نەشرىيات، سانائەت، زىرائەت، سودا ـ تىجارەت، ئەسكەر قاتارلىق پۈتۈن مەيدانلىرىدىكى پائالىيەتلەردە كۆرۈۋالايمىز.

پىكىر دۇنياسى، شەيئىلەر دۇنياسى ۋە شەخسلەر دۇنياسىدىن بارلىققا كەلگەن ھەر قانداق سىستېمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئىنسانغا باغلىق. ئىنسان يالغۇز بېشىغا بەزى ئىشلارنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىنساننىڭ رولى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## سەككىزىنچى  ئىنسان مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقنىڭ ئاساسى

ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى، ئاخىر بارىدىغان جايى، ئەخلاقى، ئەقلىي كۈچى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، غەيرىتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە پىكىر قىلىش ئىنساننىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى مەقسەت قىلىدۇ.

قايسى ساھەدە بولمىسۇن ئىنساننىڭ قىيىنچىلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش بولسا، ئىنسانغا خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھازىرىغا داۋا قىلىدۇ، ئۆتمۈشىدىن ساۋاق بېرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن باشقا بىر يەردە ۋە باشقا زاماندا ياشىغان ئىنساننى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانغا ياخشى كېلەچەك تەييارلاش ۋە تېخىمۇ توغرا يولغا يۈزلىنىش ئۈچۈن يول كۆرسىتىدۇ.

ئىنساننى نەپسىي، روھىي، بەدىنىي، ئەقلىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ئىنساننىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى ۋە ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشى ئۈچۈندۇر. زېمىننىڭ ئەتراپىدىكى ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان غەيرەتلەر ھەممىسى ئىنساننىڭ مەنپەئەتى، ئۇنىڭغا موللۇق تەمىن قىلىش ۋە ھالىنى ياخشىلاش ئۈچۈندۇر. دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىنى چىقىرىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە مانا مۇشۇ.

دۇنيادا ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئاساسى ۋە مەقسىتى قىلمىغان ھېچقانداق مەدەنىيەت يوقتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئارقا - ئارقىغا تىزىلغان ھالقىلار تىزمىسىدۇر. ھازىرقىسى ئۆتكەنكىلەردىن، يېقىنقىسى يىراقتىكىسىدىن پايدىلىنىدۇ. ئەقىللىق كىشى ھاياتنىڭ بىر بۆلۈكىدىن پائال ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى باشقىسىغا سېلىشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كونىلاردىن: «ئاقىل، باشقىلاردىن ئىبرەت ئالغان كىشىدۇر» دېگەن ماقال قالغان.

دوكتور شەۋقى ئەبۇ خەلىل مەدەنىيەتنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «مەدەنىيەت بولسا ئىنساننىڭ كەشىپ قىلىش، ئىجات قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە رەتلەش ئارقىلىق تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ ئەڭ ئالىي ھاياتقا يېتىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇنۇشلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ مىللەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.» كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ھەر

قانداق بىر قىتئەدە مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مىللەتچىلىك شەرت ئەمەس.»
تويىنبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزى يالغۇز مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ ئۈستۈنلۈك قازانغان ھېچبىر مىللەت يوقتۇر.»

ئۇستاز ئابدۇررەھمان ھەبەنەكە مۇنداق دەيدۇ: «مەدەنىيەتنىڭ مەنىسى ئۇ قەدەر كېڭەيدىكى، ئىنسانىي تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

مەدەنىيەتنى قىممەتلىك قىلىشتىكى ئۆلچەم ئىنساندۇر. بەزى مەدەنىيەت مىللىي، مەھەللىي ۋە ئىقلىمىي بولىدۇ. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايدۇ ۋە نەتىجىسى چەكلىك بولىدۇ. بەزى مەدەنىيەتلەر ئىككى يۈزلۈك بولىدۇ، بىر تەرەپتىن ئىنسانىي، يەنە بىر تەرەپتىن غەيرىي ئىنسانىي بولىدۇ. مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر مالىك ئىبنى نەبى ياۋروپا مەدەنىيىتىنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «ياۋروپا مەدەنىيىتى دۆلەت ئىچىدە توغرا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، دۆلەت سىرتىدا باسقۇنچى ئىنسان مەدەنىيىتى.»

ئىسلام مەدەنىيىتى ئىسلامىي، ئىنسانىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. زېمىندا دۇنيا تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان جەمئىيەت ياراتتى. ئۇندىن كېيىن ئۇ جەمئىيەت بىلەن مەڭگۈلۈك بەخت يارىتىش ۋە ئاخىرەتلىك خالىس جەمئىيەت قۇرۇشقا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ئىسلام مەدەنىيىتى خەلق ئارىسىدا ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ھەمكارلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، شەرقتە ۋە غەربتە خەلقنىڭ غەيرەت ۋە پىكىرلىرىنى ئىمان قاچىسىدا ئېرىتىپ، ئىسلامىي جەمئىيەت قۇرۇشقا ھەسسە قوشقان بىر مەدەنىيەتتۇر. ئىسلام مەدەنىيىتى مۇسۇلمانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بولۇپ، پۈتۈن ئىنسان ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىندۇر.

مەدەنىيەتلەردە ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ۋە ئارىلىرىدا ئالمىشىش بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئارىلىرىدىكى ئورتاق بىر نەرسىگە تايىنىدۇ، ئۇ ئىنساندۇر. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانىي قېرىنداشلىق، ئىلگىرىلەش، راھەت ـ پاراغەت، باياشات ھايات ئۈچۈن تىرىشىدۇ. پۈتۈن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ قۇللىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ دوست بولغىنى قۇللىرىغا ئەڭ پايدىلىق بولغىنىدۇر. ئىنسان خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، بىر ـ بىرىنىڭ بۇرادىرى. مۆمىنلەر ئىمان ۋە ئىنسانىيەت بىلەن بۇرادىردۇر. ئۇلارنى ئۇلۇغ پەزىلەتلەر بىر يەرگە

جۇغلايدۇ. بۇ بىزگە گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئىنسانغا نېمەت قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى خاتىرىلىتىدۇ.

**ئىنساننى گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەر بىلەن ھۆرمەتلىك قىلىش**

ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش، ئىسلامنىڭ ئۇنى پەزىلەتلىك ئەخلاققا چاقىرىشى، ھەر بىر كىشىنى ۋە جەمئىيەتنى ياخشى ئىشلارغا تەشۋىق قىلىپ، ماددىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى ئالاقىنى مۇستەھكەملىشى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ياخشىلىق ۋە پەزىلەتكە چاقىرىش بىلەن ئاشكارا بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ يۇقىرى سۈپەت بىلەن مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.»[1]

رەسۇلۇللاھ بۇنى مۇنۇ سۆزى بىلەن بايان قىلدى: «مەن گۈزەل ئەخلاقنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.»

ئىسلام پۈتۈن ئىنسانلارنى ياخشىلىققا، رەھىمدىللىككە، قېرىنداشلىققا، دوستلۇققا، ھەمكارلىققا، كېلىشىمگە، راستچىللىققا، ئېھسانغا، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا، ئامانەتلەرنى ئادا قىلىشقا، قەلبنى پاكلاشقا، شۈبھىلەردىن خالاس بولۇشقا، ئادالەتكە، كەڭ قورساقلىققا، كەچۈرۈم قىلىشقا، ئەپۇ قىلىشقا، سەۋر قىلىشقا، ئىرادىلىك بولۇشقا، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشقا چاقىرىدۇ. نەسىھەت قىلىشقا ۋە باشقا گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەتلەرگە ئۈندەيدۇ.

«رەسۇلۇللاھ: ‹دىن نەسىھەتتۇر› دېدى. بىز: ‹كىمگە يا رەسۇلۇللاھ!› دېدۇق، ئۇ: ‹ئاللاھقا، كىتابىغا، پەيغەمبىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا› دېدى.»

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت)

[1] سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت.

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.» (سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار(كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يەنە بىر بۇرادىرىگىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۆمىن بولالمايدۇ.»

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.»(سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر ئۆز ئارا دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىق قىلىشتا بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ، بەدەننىڭ قايسى بىر ئەزاسى ئاغرىسا، قالغان ئەزالار قىزىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ بۇرادىرى، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمايدۇ، ئۇنى خارلىمايدۇ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئىپپىتىگە، مېلىغا، قېنىغا، چېقىلىشى ھارامدۇر. تەقۋا بۇ يەردە (يەنى قەلبىدە)، بىر كىشىنىڭ يامان دەپ سۈپەتلىنىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان بۇرادىرىنى كەمسىتكەنلىكى يېتىدۇ.» رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ بۇرادىرىدۇر. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ، كىمكى بۇرادىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ.»

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەسەت قىلىشماڭلار، سودىدا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋالماڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار، بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن بولماڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ بۇرادەر بەندىلىرى بولۇڭلار.»

مانا مۇشۇنداق، ئىسلام ئەخلاقى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى بېكىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەخلاق بىر تەرەپتىن مەقسەت ۋە غايە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەتبىق، يول ۋە ئەمەلىيەت بولىدۇ.

پەزىلەتلىك ئەخلاق ئىنسانىيەتنى زىننەتلەيدۇ، ئۇنىڭ شەنىنى ئۈلۈغلايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چىڭىتىدۇ، جامائەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى ساقلايدۇ، ئۇنى ياخشىلىققا ۋە كامالەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىي ھايات ئەڭ چىرايلىق شەكىلدىكى ۋە ئەڭ ياخشى بىر ھاياتقا ئايلىنىپ، خارلىقتىن، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىقتىن يىراق بولىدۇ.

پەزىلەت، رەزىللىك ۋە باشقا ئەخلاقلار تەخمىنەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئوخشاش بولۇپ، ماكان، زامان، رەڭ ۋە جىنسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نىسبىتىدە ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا پەرقلىنىدۇ. چۈنكى يەر يۈزىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ قانۇنى بىر. ئىسلام ياخشىلىق - يامانلىق، پەزىلەت - رەزىللىكنىڭ ئۆلچىمىنى پۈتۈن شەخسلەرگە، پۈتۈن ئىشلاردا، ھەممە زامان ۋە ماكانلاردا، ھەتتا ئۇرۇشتا دۈشمەن ۋە ئەسىرلەر بىلەن بولغاندىمۇ ئىجرا قىلىدۇ.

بۇزۇق ئەخلاقلار ۋە ئىجتىمائىي رەزىللىك قانداق بولسا بولسۇن ۋە كىمدىن سادىر بولسا بولسۇن، يامان كۆرۈلىدۇ. ئۇلار غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، يالغانچىلىق، مۇناپىقلىق، ئالدامچىلىق، خىيانەت، ئاداۋەت، بېخىللىق، قورقۇنچاقلىق، باغرى قاتتىقلىق، قوپاللىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ئالداش ۋە باشقىلار.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاق ۋە پەزىلەت يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئارىسىدا ئورتاق بولدى، ئۇ قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالامەت بولدى. ھەممىسى ئىنساننىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۇنىڭغا چەك - چېگرا بېكىتمىدى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ جىنسىنىڭ، ئەھۋالىنىڭ، دىنىنىڭ، ئەقىدىسىنىڭ ۋە تىلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىگە ئومۇم بولىدۇ.

## توققۇزىنچى  شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ئىنساننى ھۆرمەتلەش

بىز يۇقىرىدا ساماۋى كىتابلارنى چۈشۈرۈش ۋە پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىش بىلەن ئىنسانغا قىلىنغان ئىلاھىي ئىكرامنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. قۇرئان كەرىم ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىدۇر. ئىسلامدىكى ھۆكۈملەرنىڭ چىقىرىلىشىدا ئىنساننىڭ مەرتىۋىسى ئاشكارا بولىدۇ. ئاللاھ ئىنساننى يارىتىشتىن بۇرۇن ھۆرمەتلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن نازىل قىلغان ھۆكۈملەردىمۇ ئۇنى ھۆرمەتلىدى. پۈتۈن ھۆكۈملەردە ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئىززەتلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھتىن باشقىغا قۇل بولمايدۇ. چىقىرىلغان ھۆكۈملەرگە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا بويسۇن ئېگىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ھۆرمەت ۋە قىممىتىدىن قەتئىي چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

بۇ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ دائىرىلىك بىر باپتۇر. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ چىقىرىلىشىنىڭ ھېكمەتلىرىنى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ يەردە نەمۇنە بولسۇن ئۈچۈن بەزى مىساللارنى بېرىپ ئۆتىمىز:

### 1 ـ ئىنساننىڭ يارىتىلىشى

ئاللاھ ئىنساننى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى. كېيىن ئۇنى تۇغۇلۇش ئارقىلىق كۆپەيتتى. ئۇنىڭ نەسىللىنىش يولىنى ئىنسانلىق سۈپەتكە لايىق قىلىپ بېكىتتى. ئۇ بولسا توي قىلىش بولۇپ، شەرىئەت ئۇنىڭغا ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە جىنسى خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ناھايىتى ئۇلۇغ قائىدە ـ يوسۇنلارنى قويدى. توي قىلىش ئىنسان تەبىئىتىنى رەتكە سالىدىغان ۋە شەرەپلىك ئائىلە قۇرىدىغان، ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشىنى پاك ـ پاكىزە ساقلايدىغان بىر يول بولۇپ، ئۇ ئىنساننى جىنسى خاراكتېرىدە ئۇنىڭغا شېرىك بولىدىغان ھايۋاندىن ئايرىيدۇ. ئىسلام ئەر ـ ئايال ئارىسىدا شەرەپلىك بىر باغلىنىشنى قارار قىلدى، نەسىلگە رىئايە قىلىش ۋە ئىپپەتنى ساقلاش ئۈچۈن ئىككىسى ئارىسىدا ئورتاق ھەقلەرنى بېكىتتى. ھەر بىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئايرىدى. قۇرئان كەرىم شۇنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا

قويدىكى، ئاللاھ توي قىلىشنى مۇھەببەت، رەھمەت، ئىككىسى ئارىسىدا ئۈلپەت قىلدى. ئۇ ئىككىسى ياخشى كۈندىمۇ، يامان كۈندىمۇ بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ ياشاش ئۈچۈن مۇقەددەس رىشتە بىلەن باغلاندى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار بىلەن ئۈنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.»[1]

«مەھاسىنۇتتەئۋىل» ناملىق تەپسىر كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىگە دەلىل باردۇر. ئۇ دەلىل بولسا، تۇغۇلۇش ئارقىلىق ئىنسان نەسلىنىڭ داۋام قىلىشىدۇر. ئاللاھ ئىنساننى ئىككى ئىش بىلەن مۇھاپىزەت قىلدى: بىرى ئايالنى ئەرنىڭ ئۆز جىنسىدىن قىلىش، ئىككىنچىسى، جىنسى ئالاقە ئارقىلىق ئوتتۇرىدا ئۈنسى - ئۈلپەت پەيدا قىلىشتۇر. چۈنكى ئىنسان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە ئۇرۇق - تۇغقان ئارىسىدا بولمايدىغان مېھرى - شەپقەت تاپىدۇ. ئۇ پەقەت شەھۋەت بىلەنلا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بەزىدە يوق بولىدۇ، ياكى ئۇنى كۆپ بولىدىغان غەزەپ كەتكۈزىدۇ، لېكىن ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مېھر - مۇھەببەت ئاللاھتىن بېرىلگەن بولۇپ، مەڭگۈ قالىدۇ ۋە مۇھەببەت ئارقىلىق ئىنسان ئۆز جۈپتىنى يامانلىقلاردىن ساقلايدۇ. ئاللاھنىڭ: ‹ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن› دېگەن سۆزى، ئۈنسى - ئۈلپەت ۋە كۆڭۈل خاتىرجەملىكى پەقەت ھەم جىنسلەر ئارىسىدىلا ئەمەلىيەتكە ئاشىدىغانلىقىنى، دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى رىشتىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئاياللارنى ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئارام ئالدۇرىدىغان ۋە خاتىرجەم قىلىدىغان ئورۇن قىلدى. ئىككىسى ئارىسىدا مۇھەببەت ۋە رەھمەت رىشتىسى ياراتتى. ئەر - ئايالىنى سۆيىدۇ ۋە ئايالىغا بىر خاپىلىق يەتسە، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدۇ.»

---

[1] سۈرە رۇم 21 - ئايەت.

بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، دارۋىننىڭ ئىنساننى مايمۇن قىلىدىغان نەزەرىيىسى ئاساسى بۇزۇلغان بىر نەزەرىيە بولۇپ، ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ ئەسلىنى ناھايىتى تۆۋەن نەرسە دەپ قارايدۇ.

ئىسلام ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان نىكاھلىنىشنى يولغا قويۇش بىلەن جاھىلىيەتتىكى پاسكىنا نىكاھ تۈرلىرىنىڭ ھەممىنى ھارام قىلدى. ئىنساننى ناچار ھايۋاننىڭ قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان، نەسەبنى، ئىپپەتنى، ئائىلىنى ۋە ئەۋلادلارنى زايە قىلىپ، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىدىغان زىنانى ۋە مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئوغۇل ـ قىز ئارىسىدىكى نىكاھسىز دوستلۇق ۋە يېقىنلىقنى ھارام قىلدى.

**2 ـ ئەۋلادلارنىڭ ھەقلىرى**

ئىسلام توغرا يول بىلەن نىكاھلىنىش ئارقىلىق دۇنياغا كەلگەن باللارنى قارشى ئېلىپ ھۆرمەتلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ بەرگەن بۇ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىدىغان ھۆكۈملەرنى يولغا قويۇپ، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن بالىغا مۇناسىپ ئىسىم تاللاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنى بالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ھىمايە قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، بالىنى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە تەييارلاشقا بۇيرۇدى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بالىلىرىڭلار ھەققىدە سىلەرگە تەۋسىيە قىلىدۇ.»[1]

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار.» (سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت)

تەپسىرى مۇنىردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنى تەستىق قىلغۇچى مۆمىنلەر! ئۆز نەپسىڭلارنى ئەدەپلەڭلار ۋە ئۆگىتىڭلار، ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزىدىغان ئىشنى قىلىڭلار. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش ۋە توسقان ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەن ئۇنى ساقلاڭلار. ئەھلى ئەۋلادىڭلارنى ئوقۇتۇڭلار، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇڭلار، ئاللاھقا ئاسىي بولۇشتىن توسۇڭلار، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەڭلاركى، ئۇلار بىلەن بىللە يېقىلغۇسى ئىنسان، تاش ۋە ئوتۇن بولغان قورقۇنچلۇق دوزاخقا چۈشۈپ كەتمىگەيسىلەر.»

[1] سۈرە نىسا 11 ـ ئايەت.

ئايەت مۇنۇلارغا يېتەكلەيدۇ: «مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بېجا كەلتۈرۈش ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە بالا - چاقىسىنى دوزاختىن ساقلاپ قالسۇن ئۈچۈن ئاللاھ بەزى ئىشلارنى ئەمر قىلدى. بۇ بولسا، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى قىلىشقا بۇيرۇلغان بولسۇن ياكى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇلغان بولسۇن، ئىجرا قىلىشنى، گۇناھلارنى تەرك ئېتىشنى ۋە ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئائىلىنى ۋە بالىلىرىنى پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا، چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىشقا ۋە دائىم ئاللاھنىڭ كۆزىتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىققا قىزىقتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.»

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دادىنىڭ بالىسىغا بېرىدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغىتى ئۇنى ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەشتۇر.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بالىسىنى تەربىيىلىگىنى، مىسكىنلەرگە ھەر كۈن يېرىم سا (يەنى بىر يېرىم كىلو) ئاشلىق سەدىقە قىلغىنىدىن ياخشىراقتۇر.» تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە «بىر سا» دېيىلگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتىنىڭ ھەققىنى بىلدۇق، بالىنىڭ قانداق ھەققى بار؟› دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: ‹گۈزەل ئىسىم قويۇش ۋە ياخشى تەربىيىلەش› دېگەن» دەيدۇ، يەنە بىر رىۋايەتتە: «بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەققى: گۈزەل ئىسىم قويۇش، خەت يېزىشنى ئۆگىتىش، بالاغەتكە يەتكەندە ئۆيلەندۈرۈش» دېيىلگەن.

### 3 - كېلىشىم ۋە تەسەررۇپلاردا ئىنسان ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىش

ئىنساننىڭ كارامىتى مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتا ئاشكارا بولىدۇ. ئۇ قانۇنلار ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاجەتلىرىگە جاۋاب بېرىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىنسانىي ئاساسلارغا كۆرە قانۇنلاشتۇرىدۇ، ئادالەتنى تىكلەيدۇ، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلەردە تەڭپۇڭلۇقنى بەرپا قىلىدۇ. ئىنسانلارنى دۈشمەنلىك ۋە ئىختىلاپتىن ئىمكان قەدەر يىراقلاشتۇرىدۇ. كېلىشىملەردە ھەقىقەتكە، ئىجرا قىلىش ۋە ھوقۇقلاردا باراۋەرلىككە باشلايدۇ. بۇ بولسا قۇرئاننىڭ ئەھكام

ئايەتلىرىدە ۋە فىقھى كىتابلاردا بەلگىلەنگەن پۈتۈن ھۆكۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە شەرئى سەۋەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، توي قىلىشتا جۇمھۇر فەقىھلەرنىڭ نەزىرىدە ۋەلى بولۇشنى شەرت قىلىش بىلەن بىرگە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشنى، بولۇپمۇ قىزنىڭ رازى بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئىككىلا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

1 ـ قۇرئان كەرىم قەرز ئېلىپ ـ بېرىشتە مۇئامىلىلەرنى يېزىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، گۇۋاھچى قىلىشقا بۇيرۇپ ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى (كەم ـ زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى (ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن، قەرزدار پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن.»

ئۇندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار.»

ئۇندىن كېيىن بۇنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇ قول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 282 ـ ئايەت)

2 ـ ئاللاھ ئالدامچىلىقنى ۋە باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە چېقىلىشنى، ھوقۇقنى تارتىۋېلىشنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شەرىپىنى چۈشۈرىدۇ، شۇڭا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.» (سۈرە بەقەرە 188 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق قىلىش، قىمار ئويناش ئارقىلىق) ناھەق يول

بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا.» (سۈرە نىسا 29 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ مېلى ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن بەرمىگۈچە ھالال بولمايدۇ.» رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھېچ بىر كىشى بىرىنىڭ سېغىن مېلىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساغمىسۇن، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىچمىلىكىنى كەلتۈرۈپ، كوزىسىنى سۇندۇرۇپ، تامىقىنىڭ يۆتكىلىشىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ تائاملىرىنى ماللىرىنىڭ ئەمچەكلىرى ساقلايدۇ. ھېچكىم بىرىنىڭ مېلىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساغمىسۇن.»

ئىسلام ئىنساننى مانا مۇشۇنداق ھۆرمەتلەيدۇ. كېلىشىملەردە ۋە مۇئامىلىلەردە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەتتا كېلىشىملەردە، ئىنسان ئىرادىسىنى ھاكىم قىلىشتا دۇنيا قانۇنلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. باشقا تەسەررۇپلاردىمۇ ئىرادىنى ئۈستۈن ئورۇندا قويىدۇ. مەجبۇرىيەت ئاستىدا قىلىنغان تەسەررۇپلارنى بىكار قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىلمەي قىلىپ تاشلىغان، ئۇنتۇپ قالغان ۋە مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلغان ئىشلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.»

بۇ ھەدىس خاتالىق، ئۇنتۇش ۋە مەجبۇرلىنىشنى بىرلەشتۈردى. چۈنكى بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىرادە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلام ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن بەرمىگۈچە باشقىلارنىڭ مېلىنى يېيىشنى ھارام قىلدى.

### 4 ـ جازالار

ئاللاھ تەئالا جازالارنى بەلگىلەشتىمۇ ئىنساننى ھۆرمەتلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. قاننى، جاننى ۋە ئامنىنىڭ ھاياتىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلدى ۋە ئىنسانىي كارامەتكە رىئايە قىلدى. ئالدى بىلەن ھارام قىلىنىپ چەكلەنگەن نەرسىلەرنى بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇنى ئىشلەشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر بىر كەمچىلىك سادىر بولسا، بىر خاتا ئۆتكۈزۈلسە، ياكى دۈشمەنلىك ۋە گۇناھ ئوتتۇرىغا چىقسا، گۇناھقا مۇناسىپ، ئىنساننىڭ ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەيدىغان جازالارنى قويدى. قىساسنى قارارلاشتۇردى ۋە كۆز، قۇلاققا ئوخشاش

ئەزانى كېسىشنى ۋە دۈشمەنلىكنى مەنئى قىلدى. جازالاشنى ئەدەپلەش، ئىسلاھ قىلىش، مەنئى قىلىش دەپ ئاتىدى. ئاللاھ قىساسنى بۇيرۇشنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدۇ: «ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار، (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى).» (سۈرە بەقەرە 179 ـ ئايەت)

قىساس بىر جازادۇر. جازا بولسا جىنايەتچىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەن بىر كۆلپەت بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىنى قىسقارتىش بىلەن جەمئىيەتكە قىلىنغان بىر ئازاردۇر. لېكىن ئۇ ھايات ۋە تەقۋادارلىق ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، مەنپەئەت ۋە بۇزۇقچىلىق قانۇنى، جىنايەتچىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ جىنايەت جەمئىيەتكە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىسى بولغان پۈتۈن كىشىلەرگە قىلىنغان ئازار ـ كۆلپەتنىڭ مەنبىئىدۇر. ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئىسلام ھۆرمەت قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان ھايات ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ئۇ جىنايەتچى جازالىماسلىق بولسا، پۈتۈن جەمئىيەتنى خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچراتقان بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھەممە كىشىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىنى يوقىتىش كېرەك. بۇ باشقا ئەزانىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دوختۇرلار بەزى ئەزانى ئوپېراتسىيە قىلىپ كېسىۋەتسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھايات داۋام قىلىۋەرگىنىگە، كېسەل كىشىنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دورىنىڭ ئاچچىقىغا ۋە ئوپېراتسىيىنىڭ مۇشەققىتىگە چىدىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش.

ئىززى ئىبنى ئابدۇسسالام مۇنداق دېدۇ: «بەزىدە مەنپەئەتلەرنىڭ سەۋەبلىرى زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ياكى جائىز قىلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، مەنپەئەتكە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈندۇر. جاننى قوغداش ئۈچۈن خەتەرلىك بولغان قوللارنى كەسكەنگە ئوخشاش، شەرئى جازالارنىڭ ھەممىسى زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مەنپەئەت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇنى قارارلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت مۇشۇدۇر. ئوغرىنىڭ، بۇلاڭچىنىڭ قولىنى كەسگەنگە، ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىنى ئۆلتۈرگەنگە، زىنا قىلغۇچىنى چالما ـ كېسەك قىلغانغا ياكى جىلدە ئۇرغان (قامچا بىلەن ئۇرۇش) ۋە يالغۇز قويغانغا ئوخشاش، تەزىرلەرمۇ(قىرىق ياكى سەكسەن قامچا ئۇرۇش) مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ زىيانلىق

ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ۋاجىپ قىلدى. ئۇنى مەجازى (كۆچمە) ئىسىم بىلەن ئاتىدى.»

جازالار جىنايەتچىنى جىنايەت سادىر قىلىش يولىدىن توسۇش ئۈچۈن، باشقىلارنى ئۇنداق جىنايەتلەرنى قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جازالاردا بىر رەھمەت بولۇپ، ئۇ بولسا پۈتۈن خەلققە بولغان ئومۇمىي رەھمەتتۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاسمان - زېمىنلار ئۈستىگە قۇرۇلغان، دۇنيانىڭ ئىشى ئۇنىڭ بىلەن تۈزىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلار نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغان ئادالەتمۇ كىرىدۇ.

تەپسىرى مۇنىردا مۇنداق دېيىلگەن: «قىساسنىڭ ھېكمىتى بولسا، جەمئىيەتكە خاتىرجەملىك، ئىشەنچلىك ھاياتنى يارىتىشقا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، قاتىل ۋە باشقا جىنايەتچىلەرنى جىنايەتتىن مەنئى قىلىش، دۈشمەنلىكنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش، قاتىللىق جىنايىتى سادىر قىلىشتىن قورقۇتۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسان باشقىسىنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ھايات ساقلىنىپ قالىدۇ. بىرى قاتىلنىڭ ھاياتى، يەنە بىرى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھاياتى. شۇنىڭدەك، قىساس يەنە قالايمىقانچىلىق، تاجاۋۇزلۇق، زوراۋانلىق ۋە زۇلۇمنى توسىدۇ. جىنايەتنى ئىمكان قەدەر ئازايتىدۇ. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يامانلىق، ئاداۋەتنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ ئىسيان پىكرىنى يوقىتىدۇ.»

شەرىئەتتە جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشىنىڭ ۋە جىنايەتچىنىڭ مەيلى تەكشۈرگەندە بولسۇن، مەيلى سوتلىغاندا بولسۇن، ئىنسانىي تەرىپىگە رىئايە قىلىش، ئۇنىڭ ئىنسانلىق ھوقۇقىنى تونۇش، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىنى بېرىش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان دەلىل بار. بۇ ھەقلەر جىنايەتچىنى جازالىغاندىمۇ، ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈم قىلغاندا ۋە باشقا پۈتۈن ئىشلاردا مەۋجۇد بولىدۇ.

## 5 ـ شۇرا (مەسلىھەت كېڭىشى)

ئۇ ھەق ۋە ئادالەتكە، ئامىنلىك ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئەمەلىيەتكە ئەڭ يېقىن بولۇش ئۈچۈن، نەسىھەت تەلەپ قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ۋە مەسلىھەتلىشىشتۇر.

شۇرا ئىسلام فىقھىدا ۋە شەرئى سىياسەتتە ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. شەرىئەت ئۇنى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز پىكىرلىرىگە ياردەم تەلەپ قىلىشتا ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنى ھۆرمەتلەش، ياخشىلىق ۋە تەقۋاغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن يولغا قويغان. ئاللاھ مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئارىلىرىدا مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىنىدۇ.» (سۈرە شۇرا 38 ـ ئايەت)

ئاللاھ پەيغەمبىرىنى ساھابىلىرى بىلەن كېڭەش قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىشلاردا ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكىن.»[1] بۇ بۇيرۇق رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىگە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئىمام ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ مەسلىھەتكە ھاجىتى يوقتى، لېكىن ئاللاھ ئۇنى مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇش بىلەن كېڭەش قىلىشنىڭ ھاكىملارنىڭ يولى بولۇشىنى ئىرادە قىلدى.»

«رەسۇلۇللاھتەك ئۆز ساھابىلىرى بىلەن كېڭەشكەن ھېچ بىر كىشى بولغان ئەمەس» دەپ رىۋايەت قىلىنىدى.

ئىنسان ئۆزى يالغۇز ئاجىز، بۇرادىرى بىلەن بىللە كۈچلۈكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالىدۇ ۋە ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «مەسلىھەتسىز قارار بېرىلگەن ئىشتا ياخشىلىق يوق.»

ئۆي ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئوخشاش خۇسۇسىي ئىشلاردا، جىھاد، ھۆكۈم ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىدا، ئۈممەت ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ھەر تەرەپنى ئويلاپ تەكشۈرگەندىن كېيىن قارار چىقىرىش ئۈچۈن مەسلىھەت كېڭىشى ئېلىپ بېرىش ۋاجىپتۇر.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەت.

## 6 ـ ئوتتۇرا ھاللىق ئۇسۇلى

ئىسلام ئومۇمىي ئىشلاردا، بولۇپمۇ ھۆكۈملەردە ئىنسانىنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرا ھاللىق بولۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويىدى. چۈنكى ئىنساننىڭ ئاجىز، كۈچلۈك، مايىللىقى ۋە خاراكتېرى قارىمۇ قارشى ۋە ئۆزگىرىشچان ئەھۋاللىرى باردۇر. ئاشۇرۇۋەتمەستىن، بىپەرۋالىق قىلماستىن پۈتۈن ئەھۋاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئادىل ۋە ئوتتۇرا ھال بولۇپ كەلدى. چۈنكى نىجات تېپىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى ئوتتۇرا ھاللىق، نورماللىق ۋە پۈتۈن ئىشلاردا ئىقتىسادچانلىق بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تاھا (ئى مۇھەممەد!) قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق.» (سۈرە تاھا 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دىن ھەقىقەتەن ئاساندۇر، كىمكى دىننى چىڭىتىۋالسا، مەغلۇپ بولىدۇ. يول كۆرسىتىڭلار، يېقىنلاشتۇرۇڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، ئەتە ـ ئاخشام ۋە كېچىنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ تائەتى بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار.»

رەسۇلۇللاھ: «ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

رەسۇلۇللاھ: «ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى قىلىڭلار، ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇرا ھال بولغىنىدۇر» دېگەن.

ئىسلام بۇ ئىنسانىي مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن روھ، بەدەن ۋە ئەقىل ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ئورناتتى. دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن.» (سۈرە قەسەس 77 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا بىزگە دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بەزى كىشىلەر: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن› دەيدۇ. ئەنە شۇلار، ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.» (سۈرە بەقەرە 201 ـ 202 ـ ئايەتلەر)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيانى ئاخىرەتنى ئۈچۈن تەرك ئەتكەن كىشى ۋە ئاخىرەتنى دۇنيالىقى ئۈچۈن تەرك ئەتكەن كىشى، ھەر ئىككىسىنى تۈتمىغىچىلىك ياخشى كىشى ئەمەس، چۈنكى دۇنيا ئاخىرەتكە يەتكۈزىدىغان نەرسىدۇر، كىشىلەرگە يۈك بولماڭلار.»

بۇ سەۋەب بىلەن ئىسلام كىشىلەرنىڭ ئادا قىلىشىغا كۈچى يېتىدىغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەت)

ئۇنىدىن كېيىن ئەگەر ئادەتتىن تاشقىرى مۇشەققەت بولۇپ قالسا، رۇخسەت ئىشىكىنى ئوچۇق قويدى ۋە چىڭ تۇرىۋالماسلىققا تەرغىب قىلدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇيرۇغان ئىشلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا خۇرسەن بولغاندەك، روخسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغىمۇ خۇرسەن بولىدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كۈچۈڭلار يەتكەن ئىشلارنى قىلىڭلار، سىلەر مالال بولۇپ قالمىساڭلار، ئاللاھ مالال بولمايدۇ، دىنىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ياقىدىغىنى داۋاملىق قىلىنغان ئىشتۇر.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغىنى ئاز بولسىمۇ داۋاملىق بولغىنىدۇر» دەيدۇ.

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «‹ئاللاھ مالال بولمايدۇ› دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ساۋابى ۋە ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئەگەر سىلەر ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشتىن مالال بولۇپ قالمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مالال بولغۇچىنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان ساۋابى ۋە پەزلى داۋام قىلسۇن ئۈچۈن سىلەر كۈچۈڭلار يەتكەن ئەمەلنى قىلىشقا داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار كېرەك.»

ئوتتۇرا ھاللىق، توغرا يول، ئىقتىساد، نورماللىق، تەڭپۇڭلۇق ۋە روخسەتلەر ساغلام ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ۋە ئاقىللار، ھۆكۈمالار، ئىسلاھاتچىلار ھەممىسى ئۇنىڭغا چاقىرىدۇ. نورماللىق بىلەن ئوتتۇرا ھاللىق ئاشۇرۇۋېتىش ۋە كېمەيتىشتىن، جاھىللىق ۋە بوشاڭلىقتىن، چىڭىتىۋېلىش ۋە تىرىكتاپلىقتىن ۋە بۇ ئىشلاردىن كېلىپ چىقىدىغان

خەتەرلىك، زىيانلىق ئەھۋاللاردىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان نەرسىدۇر.

ئوتتۇرا ھاللىق ۋە نورماللىق ئىنساننىڭ رېئال ھاياتىغا ۋە ئىنسانىي تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ بولسا كۆرۈلۈدىغان ۋە ھېس قىلىنىدىغان ئىشتۇر. شۇنىڭدەك، ئىنساننى ياراتقان، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھاجەتلىرىدىن خەۋەردار بولغان ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بەرگەن تەبىئىتىگىمۇ ئۇيغۇندۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.» (سۈرە مۈلك: 14- ئايەت)

**خۇلاسە**

شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىنسانىي تەرەپكە رىئايە قىلىنغاندۇر. چۈنكى ئۇ پەقەت ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا بۇيرۇلغان. شەرىئەت ھېكمەتلىك ۋە ئۇيغۇن ھۆكۈملىرىدە ئىنساننىڭ ئىنسانىيىتىگە ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن ھەر زامان رىئايە قىلدى. بولۇپمۇ يېتىم ۋە كىچىك باللارنى ھىمايە قىلىشتا، پۈتۈن ھايات بويىچە ئىنسانلارغا رىئايە قىلىشتا يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئىنسان ئۆلگەندە ئۇنى يۇيۇپ، كېپەنلەش، نامىزىنى ئوقۇش، يەرلىككە قويۇش، ئۆلۈككە تاجاۋۇز قىلماسلىق، سۆز ئارقىلىق ياكى غەيۋىتىنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمەسلىك، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئولتۇرماسلىق قاتارلىق ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەلىمىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنسانىي ھۆكۈملەردۇر. شەرىئەت ئىلىملىرىدە تەتقىق ئېلىپ بارغان ۋە ئىسلام فىقھىدا ئالىم بولغان ھەر قانداق كىشى بۇنى بىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ بىز ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەت ۋە ئىكراملىرى چوڭ - كىچىك ھاياتنىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرىدا ۋە ئىشلىرىدا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئاللاھ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك، پەزىلەتلىك بولغانلىقى ۋە يەر يۈزىدە ئورۇنباسار بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

# ئىككىنچى پەسىل

# زۆرۈرىيەتلەرنى قوغداش

**شەرىئەت ۋە ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى**

بىزگە مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلىدى، كىتابلار نازىل قىلدى، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتى. بۇ مەنپەئەتلەر بولسا، شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسىتى. شەرىئەت ئومۇمىي ۋە خاس ھۆكۈملەردە مەقسەت قىلغان غايىنى بايان قىلىدۇ ۋە شارىئى ھەكىمنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قويغان مەقسىتىنى ئاشكارا قىلىدۇ. دەلىل تېپىلمىغاندا مەسىلىلەرنىڭ ۋە ۋەقەلەرنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۇ مەقسەتلەرگە قايتىمىز. بۇ مەقسەتلەر شەرئى مەتىنلەرنى چۈشىنىشتە، ئۇنى تەپسىر قىلىشتا، سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى بېكىتىشتە، زىتلىق بولۇپ قالغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى تاللاشتا تەيىن قىلىنىدۇ. ئۇ بولسا، بۈگۈنكى كۈندىكى قانۇننى ئىزاھلاش باياناتى دەپ ئاتالغان باياناتقا ئوخشايدۇ.

لېكىن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى مەنپەئەتلىرى ئەھمىيەت، خەتەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھاجىتى جەھەتتە ئوخشاش ئەمەس. ئۇ ئوخشىمىغان سەۋىيىدە ۋە پەرقلىق دەرىجىدە بولىدۇ. بەزى مەنپەئەتلەر زۆرۈرى ۋە ئاساسلىق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىغا باغلىق. بەزىسى يۇقىرىدىكى مەنپەئەتنى تولۇقلاشقا ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى دەرىجىدە كېلىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ئالاقىلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇش، ئوخشاشمىغان مۇئامىلات ۋە ئىشلاردا ھاياتتىن گۈزەل پايدىلىنىشقا ياردەم قىلىدۇ. بەزى مەنپەئەتلەر، ھايات ۋە ئىنساننىڭ ئاساسى ھاجىتى ئۇنىڭغا باغلىق ئەمەس. لېكىن ئۇنى ئەخلاق ۋە ساغلام روھ، توغرا ئەقىل ئىنساننىڭ پاراۋان ياشىشى ۋە كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ئالىملار زۆرۈرى مەنپەئەتلەرنى بېكىتتى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلدى، ئۇنىڭ شەرئى ئۇسۇلىنى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ مەنپەئەتلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن ھۆكۈملىرىنى شەرھلىدى. ئۇندىن كېيىن بۇ مەنپەئەتلەرنى قوغداش ۋە

ئۇنى ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ياكى ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن توسۇش، ياكى ئۇنى تۈلىتىش، ياكى ئۇنىڭ بەدىلىنى ئېلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ھۆكۈملەرنى ئۆتتۈرىغا قويىدى.

**زۆرۈرىيەتلەرنى تونۇتۇش**

زۆرۈرى مەنپەئەتلەر بولسا، ئىنساننىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ھاياتى ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان، دۇنيادا ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى، ئاخىرەتتىكى قۇتۇلۇشى ۋە سائادىتى ئۇنىڭغا باغلىق بولغان مەنپەئەتلەردۇر. ئەگەر بۇ مەنپەئەتلەر يوقالسا، دۇنيادا ئىنسانىي ھايات قانۇنىغا دەخلى يېتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى بۇزۇلىدۇ، قالايمىقانچىلىق ئومۇملىشىپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى خەتەرگە ئۇچرايدۇ، ھالاك بولۇش، زايە بولۇش، يوقىلىش يۈز بېرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

**زۆرۈرىيەتلەرنى بەلگىلەش**

ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە دىن، جان، ئەقىل، ئىپپەت ياكى نەسەب ۋە مالدىن ئىبارەت بەش نەرسىدۇر. شەرىئەت بۇ ئاساسنى قوغداش ئۈچۈن چىقارغان ھۆكۈملەرنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بېكىتتى:

1. دىننى قوغداش
2. جاننى قوغداش
3. ئەقىلنى قوغداش
4. نەسلىنى، ئىپپەتنى ياكى نەسەبنى قوغداش
5. مالنى قوغداش

ساماۋى شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئاساسىي ئۇسۇللارغا ۋە ئىنسانلارنىڭ زۆرۈرى مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىشتا ئىتتىپاقلاشتى، ئۇنىڭغا چاقىردى، ئۇنىڭغا ھېرىس بولدى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا، ئۇنى قوغداشقا تىرىشتى.

ھۆججەتۇلئىسلام ئىمام غەزالى مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەتتە خەلق ئۈچۈن بەش نەرسە مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇ دىننى، جېنىنى، ئەقلىنى، نەسلىنى ۋە مېلىنى قوغدىشىدۇر. بۇ بەش ئاساسنى قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتتۇر. بۇ

بەش ئاساسنى يوقتىدىغان ھەرقانداق نەرسە زىياندۇر، ئۇنى يوقىتىش مەنپەئەتتۇر.» بىز تۆۋەندە بۇ زۆرۈرىيەتلەر ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

### بىرىنچى دىن

ھەق دىن ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەت ۋە زۆرۈرىيەتتۇر. چۈنكى ئۇ ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئالاقىسىنى، ئۆز نەپسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، يەنە بىر ئىنسان بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە جەمئىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەرتىپكە سالىدۇ. ھەق دىن ئىنسانغا ياراتقۇچى، كائىنات، ھايات ۋە ئىنسان ھەققىدە توغرا تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. ھەق دىن بولسا ھەقىقەت، ئادالەت، ئىرادە ۋە توغرىلىقنىڭ مەنبەئىدۇر.

بىز مەقسەت قىلغان ۋە ئۇنى بايان قىلىشقا تىرىشىۋاتقان دىن، كامىل ۋە ئومۇمىي مەنىدە ئىسلامدۇر. يەنى ئاللاھقا تەسلىم بولۇشتۇر. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭغا چاقىرغان ۋە پەرۋەردىگارىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 19 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت)

بۇزۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن ياكى بۇرمىلانغان دىننىڭ، شۇنىڭدەك كاھىنلار، ئىنسانلار ۋە تاغۇتلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان دىنلارنىڭ ھېچقانداق ئەھۋال ئاستىدا قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلدى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ زېمىنغا كەلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ كېيىل بولغان ئىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلارغا) ‹ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ› دېدۇق.» (سۈرە بەقەرە 38 ـ ئايەت)

ئاللاھ دىننى بايان قىلغاندىن كېيىن مەسئۇلىيەت ۋە تەكلىپىنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق.» (سۈرە ئىسرا 15 ـ ئايەت)

شەرىئەت ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر كۆپتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى بەش دەپ بېكىتتى. ئۇلار: شاھادەت، نامازنى ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ كۆڭۈللەردە ياشىرىشى، قەلبلەردە مۇستەھكەملىنىشى، ھاياتتا ۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىدا تارقىلىشى ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بېكىتتى ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن، ياخشى نەسىھەت بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق گۇمراھلىقتىن نۇرغا چىقىرىشنى ۋاجىپ قىلدى.

دىننى قوغداش، ئۇنى ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە كېپىل بولۇش، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلدۇرماسلىق، دىندا پىتنە چىقىرىشنى توسۇش ئۈچۈن ئىسلام ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى پەرز قىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.» (سۈرە بەقەرە 193 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار.» (سۈرە ھەج 78 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن.» (سۈرە تەۋبە 73ـ ئايەت)

ئاللاھ دىندىن قايتقاننىڭ جازاسىنى بېكىتتى. چۈنكى دىندىن قايتقانلىق ئۇنىڭ بىلەن ئوينىغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.» (سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەت)

ئالىملار مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشمىدى. بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى: «كىمكى دىنىنى ئالماشتۇرسا ئۆلتۈرۈڭلار.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ قىنى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بىلەن ھالال بولمايدۇ: زىناخور چوكان، قىساس ۋە دىنىنى تەرك ئېتىپ جامائەتتىن ئايرىلغان كىشى.»

ئىسلام دىنىنى قوغداش ئۈچۈن بىدئەتچىگە ۋە دىندىن چىققۇچىغا جازا بېكىتتى. كىشىلەرنى ئەقىدە جاھالەتتىن يىراقلاشتۇرۇش، ئۇلارنى شېرىكنىڭ زەھەرلىرىدىن قوغداش، ئىنساندىن ۋە جىندىن بولغان شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتقۇزۇش، ئازغۇنلۇق ۋە زالالەتكە چۈشۈرمەسلىك، ئەقىلنى تاشلارغا، بۇتلارغا، كالىغا، مايمۇنغا، ھايۋانغا، قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆلتۈرمەسلىك، ئىنسانىيەتنى يالغان ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرىدىن، باتىل ئەقىدىلەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، نامازنى تەرك ئەتكەن، زاكاتنى بەرمىگەن، رامىزان روزىسىنى تۇتمىغان، دىندا كەسكىن مەلۇم بولغان نەرسىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قولىدىن تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ھۆكۈملىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى دىنىنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ لازىم بولغان ھۆكۈملەرنى بېكىتتى[1].

ئىنسانلاردىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈپ ئاسانلىقنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىبادەتلەردە بەزى روخسەتلەرنى يولغا قويدى. مەسىلەن، ئۆزۈرلۈك كىشىلەرگە رامىزاندا روزا

---

[1] لازىم بولغان ھۆكۈملەر: بۇ بولسا ئىنسانلار ھايات ئىشلىرىنى ئاسان يول بىلەن تەمىن قىلالىشى ئۈچۈن موھتاج بولىدىغان ھۆكۈملەر بولۇپ، ئۇ ھۆكۈملەر ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ. قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ ھۆكۈملەرنى تەركى قىلىش بولسا، زۆرۈر مەنپەئەتلەرنى يوق قىلىدۇ. ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ بولماسلىقى ھايات تۈزۈمىنى بۇزمايدىغان، ئىنساننىڭ مەجۇدىيىتىنى تەھدىت قىلىدىغان، ئىنسانلارنى ھالاكەت ۋە قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارمايدىغان بولسىمۇ، ئىنسانلارغا ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق، مۇشەققەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلاردىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇلارغا مۇئامىلە يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش، ئۇلارنىڭ زۆرۈرى مەنپەئەتلەرنى ساقلاپ ئادا قىلىشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن «ئېھتىياجلىق ھۆكۈملەر» ياكى «لازىم بولغان ھۆكۈملەر» نى بېكىتتى.

تۇتماسلىقتا، مۇساپىر ۋە ھاجىغا نامازنى قىسقارتىش ۋە جەمئىي قىلىشقا، ئاجىزلارغا پەرز نامازلارنى ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ئادا قىلىشقا، تەيەممۇم قىلىشقا، ئۆتۈككە ۋە تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

ئىسلام ئىنسانلارغا دىنىنى قوغداش ئۈچۈن گۈزەل ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. ئاللاھ ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كامىل يول بىلەن ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ئىبادەتلەردە ھەرخىل ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. بەدەننىڭ، كىيىمنىڭ، يەرنىڭ پاك بولۇشى، ئەۋرەتلەرنى يۆگەش، ھەر ناماز ۋاقتىدا زىننەتلىنىشكە، نەفلى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، سەدىقە بېرىش، مەسچىت بىنا قىلىش، نامازغا ئەزان ئارقىلىق چاقىرىشقا ئوخشاش ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. ئەزان ئىسلامنىڭ شوئارى بولۇپ، تەۋھىدنى ئېلان قىلىشتۇر. نامازنى جامائەت بىلەن مەسجىددە ئوقۇشنى، جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا كىشىلەرگە دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن خۇتبە ئوقۇشنى بەلگىلىدى. جىھادتا ئاياللارنى، كىچىك باللارنى، قىرى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلدى، دەرەخلەرنى كېسىشنى مەنئى قىلدى، ئالداشنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەزالىرىنى كېسىشنى چەكلىدى. ئەسىرلەرگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇرۇش ئېچىشتىن بۇرۇن تەبلىغ قىلىشنى پەرز قىلدى، دىنغا كىرىش ئۈچۈن زورلاشنى مەنئى قىلدى.

### ئىككىنچى جان

بۇ ئىنساننىڭ جېنى ۋە زاتى بولۇپ، ئىنساننىڭ يارىتىلىشى، قوغدىشى ۋە رىئايە قىلىشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىدۇر.

ئىسلام ئىنسان نەسلىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋەسىلە، ئەڭ پاك يول ئارقىلىق بولۇشى، ساغلام ئىنسان نەسلىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئەۋزەل دەرىجىدە داۋام قىلىشى ئۈچۈن توي قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇندىن كېيىن زىنا ۋە باشقا باتىل نىكاھلارنىڭ ھەممىنى ھارام قىلدى. شۇنىڭدەك، نىكاھسىز دوستلۇق، نەسىل ئۈچۈن ئەركىشى كىرالاش ۋە بىر قانچە ئەر بىلەن بىللە بولۇشنى ھارام قىلدى.

ئىسلام جاننى قوغداش ۋە ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشنى پەرز قىلدى. قىساس،

دىيەت، كاپارەت قاتارلىق جازالارنى بېكىتتى. قورساقتىكى بالىنى ئالدۇرۇۋېتىشنى ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنى هارام قىلدى.

ئىسلام جاننى ئىجاد قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن هاجەت بولغان هۆكۈملەرنى چىقاردى. هامىلە ئايالنى ۋە قورساقتىكى بالىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇش، بېقىش، تەربىيىلەش، هالال غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە كىچىككىدىن باشلاپ ئوقۇتۇش قاتارلىق هۆكۈملەرنى چىقاردى.

شۇنىڭدەك، ئىسلام بىرلىكتە ياشاش قىيىن بولۇپ قالغان ئائىلىلەرنىڭ چىقىشالماسلىق كېسىلىگە داۋا بولسۇن ئۈچۈن تالاقنى يولغا قويدى. لېكىن ئۇ ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان هالال ئىشتۇر. ئەقىللىق بىر كىشى بىرىنى خاتا ئۆلتۈرۈپ تاشلىسا، قاتىلنىڭ جازاسىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن دىيەت تۆلەشنى ۋاجىپ قىلدى. جازالارنى شۈبهىلەر بىلەن ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگىسىنى قىساس تەلەپ قىلماسلىققا ۋە قاتىلغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندىدى.

ئىسلام جاننى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى هارام قىلدى. چۈنكى ئۇ ئىنسان جېنىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. جاننى هىمايە قىلىش ۋە ئۇنى ئاللاھ ياراتقاندەك ئەڭ گۈزەل شەكىلدە داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاتىلدىن ياكى جاراهەتلەندۈرگۈچىدىن قىساس ئېلىشنى يولغا قويدى. قۇرئان كەرىمدە قىساسنىڭ هېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا هاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناهەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى).» (سۈرە بەقەرە 179 ـ ئايەت)

ئىسلام جاننى قوغداش ئۈچۈن بىرىنى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويسا، دىيەت ۋە كاپارەتكە ئوخشاش هاجەت بولغان هۆكۈملەرنى بەلگىلىدى. يەنە جاننى قوغداش ئۈچۈن جانغا جان، قولغا قول ۋە جاراهەتكە جاراهەت قىساس ئالغاندەك مۇۋاپىق هۆكۈملەرنىمۇ چىقاردى. قىساس ئالغاندا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ هەر قانداق بىر ئەزاسىنى كېسىپ ئۇنى باشقا بىر نەرسىگە ئوخشىتىشنى هارام قىلدى. قاتىلنى جازالاشتا بىر نەچچە خىل

قائىدىلەرنى يولغا قويدى. ئۇنىدىن كېيىن ئۇنى ئەپۇ قىلىشنى، كەڭچىلىك قىلىشنى، كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قاتىل ئۆچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم، بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر، شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەت قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 178 ـ ئايەت)

ئاللاھ جىنايەتچىنى كەچۈرگەن، ئۇنىدىن كېيىن ياخشىلىق قىلغان مۇتتەقى مۆمىنلەرنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت)

ئىسلام ئىنسان جېنىنى تولۇق قوغداش ئۈچۈن بەدەنگە ياخشى قاراشقا ئەھمىيەت بەردى. تازىلىققا، پاكىزلىققا چاقىردى. تەنتەربىيىگە ۋە چېلىششقا قىزىقتۇردى. ئىسلام جىسمانىي كۈچنى بىر ئاللاھىدىلىك ھېسابلىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھقا كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشىراق ۋە يېقىنراقتۇر، ھەممىسىدە ياخشىلىق باردۇر، ساڭا پايدىلىق نەرسىگە قىزىققۇچى بول، ئاللاھتىن ياردەم تىلە ئاجىز بولمايسەن، ئەگەر ساڭا بىر كېلىشمەسلىك كەلسە: «ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى» دېمىگىن. لېكىن «ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ» دېگىن، ھەقىقەتەن «ئەگەر» سۆزى شەيتاننىڭ يولىنى ئاچىدۇ.» بۇ بولسا، ئىككىلىنىشنى توسۇش، غەم ـ ئەندىشە ۋە داۋالغۇشنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر. شۇنى كۆرىمىزكى، ھەدىس جىسمانىي كۈچ بىلەن روھىي ۋە مەنىۋى كۈچنى بىرلەشتۈردى ۋە بۇ ئىككى ئىشنى ئاللاھقا، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە باغلىدى.

ئىسلام جىسمىغا ھالاكەت كەلتۈرۈشى ئاشكارا بولغان ياكى خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان ياكى زىيان كەلتۈرىدىغان پۈتۈن نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان پۈتۈن نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. ھاياتنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن ۋەسىلىلەرنى قوللاندى ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلدى. چوشقا گۆشىنى، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى ۋە قاننى جىسىمغا زىيانلىق بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلدى. كېسەللەردىن ئاگاھلاندۇردى ۋە دورا قىلىشنى بۇيرۇدى. زىننەتلىنىشنى دۇرۇس قىلدى ۋە يېمەك - ئىچمەكتە، مال چىقىم قىلىشتا نورمال بولۇشنى تەلەپ قىلدى. زاھىدلىق ۋە ئاددىي ياشاش باھانىسى بىلەن تاماق يېمەسلىككە قارشى تۇردى. پۈتۈنلەي ئىبادەتكە بېرىلىشتىن توستى. چۈنكى ئۇ بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۇلاپ(قانچە كۈندە بىر قېتىم ئىپتار قىلىپ) روزا تۇتۇشنى ھارام قىلدى. يىل بويى روزا تۇتۇشنى چەكلىدى. تەكلىپنى ئىنسانلارنىڭ كۈچى يېتىدىغان مىقداردا بەلگىلىدى. ئىبادەت ۋە ھۆكۈملەردە مۇشەققەت بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن روخسەتلەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. فىقھى ئالىملىرى: «بەدەننىڭ ساغلاملىقى دىننىڭ ساغلاملىقىدىن بۇرۇن كېلىدۇ» دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام ئوخشىمىغان تەبىئەتلەرنى، قارىمۇ قارشى مايىللىقلارنى ۋە خىلمۇ خىل ھېسسىياتلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ساغلام يوللارنى بېكىتتى. بىر ھەۋەس يەنە بىرىدىن ئېشىپ كېتىپ ئىنساننى ھالاكەتكە چۈشۈرمىسۇن ياكى ئۇنىڭغا شەھۋەت ۋە ھەۋەسلىرى ھۆكۈم قىلىپ ئەقلى، نەپسى ۋە روھى تەرەپلەردىن يۈز ئۆرۈتمىسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى.

### ئۈچىنچى ئەقىل

ئەقىل ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئۇنى باشقا ھايۋانلاردىن ئايرىيدىغان ئەڭ ئوچۇق سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىكتۇر. ئۇ ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ئىنساننى ياخشىلىققا باشلاپ يامانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇشى، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى، ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانغا بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئەقىلنىڭ بارلىققا

كېلىشىدە ئىنساننىڭ ھېچقانداق رولى يوقتۇر. ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ جاننى يارىتىشىدىن پەيدا بولغان بىر مەنىۋى نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكۈملىرى يوق. ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى جان بىلەن جىسمنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈملىرى ئىچىدىدۇر. ئەقىل بىلەن جان ئارىسىدا ياكى ئەقىل، جىسىم ۋە روھ ئارىسىدا مۇستەھكەم بىر باغلىنىش بار.

لېكىن ئەقىلنى قوغداش جاننى قوغداشقا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇلى بار. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام جاننى قوغداش بىلەن بىرلىكتە ئەقىلنى قوغداش ئۈچۈن مەخسۇس ھۆكۈملەر چىقاردى. ئىسلام كامىل ئەقىلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىسمنىڭ سالامەتلىكىگە چاقىردى. چۈنكى ساغلام ئەقىل ساغلام بەدەندە بولىدۇ. ئىسلام جىسمغا زىيان يەتكۈزىدىغان، كېيىن ئەقىلنى زايە قىلىدىغان، ئۇنى يوقىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ھاراق ۋە بارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ھارام قىلدى.

ئىسلام زىيانلىق ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلغان كىشىگە ھاراقنىڭ جازاسىنى بېكىتتى. چۈنكى ئەقىلنى قوغداش ئىنساننىڭ زۆرۈرى مەنپەئەتىنى قوغداشتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئىنسان ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ.

ئەقىلنى قوغداش ھۆكۈملەردە، تەسەررۇپلاردا ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە ئەقىلنى ئېتىبارغا ئېلىش ئۈچۈن ھاجەت بولغان ۋەسىلىلەر بولسا، فىقھى ئالىملىرىنىڭ ئەقىللىق بالا بىلەن مەتۇەنىڭ ھۆكۈملىرىنى، مەجنۇننىڭ تەسەررۇپاتىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە گالۋاڭ بىلەن بۇزۇپ چاچقۇچىنى تەسەررۇپتىن چەكلەش ھۆكۈملىرىنى چىقارغانلىقىدۇر.

ئىسلام بۇزۇقچىلىقنىڭ ئىشكىنى ئېتىش ۋە ئەقىلگە زىيان يېتىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقى ئۈچۈن ھاراقنى مەست قىلمايدىغان دەرىجىدە ئاز بولسىمۇ ئىچىشنى ھارام قىلدى. ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىنىڭ ھەرقانداقى ھارامدۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ جىقىمۇ ئېزىمۇ ئوخشاش ھارامدۇر.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھاراقتۇر ۋە پۈتكۈل ھاراق ھارامدۇر.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھارامدۇر.»

رەسۇلۇللاھ ھاراقنى: «بارلىق نىجىسلارنىڭ ئانىسى ۋە پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ئاچقۇچى» دەپ قارايدۇ. رەسۇلۇللاھ ھاراق ئىچكۈچىگە، ئۇنى ساتقۇچىغا، ئۇنى سېتىۋالغۇچىغا، توشىغۇچىغا ھەممىسىگە لەنەت قىلغان. چۈنكى ئىسلام ئەقىلنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنى ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇنى مۆتىۋەر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يامانلىق كېلىدىغان يوللارنى ئېتىپ، شەيتاننىڭ ئەقىلنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن كىرىدىغان پۈتكۈل ئىشىكلىرىنى قەتئىي سۈرەتتە تاقاشنى خالايدۇ.

**تۆتىنچى ئىپپەت، نەسەب ياكى نەسىل**

ئىپپەت ئىنسان نەپسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ ياكى ئەيىبلىنىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ئاساسلىق مەنىۋى سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئايرىيدۇ.

ئىپپەتنى ساقلاشتىن مەقسەت، نەسلى ۋە نەسەبىنى ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ شەرەپلىك يول ئارقىلىق قوغداشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئىپپەتنى قوغداشنى نەسەبنى ساقلاش ياكى نەسلىنى ساقلاش دەپ ئاتايدۇ.

نەسەب ۋە نەسلىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئىنسان نەپسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر پارچە بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن توي قىلىشنى بۇيرۇغان. نەسىل ۋە نەسەبنىڭ دۇرۇس يول بىلەن بارلىققا كېلىشى تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر بىلەن تەكىتلىنىدۇ: ئائىلە قۇرۇشتا ياخشى ئايال تاللاش، توي قىلغاندا ئايالغا مېھرى بېرىش، ئايالنى ۋە قورساقتىكى بالىنى بېقىش، ئەر ـ ئايال ھەر بىرىگە مەخسۇس ھۆكۈملەر، قۇدا ـ باجىلىق ھۆكۈملىرى، توي قىلىش ھارام بولغان ئاياللار قاتارلىق بىر قانچە ھۆكۈملەرنى يولغا قويغان. ئىسلام ئايالنىڭ نەپىقىسىنى ئەرگە ۋاجىپ قىلدى. ئەۋلادلار ھەققىدە ئومۇمىي، جۈملىدىن قىز بالا ھەققىدە ئالاھىدە ۋەسىيەت قىلدى.

ئىپپەتنى ساقلاش بىر تەرەپتىن ئۆزى ئۈچۈن مەقسەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەسلىنى ۋە ئەۋلادىنى قوغداشنىڭ ۋەسىلىسىدۇر. چۈنكى ئىپپەتنى ساقلاش بىلەن نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، ئائىلە زايە بولمايدۇ، كىچىك باللار قوغلانمايدۇ.

ئىسلام ئىپپەتنى قوغداش ۋە ھىمايە قىلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. ئۇلار: نامەھرەمدىن كۆزنى يىغىش، بىراۋنىڭ ئىپپىتىنى چىشلەپ تارتىپ تىللىماسلىق، يالغاندىن تۆھمەت چاپلىماسلىق قاتارلىق ھۆكۈملەردۇر. بىراۋغا تۆھمەت چاپلىغانغا جازا توختاتتى. قەدىمكى ۋە ھازىرقى دۇنيادا ئىسلامدەك ئىپپەتنى ساقلايدىغان بىرەر قانۇن يوقتۇر. چۈنكى ئىسلام ئىپپەت ۋە نەسەپنى ئەيىبلىگەنگە جازا توختاتتى. ئۇندىن كېيىن ماددىي ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئىپپەتكە چېقىلغان كىشىگە زىنانىڭ جازاسىنى بەلگىلىدى.

ئىسلام باشقىلارنىڭ بالىسنى ئۆزىنىڭ بالىسى قىلىۋېلىشنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئۇ بالىنىڭ نەسىبىگە ۋە دادىسىنىڭ نەسلىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولۇپ، ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي قېنىنى ئوغرىلىغانلىققا ئوخشايدۇ. ئىسلام يات ئايال بىلەن يالغۇز بىر يەردە بولۇشنى چەكلىدى. چۈنكى ئۇ زىنانىڭ يولىنى ئېتىش، پاھىشۋازلىقنىڭ تارقىلىشىنى توختىتىش ۋە ئىپپەتنى يامان گۇمان ۋە تۆھمەتتىن ساقلاشتۇر.

بۇ ھۆكۈملەرگە قوشۇمچە قىلىپ زىنا ۋە تۆھمەت جازاسىنى ئىجرا قىلىشتا بىر نەچچە شەرتلەرنى قويدى. چۈنكى ھەد كامىل جازادۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن جىنايەتنىڭمۇ تولۇق بولۇشى شەرت. شەرىئەت بۇ جىنايەتلەرنى يۈگەشنى مۇستەھەپ قىلدى. شەك ـ شۈبھە بولسا، جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئىبنى ماجەنىڭ ئەبۇ ھۈرەيرە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جازانى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بىر نەرسە تاپساڭلار، ئەمەلدىن قالدۇرۇڭلار.» تىرمىزىنىڭ ھەزرىتى ئائىشە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلاردىن مۇمكىن قەدەر جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭلار، بىر چىقىش يولى تاپساڭلار، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، ئىمامنىڭ جازالاشتا خاتا قىلغىنىدىن كەچۈرۈم قىلىشتا خاتا قىلغىنى ياخشىراق.»

## بەشىنچى مال

كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەك، مال جاننىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئىنسان ئىگە بولغان ۋە ئۇنى قول ئاستىدا تۇتىدىغان نەرسە. ئۇ ئىنسانلارغا ياشاشنى تەمىن قىلىشتا، ئۆز ئارا مەنپەئەتلەرنى ئالماشتۇرۇشتا ۋە ھاياتنىڭ نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلىرىدا ياردەم قىلىدىغان ئاساسىي ۋەسىلەدۇر. ئۇ ئاللاھ بۇ دۇنيادا ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مال ئىنسانلارنىڭ زۆرۈر مەنپەئەتىدىن ئىبارەت بولىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا ھايات قالايمىقانچىلىق ۋە ئىپتىدائىيلىقتا داۋام قىلغان بولاتتى.

ئىسلام مال ـ مۈلۈك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن زېمىننىڭ ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىشنى، ھالال كەسىپ قىلىشنى، ئۆلۈك يەرلەرنى گۈللەندۈرۈشنى، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئوۋچىلىق قىلىشنى ۋە يەر ئاستى بايلىقلارنى چىقىرىشنى بۇيرۇدى.

ئىسلام تاپقان مالدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن شەرئىي مۇئامىلىلەرنى قانۇنلاشتۇردى. ئۇ قانۇنلار مۇسۇلماننىڭ مال ـ مۈلۈك ھاسىل قىلىشىغا ۋە مەنپەئەتلەرنى ئالماشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىسلام مالنى قوغداش، ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن ھۆكۈملەرنى چىقاردى. مەسىلەن: ئوغرىلىقنى ھارام قىلدى. ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنى پەرز قىلدى. يول توسۇپ ئىنسانلارنىڭ مېلىنى بۇلاشنى ھارام قىلدى. بۇنداق ئىشنى قىلغۇچىنى ئاللاھقا ئۇرۇش ئاچقۇچىلار دەپ ئاتىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە جازا توختاتتى، ئۇ بولسا، ئاللاھقا ئۇرۇش ئاچقانلارنىڭ جازاسىدۇر. ماللارغا باھا پىچىشنى دۇرۇس قىلدى. ئىنسانلارنىڭ مېلىنى ناھەق يېيىشنى ھارام قىلدى. باتىل يول بىلەن قىلىشقان كېلىشىمنى بىكار قىلدى. باشقىلارنىڭ مېلىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىشنى ھارام قىلدى. مالنى ھالاك قىلغان ياكى ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىگە مالنى تۆلىتىشنى يولغا قويدى.

ئىسلام مالنى ياخشى ئىشلىتىش ۋە تەسەررۇپ قىلىش يولىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىسلام: «ياخشى كىشىگە بېرىلگەن مال نېمىدېگەن ئوبدان مالدۇر!» دەپ بەلگىلىدى. ئەگەر مال ئىگىسى ئۆز مېلىنى توغرا ئىشلەتمىسە، ئۇنى ئىشلىتىشتە يولسىزلىق قىلسا،

ئۇنى شەرىئەت كۆرسەتكەن بويىچە ئىشلەتمىسە، ئۇنداق كىشى مالنى تەسەررۇپ قىلىشتىن مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام مەجنۇن، مالنى بۇزۇپ چاچقۇچى ۋە گالۋاڭ ئادەمنى مالنى تەسەررۇپ قىلىشتىن توسىدۇ.

ئىسلام مالنى كۆپەيتىش، ئۇنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈش ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا دۇرۇس مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئېلىم - سېتىم، شىركەت ۋە ئىجارە قاتارلىق ئىشلارنى يولغا قويىدى. ئىنسانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ئۇلارغا پايدا كەلتۈرۈپ زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن سودا - سېتىقتا ئادالەتلىك ئاساسلار ۋە ساغلام قائىدىلەر قويىدى.

ئىسلام مال ۋە كېلىشىملەردە مەدەنىي قائىدىلەر بەلگىلىدى. سودا - تىجارەت كېلىشىملىرىنىڭ باتىل ياكى فاسىد بولۇشى ۋە ئىككى تەرەپكە سودىنى بۇزۇش ئىختىيارىنىڭ بېرىلىشى، ئەنە شۇ قائىدىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بەزى كېلىشىملەردە ئومۇمىي قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەيئىگىمۇ روخسەت قىلدى. مەسىلەن، سەلەم (يوق نەرسىنى سېتىش)، مۇئامىلىدە ئىنسانلاردىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن يەر سېتىش، يەرنى ھۆددىگە بېرىش ۋە سۇغۇرۇپ بېرىش قاتارلىق بەيئىلەرنى جائىز قىلدى.

ئىسلام ساختىپەزلىك، ھىيلىگەرلىك، بېسىمدارلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلىشنى ھارام قىلدى. شۇنىڭدەك، ئىسلام ئىسراپنى، ئەھلى ئەۋلادىنىڭ نەپىقىسىدە بېخىللىق قىلىشنى، مالنى زايە قىلىشنى ھارام قىلدى. كىشىنى ئۆز قولىدا بولمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توستى. بىرىنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلىشتىن توستى. نىجاسەتلەرنى ئىنسانغا زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مال قاتارىدا سانىمىدى ۋە ئۇنى سېتىشتىن توستى. ئالداپ سېتىشتىن، ئىككى بەدەلنىڭ نامەلۇم بولۇشىدىن، تەرەپلەر ئارىسىدا جېدەلگە سەۋەب بولىدىغان ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىككە ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق سودا - سېتىقتىن توستى.

ئىسلام مالنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن پەزىلەتلىك ئەخلاقنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈردى. ئىسلامنىڭ مۇئامىلىلەردە پاكلىقنى، ياخشىلىقنى، پاك نەرسىدىن نەپىقە قىلىشنى ۋە ياخشى ئىشلارنى شەرت قىلىشى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

مانا مۇشۇنداق، ئىسلام ئىنسانلارنىڭ زۆرۈر مەنپەئەتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئۇنى ھاسىل قىلىشقا كېپىللىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوغداشقا رىئايە قىلىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقاردى. ھەر بىر زۆرۈر مەنپەئەت ئۈچۈن ھاجەت بولغان تولۇقلىغۇچى ھۆكۈملەرنى چىقاردى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى ساقلىشىدا خاتىرجەم قىلىش ۋە ئۇنى داۋام قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇندىن كېيىن ئاللاھ زۆرۈر مەنپەئەتلەر بىر خەتەرگە دۇچ كېلىپ قالغاندا، نورمال ئەھۋالدا مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى مۇباھ قىلدى.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى زۆرۈرىيەتلەرگە ئاساسەن تەرتىپكە سېلىش

تېخىمۇ پايدىلىق بولۇش ۋە تەتقىقاتىمىزنى تولۇقلاش ئۈچۈن شۇنى تەكىتلەيمىزكى، زۆرۈرىيەتلەرنى قوغداش بىر دەرىجىدە ئەمەس. شەرىئەت ئۇنى ئەھمىيىتىگە بىنائەن تەرتىپلىدى.

ئەقىل بىلەن نەزەر سالساق ۋە ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا قارىساق، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىنسانى ھاياتتىكى دەرىجىسىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغانلىقىنى كۆرىمىز. شەرىئەت ھۆكۈملىرىمۇ شۇنىڭغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىق بولدى. ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىنسانلارنىڭ زۆرۈر مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈملەردۇر. چۈنكى زۆرۈرىيەتلەرنى تەرك ئېتىش ۋە زايە قىلىش ھايات نىزامىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئېھتىياجلىق بولغان مەنپەئەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇلغان ھۆكۈملەر كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغاندا ئىنسانلار قىيىنچىلىققا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇندىن كېيىن ياخشىلاش مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇلغان ھۆكۈملەر كېلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا يۇقىرىدىكى ھەر بىر تۈرنىڭ تولۇقلىغۇچى ھۆكۈملىرى كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئاشكارا بولىدۇكى، ئېھتىياجلىق بولغان مەنپەئەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى زۆرۈر مەنپەئەتلەرنى ساقلايدىغان تولۇقلىغۇچى ھۆكۈملەرگە ئوخشاش بولىدۇ. ياخشىلاش مەنپەئەتلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى بولسا، ھاجەتلەرنى تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. زۆرۈر ئىشلار بولسا، پۈتۈن مەنپەئەتلەرنىڭ ئەسلى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ شەرىئەتنى بۇيرۇشتىكى

ئەسلى مەقسىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى ھۆكۈملەر، ئۇنىدىن كېيىن قوغدايدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان ھۆكۈملەر ۋە باشقا ھۆكۈملەرنى بۇيرۇدى.

بۇنىڭدىن شۇ نەتىجە چىقىدۇكى، زۆرۈر مەنپەئەتلەرنىڭ بىرى ياكى ھەممىسى خەتەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇ ھاجەت ۋە ياخشىلاش مەنپەئەتلىرىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ھاجەت ۋە ياخشىلاش ھۆكۈملىرىگە دەخلى يەتسە، بىر يول بىلەن زۆرۈر مەنپەئەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا زۆرۈر مەنپەئەتلەرنى خەتەرگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ھاجەت بولغان ۋە ياخشىلاش مەقسەت بولغان مەنپەئەتلەرنى ساقلاش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغۇچى بولۇپ، ھەممىسى بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شاتىبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ يەڭگىل بولغان نەرسىنى بىكار قىلىش ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولغان نەرسىگە دەخلى يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەڭگىل بولغان نەرسە كۈچلۈك بولغاننى ھىمايە قىلغۇچىغا ئوخشاش بولىدۇ. چېگرىنىڭ قېشىدا پادا باققان ئادەمنىڭ چېگرا ئىچىگە كىرىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ.»

ئىزز ئىبنى ئابدۇسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا ئەڭ ئالىي تائەتنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاددى تائەتنى ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدەك، ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ئاددىي گۇناھلاردىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى بىر تەلەپ بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوقتۇر.»

**مەنپەئەتلەر ئارىسىدا رەتلىك ۋە تاللاش**

ئەگەر شەرىئەتتە ھاسىل قىلىش تەلەپ قىلىنغان مەنپەئەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىدىن ئىككى ھۆكۈم قارىمۇ قارشى بولۇپ قالسا، ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىلگىرى قىلىنىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن ئىككىنچىسى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئالىملار ھۆكۈملەرنىڭ بىرىنى تاللاش قائىدىلىرىنى تۆۋەندىكىچە بەلگىلىدى:

1 ـ يۇقىرىدا ئۆتكەندەك زۆرۈر مەنپەئەتلەر ئۈچۈن بۇيرۇلغان ھۆكۈملەر ھاجەت ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن بۇيرۇلغان ھۆكۈملەردىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، دىنىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇيرۇلغان پەرز ناماز ھاجەت ئۈچۈن بۇيرۇلغان ئىلىم ـ سېتىم ۋە باشقا

مۇئامىلىلەردىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ سودا ـ سېتىق ۋە باشقا مۇئامىلىلەر، نەپلە ئىبادەتلەر، زىكىر ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. مۆمىن بەزى ۋاقىتلاردا ناماز، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئىلىم ـ سېتىمنى تاشلاپ قويىدۇ. دىنىنى قوغداش ئۈچۈن جىھاد قىلىش، نامازدا قىبلىگە ئالدىنى قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. قورال كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش، بەدەندىن قان ئېقىپ تۇرغان ھالەتتىمۇ ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى دىنىنى قوغداش زۆرۈردۇر ۋە ئۇ مۇئامىلاتلاردىن، ھاجەتلەرنى ساقلاشتىن ۋە ياخشىلاش بولغان تولۇقلىغۇچى ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىشتىن مۇھىمراقتۇر. ئەگەر بىر كىشى كېسەل بولۇپ قالسا، دورا قىلىش ئۈچۈن دوختۇرغا بېرىشى، ئەۋرەت يەرلىرىنى كۆرسىتىشى ۋە دوختۇر بۇيرۇغان دورىلارنى يېيىشى جائىز بولىدۇ. سالامەتلىكىنى ساقلاش، ئۆزىنى ھالاكەتكە ئۇچراتماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن رامىزاندا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى جاننى ساقلاش ئەۋرەتنى يۆگەشتىن مۇھىم. ئاللاھ روزا ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەت)

مەيلى دەۋەتتە بولسۇن، مەيلى ئىبادەت، مۇئامىلات، ئەخلاق ۋە ئەدەبتە بولسۇن، سۈننەتكە ئېرىشىلىۋېلىپ پەرزنى تەرك ئەتكەن كىشىگە ئوخشاش مۇھىم پەرزلەردىن غاپىل بولۇپ، كىچىك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش جائىز بولمايدۇ. ئەگەر ھاجەت ۋە ياخشىلاش بولغان ھۆكۈملەرنى تۇتۇش، زۆرۈر بولغان ھۆكۈمگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسا، ئۇنى تەتبىقلاش دۇرۇس ئەمەس. مەسىلەن، ئىلىم ـ سېتىم شەرىئەتتە بۇيرۇلغان بولسىمۇ، جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇۋاتقاندا ئۇ ئىشلارنى قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ زۆرۈر بىر مەنپەئەتنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، دىنىنى بەرپا قىلىش ۋە جۈمەدىكى خۇتبە ۋە نامازنى ئادا قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەت قىلىشتىكى ئۇسۇلى: ئەڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر بولغىنىدىن باشلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۇنى تولۇقلايدىغان ئىشلارنى قىلىش ئىدى. ئۇ بولسا قۇرئاننىڭ دەۋەت، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئىسلاھ قىلىشتىكى ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىدۇر. ئەگەر ھاجەت بولغان مەنپەئەتنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇلغان ھۆكۈم بىلەن ياخشىلاش مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇلغان ھۆكۈم بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ قالسا، بىرىنچىسى ئىلگىرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يوق نەرسىنى سېتىشتىن توسۇش ياخشىلاش ھۆكۈملىرىدىندۇر. لېكىن ئاللاھ تەئالا ئىنسانلاردىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دىگىۋارلىشىش ۋە ياستىنىشنى بەيئەدە روخسەت قىلدى.

2 ـ مەنپەئەت قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىي مەنپەئەت خۇسۇسىي مەنپەئەتتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش يالغۇز ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەل كۆرۈلىدۇ. زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرىدىكى ئومۇمىي مەنپەئەت، قالغان زۆرۈر ئىشلاردىكى خۇسۇسىي مەنپەئەتلەردىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر كاپىرلار ئەسىر چۈشكەن مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىپ، ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋالسا، مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن مەزكۇر كاپىرلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە جەڭ مەيدانىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش جائىز بولىدۇ. ھاجەتلەردىكى ئومۇمىي مەنپەئەتلەر خۇسۇسىي مەنپەئەتلەرگە قارىغاندا ئالدىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن، مونوپول قىلىۋېلىش(يەنى بازار باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مالنى بازارغا سالماي بېسىۋېلىش) ھارام قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا شەخسىي مەنپەئەت بولسىمۇ، ئومۇمغا زىيانلىقتۇر. ئىسلاھ قىلىش ھۆكۈملىرىدىكى ئومۇمىي مەنپەئەت ئۇنىڭدىكى خۇسۇسىي مەنپەئەتتىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنى ئۇزۇن ئوقۇشتىن مەنئى قىلدى. جامائەتكە ئىمام بولغان كىشىنىڭ نامازنى قىسقا ئوقۇشى بۇيرۇلدى. جىھادتا دىننى قوغداش بولغان ئومۇمىي مەنپەئەت جاننى ۋە مالنى قوغداش بولغان خۇسۇسىي مەنپەئەتتىن ئەۋزەل تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلىش جاننى ۋە مالنى ئۆلۈم ۋە خەتەرگە ئۇچرىتىش بولسىمۇ، ئۇ دىننى ھاكىم قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن بۇيرۇلغان. زۆرۈر ئىشلاردىكى پۈتۈن مەنپەئەتلەر ھاجەت ۋە ئىسلاھ قىلىش ھۆكۈملىرىدىكى مەنپەئەتلەردىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. مەسىلەن: جىھاد قىلىش، مۇئامىلات ۋە نەپلە ئىبادەتلەرگە قارىغاندا ئەۋزەل كۆرۈلىدۇ.

3ـــ زۆرۈر مەنپەئەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن بۇيرۇلغان ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزىمۇ پەرقلىقتۇر. بەزىسى بەزىسىدىن مۇھىمدۇر. ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە مۇھىم بولغان

نەرسىدىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. دىنىنى قوغداش جاننى قوغداشتىن مۇھىمراق. شۇڭلاشقا دىنىنى قوغداش ئۈچۈن مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇدى. جاننى قوغداش ئەقىلنى قوغداشتىن مۇھىمراق، ئەگەر ھاراقتىن باشقا ئىچىملىك تېپىلمىغان چاغدا جاننى قوغداش ئۈچۈن ھاراقنى ئىچىشكە رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭدەك، جاننى قوغداش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلغاندا مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. جاننى قوغداش مالنى قوغداشتىن مۇھىم بولۇپ، سەھرا ۋە چۆللەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئېھتىمالى بولغان كىشىنىڭ كېيىن تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن باشقىلارنىڭ مېلىنى ھەقسىز يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. جانغا تاجاۋۇز قىلغانلىق ئۈچۈن بېرىلگەن جازا (يەنى قىساس)، مەست بولۇش ئارقىلىق ئەقىلگە قىلىنغان تاجاۋۇزغا بېرىلگەن جازادىن (دەررە ئۇرۇشتىن)، ئىپپەت ـ نومۇسقا چېقىلغانلىق ئۈچۈن بېرىلگەن جازا (زىنا ھەددى، كىشىلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە چالما ـ كېسەك قىلىش) دىن ۋە ئىپپەتكە تۆھمەت چاپلاش بىلەن مەنىۋى تاجاۋۇز قىلىشنىڭ جازاسىدىن (يەنى سەكسەن دەررە ئۇرۇشتىن) قاتتىقراقتۇر. زۆرۈر بولغاندا مەنئى قىلىنغان نەرسىنى قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ.

4 ـ ئالىملار بەزى ھۆكۈم ۋە مەنپەئەتلەرنى تاللاشقا ياردەمچى بولىدىغان فىقھى قائىدىلەرنى قويدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ زۆرۈرىيەتلەر مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ.

2 ـ ئومۇمىي زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن خۇسۇسىي زىيانغا چىداش لازىم.

3 ـ ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكى قاتتىقراقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىنىدۇ.

4 ـ ئىككى يامان ئىشتىن زىيىنى ئازراقى تاللىنىدۇ.

5 ـ قىيىنچىلىق ئاسانلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ.

6 ـ قىيىنچىلىق شەرىئەتتە كۆتۈرۈۋېتىلگەن.

7 ـ بەزىدە مەنئى قىلىنغان نەرسىنى مۇباھ قىلىش ئۈچۈن ھاجەتلەر زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

8 ـ شەرىئەتتە زىيان يوقىتىلىدۇ.

9 ـ زىيان زىيان بىلەن يوقىتىلمايدۇ.

10 ـ زىيانلىق نەرسىنى يوقىتىش مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ.

11 ـ بۇزۇقچىلىقنى يوقىتىش پايدىلىق ئىش قىلىشتىن ئەۋزەل.

مانا بۇقىرىقى قائىدىلەردىن كۆردۇقكى، شەرىئەت ئومۇمىي بولۇپ، فىقھى ھۆكۈملەر بولسا خۇسۇسىدۇر. شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇ مەنپەئەتلەرنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. شەرىئەتنىڭ مەقسەت ۋە غايىسى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىش بولۇپ، شەرىئەت پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىنساننى ئاساس قىلىدۇ.

# ئۈچىنچى پەسىل

# كىشىلىك ھوقۇق تارىخى

كىشىلىك ھوقۇق تارىختا بۈگۈن تارقالغان يەرلىك ۋە دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق شەكلىدە بولمىغان ئىدى. ئۇ بىلىنمەسلىك، ئوخشاشماسلىق، ئىختىلاپ، تەرەققىي قىلىش ۋە تەدرىجىلىك ئاستىدا بېسىلىپ قالغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق تارىخىنى تۆت باسقۇچقا بۆلىمىز:

**1 ـ باسقۇچ كىشىلىك ھوقۇق پىكرى**

كىشىلىك ھوقۇق پىكرى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە بار. شۇڭلاشقا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار تارىخ بويىچە ئۇنىڭغا چاقىردى. ئەپلاتون، ئارىستوتىل، سىسرون، مىكياۋىللى، سىبىنوزا، لوك، روسسو، مۇنتىسكولارغا ئوخشاش پەيلاسوپلار ۋە مۇتەپەككۇرلار بۇ ھەقتە ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇ نەزەرىيىلىرىنى رېئال ئاساسقا ياكى لوگىكا ئاساسى ئۈستىگە قۇردى.

كىشىلىك ھوقۇق رەسمىي بولۇپ مىلادى ئون ئۈچىنچى ئەسىردە (ھىجرىنىڭ يەتتىنچى ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ، يەنى ئىسلام كېلىپ يەتتە ئەسىر كېيىن) ئاشكارا بولدى. ئۇ ياۋروپادىكى سىنىپى كۈرەش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇندىن كېيىن ئامېرىكىدا سىنىپى ئايرىمىچىلىققا، سىياسىي بېسىمغا ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئون سەككىزىنچى ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئەنگلىيىدە 1215 ـ يىلى دېھقانلارنىڭ باشلىقلىرى پادىشاھ جاننى ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر چوڭ شەرتكە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

1627 ـ يىلى ستۇارت ئائىلىسىدىن بولغان پادىشاھ بىرىنچى چارلىز بىرلا پرىنسىپنى قوبۇل قىلىدىغان ھوقۇق قانۇنىنى چىقاردى. ئۇ بولسىمۇ: «ھېچقانداق كىشى پارلامېنت

قارارى بولماستىن باج، سوۋغات ياكى ھەقسىز بىر نەرسە بېرىشكە مەجبۇر قىلىنمايدۇ» دېگەن پرىنسىپتۇر.

1628 ـ يىلى فېئودالLar باشلىقلىرى ئۈچۈنمۇ «سۆز قىلىش ھوقۇقى» بايانناممىسى چىقىرىلدى.

1679 ـ يىلى ستيۇارت ئائىلىسىدىن بولغان ئىككىنچى پادىشاھ جان جىسمانىي ئەركىنلىك (ئابىس كوربۇس) قانۇنى دەپ ئاتالغان، قەرزدارلىق، جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىشتىن باشقا ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن ئىنسانلارنى تۈرمىگە قاماشنى چەكلەيدىغان قانۇننى چىقاردى. كېيىن (1816 ـ يىلى): «كىشىلەر جىنايەت بىلەنلا تۈرمىگە قامىلىدۇ» دېگەن قانۇننى چىقىرىپ، قەرز ئۈچۈن تۈرمىگە قاماشنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

1688 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن ئاق قوزغىلاڭنىڭ ئارقىسىدىن ھوقۇق ۋەسىقىسى چىقىرىلدى.

1776 ـ يىلى 4 ـ ئىيولدا، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئېلانى زامانىدا كىشىلىك ھوقۇق پىكرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭدا ياشاش، ئەركىنلىك، ئىنسانلار ئارىسىدا باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئوخشاش بەزى ھەقلەر بار ئىدى. بۇ ھەقلەرنى قارار قىلىشتا دۆلەت سالاھىيىتىنى خەلقتىن ئالغان بولۇپ، دۆلەت قانۇننى توغرا يۈرگۈزمىگەندە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ھوقۇقى بولىدۇ.

بۇ ھوقۇقلارنى بايان قىلىشتىن مەقسەت ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەش ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ 1775 ـ يىلى باشلىنىپ، 1783 ـ يىلى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشى بىلەن ئاياغلاشقان ئەنگلىيىگە قارشى ئېلان قىلغان ئۇرۇشنى قانۇنلۇق قىلىش ئىدى. 1787 ـ يىلى «ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەقىدە ئەركىنلىكى، جاننى، مالنى ۋە ئۆينى ھۆرمەت قىلىش، ئىش ھەققىگە كېپىللىك قىلىش، ئادىل مەھكىمىدە ئىسپاتلانماستىن گۇناھكار قىلماسلىق، قۇللۇقنى چەكلەش، باراۋەرلىكنى تۇرغۇزۇشقا ئوخشاش بەزى ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئۇ ھەق ـ ھوقۇقلار، 1789 ـ يىلدىن 1791 ـ يىلغىچە بىر قانچە قېتىم

تۇزىتىلـدى. 1789 ـ يىلـى نويابىرنىـڭ ئـاخىرقى پەيـشەنبە كـۈنى «شـۈكۈر كـۈنى» دەپ ئاتالدى ۋە ئامېرىكىلىقلار ئۇ كۈننى مىللىي بايرام قىلدى.

## 2 ـ باسقۇچ ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق

كىشىلىك ھوقۇق پەقەت ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىنسانىي دەۋىتـى ئوتتۇرىغا چىققانـدىن كېيىن، مـۇكەممەل، راسـت شـەكلى بىـلەن ھەقىقىـي ۋە ئەمەلىـي تونۇلـدى. قۇرئان كەرىمدىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىكى ئىنساننى ئۇلۇغلايدىغان، ئۇنى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغان، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسىنى ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، قەبىلىـلەر ۋە خەلـق ئارىـسىدا تەڭ ـ بـاراۋەرلىككە چاقىرىـدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئىمـان، ئەقىـدە، ئىبـادەت، ئاللاھقـا يېقىنلىـشىش، ئاللاھقـا يـالغۇز ئىبـادەت قىلىش ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق ھەقلىرىنى قوغدايـدىغان دەلىـل ۋە بۇيرۇقلار بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلىي ئىجرا قىلىندى.

قـاھىرە ئەرەب تىلـى ئاكادېمىيـسىنىڭ رەئىـسى دوكتـور ئىبـراھىم مەدكـۇر مۇنـداق دېيدۇ: «بىز بۈگۈن ھۆرمەت قىلىشقا ۋە ھىمايە قىلىـشقا چاقىرىۋاتقـان كىـشىلىك ھوقـۇق تەھدىت ئاستىدا تۇرماقتا. ھالبۇكى ئۇنى ئىـسلام ئـون تـۆت ئەسـىر بـۇرۇن بەلگىلـىگەن، مۇقەددەس بىلگەن ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئەسرى دەپ ئاتالغان ئون سەككىزىنچى ئەسىردە ســۆزلەنگەنلەردىن نەچــچە ھەســسە ئىلگىــرىلىگەن ھالــدا كىــشىلىك ھوقــۇقنى مۇســتەھكەملەپ، دىنىــي ۋە دۇنيــاۋى ھوقــۇق قىلــدى ۋە ئــۇنى ئەخلاقىــي ۋە روھىــي ئاساسلارنىڭ ئۈستىدە قۇيدى»، بەلكى ئىـسلام نەزىرىـدە كىـشىلىك ھوقۇقنىـڭ بىرىنچـى ئاساسى ھەممىدىن ئاۋۋال ئەقىدە ۋە ئىمان ئاساسىدۇر، كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنى توغرا تەسەۋۋۇر قىلىش ئاساسىدۇر.

ئۇسـتاز مەھمـۇد ئەققـاد مۇنـداق دېـدۇ: «مىلادىنىـڭ ئـالتىنچى ئەسـرىدە ئىـسلام كىشىلىك ھوقۇقنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن دۇنيادا ھېچقانداق دىـن ئومـۇمىي كىـشىلىك ھوقـۇق ئـېلان قىلغـان ئەمەس، چـۈنكى دىنىنىـڭ ئومـۇمىي ھەقلـەر چىقىرىـشى ئۈچـۈن ئىنـسان ئـۆزى ئومـۇمىي ئەمەس ئىـدى. بـۇ ئومـۇمىي ئىنـسان، ئالدىـدا پۈتـۈن ئىنـسانلار بــاراۋەر بولغــان ئاللاھقــا ئىمــان كەلتــۈرگەن كــۈنى ۋە ئۇنىــڭ پۈتــۈن ھوقــۇقى ۋە

مەجبۇرىيەتلىرى قەبىلىلەر ئارىسى پەرقلەنمەستىن بەلگىلەنگەن كۈنى مەيدانغا كەلدى.»

قۇرئاننىڭ كۆپىنچە خىتابىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا قاراتقانلىقمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: «ئى ئىنسانلار!» ئىبارىسى قۇرئاندا يىگىرمە سەككىز يەردە، «ئىنسانلار» سۆزى ئىككى يۈز قىرىق يەردە، «ئىنسان» سۆزى ئاتمىش بىر يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنىڭغا كەسكىن ئېتىقاد قىلىمىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى ھەممە ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، شەرقلەرنىڭ ۋە غەربلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئۇ بىر گۇرۇھنىڭ ياكى بىر خەلقنىڭ پەرۋەردىگارى ئەمەس، دەۋا قىلىنغاندەك ھاكىملارنىڭ ۋە پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ پەرۋەردىگارى ئەمەس.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججەتۇلۋىدادىكى خۇتبىسىدە كىشىلىك ھوقۇقنى قانداق ئېلان قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە قانداق تەتبىقلىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلار ئارىسىدا ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىغان مىللەت ۋە خەلقلەرگە قانداق ئىجرا قىلغانلىقىنى كېيىن ئايرىم بايان قىلىمىز.

### 3 ـ باسقۇچ قانۇن ـ نىزامدا كىشىلىك ھوقۇق

بۇ باسقۇچ فرانسىيە قوزغىلىڭى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. قوزغىلاڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنىڭ چاقىرىقى بىلەن يۈز بەرگەن ئىدى. مەسىلەن، «ئىجتىمائىي توختام»نىڭ ئاپتورى جان جاك روسو، مونتىسكو، دىدرو ۋە باشقىلار بۇ چاقىرىقنىڭ باشلامچىلىرىدۇر. 1789ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇستتا كىشىلىك ھوقۇق ۋە گراژدانلىق ھوقۇقى قانۇنى چىقىرىلدى. بۇ قانۇن قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە، ھاكىم بولۇۋالغان دىنىي مۇستەبىتلىككە، شەخسى ئەركىنلىكنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا ۋە ماللارنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشىغا قايتۇرۇلغان ئىدى.

بۇ قانۇن مۇنۇ سۆزلەر بىلەن باشلانغانىدى: «ئىنسانلار ئەركىن ۋە ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ئۇ باراۋەرلىكنى بەلگىلەش، شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە تىنچلىقىنى ساقلاش ۋە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زۆرۈر بولۇپ

قالغاندا، ئادىل بەدەل تۆلەش بىلەن كىشىنىڭ مۈلكى ئېلىنىدۇ، ئۇندىن باشقا ھالەتتە كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەسلىدە ئىنسان گۇناھسىزدۇر. ئۇنى پەقەت قانۇن بىلەنلا گۇناھكار قىلىپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش زۆرۈردۇر. ئۇ بولسا، ئەركىنلىك، مال ـ مۈلۈك، خاتىرجەملىك، بېسىمغا قارشى كۈرەش قىلىش، خەلقنىڭ زۇلۇم ۋە ئىستىبداتقا قارشى ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقى قاتارلىقلاردىن بۇ قانۇن خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىش ۋە سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش، باجلارنى كۆزىتىش، جىنايەتلەرگە چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

فرانسىيىلىكلەر بۇ قانۇنغا بەك كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى 1791ـ يىل 3 ـ سېنتەبىردە چىقىرىلغان ئاساسىي قانۇننىڭ باش تەرىپىدە بايان قىلدى[1].

يىگىرمىنچى ئەسىردە دۆلەت قۇرۇلۇشلىرى مەيدانىغا كەلدى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى 1919 ـ يىلى مىللەتلەر بىرلەشمىسىدە قوبۇل قىلىنغان شەرتنامىلەردە، 1941 ـ يىلى ئاتلانتىك ئەھدىنامىسىدە ئېلان قىلىندى. ئۇندىن كېيىن، 1944 ـ يىلى قول قويۇلغان دومبارتون ئوكىسنىڭ تەكلىپنامىلىرىغا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1945 ـ يىلدىكى بايانىنامىسىغا كىرگۈزۈلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت كىشىلىك ھوقۇق بايانىنامىسى تەييارلاشقا كىرىشتى ۋە 1948 ـ يىلى 18ـ ئىيۇندا «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق بايانىنامىسى» نى چىقاردى. ئۇندىن كېيىن، 1948 ـ يىلى 10 ـ دېكابىردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنى ئۇنى تەستىقلىدى ۋە ھەر يىلى بۇ كۈننى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى دەپ بېكىتتى.

---

[1] فرانسىيەنىڭ بۇ كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى ئۇ فرانسىيەنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەلگە ئاشمىغان ئىدى. چۈنكى فرانسىيە قوزغىلىڭنى پەيدا قىلغان ۋە كىشىلىك ھوقۇق داۋاسى قىلغانلار خۇددى ئۆز بالىسىنى يەيدىغان مۈشۈككە ئوخشاش بىرى ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى. بۇ كىشىلىك ھوقۇق خەلقئارادىمۇ ئەمەلىيلەشمىدى. چۈنكى فرانسىيە باشقا مەملىكەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىش، مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش، باشقىلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئېلىپ باراتتى.

بىزنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنىمىز ۋە سېلىشتۇرىدىغىنىمىز مانا مۇشۇ «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دۇر.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 1936ـ يىلى 5 ـ دېكابىردا ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلغاندا كىشىلىك ھوقۇق ئاساسىنى زىكىر قىلدى. ئۇنىدىن بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىشىلىك ھوقۇق دېگەن گەپ يوق ئىدى. ئۇنىدىن كېيىن 1977ـ يىلى يۇقىرىدىكى قانۇن قايتا ئېلان قىلىندى ۋە تۆۋەندىكى قارارلار قوبۇل قىلىندى:

پۈتۈن گىراژدانلار (پەقەت نەزەرىيىدە بولسىمۇ) ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە، مائارىپ پۇلسىز بولىدۇ، پىكىر قىلىش ۋە ئۇنى بايان قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، شەخسىي يىغىلىش ۋە نامايىش قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، جەمئىيەتلەر ۋە ئىش ئورگانلىرى ئېچىش، ئۆيلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش، گىراژدانلارنىڭ ئىشلەش، رۇخسەت ئېلىش ھوقۇقلىرى بولىدۇ، قېرى، ئىشسىز، كېسەل ۋە ئاجىزلارغا ئىجتىمائىي كاپالەت پۇلى بېرىلىدۇ.

**فرانسىيە كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنىڭ مەزمۇنى**

فرانسىيە كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى 17 ماددا بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ماددا: ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقى.

2 ـ ماددا: ئىگىلىك، ئامانلىق ۋە زۇلۇمغا قارشى مۇداپىئە قىلىش ھوقۇقى.

3 ـ ماددا: خەلققە ھۆكۈمەت ۋە ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقى بېرىش.

4 ـ ماددا: باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە چېقىلماسلىق شەرتى بىلەن شەخسىي ئەركىنلىكنى كۈچەيتىش.

5 ـ ماددا: قانۇن زىياننى توسۇش ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىشى كېرەك.

6 ـ ماددا: ھەر بىر كىشى پارلامېنتىكى ۋەكىللىرى ئارقىلىق قانۇن چىقىرىشقا ۋە قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

7 ـ ماددا: قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ھەمدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىشتا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە.

8 ـ ماددا: ھېچقانداق كىشىگە قانۇندا بەلگىلەنمىگەن جازا بېرىلمەيدۇ.

9 ـ ماددا: جىنايەتچى دەپ قارىلانغان كىشى جىنايىتى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىزدۇر.

10 ـ ماددا: ئەقىدە ئەركىنلىكى بار.

11 ـ ماددا: سۆزلەش، پىكىر قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى بار.

12 ـ ماددا: ھوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلىش.

13 ـ ماددا: بۇ تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن باج ئېلىشنى يولغا قويۇش.

14 ـ ماددا: ئىنسانلارنىڭ ۋە خەلقنىڭ باجلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقى بار.

15 ـ ماددا: جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ خىزمەتچىلەرگە يېتەكچى بولۇش ھوقۇقى بار.

16 ـ ماددا: كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ھاكىمىيەت كۈچىنى قوبۇل قىلمايدىغان جەمئىيەتنى ئاساسى قانۇنى يوق جەمئىيەت دەپ قاراش.

17 ـ ماددا: ئاممۋى پايدا ئۈچۈن بولمىغاندا كىشلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

شۇنى مۇلاھىزە قىلىمىزكى، بۇ باياناممدىكى ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى، قولغا ئېلىش ۋە زۇلۇم قىلىش قاپلاپ كەتكەن ئەھۋاللارنى، دىنىي ئېزىش، ئەركىنلىكنى تارتىۋېلىشنى، بولۇپمۇ فرانسىيە قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرىكى پادىشاھ ۋە ھاكىملارنىڭ ئىستىبدادىنى يوقىتىش ئۈچۈن چىقىرىلغاندۇر. شۇڭىدەك، بۇ بايانىنامە ئون سەككىزىنچى ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئوخشىشىنى ۋە پادىشاھ ـ ھاكىملارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلغان مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، ئىسلاھاتچىلارنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھالدا چىقىرىلدى.

ئەگەر بىز بۇ بايانامىنىڭ ماددىلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇ ماددىلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئۇنىڭدىن ئون ئىككى ئەسىر بۇرۇن قۇرئان كەرىمدە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىدە ۋە ئىسلام فىقھىدا قارار قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئەمەلىي تەتبىقلانغانلىقىنى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا تولۇق رىئايە قىلغانلىقىنى، ئىسلام

ئەقىدىسىنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلغانلىقىنى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئۇنى خۇلەپائى راشىدىنلار ۋە كېيىن كەلگەنلەرنىڭ بايانى بويىچە ئەمەلىي ئىجرا قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

**دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ مەزمۇنى**

ئۇ، 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنى تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ ئۇرغۇن دۆلەتلەر قول قويغان باياننامە بولۇپ، بىر مۇقەددىمە ۋە ئوتتۇز ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ خۇلاسىسى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ پۈتۈن ئىنسانلار ھۆردۇر. ھۆرمەت ۋە ھوقۇقتا ئوخشاشتۇر.

2 ـ قانۇن ئالدىدا پۈتۈن ئىنسانلار باراۋەر، بۇ باياننامىدا بەلگىلەنگەن ئەركىنلىكتىن پۈتۈن ئىنسانلار ئوخشاش پايدىلىنىدۇ.

3 ـ ھەر بىر ئىنسان ياشاش، شەخسىي ئەركىنلىك ۋە شەخسىي سالامەتلىك ھوقۇقىغا ئىگە.

4 ـ ئىنسانلارنى قۇل قىلىش چەكلىنىدۇ.

5 ـ ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان شەكىلدە قىيناش ۋە جازالاش چەكلىنىدۇ.

6 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ قانۇنىي كىشىلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

7 ـ پۈتۈن ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا باراۋەر.

8 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاساسىي ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەرلىك مەھكىمىلەرگە ئەرز قىلىش ھوقۇقى بار.

9 ـ ئىنساننى خالىغانچە قولغا ئېلىش، سولاپ قويۇش ۋە سۈرگۈن قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

10 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز مەسىلىسىنى مۇستەقىل ۋە بىتەرەپ بىر سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا ئېنىقلاش ھوقۇقى بار.

11 ـ جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگۈچى جىنايىتى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىزدۇر.

12 ـ ھەر قانداق بىر كىشى قانۇندا جىنايەت ھېسابلانمايدىغان ھەر قانداق قىلمىشى ئۈچۈن جىنايەتچى ھېسابلانماسلىقى كېرەك.

13 ـ ھېچقانداق ئىنساننىڭ شەخسى تۇرمۇشىغا، ئائىلىسىگە، ئۆيىگە، خەت ـ ئالاقىسىگە ۋە يۈز ـ ئابرۇيىغا خالىغانچە چېقىلىشقا بولمايدۇ.

14 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز دۆلىتى ئىچىدە يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە يەرلىشىش ھوقۇقى بار ھەمدە ئۆز مەملىكىتىدىن ئايرىلىش ۋە قايتىپ كېلىش ھوقۇقى بار.

15 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ سىياسىي جىنايەت سەۋەبى بىلەن ئېزىلىشتىن قېچىپ، باشقا بىر دۆلەتتىن پاناھلىق تىلەش ھوقۇقى بار.

16 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقى بار، ھېچكىمنىڭ گىراژدانلىقنى خالىغانچە مەھرۇم قىلىشقا ياكى گىراژدانلىقنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ.

17 ـ ئەر ـ ئايالنىڭ تويي قىلىپ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى بار، ئەر ـ ئايالنىڭ رازىلىقىسىز نىكاھ قىلىش ئۇسۇلىنى مەنئى قىلىش كېرەك، ئائىلە بولسا جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر تەبىئي ئاساسىدۇر.

18 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بار، ھېچكىمنى مال ـ مۈلكىدىن خالىغانچە ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

19 ـ پىكىر، ۋىجدان ۋە دىن ئەركىنلىكى، ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكى بار ھەمدە دىنىي ئەقىدىسىنى مەخپىي، ئاشكارا، ئۆزى يالغۇز ۋە كوللېكتىپ ھالدا ئىپادىلەش ئەركىنلىكى بار.

20 ـ پىكىر قىلىش، پىكىر بايان قىلىش ۋە پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش ئەركىنلىكى بار.

21 ـ تىنچ يىغىلىش ئەركىنلىكى ۋە جەمئىيەتلەرگە كىرىش ئەركىنلىكى بار ھەمدە ھەر قانداق بىر جەمئىيەتكە كىرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ.

22 ـ دۆلەت خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋە خىزمەتلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، خەلقنىڭ ئىرادىسى سايلانغان ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىدۇر.

23 ـ ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش ھوقۇقى مىللىي تىرىشچانلىق ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق ئىچىدە بولىدۇ.

24 ـ ئىشلەش ھوقۇقى، ئىشنى ئادىل شەرتلەر بىلەن تاللاش ئەركىنلىكى، ئىشقا باراۋەر كېلىدىغان، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك ھەق ئېلىش ھوقۇقى، سودا بىرلەشمىسىگە قاتنىشىش ھوقۇقى بار.

25 ـ دەم ئېلىش، ئىش ۋاقتىنى بەلگىلەش ۋە مائاشلىق تەتىل قىلىش ھوقۇقى بار.

26 ـ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە پاراۋانلىقىغا يېتەرلىك بولغان تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تەمىنلەش ھوقۇقى بار، ئانىلار ۋە باللار ئالاھىدە كۆيۈنۈش ۋە ياردەمگە ھەقلىق، بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھىمايە قىلىنىشقا ھەقلىق.

27 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ ئوقۇش ھوقۇقى بار، باشلانغۇچ مائارىپى ھەقسىز بولۇشى ۋە مەجبۇرى بولۇشى لازىم. تېخنىكوم ۋە كەسپىي مەكتەپلەر يېتەرلىك بولۇشى كېرەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىدىغان تەربىيىنى تاللاش ھوقۇقى بار.

28 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا ئەركىن قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي، ماددىي مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىش ھوقۇقى بار.

29 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان خەلقئارالىق ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار.

30 ـ ھەر بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا مەجبۇرىيەتلىرى بار، ھەر بىر ئىنسان ئۆز ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى ئىشلەتكەندە قانۇننىڭ چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇشى، ئۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتىگە زىت ھالدا ئىشلەتمەسلىكى لازىم.

31 ـ دۆلەتلەر ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ بۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرنى يوقىتىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىقى لازىم.

بۇ بايانىنامىنىڭ تولۇق تېكىستىنى كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى قوشۇمچىسىدا بېرىمىز.

بۇ دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق بايانىنامىسىنى ئوقۇغىنىمىزدا، بىزگە بەزى پارلاق تەرەپلىرى ئاشكارا مەلۇم بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا بەزى چىگىش ۋە مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ئومۇمىي ئىبارىلەر بار. يەنە ئۇنىڭدا ناھايىتى ئاز تەتبىقلىنىدىغان ئاساسلار ۋە ئەخلاقلارمۇ بار.

بۇ بايانىنامىدىكى ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، بىر پۈتۈن ئىسلام شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن 18 ـ ماددىدىكى

شەخسىنىڭ دىنىنى، ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى ئومۇمىي شەكلى بىلەن توغرا بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىنى ۋە ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىشى جائىز بولمايدۇ. يەنە 25 ـ ماددىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە ئانىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە بالىغا ياردەم قىلىش، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ھىمايىسىنىڭ ۋاجىپلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەيلى بالا نىكاھ ئارقىلىق تۇغۇلسۇن، مەيلى نىكاھسىز دۇنياغا كەلگەن بولسۇن ئوخشاش، كوچىدا ئۇچرىغان بالىنى، زىنادىن بولغان بالىنى ۋە پۈتۈن بالىلارنى ھىمايە قىلىش لازىم، بۇ ھەقلەرنى «ئەگەر ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا نىكاھسىز ئالاقە بولغاندا نەسەبنى ئىسپاتلاشنى مەنئى قىلىش» دېگەن جۈملىنى قوشۇش بىلەن بۇ ماددا دۇرۇس بولىدۇ. 16 ـ ماددىدا ئەر ـ ئايال ئائىلە قۇرۇشتا ئىرق، ياش، دىن چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن ئائىلە قۇرۇشتىكى ھوقۇقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئىش «مۇسۇلمان ئايالنىڭ غەيرىي مۇسۇلمان ئەر بىلەن نىكاھلىنىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكى»نى قەيت قىلىش بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.

## ھازىرقى زاماندا ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق

ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان، ئۇنىڭ شەرتنامىسىگە، ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ دۇنيادا نەزەرىيە بولۇپ تارقىلىشىغا قول قويغان ۋە دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى بايان قىلىش، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيىسىنى بايان قىلىش تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ھەقتە بىر قانچە كىتابلار نەشر قىلىندى. ئۆتكەن ئەللىك يىل مابەينىدە بۇ ھەقتە بەس مۇنازىرىلەر ۋە ماقالىلەر يېزىلدى.

ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار بۇ ھەقتە بىر دوكلات، شەرتنامە ۋە كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى تەييارلاشقا تىرىشتى ۋە تۈۋەندىكى ھۆججەت چىقىرىلدى:

### بىرىنچى خەلقئارا ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى

بۇ خىتابنامە، 1981 ـ يىلى 19ـ سېنتەبىردە يونىسكۇ مەجلىسىدە ئىسلام مەجلىسى ۋە ئۇنىڭ باش سېكرېتارى سەييىد سالىم ئەززامنىڭ تەكلىپى بىلەن ئېلان قىلىندى.

بۇ خىتابنامە ئىككى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىسلام 14 ئەسىر بۇرۇن ئىنسانىيەتكە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ نەمۇنىلىك قانۇنلىرىنى تەقدىم قىلغان. ئۇ قانۇنلار ئىنسانىيەتنىڭ شەرەپ ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، زۇلۇم ۋە ئۆلتۈرۈشنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2 ـ ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئاللاھ ھوقۇق، شەرىئەت ۋە قانۇنلارنىڭ مەنبەئىدۇر. ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى بېكىتكۈچى ئاللاھتۇر. قانداق كىشى بولسا بولسۇن، ھەتتا خەلىپە بولسۇن، سىياسىي قوماندان بولسۇن، ياكى قانداق ھۆكۈمەت بولسۇن، ياكى كېڭەش مەجلىسى بولسۇن، ھەيئەت بولسۇن، ئاللاھ ئىنسانغا بەرگەن بۇ ھەق ۋە ھوقۇقلارنى كېمەيتىشى، ئۆزگەرتىشى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ بايانامە 23 ماددىدىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى قارارلاشتۇرىدۇ:

1 ـ ياشاش ھوقۇقى.

2 ـ ئەركىنلىك ھوقۇقى.

3 ـ باراۋەرلىك ھوقۇقى.

4 ـ ئادالەت.

5 ـ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى.

6 ـ ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمدىن ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقى.

7 ـ ئىپپەت ـ نومۇسنى ۋە يۈز ـ ئابرۇينى ھىمايە قىلىش ھوقۇقى.

8 ـ قېيناشتىن ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقى.

9 ـ ئاممىۋى ھاياتقا شېرىك بولۇش ھوقۇقى.

10 ـ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ئەركىنلىك.

11 ـ پىكىر قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى.

12 ـ مۇلۇكچىلىك ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش.

13 ـ مۇقىم تۇرۇش ۋە سەپەر قىلىش ئەركىنلىكى.

14 ـ باش پاناھلىق تەلەپ قىلىش ۋە كۆچۈپ كېتىش ھوقۇقى.
15 ـ ئاز سانلىقلارنىڭ ھوقۇقى.
16 ـ كىشىنىڭ ھايات ئۈنسۇرلىرىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىش ھوقۇقى.
17 ـ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى.
18 ـ ئىقتىسادىي ھوقۇقلار.
19 ـ ئائىلە ۋە توي قىلىش ھوقۇقى.
20 ـ ئىنساننىڭ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ھوقۇقى.
ئىككىنچى ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى

ئـورنى سـەئۇدى ئەرەبىـستاننىڭ جىـددە شـەھىرىدە بولغـان ئىـسلام قـۇرۇلتىيى تەشـكىلاتى ئىـسلامنىڭ كىـشىلىك ھوقـۇق مەسىلىـسىگە ئەھمىـيەت بېرىـپ، ئىـسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنى يېزىش پىكرىنى رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. 1979 ـ يىلـى ئىـسلام دۆلەتلىـرى تاشـقى ئىـشلار مىنىـستىرلىرىنىڭ ئـونىنچى قـۇرۇلتىيى ئىـسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنى تەييارلاش ئۈچـۈن ئىـسلامىي مۇتەخەسسىـسلەردىن بىـر مەسلىھەت كومىتېتى تەشكىللەشنى قارار قىلدى.

ئىسلام قۇرۇلتىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كومىتېـت سـۈرىيىنىڭ پـايتەختى دەمەشـقتە تەشكىللەندى. كومىتېت ئەزالىقىغـا دوكتـۇر ئەدنـان خەتىـب، دوكتـۇر شـۈكرى فەيـسەل، دوكتۇر ۋەھبە زۇھەيلى، دوكتۇر رەفىق جۇۋەيجاتى ۋە سەييىد ئىـسمائىل ماجىـد ھەمـزاۋى قاتارلىق ئالىملار تەيىنلەنـدى. كومىتېـت ھىجـرى 1401 ــ يىلـى، مىلادى 1980ــ يىلـى «ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى» تېمىسى ئاستىدا بىر خىتابنامە تەييـارلاپ چىقتـى. بۇ خىتابنامە بولسا، ئىـسلام شـەرىئىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىـرىگە تەئەللـۇق پرىنـسىپلىرىنى بىرىنچـى قېتىم رەتـلەپ چىقىـشى ئىـدى. «ئىـسلامنىڭ كىـشىلىك ھوقـۇق قـانۇنى» 25 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى ئاساسىي ھوقۇقلار**

1 ـ پۈتـۈن ئىنـسانلار بىـر ئـائىلە بولـۇش سـۈپىتى بىـلەن ئىـززەت ـ ئـابرۇي ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەردۇر، ئارىلىرىدا ھېچ قانداق پەرق يوقتۇر. (1ـ ماددا)

2 ـ ئىنسانلار ھۆر تۇغۇلىدۇ. (2 ـ م)

3 ـ شەرىئەتتە پۈتۈن ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقى كاپالەتكە ئېلىنغان، ئىنسان تۆرىنى يوقىتىش مەنئى قىلىنغان، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇشى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ئىچىدە ياشاش ھوقۇقى بار.(3 ـ م)

4 ـ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە مۇسۇلماننىڭ ئۆز دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشىنىڭ ۋاجىپلىقى.(4ـم)

### ئىككىنچى سياسىي ھوقۇقلار

1 ـ پىكىر قىلىش ۋە ئۇنى بايان قىلىش ۋە ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش ئەركىنلىكى(5 ـ م)

2 ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاكىملىرىنى تاللاش، ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش ۋە خىزمەتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى.(6 ـ م)

### ئۈچىنچى ئائىلە ھوقۇقى

1 ـ ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى، ئۇنىڭ ئاساسى توي قىلىش بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. توي قىلىشنىڭ ئاساسى ئەر ـ ئايالنىڭ رازىلىقىدۇر. (7 ـ م)

2 ـ ئايال ئەرنىڭ قېرىندىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن باراۋەردۇر، ئەر ئائىلىنىڭ ئىدارە قىلغۇچىسى، ئايال كىشىنىڭ مۇستەقىل شەخسىيىتى بار. (8 ـ م)

3 ـ بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋە دۆلەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلىرى بار. بالىلارنى تەربىيلەش ئاتا ـ ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى. (9 ـ م)

### تۆتىنچى تەۋەلىك بولۇش ۋە گىراژدانلىق ھوقۇقى

1 ـ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئاتىسى ۋە مىللىتىگە تەۋە بولۇش ھوقۇقى بار.(10ـ م)

2 ـ ئىنسانلارنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقى بار. (11ـ م)

بەشىنچى تەلىم ـ تەربىيە ھوقۇقى

1 ـ ئىلىم ئۆگىنىش پەرزدۇر، تەلىم بېرىش جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ بورچىدۇر.(12ـ م)

2 ـ دىنى تەلىم ـ تەربىيىنى چەك تۇتۇش.(13ـ م)

ئالتىنچى ئىشلەش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقى

1 ـ ئىشلەش ھوقۇقىغا دۆلەت كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئىشنى پۇختا قىلىش شەخسنىڭ مەجبۇرىيىتى، دۆلەت ۋە مەھكىمىلەر ئىشچىلار بىلەن ئىش ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ماجىرانى ھەل قىلىدۇ.(14ـ م)

2 ـ پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىجتىمائىي كاپالەت ۋاجىپتۇر.(15ـ م)

**يەتتىنچى كەسپ، پايدىلىنىش ۋە ئەدەبىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى**

1 ـ ئىنساننىڭ زوراۋانلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلماستىن كەسپ بىلەن كىرىم قىلىش ھوقۇقى بار.(16ـ م)

2 ـ ئىنساننىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بار، دۆلەت ئۇنى ھىمايە قىلىشى كېرەك.(17ـ م)

**سەككىزىنچى سوتلىنىش ھوقۇقى**

1ـ سوت پۈتۈن ئىنسانلارغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە پۈتۈن ئىنسانلار سوت ئالدىدا باراۋەر.(18ـ م)

2 ـ جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگۈچى ئادىل سوت مەھكىمىسىدە جىنايىتى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىزدۇر.(19ـ م)

3 ـ شەخسىي مەسئۇلىيەت شەرىئەت بويىچە بەلگىلىنىدۇ.(20ـ م)

4 ـ مۇستەقىل كىشىلىكنى، مۇستەقىل ھايات ۋە ئائىلىنى ئېتىراپ قىلىش ھوقۇقى.(21 ـ م)

**توققۇزىنچى سەپەر قىلىش ۋە باش پاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى (22 ـ م)**

**ئونىنچى ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر**

كىچىك بالىلارنى، ئاياللارنى، قېرىلارنى ۋە قۇللارنى ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ، دەرەخلەرنى كېسىش ۋە ماللارنى بۇلاش چەكلىنىدۇ.(23 ـ م)

**ئون بىرىنچى ئۆلۈكنى ھۆرمەتلەش (24 ـ م)**

**ئون ئىككىنچى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن قەيت قىلىنغان ئەركىنلىك، مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلار**

بۇلار شەرىئەت مەنبەلىرىگە ئاساسەن مۇتەخەسسىس ئالىملار تەرىپىدىن تەپسىر قىلىنىدۇ.(25 ـ م)

بۇ خىتابنامە ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىدا ماقۇللانماي ئون بىرىنچى قۇرۇلتايغا كېچىكتۈرۈلدى. ئۇ قۇرۇلتايمۇ خىتابنامىنى قانۇن كومىتېتىغا ھاۋالە قىلدى. قانۇن كومىتېتى خىتابنامىنىڭ تۈزىتىلگەن تېكىستىنى ئۈچىنچى ئىسلام ئالىي قۇرۇلتىيىغا سۇندى. قۇرۇلتاي باشقا بىر كومىتېتقا ھاۋالە قىلدى. بىنگالىنىڭ داككا شەھىرىدە ئېچىلغان ئون تۆتىنچى ئىسلام دۆلەتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى قۇرۇلتىيىدا خىتابنامىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن بىرىنچى ماددىسى قوبۇل قىلىندى. قالغان ماددىلىرى ئۈچىنچى بىر كومىتېتقا تاپشۇرۇلدى. ئۇنىدىن كېيىن كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا قۇرۇلتايلار داۋام قىلدى. 1989 ـ يىلى دېكابىردا ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا ئېچىلغان يىغىندا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن شەرىئەت ۋە دىن ئالىملىرى ھۇزۇرىدا مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئەڭ ئاخىرقى تېكىست تەييارلاندى. ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىنىڭ ئون توققۇزىنچى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىندى. ئۇنى تۆۋەندىكى ئابزاسلاردا سۆزلەيمىز.

**ئۈچىنچى  ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى**

بۇ ئىسلامىي بايانىنامە «بسم الله الرحمن الرحيم» بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمنى ئۆزىگە شوئار قىلىدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن

(ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن) ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر.» (سۈرە ھۇجۇرات: 13ـ ئايەت)

ئۇندىن كېيىن بايانامىنى چىقىرىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنى خاتىرىلىتىدىغان بىر مۇقەددىمە تەييارلاندى ۋە ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلدى:

«ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان دۆلەتلەر پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان، ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا چەكسىز ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى قىلغان ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىننى قوبۇل قىلغان، خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلغان، مەڭگۈلۈك ئىسلام شەرىئىتى ئېلىپ كەلگەن دىننى، جاننى، ئەقلنى، مالنى، ئىپپەتنى ۋە نەسلىنى قوغداشتىن ئىبارەت ھۆكۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىي رولىنى كۈچەيتكەن، ئىنسانىيەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا تەئەللۇق پائالىيەتلىرىگە ھەسسە قوشقان، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىمانىي يۆلەنچۈككە ئېھتىياجىنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقى ۋە داۋام قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان، ئىسلامدىكى ئاساسىي ھەقلەر ۋە ئومۇمىي ئەركىنلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھالدا ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر تۆۋەندىكى قارارلارنى ئېلان قىلىدۇ.“

بۇ ئىسلامىي باياننامە يىگىرمە بەش ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ بارلىق ئىنسانلار بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋە ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر، پۈتۈن ئىنسانلار ھۆرمەتتە باراۋەر، تەكلىپنىڭ ئەسلى ۋە مەسئۇلىيەت توغرا ئەقىدە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، پۈتۈن خەلق ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدۇر، ئىنسانلار پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىدۇ.(1 ـ م)

2 ـ ھايات ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتى، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا بېرىلگەن، ئىنسانىنى يوقىتىش ھارام، ھاياتنىڭ داۋام قىلىشىنى قوغداش ۋاجىپ، مېيىتنىڭ ھۆرمىتى ساقلىنىدۇ.(2 ـ م)

3ـ ئۇرۇش ئەسناسىدا مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇق ھىمايە قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ قېرى كىشىلەر، ئاياللار، كىچىك باللار، يارىدار، كېسەل ۋە ئەسىرلەر قوغدىلىدۇ، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ باشقا بىر نەرسىگە ئوخشىتىش مەنئى قىلىنىدۇ، ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇش، دەل ـ دەرەخلەرنى كەسمەسلىك، زىرائەت ۋە قۇرۇلۇشلارنى خارابىگە ئايلاندۇرماسلىق كېرەك. (3 ـ م)

4 ـ ئىنسان مەيلى ھايات ياكى ئۆلگەن بولسۇن، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ھىمايە قىلىنىدۇ. (4 ـ م)

5 ـ ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر، توي قىلىش ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر، ئەر ۋە ئاياللىڭ توي قىلىش ھوقۇقى سابىتتۇر، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئائىلە قۇرۇش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇشى ۋە ئائىلىنى ھىمايە قىلىشى لازىم.(5 ـ م)

6 ـ ئاياللار ئىززەت ـ ئابرۇي، ھوقۇق، شەخسىيەت ۋە مۇستەقىل مەسئۇلىيەتتە ئەر بىلەن باراۋەر، نەپىقە قىلىش ئەرنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ.(6 ـ م)

7 ـ بوۋاقنى بېقىش، تەربىيىلەش ۋە ئاسراش ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەقلىرىنىڭ سابىت بولۇشى بىلەن بىرگە بۇۋاقلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇلارنى تەربىيىلەش دادىنىڭ مەجبۇرىيىتى.(7 ـ م)

8 ـ ئىنسان شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىدۇ، سالاھىيىتى يوقالغاندا ۋەلىسى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.(8 ـ م)

9 ـ ئىلىم ئۆگىنىش پەرز، ئۆگىتىش ۋاجىپتۇر، دىنىي ۋە دۇنياۋى تەلىمنى ئوخشاش ئېلىپ بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.(9 ـ م)

10 ـ دىنىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاش يوق. (10ـ م)

11 ـ ئىنسانلار ھۆر تۇغۇلىدۇ، خەلقنى قۇل قىلىش، مەجبۇرلاش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئۇلارنى بېسىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ، ھەر مىللەت ئۆز شەخسىيىتىنى قوغداشتا

هوقۇقلۇق، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە بايلىقىنى باشقۇرۇش ئۇنىڭ هوقۇقى.(11 - م)

12 ـ سەپەر قىلىش، تۇرىدىغان جايىنى تاللاش ئەركىنلىكى، باش پاناهلىق تەلەپ قىلىش هوقۇقى بار ۋە جىنايەت بولمىغاندا ئۇنى ئەمىن يەرگە يەتكۈزۈپ قويۇش لازىم.(12- م)

13 ـ هەر بىر ئىنساننىڭ ئىشلەش هوقۇقى بار، بۇنىڭغا دۆلەت كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئادىل ئىش هەققى بىلەن ئۆزىگە لايىق ئىش تاللاش ئەركىنلىكى، مائاشلىق تەتىل قىلىش، قوشۇمچە ئىشلەش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش هوقۇقى بار، ئىشچىلار بىلەن ئىش ئىگىلىرى ئارىسىدا زۇلۇم ۋە جېدەل يۈز بەرسە ئۇنى هەل قىلىش دۆلەتنىڭ هەققىدۇر.(13 ـ م)

14 ـ كىشىنىڭ باشقىلارغا زىيان سالماستىن قانۇنلۇق يول بىلەن كەسىپ قىلىش هوقۇقى بار، رىبا (جازانە) مەنئى قىلىنىدۇ. (14 ـ م)

15 ـ هەر بىر ئىنساننىڭ مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش هوقۇقى بار، ئىنسانلار باشقىلارغا زىيان سالماستىن ئۆز مۈلكىدىن پايدىلىنىدۇ، ئىنسانلارنىڭ مال ـ مۈلكى پەقەت زۆرۈرىيەت بولغاندا ئادىل بەدەل تۆلەپ قولىدىن ئېلىنىدۇ، قانۇنلۇق سەۋەب بولماستىن ماللارنى مۇسادىرە قىلىش ۋە يىغىۋېلىش هارام قىلىنىدۇ (15- م)

16 ـ هەر بىر ئادەمنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىدىن پايدىلىنىش هوقۇقى، شەرىئەتكە زىت كەلمەيدىغان بولسا، ئۇنى هىمايە قىلىش هوقۇقى بار.(16 ـ م)

17 ـ هەر بىر ئىنساننىڭ ۋابا ۋە بۇزۇقچىلىق بولغان مۇهىتتىن يىراق ۋە پاك بىر مۇهىتتا ياشاش هوقۇقى بار، ئۇنىڭ سەهىيە ۋە ئىجتىمائىي قوغدىنىش هوقۇقى بار، دۆلەتنىڭ بۇ هوقۇقلارنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەسلى هاجەتلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.(17 ـ م)

18 ـ ئىنسان ئۆز جېنىغا، دىنىغا، ئائىلىسىگە، ئىپپەت ـ نومۇسىغا، ۋە مېلىغا تاجاۋۇز قىلىنىشتىن خاتىرجەم ياشاش، شەخسىي هاياتىدا مۇستەقىل بولۇش هوقۇقىغا ئىگە، جاسۇسلۇق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئابرۇيىغا تېگىش مەنئى قىلىنىدۇ، ئۆيىنىڭ هۆرمىتىنى ساقلاش لازىم، ئۆيىنى مۇسادىرە قىلىش ياكى ئائىلىنى قوغلاش مەنئى قىلىنىدۇ.(18 ـ م)

19 ـ ئىنسانلار سوت ئالدىدا باراۋەردۇر، ھەممە كىشىنىڭ ھوقۇقى ۋە شەخسى مەسئۇلىيىتى كاپالەت ئاستىدا بولىدۇ، شەرئى ھۆكۈمسىز جىنايەت ۋە جازا يوق، جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشى جىنايىتى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىز ھېسابلىنىدۇ، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. (19 ـ م)

20 ـ قولغا ئېلىش، ئەركىنلىكىنى چەكلەش، سۈرگۈن قىلىش، جازالاش پەقەت شەرئەت ھۆكمى بىلەنلا بولىدۇ، ئىنساننىڭ ھۆرمىتىگە زىت كېلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن قيىناش جائىز ئەمەس، ئۆز رازىلىقىسىز تىببىي ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. ئۇنى راۋا كۆرىدىغان قانۇنلارغا ئەمەل قىلىنمايدۇ.(20 ـ م)

21 ـ ئىنساننى گۆرۈگە ئېلىشقا بولمايدۇ. (21 ـ م)

22 ـ ئىنساننىڭ شەرئەت ئاساسىغا زىت كەلمەيدىغان ھالدا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بار، شەرئەت قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ يامان ئىشلاردىن توسۇش ھوقۇقى بار، تەشۋىقات ھەممە كىشى ئۈچۈن زۆرۈر، ئۇنى يامان غەرەزدە قوللىنىش، پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇقەددەس نەرسىلەرگە ھۇجۇم قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، جەمئىيەتتە ئىغۋا تارقىتىپ پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش مەنئى قىلىنىدۇ، مىللەتچىلىك ۋە مەزھەبچىلىكنى قوزغاپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.(22 ـ م)

23 ـ مەنسەپ ئامانەت بولۇپ، كىشلەرنى ئېزىش قورالى ئەمەس، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاممىۋى ئىشلارغا ۋە خىزمەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى بار.(23 ـ م)

24ـ پۈتۈن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر ئىسلام شەرئىتىنىڭ ھۆكۈملىرىگە باغلىق.(24 ـ م)

25 ـ بۇ بايانىنامىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاش ئۈچۈن بىردىنبىر مەنبە ئىسلام شەرئىتىدۇر. (25 ـ م)

كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىسلامىي بايانىنامىنىڭ تولۇق تېكىستىنى بېرىمىز، ئىنشائاللاھ!

## دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى بىلەن ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق باياننامىلىرىنى سېلىشتۇرۇش

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى 1948 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا چىقىرىلغان. ئۇ ئەينى زاماندىكى ئەھۋال ۋە ۋەزىيەتلەردىن تەسىرلەنگەن، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ تېكىستىدىن ئۆزلەندى ئېلىنغان. لېكىن ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئېلان قىلىنىپ قىرىق يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىغا ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە تايىنىدۇ. ئىككى باياننامىنى سېلىشتۇرۇش، ئىككىسىنىڭ بىرلىشىدىغان نۇقتىلىرى بىلەن، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغان يەرلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بولىدۇ.

### بىرىنچى ئىككى باياننامە ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش نۇقتىلار

ئۇ نۇقتىلار كۆپتۇر. ئىسلامىي باياننامىنىڭ تەبىردە، تەرتىپتە ۋە شەرىئەت ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسلاردىن ئېلىشتا دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئوچۇق، ئۇلار:

1 ـ ئىنسان ئىنسانلىق ئىززەت ـ ئابرۇيدا باراۋەردۇر. (دۇنياۋى باياننامە 1 ـ ماددا، ئىسلامىي باياننامە 1 ـ ماددا)

2 ـ شەرىئەت ۋە قانۇن ئالدىدا ھوقۇقلاردىن پايدىلىنىشتا پۈتۈن ئىنسانلار باراۋەر. (بۇ ھەر ئىككى باياننامىنىڭ بىر قانچە ماددىسىدا مەۋجۇد)

3 ـ ھايات ھوقۇقى ۋە بوۋاقنىڭ ھوقۇقى.( دۇنياۋى باياننامە:3، 7، 8، 10ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 2 ـ م)

4 ـ ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئىنساننىڭ ئىززەت ۋە ئابرۇيىنى ساقلاش ھوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 22 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 2 ـ م)

5 ـ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 16ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 5 ـ م)

6 ـ ئايالنىڭ ھۆرمەتتە، شەخسىيەتتە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقتا ئەر بىلەن باراۋەرلىك ھوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 16ـ م ۋە باشقىلار، ئىسلامىي باياننامە: 6ـ م ۋە باشقىلار.)

7 ـ بوۋاقنىڭ ماددىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ھوقۇقى.(د. ب: 25 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 7 ـ م)

8 ـ ئانىلارنىڭ ھوقۇقى.( دۇنياۋى باياننامە: 25 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 7ـ م)

9 ـ تەربىيە تۇرىنى تاللاش ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋە تەربىيچىلەرنىڭ ھوقۇقى.( دۇنياۋى باياننامە: 26 ـ م ئىسلامىي باياننامە: 7 ـ م)

10 ـ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر جەھەتتىكى سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى.( دۇنياۋى باياننامە: بىر قانچە ماددىدا، ئىسلامىي باياننامە: 8 ـ م)

11 ـ ئىنسانىنىڭ مۇكەممەل تەلىم ئېلىش ھوقۇقى.( دۇنياۋى باياننامە: 26 ـ م ئىسلامىي باياننامە: 9ـ م)

12 ـ ئەركىنلىك ھوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 4 ـ م، ئىسلامىي باياننامە:11 ـ م)

13 ـ سەپەر قىلىش ۋە باش پاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 13، 14 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 12 ـ م)

14ـ ئىشلەش، ئىش تۇرىنى تاللاش ۋە سالامەتلىك ھوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 23، 24، 25ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 13ـ م)

15 ـ ئىگىلىك ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈكنى تارتىۋېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، مۇسادىرە قىلىشنى ھارام قىلىش.(دۇنياۋى باياننامە: 17ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 15 ـ م)

16 ـ ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 27 ـ م ئىسلامىي باياننامە: 17 ـ م)

17 ـ ئىنسانىنىڭ پاك، ئەخلاقلىق مۇھىتتا ياشاش ھوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 29 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 17 ـ م)

18 ـ شەخسنىڭ سەھىيە ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ھوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 25 ـ م ئىسلامىي باياننامە: 17ـ م)

19 ـ ھەر بىر ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ھاللاردا پاراۋان ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىش ھوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 25 ـ م ئىسلامىي باياننامە: 17 ـ م)

20 ـ شەخسىي، دىنىي، ئائىلىۋىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىپپەت ھەققىدە دەخلى ـ تەرۇزسىز ياشاش ھوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 3، 12، 22 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 18 ـ م)

21 ـ ئۆيدە، ئائىلىدە، مالدا ۋە خەت ـ ئالاقىدە مۇستەقىل بولۇش هوقۇقى.(د. ب: 12ـ م ئىسلامىي باياننامە: 18ـ م)

22 ـ ئۆينىڭ هۆرمىتىنى ساقلاش.(دۇنياۋى باياننامە: 12ـ م، ئىسلامىي باياننامە:18 ـ م)

23 ـ مەھكىمىگە ئەرز قىلىش هوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 8، 10 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 19ـ م)

24 ـ ئەسلىدە گۇناھسىزلىقىدىن پايدىلىنىش هوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 11 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 19ـم)

25 ـ ئومۇمىي تەسەررۇپاتلاردا ئەركىنلىك هوقۇقى، ئۇنى قەيت قىلىشتىن مەنئى قىلىش، قىيناشنى مەنئى قىلىش، ئىنسانىي شەخسىيەتنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ئىشنى مەنئى قىلىش ۋە ئىنساننى گۆرۈگە ئېلىشتىن توسۇش. (دۇنياۋى باياننامە: 5، 9، 11، 14 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 20، 21 ـ م)

26 ـ پىكىر قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى هوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 18، 19، 27 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 22 ـ م)

27 ـ ھەر بىر شەخسنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىش هوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە:21، 28 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 23 ـ م)

28 ـ خاتىرجەم، ئەركىن ياشاش هوقۇقى ۋە ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن ئەندىشىگە چۈشمەسلىك. (دۇنياۋى باياننامە: 18، 19ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 10ـ م ۋە تەپسىلاتى)

29 ـ تىنچ يول بىلەن توپلىنىش ۋە جەمئىيەت تەشكىللەش هوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 20 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 23 ـ م)

30 ـ ئۇيۇشما ۋە بىرلەشمىلەرگە قاتنىشىش هوقۇقى.(دۇنياۋى باياننامە: 23 ـ م، ئىسلامىي باياننامە: 23 ـ م ئومۇمەن)

31 ـ دەم ئېلىش ۋە تەتىلدىن پايدىلىنىش هوقۇقى. (دۇنياۋى باياننامە: 24 ـ م ئىسلامىي باياننامە: 13 ـ م)

## ئىككىنچى  دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىلىرى

1 ـ گىراژدانلىق ھوقۇقى. (دۇنياۋى بايانىنامە: 15 ـ م)

2 ـ بىرلەشمە ۋە كومىتېت تەشكىللاتلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقى.(دۇنياۋى بايانىنامە: 23 ـ م) بۇ ئىسلامىي بايانىنامىدە ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىندى.

## ئۈچىنچى  ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىلىرى

1 ـ ئەقىدە ۋە ئەمەلدىن قولغا كەلگەن ئىززەت ۋە ئەۋزەللىك ھوقۇقى.(ئىسلامىي بايانىنامە: 1 ـ م 1 ـ بۆلۈم)، بۇ دۇنياۋى بايانىنامىدە بىر قانچە ماددىدا ئومۇمىي شەكىلدە قەيت قىلىندى.

2 ـ ئىنساننى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھارامىلىقى.(ئىسلامىي بايانىنامە: 2 ـ م 2 ـ ب)

3 ـ ئۇرۇش جەريانىدا قېرى، كىچىك بالا، ئايال قاتارلىق گۇناھسىز شەخسلەرنى قوغداش ھوقۇقى، يارىدارلارنى داۋالاش، ئەسىرلەرنى قوغداش ھوقۇقى ۋە ئۆلۈكلەرنى پارچىلاشنىڭ ھاراملىقى. (ئى. ب: 3ـم) دۇنياۋى بايانىنامىدە بۇ ماددا يوق. لېكىن خەلقئارالىق كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەردە بەزى ماددىلار قوشۇلدى. مەسىلەن، جەنۋە كېلىشىمى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى، مەدەنىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلار توغرىسىدا تۈزۈلگەن خەلقئارالىق كېلىشىم قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

4 ـ ئۇرۇش جەريانىدا زىرائەتلەرنى بۇزۇپ چاچماسلىق، ۋەيران قىلماسلىق، ئۆيلەرگە ئوت  قويماسلىق توغرىسىدا ئىنسانىي ھەقلەر. (ئىسلامىي بايانىنامە: 3 ـ م 2 ـ ب)

5 ـ ئائىلىنىڭ چىقىمىنى ئەر تەرەپتىن ئېلىش ھوقۇقى.(ئىسلامىي بايانىنامە: 6 ـ م 2 ـ ب)

6 ـ قورساقتىكى بوۋاقنىڭ ھوقۇقى.(ئىسلامىي بايانىنامە: 7 ـ م 1 ـ ب)

7 ـ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ باللار ئۈستىدىكى ھەققى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ھەقلىرى.(ئى. ب:7 ـ م 3 ـ ب)

8   ـ شەخسنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى تەربىيەدىكى ھوقۇقىنى تەكىتلەش ۋە كېڭەيتىش.(ئىسلامىي بايانىنامە: 9 ـ م) بۇ دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق بايانىنامىسىدە ئىسلامىي بايانىنامىدىن قىسقىراق زىكىر قىلىندى.

9 ـ ئىستىبلاچىلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات بولۇش ۋە مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقى. (ئىسلامىي بايانىنامە: 11 ـ م) بۇ دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق بايانىنامىسىدە باشقا شەكىلدە تىلغا ئېلىنىدى.

10 ـ شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە كەسىپ قىلىش ھوقۇقى ۋە ئۆزسۇمنى مەنئى قىلىش.(ئىسلامىي بايانىنامە: 14ـ م)

11 ـ ياخشىلىققا چاقىرىش، يامانلىقتىن توسۇش ھوقۇقى.(ئىسلامىي بايانىنامە: 22 ـ م)

12 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ مۇقەددەس نەرسىلىرىنى ئاياغ ئاستى بولۇشتىن ھىمايە قىلىش، گۈزەل ئەخلاقىقا دەخلى يەتكۈزۈشنى مەنئى قىلىش ھوقۇقى ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلماسلىق.(ئىسلامىي بايانىنامە: 22 ـ م)

بۇ ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇشىدۇر، بەزى خەلقئارالىق كېلىشىملەر، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارلىرى ۋە قوشۇمچە ئىبلانلار ئىسلامىي بايانىنامىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنى ئىككىنچى بابتا تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

# تۆتىنچى پەسىل

# كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىرى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، كىشىلىك ھوقۇق چاقىرىقلىرى تارىخىي باسقۇچلاردا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئىسلامدا شەرئىي دەلىللەر بىلەن نامايان بولدى. «كىشىلىك ھوقۇق ئەسرى» نامى بېرىلگەن ئون سەككىزىنچى ئەسىردە كىشىلىك ھوقۇق پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن ئاشكارا بولدى.

لېكىن بۇ چاقىرىقلارنىڭ مەنبەئى بولغان ئاساسلار پەلسەپىۋى، قانۇنىي ۋە ئىسلام دەۋىتى جەھەتتىن بىر - بىرىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسىنىڭ مۇقەددىمىسى بەزى مەسىلىلەرنى بايان قىلدى. ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسى باشقا بىرقانچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## بىرىنچى  كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پەلسەپىۋى ۋە پىكرى ئاساسلىرى

كىشىلىك ھوقۇققا چاقىرغان پىكىرلەر، نەزەرىيىلەر ۋە قائىدىلەر خىلمۇ خىل بولۇپ، ئون سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ مابەينىدە ئىككى خىل قارىمۇ قارشى پىكىر ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇلار:

### 1 ـ ئادالەت

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسى ئادالەتتۇر. ئادالەت ئىنساننى ئەركىن قويۇپ بەرگەندە، ئۇنىڭدىن سادىر بولىدىغان زۇلۇمغا زىت كېلىدۇ. ئىنسان باشقىسى بىلەن ئادىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەينى زاماندا ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە مەدەنىي مەخلۇقتۇر، ئۇ ئۆزى يالغۇز ياشىيالمايدۇ. بۇنىڭدىن دۆلەتنىڭ ئەھمىيىتى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەخسلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشنىڭ ۋاجىپلىقى مەلۇم بولىدۇ. دۆلەت شەخسلەر ئۈستىدە مۇتلەق ھاكىمىيەتكە ئىگە، ئۇ مەنپەئەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى قوغداشقا قاراپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت

بەلگىلەيدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ، كېرەك بولغاندا مەجبۇرلايدۇ ۋە ئىنسانلارنى قۇل قىلىشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ.

### 2 ـ ئەركىنلىك

تەبىئىي ھوقۇق ئىگىلىرى ياكى ھوقۇقلارنى ئىنسانلارنىڭ قولىغا بېرىدىغان ئىلاھىي ھەق ساھىبلىرى بۇ نەزەرىيەگە چاقىرىدۇ. بۇ نەزەرىيەگە كۆرە، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى شەخسلەردۇر. شەخسلەر تەبىئەتنىڭ ياكى ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تەبىئىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىدۇ. دۆلەت قۇرۇلغاندا ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقلارغا ھۆرمەت قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ ۋە شەخسلەرنىڭ ھوقۇقنى چەكلىمىگە ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ھەقلەر چەكلىمىگە ئۇچرىسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىي شەخسىيىتىنى ھېس قىلالمايدۇ، بەلكى ئۇ دۆلەتكە بويسۇندۇرۇلغان جانسىز سايمانغا ئايلىنىدۇ، دۆلەت ئۆز نۆۋىتىدە زۇلۇم قىلىدۇ ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىستىبدات، قۇل قىلىش ۋە بېسىمدارلىق يۈز بېرىدۇ.

ئادالەت بىلەن ئەركىنلىك ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش پەيدا بولدى. ھەر بىرىنىڭ پىكىر ۋە خىيالدىكى ئاساسىي نەزەرىيە بىر ۋادىدا، ئەمەلىي رېئاللىق باشقا بىر ۋادىدا بولدى. ئادالەت ۋە ئەركىنلىك نامى بىلەن كىشىلىك ھوقۇققا قارشى نۇرغۇن جىنايەتلەر ئىشلەندى. ئەركىنلىك نامى بىلەن قانچىلىك خەلق ۋە دۆلەتلەر مۇستەملىكە قىلىندى. ھەتتا مادام رولاننىڭ: «ئى ئەركىنلىك! ئى ئەركىنلىك! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن قانچىلىك جىنايەتلەر ئىشلەندى» دېگەن سۆزى دۇنياغا مەشھۇر بولدى.

### 3 ـ ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسى

ياۋروپادىكى پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسى ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسىگە تايىنىدۇ، بۇنەزەرىيەگە ھوبىز، لوك چاقىرغان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنى جان جاك روسسو تۈزگەن.

ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسى مۇنداق خۇلاسىلىنىدۇ: بۇ يەردە ھاكىمىيەت بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى ھاكىم بىلەن مەھكۇملار ئوتتۇرىسىدا يېزىلمىغان كېلىشىم ۋە ئىككىلىك ئىتتىپاق بار. ئۇ ئىتتىپاقنىڭ تەقەززاسى بويىچە شەخسلەر ھاكىمنىڭ

ھاكىمىيەتكە چىقىپ قانۇنلۇق جەمئىيەت ئىچىدە شەخسلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن بەزى ھەقلىرىنى ھاكىمغا قويۇپ بېرىدۇ. ھاكىم ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى بىلىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئىشلارنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى بىلىدۇ.

بۇ نەزەرىيەنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىشتا ئىختىلاپلاشتى، ھوببېزنىڭ قارىشىچە، ھاكىم بۇ كېلىشىمدە مۇتلەق ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھوقۇقىدىن چۈشۈپ بېرىدۇ. قانۇنلارنى چىقىرىش، جازالارنى ئىمزالاش، ھۆكۈم ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، دىنىي ۋە باشقا پۈتۈن ئىدىيىلەر ۋە پىكىرلەرنى كۆزىتىش قاتارلىق ئىشلاردا ھاكىمنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى بار. ئۇندىن كېيىن ھوببېز ئىنساننىڭ ھاياتى خەتەرگە دۇچ كەلسە، ھاكىمغا قارشى چىقىش ۋە ئىسيان كۆتۈرۈش ئارقىلىق كېلىشىمنى بۇزۇش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ قارىشى ھاكىمنىڭ جازالاش ھوقۇقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ جازانىڭ ئىچىدە ئۆلۈم جازاسى بار.

لوكنىڭ قارىشى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىجتىمائىي كېلىشىم شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ تەبىئىي ھاياتتىن جەمئىيەت ھاياتىغا ئۆتۈش كېلىشىمىدۇر. ھۆكۈمەت كېلىشىم ۋە قانۇننى يۈرگۈزىدىغان كۆپچىلىكنىڭ سايلىشى بىلەن قۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت مۇستەبىتلىك قىلسا شەخسلەرنىڭ ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش ھوقۇقى بار. شۇنىڭدەك، ھاكىمىيەت يولدىن چىققاندا شەخسلەرنىڭ زوراۋانلىققا ۋە مۇستەبىتلىككە قارشى كۆرەش قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. چۈنكى ھۆكۈمەت شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرى چىقارغان قانۇنلارغا باغلىق بولۇشى كېرەك.

رۇسسونىڭ قارىشىچە، كېلىشىم تەرەپلىرى تامامەن ئوخشاش. ئۇلار ھاكىم ۋە مەھكۇملاردۇر. پۈتۈن ئىنسانلار شەخسلەر پەيدا قىلغان جامائەتكە ئۆز ھوقۇقلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئىجتىمائىي نىزام مۇقەددەس ھوقۇق بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ھوقۇقلارنىڭ ئاساسىدۇر. شەخسلەر، ئىمتىياز ساھىبلىرى ۋە ھاكىمىيەت ھەممىسى بۆلۈنمەيدىغان بىر گەۋدىنى تەمسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت قانۇنىدا شەخسلەرنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا بولمايدۇ.

## ئىككىنچى  دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىرى

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ ھوقۇق ۋە ئۇنى قانۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولغان ئاساسلار بىلدۈرۈلگەن. ئۇلار ھەقىقەتتە خىيالى نەزەرىيە پەلسەپىسىگە ئوخشاش بولۇپ، رېئال ھاياتقا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ مۇقەددىمە تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

ئىنسانلار ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ تۇغما ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، بۇ ھوقۇقلارنى رەت قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى قوزغايدىغان ۋەھشىيلەرچە قىلمىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، سۆز ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوموملاشقان يېڭى بىر دۇنياغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئىنسانلارنى ئىستىبدات ۋە ئېزىلىشكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلماسلىق ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىدىغان قانۇنلارنى چىقىرىشقا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى، ئىنساننىڭ ئاساسى ھوقۇقلىرىغا، غۇرۇر ۋە ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىگە، ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكىگە، دۆلەتلەر ۋە خەلق ئارىسىدا ھەمكارلىششنىڭ زۆرۈرلۈكىگە، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشنى قوللايدىغان ئىرادىسىگە، ئۆز ئارا چۈشىنىشىشكە، ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقلارنى ئومۇمىي ئىدراك قىلىشقا ئىشىنىش، بۇلارنىڭ ھەممىگە تولۇق ۋاپا قىلىشقا بولغان ئېھتىياج، بۇ تۈرتكە ۋە ئاساسلار سەۋەبى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنى بۇ باياننامىنى جاكارلايدۇ.

## ئۈچىنچى  كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىسلامىي ئاساسلىرى

ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدە ئوچۇق بايان قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە، باشقا بىر نەچچە مۇناسىۋەتلەردە ۋە نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئېلان قىلدى.

مەن: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىسلامدىكى ئاساسى ‹ئاللاھ تەئالانىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلىشى›نىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ» دەپ قارايمەن. بۇنى بىز بىرىنچى پەسىلدە

بايان قىلدۇق. ئاللاھ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىدى، ئۇنى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلدى، ئاسمان - زېمىندا بولغان بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا ئەمرى قىلدى، ئۇنىڭغا ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلدى، ئۇنى ھەق ئەقىدىگە، توغرا كۆز قاراشقا، ئادالەتلىك مۇئامىلىلەرگە ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا باراۋەرلىككە يېتەكلەيدىغان پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتى، ئىسلام ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلارنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈملەرنى بەلگىلىدى، مۇسۇلمانلارنى ئۇ ھۆكۈملەرگە بويسۇنۇشقا، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقىپ كەتمەسلىككە ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ». (سۈرە نىسا 13، 14- ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار.» (سۈرە بەقەرە 178 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر.» (سۈرە بەقەرەە 229 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

قانۇنلار بولسا ھوقۇقلار بىلەن مەجبۇرىيەتلەر، ئەمر بىلەن نەھىيلەر، ھەق بىلەن باتىل، ئادالەت بىلەن زۇلۇم، ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان چېگرالاردۇر. تەتبىقلاشنى تەلەپ قىلغان ھۆكۈملەر ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەت ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن: «ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسى، ئىسلام ئورۇنلاشتۇرغان قانۇن ۋە ھۆكۈملەردۇر» دەپ قارايمىز. بۇ ھوقۇقلار ئالەملەرنىڭ

پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن پۈتۈن ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان ھىدايەت، نۇرلۇق چىراغ ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوقۇقنى «شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن مەنپەئەت» دەپ ئىزاھلىدۇق.

بەزىدە ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسىغا: «ئىنساننى، كائىناتنى ۋە ھاياتنى توغرا، ئىسلامي تەسەۋۋۇر قىلىش» دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇردىن ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسان ئۈستىدىكى ھەقلىرى، ئىنساننىڭ ھاياتتىكى ھوقۇقى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن كائىناتتىكى ھوقۇقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شۇنىڭدەك، يەنە بەزىدە ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق: «ئاللاھ تەئالاغا قۇللۇق پرىنسىپى»، باشقا بىر ئىبارە بىلەن: «ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۈستىگە ياراتقان تەبىئەت» دەپ تونۇتۇلىدۇ. ئىسلام بولسا تەبىئەت دىنى، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھامىيسى ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلغۇچىدۇر. ھەر بىر ئادەم بۇ ھوقۇقلارنى ئۆزى ئۈچۈن رىئايە قىلغاندەك باشقىلار ئۈچۈنمۇ رىئايە قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن بۇ ھوقۇقلار مەيلى شەخس، مەيلى جامائەت بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەلىپى بولىدۇ.

ئاللاھنى پەرۋەردىگار ۋە يالغۇز مەبۇد دەپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشى، بارلىق بەندىلەرنىڭ ھەققىنى ھەقىقىي ئىدراك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ كۆرۈنۈشى، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ دەلىلى ۋە بىرلىكىنىڭ نىشانىسىدۇر. ئاللاھقا توغرا ئىبادەت قىلىش بىلەن پۈتۈن ئىنسانلار باراۋەر بولىدۇ. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئىنسان، ئىنسان ئالدىدا خار بولىدىغان پۈتۈن قۇللۇق كىشەنلىرىدىن ئازات بولىدۇ. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا ئىسلام بەلگىلىگەن ھەر تۈرلۈك ھۆرىيەتلەرنىڭ مەنبەئىدۇر.

بەزى مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەسلىدە تەۋھىد ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تەۋھىدنىڭ ئاساسى شهادة أن لا إله إلا الله (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بەرمەك) تىن ئىبارەت كەلىمە شاھادەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئۇ پۈتۈن ھوقۇق ۋە ھۆرىيەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى يەككە - يېگانە بولغان ئاللاھ ئىنسانلارنى ھۆر ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ ھۆر بولۇشىنى خالايدۇ. ئۇلارنى بۇيرۇغان ھەقلەرنى قوغداشقا ۋە ئۇ ھەقنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئۇلارنى ئۇ ھەقلەر يولىدا جىھاد قىلىشقا، ئۇنى مۇداپىئە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا چىقىلىشتىن مەنئى قىلدى. بۇ قۇرئان كەرىمدىكى جىھاد ئايەتلىرىدە بىر قانچە قېتىم تەكرار قىلىنىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ». (سۈرە بەقەرە: 190 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلگەن بىرىنچى ئايەتكە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ ئايەتتە جىھادنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۆلۈم خەۋپىنى يوقىتىش ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىندى». (سۈرە ھەج: 39 ـ ئايەت)

مەن بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر دەپ قارايمەن. ئىسلامدا كىشىلىك ھوقۇق «ئىنسانغا بولغان ئىلاھىي ئىكرام»دىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ بولسا ئىسلامىي تەسەۋۋۇر، ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئاللاھ ئىنساننى ئۈستىگە ياراتقان تەبىئەتنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

دوكتۇر سۈبھى مەھمەسانى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى بارلىق ئاساسى ھوقۇقلارنىڭ مەنبەئىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دەلىلىدۇر.» ئۇندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىي ئىززەت ـ ئابرۇي پۈتۈن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەنبەئى بولغاچقا، ئۇ پۈتۈن قانۇن ۋە دېموكرات دەستۇرلارنىڭ غايىسى، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئالىي ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى بولدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.» ئۇندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ ئاساسى بولغان ئىنسانىي ئىززەت، مۇستەقىل دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكىنىڭمۇ ئاساسىدۇر.»

كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك چىقىرىلغان توختام، باياننامە ۋە خەلقئارالىق كېلىشىملەرنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. 1948 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىنسانلار ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ تۇغما ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ باراۋەر ۋە ئاجرالماس ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، دۇنيادا ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە تىنچلىقنىڭ ئاساسىدۇر.» ئىرق ئايرىمىسىنىڭ پۈتۈن شەكىللىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن

قىلىنغان خەلقئارالىق كېلىشىمدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ توختامنامىسى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تۇغما ئىززەت ـ ئابرۇيى ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.»

1966 ـ يىلى چىقىرىلغان خەلقئارالىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي كېلىشىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«خەلقئارا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەسلى ئىززەت ـ ئابرۇيى ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، بۇ ھوقۇقلارنىڭ ئىنساندىكى تۇغما ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشتۇر.» يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزى «خەلقئارالىق سىياسىي ۋە مەدەنىي كېلىشىم» نىڭ مۇقەددىمىسىدىمۇ قايتا تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ جازا قانۇنلىرىدىمۇ بۇ ئىززەت ـ ئابرۇينى ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلەپ، 10 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر بىر ئىنساننىڭ قانۇن ئالدىدا شەخسىيتىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ھوقۇقى بار.»

## تۆتىنچى ئىسلامىي باياننامىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىرى

ئىسلام باياننامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىر قانچە ئاساسلىرى بايان قىلىنغان، بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1ـ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش (يەنى ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتۈن نېمەتلەرنى بەرگۈچى، ئاللاھنىڭ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئورۇنباسار قىلىش بىلەن ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ئامانەتنى بەرگەن ۋە كائىناتتىكى بارلىق نەرسىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.)

2 ـ ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئالەملەرگە رەھمەت ئىكەنلىكىگە، قۇل قىلىپ ئېزىلگەنلەرنى ئازات قىلىش ۋە تاغۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن، تەقۋادىن باشقا ئىشلاردا باراۋەرلىك دىنى، بىر جاندىن يارىتىلغان ئىنسانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە پەرقلەرنى ئېلىپ تاشلايدىغان دىن بولسۇن ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىش.

3 ـ خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىگە بويسۇنۇش، پۈتۈن ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھقىلا قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىدىن ئازات بولۇش. بۇ بولسا: تەلەپ قىلىنغان ئەركىنلىك، ئىززەت ـ ئابرۇينى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئىنسانىي ئىنسانغا چوقۇنۇشتىن قۇتقۇزىدۇ.

4 ـ دىننى، جاننى، ئەقىلنى، ئىپپەتنى ۋە مالنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدىغان، ئالەمشۇمۇللۇق، ئوتتۇرا ھاللىق ۋە رېئاللىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، روھ بىلەن ماددا ۋە ئەقىل بىلەن دىل ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بىلەن گەۋدىلەنگەن ئىسلامىي قانۇنغا ئېتىقاد قىلىش.

5 ـ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەتتىكى رولى ئىنسانىيەتكە دۇنياۋى سەۋىيەدىكى مەدەنىيەتنى مىراس قالدۇرغان، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئارىسىنى باغلىغان، ئىلىم بىلەن ئىماننىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرگەندۇر، ئۇ بۈگۈنمۇ ھەيرانلىقتا سەرگەردان بولۇپ قالغان ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە زامانىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغۇچ يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى بولماقتا. چۈنكى ئۈممەت ئەڭ باشتا نېمە بىلەن ئىسلاھ قىلىنغان بولسا ئاخىردىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ قىلىنىدۇ.

6 ـ كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش، ئۇنى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقتىن قوغداشنىڭ ئىنسانىي ھەمكارلىق بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

7 ـ مەدەنىيەت ئىمانغا ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغان ۋىجدانغا موھتاجدۇر.

8 ـ ئومۇمىي ئەركىنلىكنىڭ ئاساسى ھەقلىرى ئىسلامنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئۇنى ھېچ بىر كىشى بىكار قىلالمايدۇ. ئۈممەت ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەسئۇلدۇر. ئىسلامىي قۇرۇلتايغا ئەزا دۆلەتلەر بۇنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئېلان قىلىدۇ.

خىتابنامە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن، بولۇپمۇ بۇ ھەقلەرنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرى ۋە ئىسلامدىكى ئەخلاق تۈزۈمى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغانلىقىدىن سۆز قىلمىدى. شۇنىڭدەك، مۇقەددىمە ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل پىكرىنى خاتىرىلىتىپ ئۆتمىدى. چۈنكى ئىسلام تەبىئەت دىنى، بۇ ھوقۇق ۋە ھۆكۈملەر

مۇسۇلمانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. تەبىئەت بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنسان ئارىسىدا پەرقلىق بولمايدۇ.

### كىشىلىك ھوقۇقتا ئىماننىڭ تەسىرى

يۇقىرىدا ئۆتكەن مەلۇماتلاردىن ئاشكارا بولىدۇكى، كىشىلىك ھوقۇق تۆپ يىلتىزىدىن توغرا ئەقىدىگە باغلانغاندۇر. بىرىنچى، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش. ئىككىنچى، ئۇنىڭ چۈشۈرگەن شەرىئىتىگە ئىمان كەلتۈرۈش ھوقۇقلارنىڭ مەنبىئى ۋە ئاساسىدۇر.

كىمكى ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگار، ياراتقۇچى، ئىبادەت قىلىنغۇچى ۋە قانۇن قويغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرسە، ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنى تونۇيدۇ، ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ، قوغدايدۇ، ئۇنى تەرك ئېتىشتىن ساقلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھوقۇقلار بىر ئىلاھىي ئىنئامدۇر ۋە ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە قويغان ئامانەتتۇر. كىمكى ئاللاھنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى دەپ ئىمان كەلتۈرسە، بەندىلەرنىڭ ھوقۇقلىرىدىكى ھەققىنى ئىدراك قىلىدۇ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقى ئىكەنلىكىنى، ھەق ۋە ھوقۇقلاردا باراۋەرلىكىنى، ئىنساننىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنى ئادا قىلىشنى دىنىي ۋاجىپ ۋە شەرئى پەرز ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ۋەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىگە مەيلى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن ياكى زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن، ياردەم قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان.

شۇنىڭدەك، بۇ ئەقىدە ۋە ئىمان مۇسۇلمانغا، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى، رەڭگى ياكى جىنسى ياكى ئىرقى بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى پەرز قىلىدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن يەر يۈزىدىكى باشقا خەلق ۋە مىللەتلەر بىلەن تونۇشۇپ ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىمىدە ئىماننىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئىجرا قىلىشتىكى تەسىرىنى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىپ كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

# ئىككىنچى باب

# كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ پرىنسىپلىرى

كىشىلىك ھوقۇق كۆپتۇر. ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بارلىق نەرسە ئۇنىڭ ھەققىدۇر ۋە باشقىسىنىڭ ئۈستىگە مەجبۇرىيەتتۇر. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ھەق ۋە ھوقۇقلارمۇ كۆپىيىدۇ ۋە مۇرەككەپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن ھەقلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەر تۇغۇلىدۇ. ھاكىملار بىلەن مەھكۇملار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرمۇ كۆپىيىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر- بىرىگە قارشى ھەقلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەر ئورنىتىلىدۇ. دۆلەتلەر، ئۈممەتلەر ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تىنچلىقتا، ئۇرۇشتا، ھەمكارلىقتا ۋە باشقا تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردىكى يېقىن ئالاقىلەر داۋاملىق كۆپەيمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن دۆلەت ۋە ھاكىملارغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھەق ۋە پايدىلار پەيدا بولماقتا. ئۇلار ئەلۋەتتە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا ئەكس ئېتىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇققا تەئەللۇق ھەر تۈرلۈك شەرىئەتلەر، قانۇن - نىزاملار، باياننامىلەر، كېلىشىم ۋە دىپلوماتىك ئالاقىلەر كۆپتۇر. بەزىسى ئومۇمىي ۋە بەزىسى بەزى ھەقلەرگە مەخسۇستۇر. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كۆپلىرىدە ھەق ۋە ھوقۇقلار دۇنيا ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق باياننامىلىرىدە بولغاندەك سىنىپلارغا ئايرىپ رەتلەنمىگەن.

بىز بۇ بابتا مۇمكىنقەدەر بۇ ھوقۇقلارنى تولۇق بايان قىلىشقا تىرىشىمىز. ئۇنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىيمىز ۋە ھەر گۇرۇپپىنى بىر پەسىلدە بايان قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ باب تۆۋەندىكى پەسىللەرگە بۆلۈنىدۇ:

# بىرىنچى پەسىل

# ئاساسىي ھوقۇقلار

كىشىلىك ھوقۇق بۆلۈنمەيدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. لېكىن ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن مۇھىمراق. مۇھىم بولغىنى باشقىلىرىغا ئاساس بولىدۇ. ئۇل ۋە ئاساس يوقالسا، تارماق ۋە بىنا يىقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئاساسىي ھوقۇقلاردىن سۆز قىلىمىز. ئاساسىي ھوقۇقلار بولسا، شەرىئەتتە زۆرۈر مەنپەئەتلەر، خۇسۇسەن دىن ۋە جاننى قوغدايدىغان ھوقۇقلاردۇر. ئۇلاردىن ياشاش ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى، قۇل قىلىنماسلىق، باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارنى بايان قىلىمىز.

**بىرىنچى  ھايات ھوقۇقى**

ھايات ھوقۇقى ئىنساننىڭ بىرىنچى ھوقۇقىدۇر. باشقا ھوقۇقلار ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇد بولۇشى بىلەن باشقا ھوقۇقلار تەتبىق قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تۈگىشى بىلەن بارلىق ھوقۇقلار يوقىلىدۇ.

ھايات ھوقۇقى كۆرۈنۈشتە ئىنساننىڭ ھەققىدۇر. لېكىن ئۇ ھەقىقەتتە ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتى بولۇپ، ئۇنى بەرپا قىلىشتا ئىنساننىڭ ھېچ بىر ئارتۇقچىلىقى يوق. شۇڭا ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش ئىسلام نەزىرىدە جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن بۇ ھوقۇق تارىخ بويىچە دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراپ كەلدى. بەزى قانۇنلار قۇللارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى توغرا كۆردى. شەخسلەرنىڭ ياشاش ۋە ئۆلۈم ھەققىگە ئائىلە باشلىقى ياكى قەبىلە باشلىقى ياكى پادىشاھ - سۇلتانلار ئىگە بولدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە (ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋر) دادىنىڭ قىزىنى تىرىك كۆمۈش ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ھازىرمۇ ئىنسانلارنى تەھدىت قىلماقتا. گۇناھسىز ئىنسانلار ئاساسسىز دەلىللەر، دۈشمەنلىك ۋە زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلمەكتە. قاتىللارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ئەقىلگە سىغمايدۇ ۋە شەرىئەت قوبۇل قىلمايدۇ.

كېيىن زامانىۋى باياناملەر ئېلان قىلىنىپ، ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقىنى تەكىتلىدى. دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىدە بۇ ھوقۇق «ھەر بىر ئادەمنىڭ ياشاش، ئەركىنلىك ۋە شەخسىيىتىنى ساقلاش ھوقۇقى بار» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەكىتلەندى (3 ـ ماددا). مەدەنىي ۋە سىياسىي كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقئارالىق كېلىشىمىدە: «ياشاش ھەر بىر ئىنساننىڭ تەبىئىي ھوقۇقى، قانۇن بۇ ھوقۇقنى ھىمايە قىلىدۇ، ھېچقانداق ئىنساننى خالىغانچە بۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلدى.(6 ـ ماددا 1 ـ بۆلۈم) ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە بۇ ھوقۇقنى ئىسلامىي ئاتالغۇ بىلەن تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھايات ئاللاھنىڭ نېمىتىدۇر، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن كاپالەتكە ئىگە، شەخسلەرنىڭ، جەمئىيەتلەرنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھوقۇقنى ھەر قانداق تاجاۋۇزدىن ھىمايە قىلىشى كېرەك، شەرئى بىر سەۋەب بولماستىن، ھېچقانداق جان يوقىتىلمايدۇ.» (2 ـ ماددا 1 ـ باب)

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئىسلام شەرىئىتى نەزىرىدە ھايات ئاللاھنىڭ بىر نېمىتىدۇر. بۇ بولسا، پۈتۈن شەرىئەت ۋە دىنلار بىرلەشكەن نۇقتىدۇر. ھايات مۇقەددەس ۋە مۆھتەرەم بىر ھەقتۇر، ئۇنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇ سەھىھ ھەدىستىن ئېلىنغاندۇر: «ھەر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئىپپىتى يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر.» بۇ سۆز ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىغا، مېلىغا ۋە ئىپپىتىگە چېقىلىش مۇشۇ ئايدا، مۇشۇ شەھەردە، مۇشۇ ئەرەفات كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق ھارام بولغاندەك ھارامدۇر.» ياشاش ھوقۇقى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن شەرىئەت بىلەن كاپالەتكە ئېلىنغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ھەر تۈرلۈك تاجاۋۇزدىن قوغداپ قېلىش بىرىنچىدىن شەخسلەرنىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچىدىن جەمئىيەتكە، ئۈچىنچىدىن دۆلەتكە ۋاجىپ بولىدۇ. غىزا، تائام، دورا ۋە ئامانلىقنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق بۇ ھوقۇقنى تەمىن قىلىش ۋاجىپتۇر.

بۇ ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرئى ھۆكۈملەر بەلگىلەنگەن:

### 1 ـ ئىنساننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى

ئىنساننىڭ ھاياتىغا چېقىلىش ھارام قىلىنىدۇ. مۇئەييەن ۋە چەكلىك سەۋەبلەردىن باشقا ھېچقانداق بىر سەۋەب بىلەن ئىنساننى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ياشاش ھوقۇقى شەرىئەتنىڭ قەتئىي دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلانغان مۇقەددەس ھەقتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەڭلار.»[1] قۇرئان ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ.»[2] چۈنكى ھايات ئاللاھنىڭ بىر نېمىتى، تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى يالغۇز ئاللاھتۇر.

قۇرئان كەرىم ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى قاتتىق تەھدىت قىلىدۇ، كۇپرى ۋە شېرىكتىن قالسا ئۇنىڭدەك ئېغىر بىر گۇناھ يوقتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ.» (سۈرە نىسا 93 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ سەۋەبتىن (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن) تەۋراتتا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ۋە ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا) ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ.» (سۈرە مائىدە 32 ـ ئايەت)

ئۇندىن كېيىن قۇرئان كەرىم قاتىلغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئۇيغۇن جازانىڭ قىساس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى

---

[1] سۈرە ئەنئام 151 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇرقان 68 ـ ئايەت.

ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار، (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن قىساس يولغا قويۇلدى.» (سۈرە بەقەرە 179 ـ ئايەت)

ھايات ياشاش ھوقۇقىدا بارلىق ئىنسانلار باراۋەر، بۇ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشتا شەرەپلىك كىشى، ئاددىي كىشى، ئالىم، بىلىمسىز، ئەقىللىق، ساراڭ، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، ھۆر، قۇل ۋە مۇسۇلمان، زىممى پەرقلەنمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى بەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق ئەمرى قىلدۇقكى، جانغا جان، كۆزگە كۆز، بۇرۇنغا بۇرۇن، قۇلاققا قۇلاق، چىشقا چىش ۋە كىشىنى قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ.» (سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 178 ـ ئايەت)

ئەمما بىر ئادەم بىر ئادەمنى خاتا ئۆلتۈرۈپ سالغان بولسا، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئورنىغا دىيەت تۆلەش ۋاجىب بولىدۇ. قاتىل دىيەت تۆلىگەنىنىڭ سىرتىدا بىر قۇل ئازات قىلىش ياكى ئۈزۈلدۈرمەستىن ئىككى ئاي روزا تۇتۇش بىلەن كاپارەت بېرىدۇ.

### 2 ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ھاراملىقى

ھايات ئەمەلىيەتتە ئىگىسىنىڭ مۈلكى ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئاللاھتىن بېرىلگەن بىر نېمەت. جان ئىگىسىنىڭ قولىدا ئامانەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىسلامدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەم بۇ دۇنيادا جازادىن قۇتۇلۇپ قالسىمۇ ئاخىرەتتە ئەڭ ئېغىر گۇناھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇ ھەدىس شەرىپتە سابىت بولغاندۇر. ئىمام شافىئى ۋە بەزى ھەنبەلى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مېلىغا كاپارەت ۋاجىپ بولىدۇ.» ئىمام ئەزەم ۋە ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «كاپارەت ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەگەر ئۆزىگە قەست قىلغۇچى ئۆلۈشتىن بۇرۇن تۇتۇۋېلىنسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنغانلىقى ئۈچۈن تەزىر جازاسى بېرىلىدۇ.»

ئىمام شافىئى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشى بۇ دۇنيادا ئۆزىنى قانداق نەرسە بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا، قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.»

### 3 ـ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى

بۇ يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاراملىقىدا پۈتۈن ئالىملار ئىتتىپاقلاشتى. بۇ ئەھۋالدا رۇخسەت بەرگۈچى ۋە رۇخسەت بېرىلگۈچى ھەر ئىككىسىگە جىنايەت سابىت بولىدۇ. چۈنكى تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر كىشىنىڭ ھايات ھوقۇقىدا تەسەررۇپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ يوقىتىلىشىغا رۇخسەت بېرىش ھوقۇقى يوقتۇر.

ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسىنى كېسىشكە رۇخسەت بەرسە، فەقىھلەرنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن قىساس كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرسە، قاتىلغا بېرىلىدىغان جازا ھەققىدە فەقىھلەر ئىختىلاپلاشتى. ھەنەپىلەر ئۇنىڭغا بېرىلگەن رۇخسەتنى جازانى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان شۈبھە دەپ ھېسابلاپ، قاتىل ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا تەزىر جازاسى بېرىلىدۇ دەيدۇ. مالىكىلەر: رۇخسەت شۈبھە ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇ باتىل بولۇپ، جىنايەت ئىشلەشنى دۇرۇس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتىل جىنايەتچى ھېسابلىنىپ قىساسقا ھەقلىق، دەيدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى فىقھى كىتابلىرىدا مەۋجۇدتۇر.

### 4 ـ يەكمۇ يەك ئۇرۇشۇشنىڭ ھاراملىقى

ئۇ بولسا، ھوقۇقىنى ئىسپاتلاش ياكى نومۇس ۋە ئاھانەتنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈشتۇر. بۇنىڭ ھاراملىقى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئېلىنغان: «ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قىلىچ سالسا، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ئىككىلىسى دوزاختا بولىدۇ.» ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆلتۈرۈلگۈچى قانداق دوزاخقا كىرىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئۇمۇ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىس ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

كىمكى بىر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ رەقىبىنى ئۆلتۈرسە، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولۇپ، قىساس ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر جاراھەتلەندۈرۈپ، ئۇ جاراھەت يۈزىدىن ئۆلسە، يەنە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى ئىككىلىسىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى جائىز قىلىدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوقتۇر.

ئۇرۇش ۋە جىھاد قىلىش قوراللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىرىگە ئەزىيەت بېرىشنى مەقسەت قىلماستىن ھەربىي مەشىق قىلىش جائىز بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىش ئالدىدا ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىش جائىز بولىدۇ.

**5 ـ قورساقتىكى بالىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى**

ئۇ، بوۋاققا جان كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئالدۇرۇشتۇر. ئەگەر بالىنى ئالدۇرسا ياكى تاشقى تاجاۋۇز بىلەن چۈشۈرۈلسە غۇررە ۋاجىپ بولىدۇ. غۇررە دىيەتنىڭ يىگىرمىدىن بىرى دېمەكتۇر، (يەنى دىيەت يۈز تۆگە بولسا، غۇررە بەش تۆگە). ئەگەر بوۋاق تىرىك چۈشۈپ كېيىن ئۆلسە، دىيەت تولۇق ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەمما بوۋاقنى جان كىرىشتىن بۇرۇن چۈشۈرۈۋېتىسە بەزى ئالىملار قىرىق كۈن بولماستىن چۈشۈرسە ھايات تولۇقلانمىغانلىقى ئۈچۈن جائىز دەيدۇ. بەزىلىرى ئۇنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھاياتنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۆسۈشنىڭ تاكامۇللىشىشىغا لاياقەتلىك بولغان. بۇ مالىكى ۋە زاھىرىلەرنىڭ قارىشى.

**6 ـ ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى**

ھايات ھوقۇقىنى قوغداش ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتنى ساقلاش ئۈچۈن تاماق يېيىشى، غىزالىنىشى ۋە دورا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ئىنسان ئۆز ھاياتنى ھالاكەتكە ئاتقان بولىدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ بېشىغا ھاياتنى تەھدىت قىلىدىغان بىر مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق كەلسە، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا مەنئى قىلغان نەرسىلەرنى دۇرۇس قىلىپ بېرىدۇ. ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوشقا گۆشى، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ۋە ھاراقنىڭ ھالال بولغىنىدەك، بەلكى بۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش دىن ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ساقلاشتىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، كېسەل

كىشى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن روزا تۇتماسلىقى، نامازنى ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ئوقۇشى جائىز بولىدۇ. يېشى چوڭىيىپ قالغان ۋە كېسەل كىشىنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش ۋە ھاياتىنى ھالاكەتكە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىسىنىڭ ھەج قىلىشى جائىز بولىدۇ.

### 7 ـ ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى

ياشاش ھوقۇقى ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. چۈنكى ئىنسان بىر بەدەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىغا يۈكسىلىدىغان روھ ۋە شەيئىلەرنى توغرا ئۆلچەيدىغان ئەقىل بار. ئىنسان خارلىق ۋە ناچار ياشاش بىلەن ھايات ھوقۇقىدىن پايدىلانغان بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ۋە كىشىلىكىنى بىلىشتىن ئىبارەت ماددىي ھېسسىياتى بىلەن غۇرۇرى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىغا بويسۇنۇشتىن ئەگمەسلىكتىن ئىبارەت مەنىۋى ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە بار. مەخلۇقنىڭ مەخلۇققا چوقۇنۇپ قۇل بولۇشى ئىنساننىڭ شەرىپىنى چۈشۈرىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئىنساننى ھۆرمەتلىك ياراتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى كارامەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.» (سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى» (سۈرە غافىر 64 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق» (سۈرە تىن 4 ـ ئايەت)

ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا بولغان بارلىق نەرسىنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئىنساننى ھۆرمەتلىدى. ئىنسانغا شەرىئەت ھۆكمىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شەننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنى خارلىقتىن يىراقلاشتۇردى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بىر جىنازىغا ئورنىدىن تۇرغانلىقى ۋە يېنىدىكىلەرنىڭ: «ئۇ بىر يەھۇدىنىڭ جىنازىسى» دېگەن سۆزىگە: «ئۇ ئىنسان ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش ھارام قىلىنغان. كىمكى بۇنداق بىر ئىش قىلسا جازالىنىدۇ. ئىسلام تارىخىدا بۇنىڭ مىساللىرى كۆپتۇر. مەسىلەن: غەسسان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جەبلە ئىبنى ئەيھەم بىر ئەرابىنى بىر تەستەك ئۇرغان، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كېلىپ شىكايەت قىلغاندا، ئۆمەر ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭدەك، ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىر مىسىرلىق بالىنى ئۇرغان ۋە: «مەن ئۇلۇغلارنىڭ بالىسى» دېگەن. تاياق يېگەن بالا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ خارلانغانلىقىدىن شىكايەت قىلغاندا، ئۆمەر ئەمر ئىبنى ئاسنى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن مەدىنىگە چاقىرىپ ئەكېلىپ، مىسىرلىق بالىنىڭ قىساس ئېلىۋېلىشىنى بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «دەررىنى قولۇڭغا ئېلىپ ئۇلۇغلارنىڭ ئوغلىنى ئۇرغىن.» بالا ئەمرىنىڭ بالىسىنى ئۇرغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئەمرگە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان بىر سۆز سۆزلىگەن: «ئانىلىرى ھۆر تۇغقان ئىنسانلارنى قاچاندىن بېرى قۇل قىلىۋالدىڭلار؟!»

### 8 ـ ئىنسانلارنى يوقىتىشنىڭ ھاراملىقى

ئىككى قەبىلە ياكى ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىقىدۇ، ياكى دۆلەتلەر توپلىشىپ بىر ئۈممەت ياكى خەلققە قارشى ئۇرۇش ئاچىدۇ. بۇ بۇرۇندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بولۇۋاتقان بىر ھەقىقەت. ئۇرۇشقۇچىلار ئىككىنچى تەرەپنى تامامەن يوقىتىش ۋە ھاياتىنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىدە ئىنسانلارنى بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، بولۇپمۇ زامانىمىزدا ئاتوم بومبىلىرىغا ئوخشاش پۈتۈن ئىنسانلارنى يوقىتىدىغان، بومباردىمان قىلىدىغان زامانىۋى قوراللار تەرەققىي قىلغان ۋاقىتتا ئىنسانلارنى يوقىتىشتەك ئېغىر جىنايەت ئىشلەشتىن ئاگاھلاندۇردى.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە: «ئىنسانلارنى يوقىتىدىغان قوراللارنى ئىشلىتىش ھارام قىلىنىدۇ» دېيىلگەن. بۇ مەيلى كۆللى بولسۇن، مەيلى جۈزئى بولسۇن ئوخشاش.

بۇنىڭغا ئاساسەن كۆپىنچە ئالىملار تۇغۇت چەكلەش، نەسلىنى يوقىتىش ھارام، پەقەت ئائىلە پىلانلىمىسلا جائىز دەپ قارايدۇ.

## 9 ـ ئۆلۈكلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش

ئىسلامنىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلىشى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىغىلا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىدۇ. ئىسلام ئىنسانغا ھاياتىدا ۋە ئۆلۈمىدە ھۆرمەت ۋە ئىكرام قىلىدۇ. ئىسلام ئۆلۈكنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان، جەمئىيەت، ئۈممەت ۋە دۆلەتكە ئۆلۈكنىڭ جەسىتىنى ھىمايە قىلىشنى ۋە ئۇنى دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن يەرلىكىدە قويۇشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشنى مەنئى قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۆلۈكنىڭ بىر ئەزاسىنى كېسىپ باشقا بىر نەرسىگە ئوخشىتىشنى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۇرۇش مەيدانىدىكى دۈشمەن ئەسكىرىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەزاسىنى كېسىشنى قەتئىي توسۇپ مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈكنىڭ ئۇستىخىنىنى كېسىش ھايات ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىنى كەسكەنگە ئوخشاش گۇناھتۇر.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھايات كىشىنىڭ ۋە ئۆلۈكنىڭ يوتىسىغا قارىمىغىن.»

ئۇندىن كېيىن ئىسلام ئۆلۈكنى يۇيۇپ، كېپەنگە ئېلىشنى ۋە دەپنە قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى. ئۇنىڭغا كېتىدىغان چىقىمنى ئۆلۈك قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسقا تەئەللۇق بىرىنچى ھەق قىلدى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن قەرزى ئادا قىلىنىدۇ، ۋەسىيىتى ئورۇنلىنىدۇ ۋە قالغان مال ۋارىسلىرىغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. شەرىئەت بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قائىدىلەر بەلگىلىدى ۋە جىنازا ئىشلىرىغا قاتنىششنى مۇسۇلمانىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى قىلدى. جىنازىنى ھۆرمەتلەش ئومۇمىي بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر جىنازا كۆرسەڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ۋە ئۇ كۆزدىن غايىپ بولغۇچە ياكى يەرلىككە قويۇلغۇچە (ئولتۇرماڭلار).»

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر جىنازىغا ئەگەشسەڭلار، ئۇنى يەرلىككە قويمىغۇچە ئولتۇرماڭلار.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاشقا ۋە ئىسلامىي ئەدەپ - ئەخلاققا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلەڭلار». رەسۇلۇللاھ يەنە قەبرىگە دەسسەشنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ چوغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كىيىم - كېچەكلىرى كۆيۈپ بەدىنىگە يەتكىنى قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن ياخشىراقتۇر.»

ئىسلام شەرىئىتى ئۆلۈكنىڭ زىممىسىنى پاكلاش، قىيامەت كۈنى بوينى قەرزگە باغلىنىپ قالماسلىقى، قەرز ئىگىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ قىلماسلىقى ئۈچۈن ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش ۋە مىراسىنى ئۈلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى قەرزىنى ئادا قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى. ئۇنىدىن كېيىن مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىق شەرتى بىلەن ۋەسىيىتى ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنىدىن ئېشىپ قالغان مېلى ۋارىسلىرى، ئېرى ياكى ئايالى ئوتتۇرىسىدا ئۈلەشتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ مىراس ئايىتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.»[1] ۋە «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى مېيىتنىڭ قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ... (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى مېيىتنىڭ قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ... (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى مېيىتنىڭ قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.» (سۈرە نىسا 12ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 2 - ماددىسى 4 - بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىنسانىنىڭ جىنازىسىنى قوغداش، ئۇنى خارلىماسلىق ۋاجىپ، شۇنىڭدەك، شەرىئەت راۋا كۆرىدىغان بىر سەۋەب بولماستىن ئۇنى پارچىلاپ تەكشۈرۈش ھارام. بۇنىڭغا دۆلەت كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.»

---

[1] سۈرە نىسا 11 - ئايەت.

# ئىككىنچى شەرىئەت ۋە قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىك ھوقۇقى

باراۋەرلىك سۆزى ئومۇمىي بىر سۆزدۇر. ئۇ ئالىملار ۋە ئىسلاھاتچىلار چاقىرىدىغان ئالىي پرىنسىپ ۋە چىرايلىق شۇئاردۇر.

ئىنسانلار ئەسلى بىر ئەر ۋە ئايالدىن يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شەكىلدە، رەڭدە، ئەقىل - زاكاۋەتتە، كۈچتە، كۆركەملىكتە، سالامەتلىكتە، ئۆمۈردە، ئەخلاقتا، خاراكتېردە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاساسى يارىتىلىشتا ۋە تەبىئەتتە باراۋەرلىك تولۇق، لېكىن سۈپەتلەردە چوڭ پەرق بار.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي باراۋەرلىك تولۇق ئەمەس. ئىنسانلار باي - كەمبەغەللىكتە، نەسەبتە، ئىش ۋە مەئىشەت يولىدا ئوخشاش سەۋىيىدە ئەمەس. ئائىلە ھاياتىدا، پاراۋانلىقتا، دەرد - ئەلەمدە، ئارزۇ - ئۈمىدلەردە ۋە مۇئامىلىلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئالىم بىلەن بىلىمسىز، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى بىلەن ئەخمەق، تەقۋادار بىلەن پاسىق ئارىسىدىكى ئارتۇقچىلىق ئوچۇق - ئاشكارا. ئىنسانلار ئىجتىمائىي ھاياتتا خىلمۇخىل دەرىجىدىدۇر.

باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن مەقسەت – شەرىئەت ۋە قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكتۇر، يەنى ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەر ۋە ھىمايە قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىدە ئىرق، جىنس، سۈپەت، رەڭ، نەسەب، سىنىپ، دىن، مال قاتارلىق نەرسىلەردە يۇقىرى - تۆۋەنلىككە قارىماستىن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىدۇر. ھەممە ئىنسان بارلىق ھوقۇققا ئىگە، ھەممە ھۆكۈملەرگە بىردەك بويۇن ئېگىدۇ ۋە ئوخشاش سالاھىيەتتىن پايدىلىنىدۇ.

بۇ باراۋەرلىك قەدىمكى قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يوقتۇر. مەسىلەن، ھىندىستاندا بىراخمان دىنى نوپۇزلۇق بولۇپ، ئىنسانلارنى تۆت سىنىپقا بۆلگەن، بىراخمان سىنىپىغا (ئۇلار كاھىن تەبىقىسى ۋە دىن ئادەملىرى) شۇنداق ئىمتىياز ۋە ھوقۇق بەرگەنكى، ئۇلارنى ئىلاھلىرى بىلەن ئوخشاش كۆرگەن. شۇدەر سىنىپىغا (ئۇلار خىزمەتچى تەبىقىسى) چاھارپايلاردىنمۇ تۆۋەن ۋە ئىتلاردىنمۇ خار بىر مەرتىۋە بەرگەن.

شەترى سىنىپى (ئۇلار ئەسكەرلەر) ئىككىنچى دەرىجە ۋە ۋەيش سىنىپى (ئۇلار دېھقان ۋە تىجارەتچىلەر) ئۈچىنچى دەرىجىدە كېلىدۇ.

قەدىمكى يۇنان قانۇنىدىمۇ ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى مەۋجۇد ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقا خەلقلەردىن ئۈستۈن تەبىئەتتە يارىتىلغان دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قانۇنىدا ھۆر ئىنسانلار پۈتۈن ھوقۇقلاردىن پايدىلىناتتى، لېكىن قۇللار (ئۇلار كۆپ سانلىق بولسىمۇ) پۈتۈن ھەقلەردىن مەھرۇم ئىدى.

رىملار ئۆزلىرىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتتىن يۇقىرى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ رىم خەلقىگە مەخسۇس بىر قانۇنى، ئۇلارنىڭ ئىشغالى ئاستىدىكى خەلقلەرگە مەخسۇس باشقا بىر قانۇنى بار ئىدى.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئەرەبلەردىمۇ ئوخشاشماسلىق مەۋجۇد ئىدى. ئۇ زامانلار ئەرەبلەر باشقىلاردىن يۇقىرى ئىدى. ھەتتا باشقىلار بىلەن قۇدا ـ باجىلىق قىلمايتتى. ئايال كىشى ھېچقاچان ئەر بىلەن باراۋەر بولالمايتتى. ئاياللار ھەر زامان خار ئىدى، ئۇلارغا مىراس بېرىلمەيتتى ۋە ئاياغ ـ ئاستى قىلىناتتى. ھاكىملار مەھكۇملارنى ئېزەتتى، بوزەك قىلاتتى.

ئىسلام كېلىپ ئىنسانلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردىكى باراۋەرلىكىنى ئاساسىي پرىنسىپلاردىن ھېسابلىدى. ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكىنى، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئالاھىدىلىك ۋە پەرق يوقلۇقىنى، قەبىلىۋازلىق ۋە مىللەتچىلىك يوقلۇقىنى قارارلاشتۇردى ۋە رەسۇلۇللاھ بۇنى ئەمەلىي ھاياتتا تەتبىقلىدى. تۆۋەندە سىلەرگە بەزى مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم ۋە نەسائى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىر قىسسە رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى مەخزۇمىيە قەبىلىسىدىن ئابرۇيلۇق بىر ئايال ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئائىلىسى ئۇنى جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى تىلىۋالىدىغان بىر كىشى ئىزدەيدۇ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى بولغان زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئوغلى ئۇسامەدىن بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھقا بىرنەرسە دەپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇسامە بېرىپ ئۇ ئايال ھەققىدە سۆز قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ غەزەپكە كېلىدۇ ۋە: «ئى ئۇسامە! سەن ئاللاھنىڭ توختاتقان ھەددىدە

(جازاسدا) شاپائەت قىلالامسەن!؟ سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە، ئەگەر ئابرۇيلۇق بىرسى ئوغرىلىق قىلسا قويۇپ بېرەتتى، ئەگەر ئاجىز بىرسى ئوغرىلىق قىلسا قولىنى كېسەتتى، ئۇلار مۇشۇ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولغان، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە بولسىمۇ قولىنى كېسەتتىم» دەيدۇ ۋە مەخزۇمىيەلىك ئايالنىڭ قولىنى كېسىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە ئوچۇق ئېلان قىلغان: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەمدىن ۋە ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ پەزىلەتلىك بولغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر، ئەرەبلەرنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈكى يوق، باشقىلارنىڭمۇ ئەرەبلەردىن ئۈستۈنلۈكى يوق، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ياكى قىزىل تەنلىكتىن ئارتۇقچىلىقى يوق. پەزىلەت پەقەت تەقۋا بىلەن بولىدۇ. بۇنى سىلەرگە يەتكۈزدۈممۇ؟ ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولغىن. بۇ يەردە ھازىر بولغانلار بولمىغانلارغا ئاڭلاتسۇن!»

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئەبۇ مەسئۇدنىڭ قۇلىنى قامچا بىلەن ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تىۋۋلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ مەسئۇد! قولۇڭنى تارت. سېنىڭ بۇ خىزمەتچىگە كۈچۈڭ يەتكەندىن بەكرەك ئاللاھنىڭ ساڭا كۈچى يېتىدۇ.»

رەسۇلۇللاھ بىلال ئىبنى ئەبى رىباھ، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئازاتكەردە ساھابىلەرنى مەدىنىگە ھاكىم قىلغان ۋە ئىچىدە ئەڭ كاتتا ساھابىلەر بولغان ئەسكەرلەرگە قوماندان قىلغان.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن مۇنداق دەپ ئېلان قىلغان: «ئاگاھ بولۇڭلار! مەن كىمنىڭ ئۇچىسىغا قامچا ئۇرغان بولسام، مانا ئۇچام ئۇرۇۋالسۇن! كىمنىڭ يۈزىگە تىللىغان بولسام، مانا يۈزۈمگە تىللىۋالسۇن!»

مۇسۇلمانلار ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئەمەلىي ھاياتتا ئىجرا قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازغان: «ئاللاھ تەئالا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا تائەت ـ ئىبادەتتىن باشقا

ھېچ نەرسە يوق. ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئىنسانلارنىڭ شەرەپلىكى ۋە ئاددىسى ھەممىسى باراۋەردۇر.»

ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەلقنى ھىمايە قىلىشقا كېپىل بولۇشى باراۋەرلىك ۋە ئادالەت پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىجتىمائىي كاپالەتتە مۇسۇلمان بىلەن يەھۇدىنىڭ ئارىسنى ئايرىمايتتى. بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قەۋمنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئەما بىر بوۋاينىڭ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۆمەر: «سەن قايسى دىندىن؟» دەپ سورىغاندا، بوۋاي: «مەن يەھۇدىي» دەيدۇ. «سېنى نېمە بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى؟» دەپ سورىغاندا، بوۋاي: «باج ـ سېلىق ۋە قېرىلىق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەر بېرىپ، كېيىن ئۇنى بەيتۇلمال باشقۇرغۇچىغا ئاپىرىپ: «بۇنىڭ ئەھۋالىغا قارا، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئىنساپ قىلماپتىمىز، بۇنىڭ ياشلىقىنى تۈگەتتۇق، قېرىغاندا خارلىدۇق» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا بەيتۇلمالدىن مائاش توختىتىدۇ.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكتىن كۆپ ئىشلار چىقىدۇ. سوت ئالدىدا باراۋەرلىك، خىزمەتتە باراۋەرلىك، ئىبادەت ۋە ئومۇمىي مەسئۇلىيەتتە باراۋەرلىك، ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىي بىرلىكنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

## ئىسلام نەزىرىدە ئىنسانىي بىرلىك

بۇ باراۋەرلىك پرىنسىپىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسلام ئۇنى مۇستەھكەم ئاساسلار ئۈستىگە قۇرغان.

ئىنسان توغرىسىدا پىكىر قىلىش مۇئەييەن بىر ئىقلىم، مەخسۇس بىر يەر، مەلۇم بىر مىللەت، بىر ئەقىدە ۋە بىر ئەسىرگە باغلىق ئەمەس. بەلكى ئۇ يەر ۋە ئىقلىم، جىنس ۋە رەڭ، ئەقىدە ۋە مەزھەپ، زامان ۋە ماكان چەك ـ چېگرىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئىنسانىي پىكىر ياكى ئىنسانىي سۆيەت، ئىنسان قايسى زاماندا بولسا بولسۇن، ھەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن بىللە

باشلىنىدۇ، ھاياتى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەتتا قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ.

مانا مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئىسلام ئىنسانىي بىرلىككە ۋە قەبىلىلەر، مىللەتلەر ئارىسىدا ياردەملىشىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن) ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» (سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)

ئىنسانلار تاغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش باراۋەردۇر. پۈتۈن ئىنسانلار بىر گەۋدىدۇر. ئەرەبنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئارتۇقچىلىقى بولمىغاندەك، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئەرەبلەردىن ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەردىن، قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەردىن ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. پەزىلەت ۋە ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋادارلىق ۋە ئىنسانلارغا پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەنلا بولىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ دوست بولغىنى بەندىلىرىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان كىشىدۇر.

بۇ بىرلىك بىر تەشۋىقات، بىر شوئار ۋە بىر خىيال ئەمەس، بەلكى قۇرئان كەرىم بۇنى تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئاساس ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان. قۇرئان ئىنسانىنىڭ ئەسلىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت)

قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلارنى يالغۇز ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولۇپ، يالغۇز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن

بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.» (سۈرە بەقەرە 21 ـ ئايەت)

ئايەت ئىبادەتنىڭ غايىسىنى «تەقۋا ۋە ياخشى ئىش» دەپ بەلگىلىدى. قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلارنى ئامانلىققا كىرىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر.» (سۈرە بەقەرە 208 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق ئورنىتىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن.»[1] ئۇ پۈتۈن ئالەملەرگە، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر. ئۇ بىر قەۋم ياكى بىر مىللەت ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەمەس. چۈنكى بارلىق ئىنسانلار ئىسلام ھۆكمىگە نىسبەتەن ئوخشاشتۇر.

قۇرئان ئىنساننىڭ ئەسلى يارىتىلىشىدىكى بىرلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ئەسلىدە بىر ئۈممەت ئىدى، كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى دىنلار كۆپەيدى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتى). (سۈرە يۇنۇس 19 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (ھەق دىندا) ئىدى، (كېيىن بەزىلىرى ئىمان ئېيتىپ، بەزىلىرى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللاھ (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتى؛ ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى.» (سۈرە بەقەرە 213 ـ ئايەت)

ئىنسانلارنىڭ شەكىل، جىسىم، دىل ۋە ئەمەل جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى ئۇلارنى تىرىشىشقا، پائالىيەتچانلىققا ۋە ئىشلەشكە چاقىرغانلىقتۇر. ھەر كىشى ئۆزى

---

[1] سۈرە ئەئراف 158 ـ ئايەت.

بىلگەن بويىچە ئىشلەيدۇ ۋە ئىنسانلارغا ئىشلەپ چىقارغان نەرسىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. ھەر بىر ئىنساننىڭ قىممىتى پۇختا ۋە ياخشى قىلغان ئىشى بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىش راۋاجلىنىدۇ، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە پەزىلەت ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ بولىدۇ. يۇقىرىدا ئۆتكەن «پۈتۈن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ قۇللىرىدۇر، ئاللاھقا ئەڭ دوست بولغان كىشى قۇللىرىغا ئەڭ پايدىلىق بولغان كىشىدۇر» دېگەن ھەدىس بۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلەنگەن.

### مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش

ئىنسان ئىنسانىيەت، كائىنات ۋە ھاياتنى ئىسلامىي تەسەۋۋۇر قىلىش نەتىجىسىدە، ئىسلام مىللەتچىلىك، قەبىلىۋازلىق ۋە يۇرتۋازلىققا قارشى تۇرۇپ، مىللەتچىلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ. تىل، ئىرق ۋە جىنس سەۋەبى بىلەن ئايرىمچىلىق قىلىش يوق. ئىنسانلار بىر تاغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش باراۋەردۇر. پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىق ھەسەب - نەسەب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەل بىلەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇھىم بولغىنى شەرىئەتنى ئىجرا قىلىپ، ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلاشتۇر.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەنى ھاشىم جەمەتى! ئىنسانلار ماڭا ئەمەللىرىنى ئەكېلىپ بەرمەيدۇ، سىلەر نەسەبلەر بىلەن كېلىسىلەر» باشقا بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ: «ئى كەئب ئىبنى لۇئەي ئەۋلادى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى ئابدىشەمس ئەۋلادى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى ئابدىمەناپ ئەۋلادى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى ئابدۇلمۇتتەلىپ ئەۋلادى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى فاتىمە! ئۆزىڭىزنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭ، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن. سىلەر بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقىمنى داۋاملاشتۇرىمەن.»

رەسۇلۇللاھ ھاماچىسى سەفىيە ۋە قىممەتلىك قىزى فاتىمىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى سەفىييە! ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! ئى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادى! مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، مەندىن خالىغان نەرسەڭلارنى مۇشۇ دۇنيادا سوراڭلار.»

ئىسلام جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەۋجۇد بولغان ۋە كونا ـ يېڭى تارىخنىڭ بەزى دەۋرىدە ئەۋج ئېلىپ كەڭ تارقالغان مىللەتچىلىككە قاتتىق قارشى چىقتى. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىللەتچىلىككە چاقىرغان كىشى بىزدىن ئەمەس، مىللەتچىلىك يۈزىدىن ئۇرۇشقان كىشى بىزدىن ئەمەس، مىللەتچىلىك ئۈستىدە ئۆلگەن ئادەم بىزدىن ئەمەس.»

رەسۇلۇللاھ مىللەتچىلىك ۋە مىللەتچىلىك بىلەن زۇلۇمغا ياردەم بەرگەن كىشىگە بولغان نەپرەت ۋە قارشىلىقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز قەۋمىنىڭ ھەقسىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ياردەم بەرگەن كىشى قۇيرۇقىدىن تارتىلغان ھالدا تاغدىن چۈشۈپ كەتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەئالا سىلەردىن جاھىلىيەت مۇتەكەببىرلىكىنى، مەيلى تەقۋادار مۆمىن بولسۇن ياكى گۇناھكار بەدبەخت بولسۇن، ئەجدادلار بىلەن پەخىرلىنىشنى يوقاتتى. سىلەر ئادەم ئەۋلادى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئىنسانلار مىللىتى بىلەن پەخىرلىنىشنى تەرك ئەتسۇن، چۈنكى ئۇ شەكسىز جەھەننەم كۆمۈرلىرىدىن بىر كۆمۈردۇر، ياكى ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇرنىدىن سېسىق پۇراق چىقىرىدىغان قوڭغۇزدىنمۇ بەتتەررەك بولىدۇ.»

ئەرەب ئېسىلزادىلىرىدىن بولغان ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئازاتكەردە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغاندا، ئەبۇ زەر بىلالنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى!» دېگەن، بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا يېتىپ بارغاندا، رەسۇلۇللاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇ ئىككىسىنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەبۇ زەر! ئۇنى ئانىسى بىلەن ئەيىبلىدىڭمۇ!؟» رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى ئالدىدا ئەبۇ زەر خىجالەتتىن تىترەپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ: «سەن تېخى جاھىلىيەت قىلىقىنى تاشلىمىغان ئادەم ئىكەنسەن» دەيدۇ. ئەبۇ زەرنىڭ چىدىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، بىلالغا: «تۇر، يۈزۈمگە دەسسە» دەيدۇ. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئاللاھقا سەجدە قىلغان يۈزگە دەسسىمەيمەن» دەيدۇ.

ئەبۇ ئۇقبە فارس خەلقىدىن ئازات قىلىنغان قۇل بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدىم، مۇشرىكلاردىن بىرىنى ئۇردۇم ۋە مۇنداق دېدىم: ‹ئال بۇنى مەندىن، مەن فارس يىگىتمەن!› بۇنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ ماڭا قارىدى ۋە: ‹ئال بۇنى مەندىن، مەن ئەنسار يىگىتمەن دېسەڭ بولماسمىدى؟!› دېگەن» دەيدۇ.

جاھىلىيەتتىن قالغان سەلبىي مىللەتۋازلىق بىلەن بىر ئۇممەتكە، مىللەتكە ۋە خەلققە مەنسۇپ بولۇشنىڭ ئارىسنى ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى رەسۇلۇللاھ بىر سوئالغا جاۋابەن مۇنداق بايان قىلغان: «بىر كىشىنىڭ مىللىتىنى سۆيگىنى تەرەپبازلىق بولامدۇ؟» رەسۇلۇللاھ: «بىر كىشىنىڭ مىللىتىنى سۆيگىنى تەرەپبازلىق ئەمەس، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتا مىللىتىگە ياردەم بەرگىنى تەرەپبازلىق بولىدۇ» دەيدۇ.

سۇراقە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ، رەسۇلۇللاھ بىزگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار گۇناھ ئىشلىمىگەن ھالەتتە ئۆز جەمەتىگە ياردەم قىلغان كىشىدۇر».

ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىق يارىتىلىشتىكى خاراكتېر ۋە تەبىئەت بىرلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتلىرىنىڭ بىرلىكى سەۋەبىدىن ئايرىلىشلار مەيدانغا كەلدى، بىر ـ بىرىنىڭ ئىرادىسى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولدى. ھەممە ئادەم باشقىسى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن ياقتۇرىدۇ ۋە تېخىمۇ چوڭ مەقسەت ۋە غايىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار جامائەتكە خىزمەت قىلىش ۋە ئىنسانىي بىرلىكنى قولغا كەلتۈرىدىغان ساغلام مەقسەت ۋە غايىلەرنى كۆرسىتىش، ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان بىر چېگرا بەلگىلەش ئۈچۈن قانۇنغا ھاجەت پەيدا بولدى. مۇشۇنداق بىر قانۇن بولغاندا شەخسلەر، مىللەتلەر، خەلقلەر، قەبىلىلەر ۋە ئۇممەتلەر ئارىسىدا تونۇشۇش ۋە ياردەملىشىش بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق (دىن) ئېلىپ كەلدى، ئىمان ئېيتىڭلاركى، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار (يەنى كۇفرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار) (ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەت). چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر

(يەنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر). ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».(سۈرە نىسا 170 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.» (سۈرە نىسا 174 ـ ئايەت)

قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا بىردەك قاراتقان ھەدىسلەر كۆپتۇر. بۇ ئاق، قارا، قىزىل، سېرىق، شەرقلىق، غەربلىك ئايرىمايدۇ، بارلىق ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئوخشاش ۋە ھەممىسى شەرىئەت ھۆكمى بىلەن خىتاب قىلىنغاندۇر. تەپسىر ئالىملىرى: «ئى ئىنسانلار!» دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان پۈتۈن ئايەتلەردىكى خىتاب ئىنسانلارنىڭ ھەممىسگە قارىتىلغانلىقىنى، بىر قەۋمگە مەخسۇس ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. چۈنكى ئايەت پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن باشلاندى. ئىنسانىيەت بىلەن سۈپەتلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر نەپسنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

ئىسلام ــ ئەمەلىيەت ۋە ھەقىقەتتە، خىتاب قىلىشتا ۋە قانۇن چىقىرىشتا ئىنسانىيەتكە چوڭ بىر ئائىلە نەزىرى بىلەن قارايدۇ. يەنى ياراتقۇچىسى بىر، نەپس (يەنى ئاتىسى ئادەم) بىر، ئۇنىڭدىن جۈپتىنى ياراتتى. بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن. ئۇندىن كېيىن ئايەتلەر ئاللاھتىن قورقۇشقا ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ سىلە ـ رەھىم بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق دىيارلاردا بولۇشى، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، تىل ۋە رەڭلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ۋەزىيەت ۋە ئەھۋاللارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاشقا دالالەت قىلىدۇ.

ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكىگە ئاساسلىنىپ پۈتۈن مۇئامىلىلەردە بارلىق ئىنسانلارنى باراۋەر قىلدى. پۈتۈن جىنس ۋە مىللەتلەرگە ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى قانۇنلاشتۇردى. ئاق تەنلىكلەرگە مەخسۇس قانۇن، قارا تەنلىكلەرگە باشقا قانۇن، شەرقلىقلەرگە باشقا ۋە غەربلىكلەرگە باشقا قانۇن چىقارمىدى. ئىسلام ھۆكۈم چىقىرىشتا شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ ئارىسىنى ئايرىمايدۇ. يىگىرمىنچى ئەسىردە يەرلىك قانۇنلاردا،

خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردا ۋە كىشىلىك ھوقۇقتا بولغاندەك بۇنداق كۆز قارىشى تار، بىر ئىقلىمغا مەخسۇس ۋە ئىنسانلارغا پەرقلىق قارايدىغان قانۇنلارنى ئاللاھ بېكىتكەن ئەمەس.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار ئادەم ئەۋلادى، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئارتۇقچىلىق پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا بولىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەزىلەت، ئارتۇقچىلىق، تۆرگە چىقىش ۋە تاللانغان بولۇشنىڭ رەڭ، جىنس ۋە شەكىل بىلەن ئەمەس، پەقەتلا ياخشى ئەمەل بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ شەكىلىڭلارغا ۋە جىسمىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن قەلبىڭلارغا ۋە ياخشى ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ شەكلىڭلارغا ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ» دېگەن.

ئىسلام ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا يېقىنلىق ئالاقىسىنى ئورۇنلاشتۇردى، قەۋم ۋە قەبىلە ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى بىرلىكنى تەبرىكلىدى ۋە بۇ ئالاقىگە ئاساسەن شەرئى ھۆكۈملەرنى تۈزدى. مەھرەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۆيلىنىشىنى مەنئى قىلدى. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا نەپىقىنى قارارلاشتۇردى. بالا - چاقا ۋە تۇغقانلار ئارىسىدا مىراسنى قانۇنلاشتۇردى. ئاقىلىنىڭ[1] ئۈستىگە دىيەتنى پەرز قىلدى. ئىپپەت - نومۇسنى مۇداپىئە قىلىشنى دۇرۇس قىلدى ۋە بۇ يولدا ئۆلۈشنى شېھىدلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈردى. قېرىنداش ۋە يېقىنلارغا ياردەم بېرىشنى ۋاجىپ قىلدى. تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى ناھايىتى ئۇلۇغ ساندى. نەسەبكە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈردى.

[1] خاتا ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تۆلىشى لازىم بولغان دىيەتنىڭ بىر قىسمىنى ئاتا تەرەپتىكى تۇغقانلار تۆلەيدۇ. بۇلار «ئاقىلە» دېيىلىدۇ.(ت)

لېكىن شارىئى ھەكىم[1] بۇنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بايان قىلدى. ئۇنى پرىنسىپ بىلەن تەتبىق، ھەق بىلەن زۇلۇم، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن ئۇنى سەۋەب قىلىۋېلىپ زۇلۇم قىلىش ۋە ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشنىڭ ئارىسىنى توسىدىغان قائىدە ۋە ھۆكۈملەرگە باغلىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ غايىسىنى بايان قىلدى. ئۇ بولسىمۇ، ھەقنى بەرپا قىلىش ۋە ياخشىلىق يولىدا ياردەملىشىشتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇرادىرىڭ زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن» ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! زۇلۇمغا ئۇچرىغانغا ياردەم قىلىمىز، زۇلۇم قىلغانغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى زۇلۇمدىن توسۇش بىلەن» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ئىشلار ئۇنداق ئاسان بولمىدى، بەلكى جاھىلىيەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە ئەخلاقىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىنقىلاب ئىدى. جاھىلىيەت ئەرەبلىرى مۇنداق دەيدىغان قەۋم ئىدى:

تەرجىمىسى: بۇرادىرى ئۇلارنى بىر قىيىنچىلىقتا چاقىرسا، ئۇنىڭ سۆزىگە دەلىل سورىمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قوماندانى ۋە شائىرى دۇرەيد ئىبنى سىممە مۇنداق دەيدۇ:

تەرجىمىسى: مەن ھەقىقەتەن غۇزىيە قەبىلىسىدىن مەن، ئۇ ئازسا ئازىمەن، ئۇ تۈزەلسە تۈزۈلىمەن.

ئىسلام ھەق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ياخشىلىقنى تەتبىقلاش، قەبىلىلەر، مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدا ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدى. مۇشۇنداق جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ئىنسانلارنى دۇنياغا ئەڭ ئالىي مەدەنىيەت ۋە رەھىمدىللىقنى ئۆگەتىدىغان ئۇستاز قىلدى.

[1] شارىئى ھەكىم( ھېكمەت بىلەن قانۇن چىقارغۇچى ) ئىسلامدا ئاللاھتۇر. بەزىدە بۇ سۆزدىن رەسۇلۇللاھمۇ مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭ كالامىنى ھاياتقا تەتبىقلىغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى قانۇنلارنى چىقىرىش ھوقۇقى بار. ئىسلام ئەقىدىسىدە پەيغەمبەر مەسۇم( يەنى خاتالاشمايدۇ). بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.(ت)

## هازىرقى ئەسىر دۇنيا ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىلىرىدىكى باراۋەرلىك

فرانسىيە قوزغىلىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىنىڭ چاقىرغان ئەڭ مۇھىم پرىنسىپ ۋە شوئارى بولسا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە كۆپ تەسىر قوزغىغان ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىدۇر.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باياننامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنساننىڭ ئاساسىي ھەقلىرىگە، شەخسلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە قەدرىگە، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىغا، مىللەتلەر بۈيۈك بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ئوخشاش ھوقۇقنىڭ بارلىقىغا بولغان ئىمانىمىزنى يېڭىدىن تەكىتلەيمىز.» باياننامىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا: «تەشكىلات پۈتۈن ئەزا دۆلەتلەر ھوقۇقتا ئوخشاش بولۇش ئاساسىغا بىنائەن ئىشلەيدۇ» دېيىلگەن.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئىنسان ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنىڭ ئەسلى ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ۋە ئۆزگەرمەيدىغان باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، دۇنيادا ئادالەت، تىنچلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئاساسىدۇر» دېيىلگەن. بىرىنچى ماددا، باراۋەرلىك ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنىڭدا: «پۈتۈن ئىنسانلار ھۆرمەتتە ۋە ھوقۇقتا باراۋەر تۇغۇلىدۇ» دېيىلگەن. ئىككىنچى ماددىدا تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنغان: «پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئوخشاشلا بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق پايدىلىنىش ھوقۇقى بار. ئىرق، رەڭ، جىنس، تىل، دىن، سىياسىي پىكىر ياكى باشقا پىكىر، ۋەتەنىي، ئىجتىمائىي، بايلىق، تۇغۇلۇش ۋە باشقا پۈتۈن ۋەزىيەت ئەھۋاللار كۆزدە تۇتۇلماستىن، ئەر ـ ئايال ئايرىماستىن تولۇق پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.»

ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە باراۋەرلىك ھوقۇقلىرى بىر قانچە شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «پۈتۈن ئىنسانلار بىر ئائىلىدۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئاللاھقا بەندە بولۇش ۋە ئادەمنىڭ ئەۋلادى بولۇش بىرلەشتۈرىدۇ، ئىنسانلىق ھۆرمىتىدە، ئەسلى تەكلىپتە ۋە مەسئۇلىيەتتە پۈتۈن ئىنسانلار باراۋەر بولۇپ،

ئىرق، رەڭ، تىل، جىنس، دىنىي ئېتىقاد، سىياسىي تەۋەلىك، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلمايدۇ» دېيىلىدۇ.

ئىسلامىي باياننامىنىڭ 19 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنسانلار شەرئەت ئالدىدا باراۋەردۇر، ئۇنىڭدا ھاكىم ۋە مەھكۇم ئوخشاش، باش پاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى پۈتۈن كىشى ئۈچۈن كاپالەت قىلىنىدۇ.»

لېكىن مۇھىم بىر ھەقىقەت قېلىپ قالىدۇ، بۇ باياننامىلەردە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئۇ ماددىلارنى ئەمەلىي تەتبىقلاش ۋە شەخسلەر ئارىسىدا، دۆلەتلەر ئارىسىدا رېئال ھاياتتا ئىجرا قىلىشتۇر. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قارار قىلىنغان باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى، مۇخالىپەت ۋە دۈشمەنلىك بولغاندا بۇ ھوقۇقنىڭ قانۇنىي ھىمايە قىلىنىشىدۇر.

ئەمدى، 1963 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى تەكىتلەش ئۈچۈن چىقىرىلغان دۆلەتلەر ئارا كېلىشىمنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيمىز. ئۇ بولسا، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىرقچىلىق شەكىللىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدۇر. ئۇ بىر مۇقەددىمە ۋە 25 ماددا بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان ئىرقچىلىق ئۇنسۇرلىرىنى پۈتۈن شەكىللىرى بىلەن تېز سۈرئەتتە يوقىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا: بۇ كېلىشىمگە قول قويغان پۈتۈن دۆلەت ۋە تەرەپلەر، ئىرقچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىكنى مەنئى قىلىپ، قەتئىي چەكلەيدىغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەتلەردە ئۇنداق ئىشلارنى يوقىتىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىشقان.

## ئۈچىنچى ئەركىنلىك ھوقۇقى

ئەركىنلىك ھوقۇقى ــ ھايات ھوقۇقىغا ئەڭ يېقىن ھوقۇقلاردىن بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنساننىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىدىن سانىلىدۇ. ئەركىنلىك بولسا، ئىنساننىڭ شەخسىي ھوقۇقلىرىدىن بولغاندەك، خەلقنىڭ باشقىلارغا قۇل بولۇشتىن، يات مىللەتلەرنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ۋە ئىستىلا قىلىپ قۇل قىلىشىدىن ئازات بولۇش

ھوقۇقلىرىدىن بولغان بىر ھوقۇقتۇر. بىز بۇ ماۋزۇدا ئىنساننىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنىلا سۆزلەيمىز.

ھۆرىيەت — بۇ سۆزدىن ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئايرىيدىغان، تاشقى چەكلىمە ۋە مەجبۇرلاش ئاستىدا قالماستىن، ئۆز ئىرادىسى بىلەن ياشاش ۋە ئىشلەش ھوقۇقىنى بېرىدىغان ئالاھىدىلىك مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ھۆر ئىنسان قۇل ئەمەس ۋە باغلاقلىق ئەسىر ئەمەس. ئۇ ئۆز كۆچىگە تايىنىپ قىلىدىغان ئىشنى تاللايدۇ، ھېچقانداق يات كۈچنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالماستىن، تاشقى بېسىم كۆرمەستىن ئىشنى تەرك ئېتىدۇ.

ئىنسان ئەركىن تۇغۇلىدۇ، ئەركىن ياشىشى كېرەك. ئىنسان ئۆز ئىبادىتى ئۈچۈن ياراتقان بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە قۇل بولماسلىقى لازىم. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان بىلەن جىننى ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيي قىلدۇق».(سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان». (سۈرە يۇسۇف 40ـ ئايەت)

ئەركىنلىك ھوقۇقى — بىر تەرەپتىن يەنە بىر ئىنسانغا قارشى ئەركىنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىش كۆرۈش ھوقۇقىدۇر.

ئەركىنلىك ھوقۇقى — ئومۇمىي ۋە كۆپ نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئوخشىمىغان ماۋزۇ ئاستىدىكى نۇرغۇن ھەقلەرنىڭ ئەسلىدۇر. مەسىلەن:

1 ـ ئېتىقاد ۋە دىنغا كىرىش ئەركىنلىكى. بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

2 ـ ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلىش، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن پايدىلىق نەرسىلەرنى تاللاش ئۈچۈن تەتقىق قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى.

3 ـ ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنى سۆزلەش ئەركىنلىكى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن». (سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت)

4 ـ ئىشلەش ئەركىنلىكى، بىر يەردە مۇقىم تۇرۇش ۋە يۆتكىلىش ئەركىنلىكى قاتارلىق كۆپلىگەن ئەركىنلىكلەر.

بىز بۇ ماۋزۇدا پەقەت باشقا ھۆرىيەتلەرگە ئاساس بولىدىغان، ئىنسانلىق تارىخى ئۇنىڭ ھەققىدە قاراڭغۇلۇق ئەسىرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ئىنسانلار كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى تارتقان ۋە خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ قولىدىن ئېلىنغان شەخسىي ھۆرىيەت ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز.

لېكىن بۇ ھۆرىيەت (يەنى ئەركىنلىك) شەرتسىز ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا قالايمىقانچىلىق، ھالاك قىلىش، قارمۇ قارشىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا شەرت قويۇش لازىم. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى شەرتى بار:

1 ـ شەخسىي ئەركىنلىك دەپ باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق لازىم.

2 ـ بۇ ئەركىنلىك ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلىدىغان ئادالەتلىك قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ھۆكۈملەر بىلەن قەيت قىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئەركىنلىكنى قوللىنىش ئىنسانلارنىڭ بېشىغا ۋابال بولىدۇ. بۇگۈنكىدەك بىر تەرەپتە بۇ ئەركىنلىك شەرتسىز قويۇپ بېرىلگەن، يەنە بىر تەرەپتە خەلق ۋە شەخسلەرنىڭ قولى باغلانغان بولماسلىقى لازىم.

ئىسلام شەخسى ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىدۇ. پۈتۈن ئىنسانلار بۇ ئەركىنلىكتە ئوخشاش. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى مۇنداق تىلغا ئالغان: «قاچاندىن تارتىپ سىلەر ئىنسانلارنى قۇل قىلىۋالدىڭلار، ئانىلىرى ئۇلارنى ئەركىن تۇغقان تۇرسا!» ئىمام شافىئى: «ئىنسانلارنىڭ ھۆر ئەمەسلىكى مەلۇم بولغانغا قەدەر، ئۇلار ئەركىن بولىدۇ» دېگەن.

ئىنسانلار ھۆر تۇغۇلىدۇ. ھېچ كىمنىڭ ئۇلارنى قۇل قىلىش، خارلاش، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھوقۇقى يوقتۇر. ئىبادەت قىلىنىش پەقەت ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ھەددىدىن ئاشماستىن، بوزەك بولماستىن ۋە قالايمىقانچىلىققا يول ئاچماستىن مۆتىدىل بىر شەكىلدە ئىشلەتكەندۇر. ئىسلامدا قۇللۇق قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ نۇرغۇن شەرت ۋە سەۋەبلەر ئاستىدا بولىدۇ.

## ئىسلام ۋە قۇللۇق

ئىسلامدىكى قۇللۇق مەسىلىسى بەك ئۇزۇن ۋە كەڭدۇر. ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىگە كىرىشنى خالىمايمىز. لېكىن ئىسلامنىڭ قۇللۇق ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى بىر نەچچە نۇقتىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ ئىسلام قۇللۇقنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئىسلام يېڭى مەيدانغا چىققاندا پۈتۈن مەملىكەتلەر ۋە بارلىق خەلقلەردە قۇللۇق ئەۋج ئالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى. شۇڭلاشقا قۇللۇق تۈزۈمىنى بىراقلا يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

2 ـ ئىسلام قۇللارنى كامىل ئىنسان دەپ تونۇپ، ئۇنى خوجايىنىنىڭ بۇرادىرى دەپ ئاتىدى. ئىسلامنىڭ بۇ ھۆكمى دۇنيادا قۇللارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان بىرىنچى قەدەم ئىدى. ئىمام بۇخارى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خىزمەتچىلىرىڭلار بۇرادىرىڭلاردۇر، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى، كىمكى قول ئاستىدا خىزمەتچىسى بولىدىكەن ئۇلارغا ئۆزى يېگەن تائامدىن يېگۈزسۇن، ئۆزى كىيگەن كىيىمدىن كىيگۈزسۇن، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار، ئەگەر بۇيرۇساڭلار، ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار».

رەسۇلۇللاھ قۇلنى ئۇرۇشنى مەنئى قىلغان. رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى بىر ساھابىنىڭ خىزمەتچىسىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «كىمكى خىزمەتچىسىنى قىلمىغان گۇناھى ئۈچۈن ھەد ئۇرسا ياكى تەستەك سالسا، ئۇنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن خىزمەتچىنى ئازات قىلىشى كېرەك» دېگەن. ھەتتا رەسۇلۇللاھ قۇلنى: «قۇلۇم، دېدىكىم» دېيىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ قۇللىرى، شۇڭا ئۇلارنى ئوغلۇم ـ قىزىم دەڭلار»، قۇللارنىڭمۇ خوجايىنلىرىنى: «ئىگەم، خوجايىنىم» دېيىشتىن مەنئى قىلىپ: «ئەپەندىم» دېيىشنى بۇيرۇغان.

3 ـ ئىسلام رەسمىي ئېلان قىلىنغان ئۇرۇشتىن باشقا پۈتۈن قۇللۇق ئىشىكلىرىنى تاقىۋەتكەن. ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەن دۈشمەنگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى. دۆلەت رەئىسى ئەسىرگە مۇئامىلە قىلىشتا تۆت يولنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، ئۇ ــ قۇل قىلىش، ئۆلتۈرۈش، فىدىيە ئېلىش ۋە ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بېرىش. لېكىن باشقا مىللەتلەردە ئۇ چاغدا قۇللۇقنىڭ ئىشىكى بەك كەڭ ۋە كۆپ ئىدى. قەرزىنى تۆلىيەلمىگەنلەرنى قۇل قىلاتتى، ئۇلارنى ساتاتتى، جىنايەت ئىشلىگەنلەرنى قۇل قىلاتتى، ئىنسانلارنى ئېلىپ چىقىپ قۇل قىلاتتى ۋە باشقا قۇل قىلىشنىڭ يوللىرى بەك كۆپ ئىدى.

4 ـ ئىسلام قۇل ئازات قىلىشنىڭ كۆپ يوللىرىنى ئاچتى. ھەتتا فىقھى ئالىملىرى ۋە ھەدىس ئالىملىرى فىقھى ۋە ھەدىس كىتابلىرىدا قۇل ئازات قىلىش توغرىسىدا مەخسۇس باب ئاجراتتى. بۇ بولسا ئىنسانلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا قۇللۇقنى تۈگىتىشى ئۈچۈن ئىدى. مەسىلەن، بەزى گۇناھلارنى سادىر قىلغاندا ئۇنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن قۇل ئازات قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدا قۇل ئازات قىلىشنى ئىنسانىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەردىن قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ داۋان ئاشمىدى، داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ ئۇ قۇل ئازات قىلماقتۇر». (سۈرە بەلەد11 ـ، 12 ـ، 13ـ ئايەتلەر)

### خەلقئارالىق خىتابنامە ۋە شەرتنامىلەردە ئەركىنلىك ھوقۇقى

دۇنيا بۇ خۇسۇستا ئىجابىي تەرەققىي قىلدى ۋە پۈتۈن دۆلەتلەر قۇللۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئىتتىپاقلاشتى. جەنۋە ئىتتىپاقى ۋە باشقا كېلىشىملەردە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شەرتنامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: ”بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن قۇللۇقنى يوقىتىپ، ھايات سەۋىيىسىنى كەڭ ئەركىنلىك ھاۋاسىدا كۆتۈرۈش“ دېيىلگەن. ئۇنىڭ بىرىنچى ماددىسىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە: «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئىنسانىيەت قاتارلىق دۆلەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا، كىشىلىك ھوقۇقنى ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئەركىنلىكىنى

گۆللەندۇرۇشتە، جىنس، تىل، دىنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەر - ئايال ئايرىماستىن، يۇقىرىدىكى ئىشلارغا شەرتسىز رىغبەتلەندۇرۇشتە خەلقئارالىق ياردەملىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دېيىلگەن.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: ”پۈتۈن ئىنسانلار ھۆر، ئىززەت - ئابرۇي ۋە ھوقۇقتا باراۋەر بولغان ھالدا تۇغۇلىدۇ، ئۇلارغا ئەقىل ۋە ۋىجدان ئاتا قىلىنغان، ئىنسانلار بىر - بىرىگە قېرىنداشلىق روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

ئۇنىدىن كېيىن، 1966 - يىلى مەدەنىيەت ۋە سىياسەت كېلىشىمى چىقىرىلدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە ماددىسىدا (6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 -، 11 -، 12 -، 13- ماددىلىرىدا) ئەركىنلىك ھوقۇقى توغرىسىدا سۆز قىلىنغان. مەسىلەن، 9 - ماددىسىنىڭ بىر بۆلۈمىدە: ”ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەركىنلىك ۋە شەخسى سالامەتلىك ھوقۇقى بار، قانۇندا قارارلاشتۇرۇلغان ئاساسلارنى ئىجرا قىلماستىن ھېچقانداق كىشى بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ“ دېيىلگەن. ئۇنىدىن كېيىن، 25 - ماددىدا خەلقلەرنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكى ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىقىدىن سۆز قىلىنغان.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئىنسان تۇغۇلۇشىدىلا ئەركىنلىكى ئېلان قىلىنغان. خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ 11 - ماددىسىدا تۆۋەندىكى سۆزلەر بايان قىلىنغان:

1 - «ئىنسان ھۆر تۇغۇلىدۇ، ھېچقانداق كىشىنىڭ ئۇنى قۇل قىلىش، خارلاش، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھوقۇقى يوق. ئاللاھ تەئالادىن باشقىسىغا قۇل بولۇش يوقتۇر.»

2 - «ھەر تۈرلۈك ئىستىلا ئىنساننى قۇل قىلىشنىڭ ئەڭ يامىنى دەپ قارىلىپ قاتتىق ھارام قىلىندى. خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئەركىنلىكتىن تولۇق پايدىلىنىش ھوقۇقى بار. پۈتۈن دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىستېلاغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ياردەم بېرىشى ۋاجىپتۇر. پۈتۈن خەلقنىڭ مۇستەقىل شەخسىيىتىنى قوغداش، بايلىقىغا ۋە تەبىئىي كىرىمگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى بار.»

ئەركىنلىك ھوقۇقى بىرىنچى شەخسنىڭ، ئىككىنچى خەلقنىڭدۇر. بۇ بۈگۈنكى كۈندە قۇرۇق نەزەرىيە بولۇپ قالماقتا. ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى ئېگىز ـ پەس بولغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن ئويۇنلار ئوينالغانلىقى، ئۇنى بىر قائىدە ـ قانۇنغا باغلىمىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىنسانلار ۋە خەلقلەر قىينالماقتا ۋە ھالاكەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ھەتتا مادام رولان: «ئى ئەركىنلىك! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن قانچىلىك جىنايەتلەر ئىشلەندى» دېگەن.

## تۆتىنچى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقى

دىنغا ئىشىنىش ياكى ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ھايات ھوقۇقىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرمىسىمۇ ئۇنىڭدىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم ھوقۇقلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى دىن بەش زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرى ۋە ئەڭ مۇھىمى بولۇپ، ھايات ھوقۇقىدىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش پەرز قىلىندى. ئەقىدە ئەركىنلىكى، دىنغا ئىشىنىش ھوقۇقى ۋە توغرا دەۋەتنى تارقىتىش ئۈچۈن دىن يولىدا جان تىكىپ جىھاد قىلىش ۋە شېھىد بولۇشقا بۇيرۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئەقىدە ۋە دىنى بىلەن بەخت ـ سائادەتلىك ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن لازىم. خۇسۇسەن، دىن ئاللاھ نازىل قىلغان، ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ۋە بۇزۇلۇشتىن قوغداپ قېلىنغان، ئىنساننىڭ تەبىئەت ۋە ئەمەلىي ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇنيا، كائىنات، ھايات ۋە ئىنسانىيەت ھەققىدە توغرا تەسەۋۋۇر قىلدىغان ھەق دىن بولسا تېخىمۇ زۆرۈر بولىدۇ.

دىنغا ئىشىنىش ھوقۇقى، ئەقىل، پىكىر، ئىرادە ۋە ئىختىيار ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي قانائەتكە باغلىق. ئەقىدە قەلبتىن چىقىدۇ. ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئازغۇنلۇقتىن ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئېتىقاد ۋە دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشتە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى.» (سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟» (سۈرە يۇنۇس 99 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر.» (سۈرە رۇم 30 ـ ئايەت)

ئۇندىن كېيىن قۇرئان كەرىم ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ نۇرلۇق شەرىئىتىگە توغرا ئىمان كەلتۈرۈشتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنى تەھدىت قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ‹بۇ ھەق قۇرئان پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولىدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن› دېگىن.» (سۈرە كەھف29 ـ ئايەت)

فىترەت (تەبىئىيلىك) ــ ھەق دىننى ۋە ياراتقۇچىسىنى تونۇشتا ئىنسانىي ئىستېداتتۇر. بۇ بولسا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى ئۇنىڭ بىلەن ياراتقان تەبىئەتتۇر. ئىنسان ئۆزىدە قويۇلغان بۇ تەبىئىتى بىلەن ياراتقۇچى ئىگىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە مايىلدۇر. ئىنساننىڭ تەبىئىتى كائىناتنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ بىرلىكىگە مايىل بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان پىكرى ۋە ئىختىيارى بىلەن يەككە ـ يېگانە ئاللاھقا ئۇلاشسا (يەنى ئۇنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرسە ـ ت) توغرا دىنغا يەتكەن بولىدۇ. ئۇ بولسا، ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن تاللىغان تەبىئەت دىنى بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن دۇنيادا قۇتۇلۇشقا ئېرىشىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بۇ تەبىئەت دىنى بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ قىلىقلىرى بىلەن ياكى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتمىگۈچە شۇ دىندا داۋام قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بالا تۇغۇلغاندا تەبىئەت دىنى بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خرىستىئان قىلىدۇ ياكى مەجۇسى قىلىدۇ.» ئەگەر بوۋاق تەبىئەت دىنى بىلەن قالسا ياكى ئاتا ـ ئانىسى مۇسۇلمان بولسا، ئۇندىن كېيىن ھەق دىننى تاللىسا ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلسا ياكى ئۆزى پىكىر يۈرگۈزۈپ قانائەت قىلغاندىن كېيىن تاللاپ رازى بولۇپ، ھەق دىنغا كىرسە، ئۇنىڭ ھوقۇقى ساقلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ دىننى

ئۆزگەرتىدىغان ھەر قانداق بېسىم، زورلاش ياكى ئۇنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇرلاشلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىسلام ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئۇنى دىنغا زورلاشنى مەنئىي قىلىدۇ. ئىسلام تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دىنىي كەڭچىلىكنى ئورۇنلاشتۇرغان.

## ئىسلامدىكى دىنىي كەڭچىلىك

ئىسلام نەزەرىيىسى ئىنساننىڭ ئىنسانىيىتىگە، ئەقلىگە ۋە ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭدەك، غەيرىي مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئەقىدە ۋە دىندا پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيىتىنى قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۇلار بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلارنىڭ ھەققىدە ئىنساپلىق بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ تۆۋەندىكى ئاساسلارنى قارارلاشتۇرۇشتا ئاشكارا بولىدۇ:

### 1 ـ غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى

ئىسلام بالىغ(يېشىغا يەتكەن)، ئاقىل بولغان كىشىنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلىمايدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا پەقەت قانائەتلىنىش ۋە چىن ئېتىقاد قىلىپ ئىشىنىش بىلەن كىرىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئوچۇق ـ ئاشكارا ھەق دىندۇر، ئۇنىڭ ئەقىدىسى توغرا، يولى دۇرۇستۇر، ئۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئاقىل، بالىغ ئىنسانلار ئېتىقاد قىلىشتا، خالىغان دىنىنى تاللاشتا ھۆردۇر. كېيىن بۇ تاللاشنىڭ نەتىجىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشتە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇتنى (ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇدنى) ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ». (سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەت)

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «يەنى ھېچ بىر كىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلىماڭلار، ئۇ دەلىل ۋە ھۆججەتلىرى ئوچۇق، روشەن ۋە ئاشكارا بولۇپ، ھېچقانداق كىشىنى ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاشقا ئېھتىياج يوقتۇر، بەلكى ئاللاھ

كىمنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچسا، ئەقلىنى نۇرلاندۇرسا، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا دەلىل ھۆججەت بىلەن كىرىدۇ.»

مەسرۇق بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارلاردىن بىر كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن خرىستىئان ئىدى. كېيىن ئۇلار خرىستىئانلار بىلەن مەدىنىگە يېمەكلىك ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن دادىسى ئۇلارغا ئېسىلىۋېلىپ: «سىلەرنى مۇسۇلمان بولمىغۇچە قويۇپ بەرمەيمەن دەيدۇ.» ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشقا ئۇنىماي، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا داۋالىشىپ كېلىپ، ئاتىسى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ بىر پارچام (يەنى ئىككى بالام) ئوتقا چۈشۈپ كەتسە، مەن قاراپ تۇرامدىمەن؟» دېگەندە، ئاللاھ تەئالا يۇقىرىدىكى: ‹دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشتە) زورلاش يوقتۇر› دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بالىسىنى قويۇۋېتىدۇ.»

تەپسىرى مۇنىردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ ئايەت ئىسلامنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسەت ۋە ئۇسۇلىدىكى چوڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ھېچ بىر كىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشتە زورلاش توغرا ئەمەس، ھېچقانداق كىشىگە ئەھلى ئەۋلادلىرىدىن ھېچ بىرىنى ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن زورلىشىغا كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ. ئايەت ئىماننىڭ دەلىللىرىنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىغا، ھەقنىڭ باتىل، جاھالەت ۋە گۇمراھلىقتىن ئايرىلغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئىسلام بولسا ھەق دىندۇر، كۇپرى پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن باتىلدۇر.

قۇرئان كەرىم بۇ مەننى بىر نەچچە ئايەتتە تەكىتلەيدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟»[1] ئاللاھ ھىدايەتنىڭ ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس، لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 272 ـ ئايەت)

---

[1] سۈرە يۇنۇس 99 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىملار، دەۋەتچىلەر پەقەتلا دىننى تەبلىغ قىلغۇچى، نەسىھەت قىلغۇچى ۋە خاتىرىلاتقۇچىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن، سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن.» (سۈرە غاشىيە 21 ـ 22 ـ ئايەت)

دېمەك، ئىسلام ئىنساننى ئەقىدىدە ئەركىنلىك ۋە ئىختىيارىغا قويۇپ قويىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ئاساسى ئۇنى قەلبىدە ئىقرار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشتۇر. ئۇ پەقەت سۆزلىنىدىغان كەلىمە ياكى بەدەن بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ھەرىكەت ۋە مۇراسىم ئەمەستۇر.

لېكىن قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ياراتقۇچى ئاللاھنى تونۇپ، ئۇنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلىتىشكە، پىكىر يۈرگۈزۈشكە چاقىرىدۇ، ھەقىقەتلەرنى تونۇشقا، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنى كەشىپ قىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ.» (سۈرە يۇنۇس 101 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر.»[1] پىكىر قىلىش پەقەت ئىسلامدىكى بىر ھوقۇق ئەمەس، بەلكى ئىسلامي پەرزدۇر.

### 2 ـ ئىبادەت يەرلىرىنى ھۆرمەت قىلىش

بۇ بالىغ ئىنساننىڭ ئۆزىگە تاللىغان ئەقىدىسىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە يۇقىرىدىكى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن ئىبادەت قىلىشىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى

[1] سۈرە زارىيات 20 ـ، 21 ـ ئايەت.

ئادا قىلىدىغان ئىبادەتخانىلىرىنى قوغدايدۇ. مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا چېقىلىشنى، مەيلى ئۇرۇش زامانىدا بولسۇن ياكى تىنچلىق زامانىدا بولسۇن، ئىبادەتخانىلارنى چېقىش ۋە خاراب قىلىشنى ھارام قىلىدۇ.

خەلىپىلەرنىڭ ئەسكەر قوماندانلىرىغا بۇ توغرىدا قىلغان ۋەسىيەتلىرى ۋە ئىسلام تارىخىدا فەتھى قىلىنغان يەرلەردە غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىنغان كېلىشىملەرنىڭ تارىخىي ۋەسىقىلىرى كۆپتۇر. مەسىلەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس ئاھالىسى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى، كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىدە يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھازىرغىچە بۇزۇلماي ساقلىنىۋاتقىنى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

### 3 ـ ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىش

ئىسلام مۇسۇلمانلاردىن پۈتۈن ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئارىلىشىشنى، قوشنىدارچىلىقتا رىئايە قىلىشنى، ياخشىلىق، رەھىمدىللىك، ئېھسان قاتارلىق كۆڭۈللۈك شەخسىي ئىشلاردا ۋە كۆپلىگەن چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردا ئۇلارغا ئىنسانىي ھېسسىيات بىلەن ھېسداشلىق قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. مۇشرىك ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن باشلاپ، غەيرىي مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە، غەيرىي مۇسۇلمان ئەقرىبا ۋە قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقىچە بارلىق ئىشلاردا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى ئەھلى كىتابلارنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇلارغا ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ئېھسان قىلاتتى، كېسەللىرىنى يوقلاپ باراتتى، مۇسۇلمانلار ئۇزۇن تارىخ بويىچە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئاساسلىنىپ ماڭدى. بۇ يول ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتە، مىليونلارچە كىشىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىدا ئەڭ ياخشى ۋاستىلىك رولىنى ئوينىدى.

ئىسلامنىڭ ئۇسۇلى ئىنسانىي مۇئامىلىدە ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى دىن ۋە ئەقىدە بىلەن ئايرىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزۇشنى ۋاجىپ قىلىپ، زۇلۇمنى مەنئى قىلدى. مۇسۇلمان ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىنى،

بەدىنىنى، مېلىنى ۋە ئىپپىتىنى بىردەك ھىمايە قىلدى. دىندىكى ئىختىلاپتا بولسىمۇ ئىنساپلىق بولۇشقا بۇيرۇدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، دۈشمىنىڭلارغا ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» (سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەھدە قىلىنغان كىشىگە زۇلۇم قىلسا، ياكى ئۇنىڭ ھوقۇقىنى كېمەيتىۋەتسە ياكى ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سالسا، ياكى ئۇنىڭ بىر نەرسىسىنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىۋالسا، مەن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ داۋاچىسى بولىمەن.»

خەتىب زەئىف[1] ئىسناد بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر زىممىگە[2] ئازار بەرسە، مەن ئۇنىڭغا داۋاچى بولىمەن، مەن كىمگە داۋاچى بولسام، ئۇنىڭ بىلەن قىيامەت كۈنى داۋالىشىمەن.» تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى زىممىگە ئازار قىلسا، ماڭا ئازار قىلغان بولىدۇ، ماڭا ئازار قىلغان كىشى ئاللاھقا ئازار قىلغان بولىدۇ.»

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىراق ئىقلىملاردىن كەلگەن كىشىلەردىن مۇسۇلمانلارنىڭ، ۋالىيلارنىڭ ۋە قازىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندەك زىممىلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ سورايتتى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلارنىڭ ماللىرى بىزنىڭ مېلىمىزدەك، قانلىرى بىزنىڭ قېنىمىزدەك بولسۇن ئۈچۈن جىزيە (باج) تۆلەيدۇ» دەيتتى. خەلىپىلەر ۋە ۋالىيلار مۇشۇ يولدا ماڭغان.

غەيرىي مۇسۇلمانلارغا بۇنداق ئەدەبىي، ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىسلامغا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى، دىنغا قېتىلىشى ۋە ئىسلام بايرىقى ئاستىدا تۇرۇشىدا باش رول ئوينىغان.

---

[1] يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزنى ئېيتقانلىقى ئاجىز يول بىلەن بولغان.
[2] يەنى ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە ياشايدىغان ئەھلى كىتابلار.

### 4 ـ ئىقتىسادىي مۇئامىلە

ئىسلام مۇسۇلمانلار نېمىدىن پايدىلانسا، غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارغا قانداق جازا بېرىلسە، ئۇلارغىمۇ شۇنداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى قانۇن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى جائىز قىلدى ۋە ئۇلارغا مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ھەقلەرنىڭ ئۆز ئەينىنى بەردى. مۇسۇلمان بولسۇن بولمىسۇن، پۈتۈن ۋەتەنداشلارغا كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ قانۇن نەتىجىسىدە غەيرىي مۇسۇلمانلار ئەسىرلەرچە ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ سايىسىدا، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئىچىدە ياشىدى. ئۇلار تىنچلىق، ئامانلىق، خاتىرجەملىك، ئادالەت، دىنىي ئەركىنلىك، ھايات ئىشلىرىدا، بىلىم ئېلىشتا، ھۆكۈمەتنى مۇشتەرەك بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش پايدىلاندى. تارىخنىڭ بەزى قارا سەھىپىلىرىدە ئۇلارغا زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز قىلىنغان بولسا، مۇسۇلمانلارغىمۇ ئۇنىڭدىن قاتتىقراق زۇلۇم بولدى. ئىسپانىيىدە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلارغا، پەلەستىندە مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلارغا بولغاندەك.

تارىختا ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكى شۇنداق نۇرلۇق بولغانكى، قەدىمكى ۋە يېڭى تارىخ بويىچە ئىنسانىيەت مۇنداق كەڭچىلىكنى كۆرگىنى يوق. شەرقشۇناسلار بىلەن تارىخچىلارنىڭ گۇۋاھچىلىقى بۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. رىملىقلارنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەقىدىسى ئوخشىمىغانلارغا قىلغانلىرى ۋە ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئىسپانىيىدە قىلغانلىرى، خرىستىئانلارنىڭ قۇدۇستا ۋە شام شەھەرلىرىدە قىلغانلىرى، بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپادا، رۇسىيەدە، چېچەنىستاندا، بورمادا، كەشمىردە، غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قىلىقلىرى بىلەن ئىسلامنى ئوبدان سېلىشتۇرسا يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنىڭ قانچىلىك توغرا ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

#### غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئاساسى

قۇرئان كەرىم غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئاساسىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر.» (سۈرە مۇمتەھىنە 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر)

پۈتۈن ئىنسانلارغا (گەرچە مۇسۇلمان بولمىسىمۇ) ياخشىلىق ۋە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇش ئاچسا ۋە مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلسا، بۇ چاغدا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇش ۋە جىھاد قىلىش پەرز بولىدۇ.

ئەللامە قەرافى ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنى غەيرىي مۇسۇلمانلارغا قىلىشقا بۇيرۇغان ياخشىلىقنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئەمما ئۇلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ياخشىلىق، چىن قەلبىدىن سۆيمەستىن، غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىرىغا شەپقەت قىلىش، پېقىرلىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ئاچلىرىغا تائام بېرىش، يالىڭاچلىرىنى كىيدۈرۈش، رەھىمدىللىك بىلەن ئۇلارغا سىلىق گەپ قىلىشتۇر. بۇ ئىشلارنى ئۇلاردىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئازار ۋە جاپالىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئەمەس، ئۇلارنى يوقىتىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا مەرھەمەت كۆرسىتىپ قىلىش، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ سائادەتمەن بەندىلەردىن بولۇشىغا دۇئا قىلىش، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، بىرى ئۇلارغا ئازار بېرىشكە ئۇرۇنسا، ئۇلارنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى، ئائىلىسىنى، ئىپپىتىنى، پۈتكۈل ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ساقلاش، زۇلۇمنى يوقىتىشتا ئۇلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنى بارلىق ھەقلىرىگە ئېرىشتۈرۈش، يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ تۆۋەندىكى كىشىگە قىلىدىغان پۈتۈن ياخشىلىقلىرىنى قىلىشتۇر، بۇ بولسا گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.»

### ئەھلى كىتابقا قىلىنىدىغان مۇئامىلە

ئىسلام ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار) ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مەجۇسلار ۋە ئەسلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ساماۋى كىتابقا تايىنىدىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا مەخسۇس مۇئامىلە ۋە قانۇن بەلگىلىدى.

قۇرئان كەرىم ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ۋە ئەسەبىيەت كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن ئەھلى كىتابلار بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىدا پەقەت گۈزەل بىر ئۇسۇل بىلەنلا مۇنازىرىلىشىشكە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز.» (سۈرە ئەنكەبۇت 46 ـ ئايەت)

ئىسلام ئەھلى كىتاب بىلەن بىللە يېمەك يېيىشنى جائىز قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرگەن ماللىرىنى يېيىشنى ھالال قىلدى. ئۇلارنىڭ قاچىلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىشنى دۇرۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشنى ھالال قىلدى. ھالبۇكى، قۇرئان ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ئائىلە بولىدىغانلىقىنى قارارلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تاملىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر.» (سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەت)

ئەھلى كىتاب ھەققىدىكى بۇ ھۆكۈم ئومۇمىي بولۇپ، ئەگەر ئۇلار دارىلئىسلامدا ياشىمىسىمۇ بۇنىڭغا كىرىدۇ. ئەمما دارىلئىسلامدا ياشىغانلار ۋەتەنداش بولۇپ، ئۇلار «ئەھلى زىممە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارغا مەخسۇس مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئەھلى زىممە ئەھدە ۋە ئامانلىقتىن ئېلىنغا شەرئى تېرىمدۇر. ئۇلار مۇئاھەدە ھەدىسلىرىدىن ئېلىنىپ شۇنداق ئاتالغان. ئۇلارغا «ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئەھدى» باردۇر. ئۇلارنىڭ ئىسلام ھىمايىسىدە، ئىسلام دۆلىتىنىڭ سايىسىدە خاتىرجەم ياشىشى، زىممەت ئەقدىنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ كاپالىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن «رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ زىممىسىدە» بولىدۇ. زىممەت ئەقدى بولسا، دائىمى ئەقدە بولۇپ، مۇسۇلمانلار ۋە ئەھلى كىتابلار ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئۆز دىنىدا قالىدۇ، كۆچى يېتىدىغانلارنىڭ تۆلەيدىغان ئازراق مال بەدىلىگە ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىدە، مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئەقىدە، ئىبادەتنىڭ سىرتىدىكى مۇئامىلىلەردە شەرئەت ھۆكمىگە بويسۇنۇپ ياشايدۇ. بۇ جىزيە مۇسۇلمانلارنىڭ تۆلەيدىغان زاكات ۋە جىھادقا ئوخشايدۇ. بەزى فىقھى ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، ئەگەر زىممى جىھادقا قاتناشسا، ئۇنىڭدىن جىزيە ئېلىنمايدۇ.

پۈتۈن بۇ مۇئامىلىلەر بىرىنچىدىن، دىنى كەڭچىلىك، ئىككىنچىدىن، ئېتىقاد ۋە دىنغا كىرىش ئەركىنلىكىدىن، ئۈچىنچىدىن، ئۇلارغا ئىنسانىيەت نەزىرى بىلەن قاراشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىسلام ئىنسانىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئەقىدىدە، دىنىدا ئوخشىمىسىمۇ، پەقەتلا ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

### ئىسلامدىن يېنىپ كېتىشنىڭ ھۆكمى

بۇ مەسىلە ئىسلامنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن ئۇنىڭ ئىسلامدىن يېنىپ كېتىشنى ھارام قىلغانلىقى ئوتتۇرىسىدا بىر زىتلىق باردەك كۆرۈنىدۇ. پۈتۈن فىقھى ئالىملىرى: «ئىسلامدىن يېنىپ كېتىش دۇنيادا قاتتىق جازانى ۋە ئاخىرەتتە شىددەتلىك ئازابنى ۋاجىپ قىلىدىغان بىر جىنايەت» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى ئاللاھ تەئالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى: «سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى

دوزاختتۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.»[1] رەسۇلۇللاھ: «كىمكى دىنىنى ئالماشتۇرسا ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى.

ھەقىقەتتە مۇرتەدكە (ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمگە) بېرىلگەن بۇ ئېغىر جازا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. چۈنكى ئىسلام ھېچ كىمنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلىمايدۇ. ئۇنىڭغا كىرىدىغان ئادەم؛ ئىسلامنىڭ ھەقلىقىگە تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭغا تولۇق رازى بولغان، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىقرار قىلغاندىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا كىرىدۇ. فىقھى ئالىملىرى ئەقىدە ۋە ئىماندا تەقلىدنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىغا، پىكىر ۋە ئەقلىنىڭ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىدە ھەم پىكىر. مۇشۇنداق باسقۇچلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلامغا كىرىپ بولۇپ يېنىپ كەتكەن كىشى، ياكى ئىسلامغا شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن يالغاندىن كىرگەن ئىككى يۈزلۈك رىياكار، قەلبىدە كۇپرى داۋام قىلىۋاتقان ئادەم بولۇپ، بۇ ئەقىدە ۋە مۇقەددەس ئامانەتلەر بىلەن ئويناشقان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈشكە ھەقلىق بولىدۇ. ياكى ئۇ ئىنسان ۋە جىن شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى، ئالدىشى ۋە ئىغۋاسى بىلەن ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەت چۈشەندۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆججىتى قالمىغۇچىلىك ۋەھىملىرى يوقالغۇچىلىك، شۈبھىلىرى مۇنازىرە قىلىنىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇ كۇپرىدا چىڭ تۇرسا، مۇقەددەس ئامانەتلەر، ئەقىدە ۋە دىن بىلەن ئويناشقان، ئومۇمىي نىزامغا قارشى چىققان، ئۇنى باققان ئۈممەت ۋە ھىمايە قىلغان دۆلەتكە خىيانەت قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

شۇڭلاشقا ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىدە، ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلاشقان بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىقىغا قانائەتلىنەرلىك سەھىھ ئىمان بىلەن، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تەستىقلاش بىلەن ئىسلامغا كىرگەن مۇسۇلمانىنىڭ، ئۇ دىندا مەھكەم تۇرۇشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىنىڭ 10 ـ ماددىسىدا

---

[1] سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەت.

مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنساننىڭ تەبىئەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا ئەگىشىشى ئۆزلۈكىدىن بولغاچقا، ئۇنى ئۇ دىنغا كىرىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك زورلاش جائىز بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ يوقسۇللۇقىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە بىلىمسىزلىكىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇنى دىنىنى ئالماشتۇرۇشقا ياكى دىنسىز قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشقا ئۇرۇنۇش دۇرۇس ئەمەس.»

## كېلىشىم ۋە باياننامىلەردە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقى

دىنغا ئىشىنىش ھوقۇقى، ئېتىقاد ئەركىنلىكى تارىخى ياۋروپادا ۋە باشقا دۇنيا مەملىكەتلىرىدە ئۇزۇنغا بارمايدۇ. فرانسىيە قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ئېلان قىلىنغۇچە ئىنسانلار دىنغا زورلىناتتى ۋە دىنىي تەئەسسۇپ ھاكىم ئىدى.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى چىقىرىلىپ، ئۇنىڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ناھايىتى ئاددىي شەكىلدە تىلغا ئېلىندى ۋە ئۇنىڭدا مەخسۇس بىر ماددىمۇ بېكىتىلمىدى. ئۇنىڭ 18 ـ ماددىسىنىڭ بىر بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلىدى: «ھەر كىشىنىڭ پىكىر قىلىش، ۋىجدان، دىن ئەركىنلىكى بار، بۇ ھوقۇق دىنىنى، ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىش، مەيلى مەخپىي، مەيلى جامائەت بىلەن ئاشكارا تەلىم ئېلىپ بېرىش، دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىش، ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

ئەمما ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئىمان ۋە ئەقىدە مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدى، خىتابنامىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش.....، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىش، ئىسلام ئۈستىگە قۇرۇلغان، پۈتۈن ئىنسانلارنى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە چاقىرغان خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئەگىشىمىز» دېيىلگەن. بىرىنچى ماددىسىدا: «سەھىھ ئەقىدە ئىنساننىڭ تەدرىجىي تاكامۇللىشىش يولىدىكى كارامىتىنىڭ ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېيىلگەن.

ئۇندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى ئوننىچى ماددىسىدىمۇ بۇ مەسىلە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بىز دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىزنى تولۇقلاش ئۈچۈن تۆۋەندە ئىككى مەسىلىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1 ـ شەخسنىڭ ئېتىقاد قىلغان دىنغا چاقىرىش ھوقۇقى، ئەقىدىسى بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنى بارلىق ئىبادەت ئورۇنلىرىدا خۇسۇسەن مەسجىدلەردە ئادا قىلىش، دەۋەتچىنىڭ ھېكمەت ۋە نەسىھەت بىلەن ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھوقۇقى، دىنغا تەئەللۇق ئىبادەت ۋە ئەمەللىرىنى ئادا قىلىش ھوقۇقى.

2 ـ ئىسلامدىكى جىھاد ھېچ بىر كىشىنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت زالىملارنى يوقىتىش، بەندىنى بەندىگە ئىبادەت قىلىشتىن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ھاكىملارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش، ئەقىدە ۋە دىنغا كىرىش ئەركىنلىكىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن دەۋەتنىڭ ئالدىدىكى توسۇقلارنى ئېلىپ تاشلاش، ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە ھەققىدە ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشى، ھەق دىن ۋە سەھىھ ئىماننى تاللىۋېلىشى ئۈچۈن زۇلۇملارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «بىز ھېچ بىر كىشىنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلىمايمىز، ئەگەر كاپىر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئىدى، بۇ كىشىلەرنى دىنغا مەجبۇرلايدىغان ئەڭ چوڭ زورلاش بولاتتى.»

# ئىككىنچى پەسىل

# سىياسىي ھوقۇقلار

ئۇ ئىنسانىنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان ئالاقىسى ياكى جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۈزەيدىغان ھەقلەردۇر. ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي بىر مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ پەقەت ئائىلىدىن باشلىغان بىر جەمئىيەت ئىچىدە، ئۇندىن كېيىن مەدەنىيەتلىك بىر چوڭ جەمئىيەت، ئۇندىن كېيىن بىر دۆلەت ئىچىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

دۆلەت قۇرۇش ئەقلىي جەھەتتە ئەڭ زۆرۈر بىر ئىش بولۇپ، شەرىئەتتە دىنىي ۋاجىپتۇر. دۆلەت قانۇن - تۈزۈمسىز قۇرۇلمايدۇ. قانۇنلارنىڭ ئىچىدە شەخسلەرنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۈزەيدىغان تۈزۈملەر بولىدۇ. قانۇن - نىزاملار بەزىدە ئىنسانىنىڭ ئاساسى ۋە خۇسۇسى ھوقۇقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، مانا مۇشۇنىڭدىن شەخسلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ھوقۇقلىرى پەيدا بولىدۇ.

سىياسىي ھوقۇقلارنىڭ دائىرىسى بەك كەڭدۇر، ئۇ دۆلەت پروگراممىسىنى، جەمئىيەت ئاساسىنى، ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى، ئىدارە ئىشلىرىنى بەلگىلەشنى، خەلقنىڭ ھۆكۈم ئىشلىرىغا قانچىلىك قاتنىشىدىغانلىقىنى، شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت، ئۈممەت ۋە دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇقلارنى ئايرىيدىغان چەك - چېگرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسى قانۇن، ئىدارە قانۇنى، سوت قانۇنى ۋە سوتلاش قائىدە - تۈزۈمى ئىچىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، سىياسىي ھوقۇقلار خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز؛ ئومۇمىي مەنىپەئەت ئىچىدە ئىنسانىنىڭ ئاساسىي ھەقلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىلدە دۆلەتنىڭ شەخسكە بېرىدىغان ھوقۇقلىرىدۇر. بۇنىڭغا ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز: پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ھۆكۈم ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقى، بۇنى شەرىئەتتە «شۇرا» دەپ ئاتايدۇ.

## بىرىنچى پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى

ئىسلام ھۆكۈمنى ھاكىم بىلەن مەھكۇم ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق نەرسە دەپ قارايدۇ. ھاكىم ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھوقۇقتىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھى ئالىملىرى «ئىمام(دۆلەت رەئىسى) نىڭ ئىجرائاتلىرى جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىق» دېگەن مەشھۇر قائىدىنى قويغان.

ئىسلام جەمئىيىتىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپتىن ھاكىمنى كۆزىتىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بەلكى ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش دىنىي ۋاجىپتۇر. ئەگەر شەخسلەر بۇ ۋەزىپىسىدە كەمچىلىك قىلسا ئۇلارغا بالا كېلىدۇ ۋە ئازاب ئومۇملىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» (سۈرە ئەنفال 25 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىم ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنى بىر قانچە يەردە تەكرارلايدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىم ئىسلام ئۈممىتىنى «ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دەپ سۈپەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا مۇشۇ بۈيۈك ھوقۇق بىلەن سەۋەب كەلتۈردى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت سىلەر.» (سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، ئىبادەت قىلغۇچىلار، (ئاللاھقا) ھەمدۇ سانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار(يەنى ئاللاھنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر)؛ مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.» (سۇرە تەۋبە 112 ـ ئايەت)

سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دىن نەسىھەتتۇر» ساھابىلەر: «كىمگە، يا رەسۇلۇللاھ!» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھقا، كىتابىغا، پەيغەمبىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا» دەپ جاۋاب بەرگەن.

پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ئىنساننىڭ ئوخشاشمىغان ۋەسىلىلەر بىلەن كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھاكىمنىڭ سىياستى ھەققىدە ئۇلارغا پايدىلىق بولىدىغان پىكرىنى بايان قىلىش ئىقتىدارىدۇر.

بۇ شۇرادا (يەنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشتە) روشەن ئاشكارا بولىدۇ. ئىمام ۋە ھاكىم ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا بۇيرۇلغان، رەسۇلۇللاھ بۇنى ئەمەلىي تەتبىق قىلغان.

خەلىپىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرى پۇقرالاردىن پىكىرلىرىنى بايان قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلاردىن نەسىھەت قىلىشلىرىنى ۋە ياخشى يوللارنى كۆرسىتىشنى ئىلتىماس قىلاتتى. نەسىھەت قىلىدىغان مەخسۇس جامائەت تۇتاتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە: «سىلەردىن كىمكى مەندە بىر خاتالىقنى كۆرسە ئۇنى تۈزەتسۇن» دېگەن ئىدى، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەندە بىر خاتالىق كۆرسەك قىلىچىمىز بىلەن تۈزىتىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ بىرى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە قاتتىق گەپ قىلغان كىشىگە كايىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق گەپ قىلغان كىشىنى قوللاپ: «ئەگەر ئۇ سۆزنى دېمىسەڭلار سىلەردە ياخشىلىق يوق، ئەگەر بىز ئۇنى قوبۇل قىلمىساق بىزدە ياخشىلىق يوقتۇر» دەيدۇ.

رىۋايەتكە قارىغاندا، بەزى كىشىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئاللاھتىن قورقىن» دېگەن. ئۇ يەردە بولغانلارنىڭ بەزىلىرى: «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە ئاللاھتىن قورقىن دەمسەن؟!» دېيىشتى. ئۆمەر غەزەپلەندى ۋە ھېلىقى ئادەمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

بىر كۈنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە خۇتبە ئوقۇۋېتىپ، ئىنسانلارنى مەھرىنى ئېغىرلاشتۇرماسلىققا بۇيرۇدى ۋە مەھرىنى ئېغىرلاشتۇرغان كىشىلەرگە: «ئارتۇق مەھرىنى بەيتۇلمالغا ئالىمەن» دەپ تەھدىت قىلدى. ئاياللار سېپىدىن ئېگىز بويلۇق بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئىبنى خەتتاب! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ توۋلىدى، ئۆمەر: «نېمە ئۈچۈن؟» دېۋىدى، ئايال: «چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەگەر بىر خوتۇنني قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مېھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟›[1]» دەيدۇ ـ دە مەھرىنى مەلۇم بىر نەرسىگە توختىتىشنىڭ يوقلىقىغا دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئايال توغرىسىنى تاپتى، ئۆمەر خاتالاشتى» دەيدۇ.

ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ تارىخىدا بۇنداق مىساللار كۆپتۇر. ئالىملار ۋە باشقىلار خەلىپىلەرگە، ۋالىلارغا، ھاكىملارغا نەسىھەت قىلاتتى، ئۇلارغا ھۆكۈم چىقىرىش، خەلققە مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە پۈتۈن ئىنسانلارغا پايدىلىق ۋە خەيرلىك بولىدىغان ياخشى پىكىرلىرىنى بايان قىلاتتى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمرىلىرىگە ۋە ھەدىس شەرىپلەرگە ئەمەل قىلىشلىرى ئۈچۈن نەسىھەت قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ ھاكىملاردىن سادىر بولغان خاتالىق قارشىسىدا سۈكۈت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە زالىم سۇلتانىنىڭ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشنى ئەڭ بۈيۈك جىھاد دەپ ھېسابلىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق قىلىمىز، زۇلۇم قىلسا زۇلۇم قىلىمىز، دەيدىغان «ئىممەئە»[2] بولماڭلار، لېكىن توغرا پىكىردە چىڭ تۇرۇڭلار، ئەگەر كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەگەر يامانلىق قىلسا زۇلۇم قىلماڭلار.» ئالىملار ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان: «مۇسۇلمانلار

---

[1] سۈرە نىسا 20 ـ ئايەت.

[2] ئىممەئە: ئويلىماستىن، پىكىر قىلماستىن باشقىلارغا ئەگىشىدىغان ئادەم.

ياخشى كۆرگەن نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ياخشىدۇر، مۇسۇلمانلار قەبىھ كۆرگەن نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قەبىھتۇر» دېگەن ھەدىسكە ئاساسلىنىپ ئاممىنىڭ پىكرىنى: «مۇراجىئەت قىلىنىدىغان ئاساس» دەپ قارايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئۈممەن بارلىق مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى، خۇسۇسەن ھاكىملار بىلەن مەھكۇملارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى بىر كېمىگە چىققان ئىنسانلارغا ئوخشىتىدۇ. ئۇ قۇتۇلۇشقا تىرىشۋاتقان ھايات كېمىسى بولۇپ، خاتىرجەم قىرغا چىقىۋالسا چىقىۋالدى، بولمىسا ھەممىسى دېڭىزدا غەرق بولۇپ ھالاك بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ توختاتقان چېگرىدا تۇرغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىسالى بىر كېمىدە ئولتۇرغان جامائەتكە ئوخشايدۇ، (كېمە ئىككى قەۋەت بولۇپ) بەزىلىرى ئۈستىدىن بەزىلىرى ئاستىنقى قەۋەتتىن ئورۇن ئالىدۇ. (ئىچىدىغان سۇ يۇقىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن) ئاستىدىكى كىشىلەر سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئۈستىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «ئەگەر تۇرغان يېرىمىزدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويساق، ئۈستىمىزدىكىلەرگە ئازار بەرمىگەن بولاتتۇق» دەيدۇ. ئەگەر ئۈستىدىكىلەر ئاستىدىكىلەرنى خاھىشىغا قويۇپ بەرسە، ھەممىسى ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇتۇلىدۇ.»

بۇ ھەدىس زالىمنى زۇلۇمدىن قايتۇرۇش، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇش، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھىسبە نىزامى ئاشكارا بولىدۇ. ھىسبە ــ ياخشىلىقلار تەرك قىلىنغاندا ئۇنىڭغا بۇيرۇش، يامانلىقلار ئىشلەنگەندە ئۇنىڭدىن توسۇش بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىندۇر. لېكىن بۇ ۋەزىپە ئاممىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن كىمكى بىر مۇنكەرنى (يەنى مەنئى قىلىنغان ئىشنى) كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن (ئەگەر كۈچى يەتسە). ئەگەر كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، قەلبى بىلەن ئۆزگەرتسۇن(يەنى قەلبىدە ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرسۇن). بۇ (قەلبى بىلەن ئۆزگەرتىش) ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزىدۇر.»

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە سايلانغان ۋاقتىدىكى نۇتقىدا ئىنسانلاردىن خاتالىقنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەلەپ قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ھاكىم قىلىندىم، مەن سىلەردىن ياخشىراق ئەمەسمەن، ئەگەر توغرا ئىش قىلسام، ماڭا ياردەم بېرىڭلار. ئەگەر خاتا كەتسەم تۈزىتىڭلار، ھەققىڭلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مۇددەتچە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئاسى بولسام، ماڭا ئىتائەت قىلىش سىلەرگە لازىم ئەمەس.»

پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، بىرىنچىدىن، ئۈممەتنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرى، ئىككىنچىدىن، دىنىي ۋاجىپتۇر. پىكىر بايان قىلىشتىن مەقسەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش، ھاكىملارغا ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى خاتىرىلىتىش بولغان ئىكەن، ئۇ ھاكىمنىڭ رۇخسىتىگە قارىمايدۇ.

ئەينى زاماندا پىكىر بايان قىلىشنىڭمۇ چەك ـ چېگرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. پىكىرنىڭ ھەق، دەلىل ۋە ھۆججەتكە باغلىق بولۇشى، باشقىلارنى پىكىر بايان قىلىشتىن مەھرۇم قىلماسلىق، پىكىرنىڭ ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ۋەھىمە ـ خىيال ۋە گۇماندىن ئۇزاق بولۇشى قاتارلىقلار ئاشۇ چېگرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.» (سۈرە ھۇجۇرات 6 ـ ئايەت)

پىكىر بايان قىلىدىغان كىشى ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن چىرايلىق سۆز قىلىشى، سەت، قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ توۋلاشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ياخشى سۆزگە ھىدايەت قىلىندى. ئاللاھنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىندى.» (سۈرە ھەج 24 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى)

قۇلاق، كۆز، دىلنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.»[1] يەنە بىر ئايەتتە: «ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار» دەيدۇ.(سۈرە تاھا 44 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن.» مۇشۇنداق قىلىش بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچە پەيدا قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلانغان كۈچلۈك بىر ئۈممەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ پايدىسى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۈممەت تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئىلگىرىلەيدۇ.

## پىكىر ۋە ئىجتىھات ئەركىنلىكى

پىكىر ئەركىنلىكى ئىسلامنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئىجتىھات قىلىش ھوقۇقىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدا ئوچۇق مەيدانغا چىقىدۇ. ئىجتىھات ـ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى دەلىلدىن تونۇشتا بارلىق كۈچىنى سەرپ ئېتىشتۇر. ئىسلام ئىجتىھات يولىنى ئاچتى. ئۇ ئومۇمەن دىندا، خۇسۇسەن فىقھى ۋە ئۇسۇلدا بەك كەڭ يولدۇر. بۇ يەردە ئۇلارنى بايان قىلىشقا ئىمكان يوق، ئۇ ھەقتە ئۇسۇلى فىقھى كىتابلىرىنى ئوقۇشقا ھاۋالە قىلىمىز.

ئىسلامدا ئىجتىھات قىلىش، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھات قىلىشى بىلەن باشلاندى. ئۇنىڭغا ئاسماندىن ۋەھيي نازىل بولاتتى، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئىجتىھات قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن، كېيىن ئۇنىڭ قىلغان توغرا ۋە ھەق ئىجتىھادىنى قوبۇل قىلغان، ئەگەر خاتا كەتسە، ۋەھيي ئارقىلىق تۈزىتەتتى. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ بەزى مۇناپىقلارنىڭ تەبۇك غازىتىغا بارماسلىقىغا رۇخسەت بەرگەن، لېكىن ئاللاھ تەئالا ئۇنى ئەيۇ قىلىش بىلەن بىرگە كايىغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە نېمىشقا ئۇلارغا جىھاجقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ.» (سۈرە تەۋبە43 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشكەن دۈشمەنلەردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكىگە كايىغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىقنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت

[1] سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت.

بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى.(ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى تىلەيدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ (ئولجىنى ھالال قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغىنىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.» (سۈرە ئەنفال 67 ـ 68 ـ ئايەتلەر)

رەسۇلۇللاھ مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ جىنازىسىغا قېتىلىپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن، ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئوغلىنىڭ تەلىپى بىلەن ئابدۇللاھنىڭ جەسىتىنى مۇبارەك كۆڭلىكى بىلەن كېپەنلىگەن ئىدى. ئاللاھ تەئالا بۇ ئىشنىڭ تەكرارلىنىشىنى مەنئى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ۋە دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى.» (سۈرە تەۋبە 84 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ بەزى دۇنيا ئىشلىرىدا ئىجتىھات قىلدى، بەزى ساھابىلەر ئۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى بايان قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى قوبۇل قىلدى. مەسىلەن، بەدرىدە رەسۇلۇللاھ ئەسكەرلەرنى بىر يەرگە چۈشۈردى، ساھابىلەردىن ھەبباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەر ئاللاھنىڭ ئەمرىمۇ ياكى ئۆز پىكرىڭىزمۇ؟ ئۇرۇش ھىيلەدۇر؟» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «بۇ مېنىڭ پىكرىم، ئۇرۇش ھىيلەدۇر» دەيدۇ، ھەبباب ئۇ يەرنىڭ ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ، ئەسكەرلەرنى يۆتكەشنى تەكلىپ قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يېرى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى ئۇ يەرگە يۆتكەيدۇ.

بىر كۈنى، مەدىنىنىڭ خورما دەرەخنى ئۇچۇق قويۇش توغرىسىدا پىكرىنى بايان قىلغان. تەجرىبىلىك كىشىلەر ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلغاندا: «دۇنيا ئىشلىرىڭلارنى سىلەر ئوبدانراق بىلىسىلەر» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئىجتىھات يولىنى ساھابىلىرىغا ئېچىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىھات قىلىڭلار، ھەممە نەرسە يارىتىلىش غايىسىگە ئاسانلاشتۇرۇلغان.» ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «قۇرئان ۋە ھەدىستىن تاپساڭ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ئەگەر ئۇ ئىككىسىدە بىر ھۆكۈم تاپالمىساڭ، ئەقلىڭ بىلەن ئىجتىھات قىلغىن» دېگەن. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتىدىغان ۋاقتىدا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: «قانداق ھۆكۈم قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن، ئۇنىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن، ئۇنىدىن كېيىن ئۆز پىكرىم بىلەن ئىجتىھات قىلىمەن، كەمچىلىك قىلمايمەن» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى قىلىدۇ.

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئاز ئىجتىھات قىلغان، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنى كېڭەيتتى، ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ئىجتىھادلىرى بىلەن ئەمەل قىلدى. ئۆز ئارىلىرىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئوچۇق ئىدى، دۆلەت ئىشلىرى ۋە ھۆكۈم ئىشلىرىدا ھەر ساھابە ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى بايان قىلاتتى.

ئۇندىن كېيىن، بۇ ئىجتىھات ئىشى تابىئىنلارغا، مۇجتەھىدلەرگە، فۇقەھالارغا ۋە ئالىملارغا يۆتكەلدى، ھەتتا فىقھى ۋە ئۇسۇلى فىقھى ئىلمى كىتابلىرىدا ئىجتىھات ئۈچۈن مەخسۇس باب قويۇلدى، بۇ باب كەڭ تارقالدى ۋە ئىسلام فىقھىنى قائىدىلەر، قەيتلەر، دەلىللەر ۋە ھۆججەتلەر بىلەن ھېچقانداق ئۈممەت ۋە قانۇندا مىسلى كۆرۈلمىگەن بايلىق بىلەن بېيىتتى.

## كېلىشىم ۋە باياننامىلەردە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى

پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى قەدىمكى ئۈممەت، ھاكىملار ۋە خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئەڭ چوڭ جىنايەت ھېسابلىناتتى. ھاكىملار ھۆكۈملىرىدە «ئىلاھىي ھەق بار» دەپ دەۋا قىلاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىدە ئەڭ توغرا ۋە خاتادىن خالىي سانىلاتتى، باشقىلارنىڭ پىكىر بايان قىلىشىغا، ھاكىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە يول قويمايتتى. كىمكى بۇنداق ئىشنى قىلسا (پىكرىنى سۆزلىسە)، ئەڭ ئېغىر ئازاب ۋە ئۆلۈم بىلەن جازالىناتتى.

پەيلاسوپلار، هۆكۇمالار ۋە ئىسلاھاتچىلار تارىخ بويىچە پىكىر ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىپ، نۇرغۇن كۈرەش ئېلىپ باردى ۋە بۇ يولدا ھەر تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىدى. ھەتتا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى ناخشا ۋە ئارزۇ بولۇپ قالدى. خۇسۇسەن ئەقىدە، ۋىجدان ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىش كۆپلىگەن خەلقلەردە ھارام ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىشلار ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى، فرانسىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ياۋروپادا بىرىنچى قېتىم پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۇنى قانۇنلاشتۇردى. فرانسىيە قوزغىلىڭىدىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ سىياسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىدىن كېيىن باشقا دۆلەتلەرگە يۆتكەلدى، كۆپ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي قانۇنىغا ۋە ئاساسىي ئەركىنلىك بايانناملىرىگە كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى مۇقەددەس، ئېتىراپ قىلىنغان قانۇنلۇق ھوقۇق بولۇپ قالدى.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئون توققۇزىنچى ماددىسى مەخسۇس بۇ ھوقۇق ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلدى: «ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەركىن پىكىر بايان قىلىش  ھوقۇقى بار، بۇ ھوقۇق ھېچقانداق تەسىر ئاستىدا قالماستىن، خالىغان پىكىرگە ئېتىقات قىلىش، خەۋەرلەر ۋە پىكىرلەر ئىزدەش، ئۇنى قوبۇل قىلىش، ئۇنى جۇغراپىيىلىك چېگرىسى بىلەن باغلىنىپ قالماستىن، خالىغان يەردە، خالىغان ۋاستىلەر بىلەن تارقىتىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» 1966 ـ يىلدىكى خەلقئارالىق كېلىشىمنىڭ 29 ـ ماددىسىدا بۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر سىياسىي ۋە مەدەنىي ھەقلەرگە باغلانغان ئاساستا تەكرارلاندى. بۇ ماددا پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا، ئابرۇيىغا ھۆرمەت قىلىش، ئامىمنىڭ ئامانلىقىنى، تىنچلىقىنى ۋە قانۇن تىزامىنى ھىمايە قىلىشقا تەئەللۇق قانۇننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى قەيت قىلىپ تەكىتلىدى.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسىنىڭ 22 ـ ماددىسىدا بۇ ھوقۇقلارنى تۆت بۆلۈمدە بايان قىلىندى:

1 ـ ھەر ئىنساننىڭ شەرىئەت ئاساسىغا زىت كەلمەيدىغان پىكرىنى بايان قىلىش ئەركىنلىكى بار.

2 ـ ھەر كىشىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ياخشىلىققا چاقىرىپ، يامانلىقتىن توسۇش ھوقۇقى بار.

3 ـ نەشرىيات جەمئىيەتنىڭ ھاياتى زۆرۈرىيەتلىرىدىندۇر. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى سۇيىئىستېمال قىلىش، مۇقەددەس ئامانەتلەرگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئابرۇيىغا چېقىلىش، ئەخلاقنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلىش ياكى جەمئىيەتنى بۆلگۈنچىلىككە ئېلىپ بارىدىغان، ياكى ئۇلارغا زىيان كەلتۈرىدىغان، ياكى خەلقنىڭ ئەقىدىسىنى داۋالغۇتىدىغان نەرسىلەرنى نەشر قىلىش ھارام قىلىنىدۇ.

4 ـ مىللەت ۋە مەزھەپ دۈشمەنلىكىنى قوزغاپ، ئىرق ئايرىيدىغان ھەر قانداق پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي دۇرۇس بولمايدۇ.

بۇ ماددىدىكى قائىدىلەر شەرىئەتتىكى ئىسلام ئەخلاقى، ھېكمەت بىلەن دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى، زىيان ۋە بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى مەنئى قىلىش قاتارلىق تۈزۈمدىن ئېلىنغان.

## ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئەركىنلىكى

شەخسلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدە، ئۆز ئىچىدىن سايلانغان ھاكىملىرى ئالدىدا پىكىرلىرىنى بايان قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقى بولغان ئىكەن، پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى بايان قىلىش، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش، مۇستەقىللىقتا، دۆلەت تەشكىللەشتە تاشقى تەقدىرىنى بەلگىلەش، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي جەھەتتە ئىچكى تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى تېخىمۇ مۇۋاپىقتۇر.

بۇ ھوقۇق بۇرۇنقى ئەسىرلەردە تارىخنىڭ زىممىسىدە ئىدى. چوڭ دۆلەتلەر كىچىك خەلقلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىغا ۋە تەقدىرىگە ئىگە بولىۋالاتتى. بۇ ھازىرقى ئەسىردە تاجاۋۇزچىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ياۋروپا دۆلەتلىرى خەلقلەرنى بېسىۋېلىش، كىچىك دۆلەتلەرنى ئىشغال قىلىش، مىللەتلەرگە سۇيىقەست قىلىش بىلەن

قۇرۇلغاندۇر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 1919 - يىلى بۇ بۇزۇق ئاساسنى «قېتىلىش ياكى قوشۇلۇش» ئىسمى بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چار رۇسىيە، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىر نەچچە ئىسلام دۆلىتىنى، ئاسىيادا نۇرغۇن يەرلەرنى بېسىۋالدى، ئۇ يەرلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە بايلىقىنى تارتىۋالدى. فرانسىيە، ئەنگلىيە ئاسىيا بىلەن ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىنى بېسىۋالدى. كېيىن دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئىشغالچى ۋە بۇلاڭچىلىققا قارشى خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، 1945 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ بىرى مىللەتلەر ئارىسىدا دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورنىتىش (خەلق پۈتۈن ھوقۇقلاردا باراۋەرلىككە ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە ھەممە خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئاساسەن ئالاقە قىلىش) ئىدى.

كېيىن، 1966 - يىلى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلار ھەققىدە خەلقئارا كېلىشىم، مەدەنىي، سىياسىي ھوقۇقلار ھەققىدە خەلقئارا كېلىشىم دەپ ئىككى كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ ئىككى كېلىشىمنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار، سىياسىي مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلەش ھوقۇقى بار، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى بار» دەپ بېكىتىلدى. بۇ ماددىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە: «پۈتۈن دۆلەتلەرنى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم ھوقۇقىدىن پايدىلىنالمىغان رايونلارنى ئىدارە قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ بار، ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇنى ھۆرمەتلەش كېرەك» دېگەن تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش ئومۇمىي يىغىنى، 1960 - يىلى 14ـدېكابىردا «ئىشغال ئاستىدىكى خەلقلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى بېرىش» تېمىسى ئاستىدا بىر قارار چىقاردى. بۇ ئىشغالىيەتچىلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىدى.

ئىسلام خەلقىنىڭ ئۆزلىرى خالىغانچە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا، بېسىمدار ھاكىملارغا قارشى ئۇرۇش ۋە جىھاد ئېلان قىلدى. خەلقنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بىلەن ئەركىن قويۇپ بەردى. خەلق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنى كېلىشىم تۈزۈش ياكى ئۆز ئىختىيارى

بىلەن دىنغا كىرىشنى تاللىشىغا قويۇپ بېرىشنى ۋاجىپ قىلدى. دۈشمەنلىك قىلمىغان، كېلىشىمنى بۇزمىغان ھالەتتە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى مەنئى قىلدى.

مۇسۇلمانلار ھەمىس ۋە سەمەرقەند قاتارلىق ئىقلىملاردىكى خەلق بىلەن كېلىشىم تۈزگەندى. كېيىن مۇسۇلمانلار كېلىشىمگە ئەمەل قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئىدارە ئىشلىرىنى يەرلىك خەلققە قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇ ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ھەمىسدە قىلغان مۇئامىلىسى ئىدى، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم سەمەرقەندنى خەلقىگە ئىسلامغا كىرىش ياكى كېلىشىم تۈزۈش ياكى ئۇرۇشۇش ئىختىيارى بەرمەستىن فەتھى قىلغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنى دۆلەتنى ئۆز خەلقىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان.

ھازىرقى ئەسىردە ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى ئىستىلا قىلىنىش ۋە قۇل قىلىنىش قاتارلىق نۇرغۇن ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. خەلق ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئىشغالغا قارشى تۇردى ۋە ئازادلىق ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر.» (سۈرە ھۇد 113 ـ ئايەت)

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 11 ـ ماددىسىدا ھەرقانداق ئىشغال ۋە بېسىۋېلىشنىڭ ھاراملىقى ئېلان قىلىندى.

## ئىككىنچى شۇرا (كېڭەش) ھوقۇقى

ئۇ ــ سىياسىي ھوقۇقنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى ھوقۇقتۇر. يەنى خەلق ۋە ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقەتكە چىقىرىدىغان مۇناسىپ بىر قارار چىقىرىش ئۈچۈن ھاكىم ۋە خەلق ئارىسىدا مەسلىھەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىدۇر.

كېڭەش ئىسلامدا ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئىسلامدا بەزىدە تەپسىلىي ئوقۇتۇلىدۇ، بەزىدە خىلاپەت ۋە دۆلەتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىر پارچىسى شەكلىدە ئوقۇتۇلىدۇ.

كېڭەشتىكى ئاساس، پىكىردىكى ئىستىبداتنى مەنئى قىلىش، بارلىق خەلققە مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدە ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىشنى چەكلەش، چىقىرىدىغان قارارنى

ئالدى بىلەن خەلقنىڭ سەمىگە ياكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىگە سېلىش، ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدىغان تەجرىبىلىك كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدىن ياردەم ئېلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇمكىنقەدەر توغرا ۋە ھەق يولغا ئېرىشمەكتۇر. بۇ مەسىلە ھۆكۈملەرنى بېكىتىش ھەققىدە «ئاللاھنىڭ ئىنسانىنى ھۆرمەت قىلىشى» دېگەن بابتا سۆزلەندى.

كېڭەشكە بۇيرۇش قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىندى، لېكىن ئۇ ئومۇم بولۇپ، تەپسىلاتىنى، ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ يولىنى، زامان ۋە ماكانىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كېڭەشنىڭ يولىنى تاللاش ئىشىنى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇردى.

كېڭەشكە بۇيرۇش ئىككى ئايەتتە زىكىر قىلىندى، بىرىدە ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلىپ كېڭەشكە بۇيرۇدى:

«ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى ئەمرى(يەنى كېڭەشكە بۇيرۇش) ۋاجىپ ئۈچۈندۇر. چۈنكى «ئەمر»نى ۋاجىپلىقتىن چىقىرىدىغان بىر دەلىل بولمىسا، ئۇ ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ[1].

ئىككىنچى ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئايرىلماس بىر سۈپىتى شەكلىدە بايان قىلىندى: «ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت (كېڭەش) بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان

---

[1] قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان «ئەمر» سۆزى ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىرى، ۋاجىپ (پەرز)نى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن، بۇ ئايەتتىكى «كېڭەشكىن» دېگەنگە ئوخشاش، يەنە بىرى، مۇباھنى يەنى قىلىش ـ قىلماسلىق بەندىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «يەڭلار، ئىچىڭلار» دېگەندەك.

زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاپ تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر.» (سۈرە شۇرا 36 ـ 39 ـ ئايەتلەر)

كېڭەشنىڭ ئەھمىيىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ پەزىلىتىگە، ۋاجىپلىقىغا ئىشارەت قىلىپ، پۈتۈن بىر سۈرىنى «شۇرا سۈرىسى» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ بۈيۈك بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قۇرئان ئۇنى ناماز، زاكات ۋە گۇناھى كەبىرىلەردىن ساقلىنىش بىلەن بىللە زىكىر قىلدى.

رەسۇلۇللاھ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى تۇتتى ۋە كېڭەشكە چاقىردى. سۆز ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ساھابىلىرى بىلەن بەك كۆپ كېڭەش قىلاتتى. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللاھتىنمۇ كۆپرەك مەسلىھەت قىلىدىغان كىشى يوق ئىدى» دەيدۇ.

ھەسەن بەسرى: «رەسۇلۇللاھنىڭ مەسلىھەتكە ئېھتىياجى يوق ئىدى، لېكىن ئۇ ھاكىملارنىڭ تۇتىدىغان يولى بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى» دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ كۆپ ئىشلاردا ساھابىلىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش، ئۇلارنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا مەسلىھەت سالاتتى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىناتتى. مەسىلەن، بەدرىدە ئۇلارغا مەسلىھەت سالدى ۋە ھەبباب ئىبنى مۇنزىرنىڭ: «سۇغا يېقىن يەرنى ئىگىلەيلى» دېگەن پىكرىنى قوبۇل قىلدى. بەدرىدە ئەسىر چۈشكەن كاپىرلار ھەققىدە مەسلىھەت سالدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مەدىنىدە تۇرۇش ياكى تاشقىرىغا چىقىش توغرىسىدا كېڭەش قىلدى. ھەۋازىن ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ھەققىدە كېڭەش قىلدى. مەئىشەت ۋە ھايات ئىشلىرىدا ئاياللىرى بىلەن كېڭەش قىلاتتى. ئەھزاب كۈنى ساھابىلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى. خەندەك ئۇرۇشىدا سەلمان فارىسىنىڭ ئورا كولاش پىكرىنى قوبۇل قىلدى. ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئاز بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ مەدىنىنىڭ مېۋىسىنىڭ يېرىمىنى غەتفان قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىغا بەرمەسلىك ھەققىدىكى پىكرىنى قوبۇل قىلدى.

كېڭەشنىڭ ساغلام پىكىرگە ئىگە بولۇش، بىر ماۋزۇدا بىر نەچچە كۆز قاراشنى تەكشۈرۈش، ئوخشىمىغان تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش، بىردىن كۆپ كىشىلەرنىڭ

ئەقلىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۆكۈم ۋە دەلىللەرنى بىلىش قاتارلىق پايدىلىرى بار. شۇڭلاشقا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كېڭەشسىز يۈرگۈزۈلگەن ئىشتا ياخشىلىق يوقتۇر» دېگەن. بەزى ھۆكۈمالار: «ئىستىخارە قىلغان كىشى زىيان تارتمايدۇ، كېڭەشكەن كىشى پۇشايمان قىلمايدۇ» دېگەن. جامائەتنىڭ كۆز قارىشى بىر ئادەمنىڭ كۆز قارىشىدىن بەكرەك توغرا ۋە خاتادىن يىراقراقتۇر. شۇرا ئۈممەتنى شەخسلەرنىڭ بېسىمىدىن، ھاكىملارنىڭ ئىستىبدادىدىن قۇتقۇزىدۇ، ئىشلار تۈزىلىدۇ، ھەق باتىلدىن، ياخشىلىق يامانلىقتىن ئايرىلىدۇ.

ئىسلام كېڭەشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق سەپەرگە چىقىش ـ چىقماسلىق، ياكى بىرەر ئىشنى قىلىش ـ قىلماسلىق ئىشلىرىدا قۇشلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قاراپ قارار بېرىشتىن ئىبارەت جاھىلىيەتكە خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلدى.

رەسۇلۇللاھ بىر تەرەپتىن خاتادىن خالىي ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەھيي سايىسى ئاستىدا ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق كېڭەشكە سىغىندى ۋە ئۇنى قوللاندى. ئومۇمىي مۇسۇلمانلار، خۇسۇسەن خەلىپە، ۋالىلارنىڭ كېڭەشكە قاتتىق ئېھتىياجى بار ئىدى، كېڭەشنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ، ئىنسانىنىڭ شەخسى ئىشىدىن ئائىلە ئىشلىرىغىچە، پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ھۆكۈم ۋە باشقا مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن قەتئىي دەلىل بولغان مەسىلىلەردە شۇراغا ئورۇن يوق، پەقەت گۇمانى ئىشلاردا كېڭەش ئىجرا قىلىنىدۇ.

كېڭەشتە ئالدى بىلەن ئىسلامنىڭ «بەيئەت» ئىسمى بىلەن قارارلاشتۇرغان خەلىپە ياكى ھاكىم سايلاش ئىشى، ئۇندىن كېيىن شەخسلەرنىڭ، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تەربىيە ۋە ئىدارە قاتارلىق ئىشلىرىغا قاتنىششى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەۋدۇدى كېڭەش ھەققىدە نازىل بولغان ئىككى ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كېڭەش ــ ‹ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلار› دېگەن ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەل سۈپەتلىرىدىن سانىلىپ، سۈرە ئال ئىمراندىكى «ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» دېگەن ئايەتتە بۇيرۇق لەۋزى بىلەن كەلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن كېڭەش ئىسلامىي ھايات ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. جەمئىيەت

ئىشلىرىنى كېڭەشسىز يۈرگۈزۈش جاھىلىيەت يولى بولۇپلا قالماستىن، ئاللاھ تەئالا قارار قىلغان ۋە بۇيرۇغان قائىدە ۋە قانۇنغا ئوچۇق خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشتىن باشلاپ كېڭەشكە ئاساسلىنىپ ماڭغان، كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە سايلاشتىمۇ كېڭەش بولدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە قىلىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ رازىلىقى ئېلىندى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەزى ساھابىلارنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاتتا ساھابىلەرنى توپلاپ ئۇلارغا مەسلىھەت سالاتتى. ھەتتا ئۇ مەسلىھەت، كېڭەش قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن ساھابىلەرنى مەدىنىدە تۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. زامان ۋە ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئوسمان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ۋە باشقا خەلىپىلەرمۇ يۈقىرىدىكىدەك مەسلىھەت، كېڭەش بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان.

### كېڭەش بىلەن چىقىرىلغان قارارنىڭ مەجبۇرىيىتى

بەزى ئالىملار: ئاللاھ تەئالانىڭ «ئەگەر بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ، كېڭەشنى ئىختىيارى بىر ئىش دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن چىقىرىلغان قارارغا ئەمەل قىلىش زۆرۈر ئەمەس دەيدۇ. بۇنىڭغا باشقا ئالىملار مۇنداق جاۋاب بەردى: «بىر ئىشقا بەل باغلاش بىلەن مەسلىھەتچىلەرگە خىلاپلىق قىلىش لازىم كەلمەيدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش كېڭەش قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. كېڭەشنى ئىختىيارى ئىش دەپ قارىغۇچىلار ھۇدەيبىيە كېلىشىمدە قويۇلغان شەرتلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ بەزى ساھابىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كېڭەشنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىگە دەلىل قىلدى. لېكىن بۇنىڭغا ئۇ كېلىشىمدىكى ئىش ۋەھيى بىلەن بولغان، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە: ‹مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھ مېنى ھەرگىز زايە قىلمايدۇ› دېگەن. ئەلۋەتتە ۋەھيى كېڭەشتىن يۇقىرى تۇرىدۇ دەپ رەت

قىلىندى. يەنە رەسۇلۇللاھ بەدرى ئەسىرلىرى ھەققىدە قىلىنغان كېڭەشتە، كۆپلىگەن ساھابىلەرگە قارشى ئۆز پىكرى بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ پىكرىگە قاراپ فىدىيە ئالدى، ئەمما توغرىسى ئەكسىچە بولۇپ چىقتى دېيىلدى. چۈنكى فىدىيە ئېلىش كۆپچىلىكنىڭ پىكرى ئىدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆمەرگە: ‹دوسلىرىڭنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ماڭا فىدىيە ئېلىشنى ئېيتقانلىقىغا يىغلايمەن› دېگەن.»

كېڭەشنى ۋاجىپ ئەمەس دېگۈچىلەر[1] راشىد خەلىپىلەرنىڭ كېڭەشكە ئەمەل قىلمىغان پائالىيەتلىرىنى دەلىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۇسامەنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشقا ساھابىلەرنىڭ كېچىكتۈرۈش پىكرىگە قوشۇلماستىن يوللىشى، يەنە خەلىپىلىكىنىڭ ئاۋۋىلىدە بەزى ساھابىلەرنىڭ قارشى چىقىشىغا قارىماستىن زاكاتنى بەرمىگەنلەرگە ۋە مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشى، ئۆمەرنىڭ ساھابىلەرنىڭ پىكرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىراق زېمىنىنى بۆلۈپ بېرىشى، ئۆمەرنىڭ ۋالىلارنىڭ مېلىنى مەسلىھەتسىز بۆلۈشى، ئەبۇ بەكرىنىڭ كېڭەشسىز ئۆمەرنى خەلىپىلىككە كۆرسىتىشى، ئوسماننىڭ پىتنە سەۋەبلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاش ھەققىدە ساھابىلەرنىڭ نەسىھىتىنى ئالماسلىقى، ئەلىنىڭ ساھابىلەرنىڭ ۋالىلارنى ئېلىپ تاشلاشتا ئالدىرىماسلىق توغرىسىدا قىلغان نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماستىن ۋالىلارنى ئېلىپ تاشلىغانلىقى قاتارلىق مىساللارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلارنىڭ جاۋابى، يۇقىرىدىكى خەلىپىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرى بەزى قارشى پىكىردىكى كىشىلەر بولسىمۇ، كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە ئاساسەن قىلىنغان ئىدى.

بۇ مەسىلىدە پۈت دەسسەپ تۇرىدىغان گەپ، قۇرئان كەرىمدە «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» دېگەن بۇيرۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاكىمغا كېڭىشىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدۇر. چۈنكى ئايەتتىكى بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭدەك، ئىككىنچى ئايەتتە مۆمىنلەر كېڭەش بىلەن سۈپەتلەندى. بۇ، مۆمىنلەرنى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتا مەسلىھەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان سۈپەت بىلەن ماختاش ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇشتۇر.

---

[1] يەنى توغرا يولدىكى خەلىپىلەر. بۇ ئىسىم رەسۇلۇللاھتىن كېيىنكى بەش خەلىپىگە بېرىلىدۇ، ئۇلار: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزدۇر، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

ئىبنى كەسىر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ:‹ئەگەر بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن› دېگەن ئايەتتىكى «بەل باغلاش» ھەققىدە سورالغاندا،‹پىكىر ئىگىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىش، كېيىن ئۇنىڭ نەتىجىسىگە بويسۇنۇش› دەپ جاۋاب بەرگەن.»

يەنە كېڭەشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئەگەر بىر قەۋم كېڭەشسە، ئىشلىرىدا ئەڭ توغرا يولنى تاپىدۇ» دېگەن سۆزى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن كېيىن بىر ئىش يۈز بەرسە، ئۇنىڭ ھەققىدە قۇرئاندا بىر نەرسە بولمىسا ۋە سەنمۇ ئۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەن بولساڭ قانداق قىلىمىز؟› دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇ ئىش ئۈچۈن ئۈممىتىمنىڭ ئالىملىرىنى ياكى ئابىدلىرىنى توپلاڭلار، ئاراڭلاردا كېڭەشكىلار، يالغۇز بىر كىشىنىڭ پىكرى بىلەن ھۆكۈم قىلماڭلار› دەپ جاۋاب بەردى.»

بۇ ھەدىسلەر كېڭەشنىڭ ۋە كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىي سۈننىتىدە بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان مىساللىرى بار. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. راشىد خەلىپىلەرمۇ شۇ يولدا ماڭغان، ئەقىل ۋە مەنتىقمۇ ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلاھى ئۈچۈن ئېتىبارلىق مەنپەئەتمۇ ئۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەش ئومۇمەن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا، خۇسۇسەن ئىسلام دۆلىتىدە ئورۇن ئالغان. ئىبنى ئەتىيە ئۇنى مۇھىم قائىدىدىن ساناپ مۇنداق دەيدۇ: «كېڭەش شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرىدىن ۋە مەھكەم ھۆكۈملىرىدىندۇر. ئەھلى ئىلىملەرگە مەسلىھەت سالمىغان كىشىنى مەنسىپىدىن ئېلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ ئىختىلاپسىز بىر مەسىلىدۇر.» مالىكى ئالىملىرىدىن ئىبنى خۇۋەيزى مەنداد مۇنداق دەيدۇ: «ۋالىلارنىڭ بىلمىگەن ئىشلاردا ۋە دىن ئىشلىرىدىن مۈشكۈل بولۇپ قالغان مەسىلىلەردە ئالىملارغا مەسلىھەت سېلىشى ۋاجىپتۇر، ئۇرۇش ئىشلىرىدا ئەسكەر قوماندانلىرىغا، ئاممىۋى مەسلىھەت ئىشلىرىدا خەلق باشلىقلىرىغا، مەملىكەتنىڭ

مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشكە تەئەللۇق ئىشلاردا كاتىپ، ۋەزىرلەر، ئىشچىلارغا مەسلىھەت سېلىشى، كېڭەش قىلىشى لازىم.

مەرھۇم ئابدۇلقادىر ئەۋدە مۇنداق دەيدۇ: «كېڭەش جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەنگەن ئەمەس، ئەرەبلەر جاھالەتتە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ۋە ئەڭ ئارقىدا قالغان بىر خەلق ئىدى. شەرىئەتنىڭ كېڭەش نەزەرىيىسىنى بەلگىلىشى، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىش ۋە ئالماشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان مۇكەممەل ۋە مەڭگۈلۈك شەرىئەتنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.»

ئىسلامدا ھۆكۈم ۋە ئاممىۋى ئىشلاردا كېڭەشكە ئاساسلىنىشنىڭ سەۋەبى، ئىسلام دۆلىتى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى بولۇپ، ئۇ بىر شەخس، يا بىر ئائىلە ياكى بىر تەبەقىنىڭ مونوپول قىلىۋالىدىغان مېلى ئەمەس، بەلكى ئۇ بارلىق ئۈممەتنىڭ مۈلكىدۇر. بۇ بولسا، ئۈممەتنىڭ ھۆكۈم ئىشلىرىدا مۇشتەرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مۇشتەرەكلىك كېڭەش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. خەلق بىرىنچىدىن قارار چىقىرىشتا، ئىككىنچىدىن ئۇ قاراردىن چىقىدىغان ئىجابىي، سەلبىي نەتىجىنى ئۈستىگە ئېلىشتا مۇشتەرەك بولىدۇ.

## كېڭەش ئەھلى

ئەمەلىي تەرەپتىن كېڭەشكە لايىق كىشىلەرنى تاللاشتا، كېڭەشنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن:

1 ـ ئومۇمىي كېڭەش ــ ئۇنىڭغا ئومۇمىي مەسىلىدە پىكرىنى بايان قىلالايدىغان ۋەتەنداشلارنىڭ ھەممىسى قېتىلىدۇ. ئۇ، بەيئەتكە، خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاشقا، مەلۇم بىر ئىش ھەققىدە ئومۇمنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئوخشاش كېڭەشلەردۇر.

2 ـ خۇسۇسى كېڭەش ــ ئۇ ئىسلام فىقھىدا «ھەل قىلىش ۋە ئەقدە ئەھلى» دەپ تونۇلغان كىشلەر، مۇتەخەسسىسلەر، تەجرىبە ئىگىلىرى، پىكىر ۋە مەرىپەت ئىگىلىرى ياكى خۇسۇسىي بىر مەسىلىدىن خەۋەردار كىشىلەر قېتىلىدىغان كېڭەشتۇر. بۇ بولسا، قۇرئان تۆۋەندىكى ئايەتتە بەلگىلىگەن كىشىلەردۇر: «ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار.» (سۈرە نەھل 43 ـ ئايەت)

بۇ مەنتىق، ئەقىل ۋە رېئال ھاياتنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى ھەر مەسىلىدە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئىنچىكە بىر ئىشتا، ئىجتىھات، تەجرىبە ۋە بىلىمگە موھتاج بولىدىغان مەلۇم بىر مەسىلىدە تەجرىبىسىز كىشى بىلەن مەسلىھەت قىلغاندا مەسخىرىگە قالىدىغان نالايىق نەتىجىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ خۇسۇسى كېڭەش كىشىلەرگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن: دىنىي ئىشلاردا، شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە ئالىملار، قازىلار، فەتىۋا ۋە ئىجتىھات ئەھلىلىرى بىلەن كېڭەش قىلىنىدۇ. ھەربىي ئىشلاردا قوماندان ۋە گېنېراللار بىلەن مەسلىھەت قىلىنىدۇ. سىياسىي ۋە ئىدارى مەسىلىلەردە سىياسەت ۋە ئىدارىدە پىكىر ۋە تەجرىبە ئىگىسى بولغان كىشىلەر بىلەن كېڭەش قىلىنىدۇ.

## كېڭەش ۋە دېموكراتىيە

ئىسلامدىكى كېڭەش تۈزۈمى يېڭى ئەسىردىكى دېموكراتىيە ئىستىلاھىغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. چۈنكى دېموكراتىيە كونا ۋە يېڭى مەنىسى بىلەن خەلقنىڭ خەلققە خەلق ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىشى، ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى خەلق بولۇشتۇر. بۇنى ئىسلام نەزەرىيىسى جەھەتتە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك بولىدۇ. ھازىرقى ئەسىردە دېموكراتىيە ئۇستا ئالدامچى، پارلاق شوئارلارغا ئورالغان چاقىرىق بولۇپ، ئۇنى بىر تەرەپتىن ھاكىملار قورال قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى دۇنيا نىزامى قورال قىلىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب دېموكراتىيىسى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دەپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار.

لېكىن كېڭەش بىلەن دېموكراتىيە ھۆكۈمدە خەلقنىڭ قېتىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى بىلەن، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق سىياسىي ھوقۇقى ئىكەنلىكىدە بىرلىشىدۇ. بۇ سايلام ھەققىدە، دۆلەتتە مەنسەپ تۇتۇش ۋە ھاكىمىيەتكە شېرىك بولۇش ھەققىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گويا ئىسلامدىكى كېڭەش سۆزى، خەلقئارادىكى دېموكراتىيە سۆزى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بىر مەنىدە كېلىدۇ. دوكتۇر ۋەھبە زۇھەيلى كېڭەشنى ئىسلامىي دېموكراتىيەنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. ئۇ بولسا شەخس ۋە

ئامىنىڭ مەسئۇلىيىتى، كېڭەشنىڭ ۋاجىپلىقى، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە باراۋەرلىك ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىششتۇر.

## دۇنياۋى ۋە ئىسلامىي خىتابنامىلەردە دېموكراتىيە

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى 21 ـ ماددىسىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە خەلقنى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى دەپ تونۇپ مۇنداق دېيىلگەن: «خەلقنىڭ ئىرادىسى ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسى بولۇشى لازىم، بۇ ئىرادە ھەممە ئادەمگە ئوخشاش باراۋەر سايلام ھوقۇقى بېرىلىپ، مەخپىي چەك تاشلاش ياكى ئەركىن ئاۋاز بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق رەسمىي پاك سايلام بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك.»

مۇشۇ ماددىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە ھەر بىر ئىنساننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا بىۋاستە ياكى ۋەكىللەر ئارقىلىق قاتنىشىش ھوقۇقى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر بىر ئىنسان ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بىۋاستە ياكى ئەركىن سايلانغان ۋەكىللەر ئارقىلىق قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.»

مۇشۇ ماددىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە شەخسلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئاممىۋى خىزمەتلەردىن تەڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 23 ـ ماددىسىدا يۇقىرىدىكى ئاساسلارنىڭ تەخمىنەن ئۆز ئەينى بەلگىلەنگەن، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

1 ـ ھاكىمىيەت ئامانەتتۇر، ئىنساننىڭ ئاساسى ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئىستىبداتلىق قىلىش ۋە ئۇنى خەلقنى ئېزىش ئۈچۈن قورال قىلىۋېلىش قەتئىي ھارام قىلىنىدۇ.

2 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىدارە ئىشلىرىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك شەكىلدە قاتنىشىش ھوقۇقى بار.

شۇنىڭدەك، ھەر بىر كىشىنىڭ شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن ئاممىۋى خىزمەتلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار.

ھاكىمىيەت ئامانەتتۇر، ئۇنىڭغا سايلانغان كىشىلەرنىڭ ئامانەتنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىشى، ئۇنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماسلىقى ۋاجىپ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا

بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە بېرىلگەن ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.»[1] ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى خەلق ئىچىدە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشى بار تۇرۇقلۇق ئۆز قەۋمىدىن بولغان كىشىگە خىزمەت تاپشۇرسا، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئادالىتىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنى دوزاختا كىرگۈزىدۇ.»

[1] سۈرە ئەنفال 27 ـ ئايەت.

# ئۈچىنچى پەسىل

## ئائىلە ھوقۇقى

ئائىلە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى تاشقىكىدۇر. چۈنكى ئىنسان ئۇنىڭ ئىچىدە تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، خاراكتېرىنى ئۇنىڭدىن ئالىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پەزىلەت ۋە ناچارلىق، توغرىلىق ۋە ئەگرىلىك ئۇرۇقلىرى ئۇنىڭ ئىچىدە تىكىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن، بۇ ئىنسان ئائىلە قۇرۇلۇشىدىن تەسىر ئالغان ھالدا ئائىلىدىن جەمئىيەتكە چىقىدۇ. تەربىيىچىلەرنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان شەخسىيىتىنىڭ ئامىللىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىرىنچى بەش يىلىدا ئالغان تەربىيە بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئائىلە ئاتا ـ ئانا، ئەۋلادلار، چوڭ ئانا ۋە بوۋا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلە ئىسمى ئاستىغا كىرىدۇ. بەزىدە ئاتا تەرەپ ۋە ئانا تەرەپ تۇغقانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېڭىيىدۇ. ئائىلە ھوقۇقى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي، ئاممىۋى ھوقۇقىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.»

ئىسلام نەزىرىدە ئائىلە قۇرۇش ــ نىكاھلىنىش ئارقىلىق بالا ئىگىسى بولۇش بىلەن تامام بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام جاھىلىيەت دەۋرىدە تارقالغان ۋە زامانىۋى جاھىلىيەتتە بەزى خەلقلەرگە سىڭىپ كەتكەن نىكاھسىز ئالاقىلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلغان. ئىسلامنىڭ بۇ نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئەقىل، شەرىئەت، رېئال ھايات ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام نىكاھلىنىشنى سۈننەت ۋە مۇستەھەب قىلدى، بەزىدە ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكمى بەش تۈرلۈك بولىدۇ. شەرىئەت نىكاھ مەسىلىسىنى قانۇنلاشتۇردى، نۇرغۇن ئايىتى كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپلەر ئۇنىڭغا خاس قىلىندى، پۈتۈن مەزھەبنىڭ فىقھى ئالىملىرى ئۇنى مەخسۇس بىر باپتا زىكىر قىلدى، بەلكى ئۇ ئىبادەتتىن كېيىن ئەڭ مۇھىم بابلاردىن بولۇپ، ئائىلە تۈزۈمى ھەققىدىكى كىتابلاردا مەخسۇس تەتقىق قىلىنىدۇ.

نىكاھلىنىش ئەڭ ئاۋۋال سۆز سالدۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ مۇستەھكەم بىر باشلانغۇچ بولۇشى ئۈچۈن شەرىئەت ئاداپ ۋە شەرتلەردىن ئىبارەت ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. كېيىن ئەر بىلەن ئايال ئىككى گۇۋاھچى ۋە ئايالنىڭ ۋەلىسى ئالدىدا ئۆز ئىختىيارى ۋە رازىلىقى بىلەن نىكاھنى قوبۇل قىلىشنى شەرت قىلدى. ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بولۇشنى شەرت قىلىش بولسا، نىكاھ ئەقدىنى مۇستەھكەملەش، ئۇنىڭ نەتىجىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈندۇر. رەسۇلۇللاھ: «ۋەلى ۋە ئادىل ئىككى گۇۋاھچىسىز نىكاھ بولمايدۇ» دېگەن.

شەرىئەت نىكاھتا، بىرىنچىدىن، ئايالغا مەھرى بېرىشنى، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ نەپىقىسىنى بېرىشنى، ئۈچىنچىدىن، ئۇنى ئۆي ۋە كىيىم بىلەن تەمىنلەشنى شەرت قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار.» (سۈرە نىسا 4 ـ ئايەت)

شەرىئەت نىكاھلىنىشنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلدى، ئۇ، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى بىر ئۆيدە رەھمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن ئىنسانىي ھايات تەشكىللەش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ئىنساپلىق بولۇشتۇر، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار بىلەن ئۇنس ى ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھرى ـ مۇھەببەت ئورناتتى.» (سۈرە رۇم 21 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن ئاياللارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار.» (سۈرە نىسا 19 ـ ئايەت)

ئۇندىن كېيىن ئاياللارنى ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇشنى ئەمرى قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلاردا ئولتۇرغۇزۇڭلار» (سۈرە تالاق 6 ـ ئايەت)

كېيىن ئايالنىڭ نەپىقىسىنى بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «باي ئادەم (ئايالنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن.» (سۈرە تالاق 7 ـ ئايەت)

## ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكى

قۇرئان كەرىم ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلەردە ئەر- ئايال ئارىسىدا باراۋەرلىكنى قارار قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار.»[1] لېكىن بۇ باراۋەرلىك جۈزئى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇتلەق ئەمەس، بەلكى بەزى ئىشلاردا بىرى يەنە بىرىدىن ئارتۇق بولىدۇ، مەسىلەن، نەپىقە قىلىشتا، ئائىلىنىڭ تاشقى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا ئائىلە باشلىقى ۋە ھامىيلىقنى ئەرگە بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا: «ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە» دەيدۇ. ئۆينى بېقىش، ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئەۋلاد تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئاياللارغا بەردى. ئايالنى ئانىلىقتا ئەردىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق قىلدى.

رەسۇلۇللاھ بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ھەممىڭلار بىر پادىچىغا ئوخشايسىلەر، ھەممىڭلار قول ئاستىدىكىلەردىن مەسئۇل بولىسىلەر، ئەر ئائىلىسىدە پادىچىغا ئوخشاش، قول ئاستىدىكىلەردىن مەسئۇل، ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدە بىر پادىچىغا ئوخشاش ۋە قول ئاستىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر.»

## دۇنيا ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق باياننامىلىرىدە ئائىلە

ئائىلە قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىختا قاتتىق مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر ئەھۋاللار كەلدى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە شەھۋەت شەيتىنى باش رول ئوينىدى. لېكىن دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن كەلگەن ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھالەتتە بۇ ئىش ئورۇنلاشتى. بۇ خىتابنامە ئائىلىنى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى قوبۇل قىلدى، باشقا ئائىلىۋى مەسئۇلىيەتلەرنى ئۇنىڭغا باغلىدى. ئۇنىڭ 16 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلدى:

[1] سۈرە بەقەرە 228 ـ ئايەت.

1 ـ يېشىغا توشقان ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ مىللەت، دۆلەت، دىن جەھەتلەردىكى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن توي قىلىپ ئائىلە قۇرۇش ھەققى بار. ئۇلار توي قىلىشتا، ئەر ـ ئاياللىق جەريانىدا ۋە ئاجرىشىپ كېتىشتە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە.

2 ـ ئوغۇل ـ قىز ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقانداق مەجبۇرلاشقا ئۇچرىماي توي قىلىشقا تولۇق رازىلىقى ۋە رىغبىتى بولماستىن نىكاھ ئەقدە قىلىنمايدۇ.

3 ـ ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ۋە تەبىئىي بىر پارچىسىدۇر، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ھىمايىسىدىن پايدىلىنىش ھەققى بار.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلار توغرىسىدىكى خەلقئارا كېلىشىم بايانىنامىسىنىڭ ئونىنچى ماددىسىدا ئائىلىنى كەڭ كۆلەمدە ھىمايە قىلىش ۋە مۇمكىن بولىدىغان ياردەملەرنى قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىدىن كېيىن سىياسىي ۋە مەدەنىي ھوقۇق توغرىسىدىكى خەلقئارا كېلىشىم بايانامىسىنىڭ 23 ـ ماددىسى ئائىلىگە تەئەللۇق ئەڭ ياخشى ماددىدۇر. ئۇنىڭدا: «ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، تەبىئىي، ئىجتىمائىي بىر پارچىسىدۇر، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ھىمايىسىدىن پايدىلىنىش ھەققى بار، ئائىلە ئەر ـ ئايالنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن قۇرۇلىدۇ» دېيىلگەن.

ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىدە توي قىلىش ۋە ئائىلە ھۆكۈملىرىنىڭ بەزىسى قىسقىچە 5 ـ ماددىنىڭ 2 ـ پاراگرافىدا قانۇنلاشتۇرۇلدى.

1 ـ ئائىلە جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى، توي قىلىش ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئاساسى، توي قىلىشتا ئەر ـ ئايال ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە، ئىرق، مىللەت ۋە دۆلەت ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىشنى توسالمايدۇ.

2 ـ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ توي قىلىش ئالدىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىشى، ئۇنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇشى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىپ قوغدىشى لازىم.

ئائىلە ھوقۇقلىرىدىن كۆپ ھوقۇقلار كېلىپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى: ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكى، ئانىلىق ھەقلىرى، بوۋاقنىڭ ھەقلىرى، قېرىلارنىڭ ھەقلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىمىز.

## بىرىنچى ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكى

كىشىلىك ھوقۇق ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى «ئىنسان» سۆزى لۇغەتتە ۋە شەرىئەتتە ئەر ۋە ئايالنى ئىپادىلەيدۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلەندى.

لېكىن رېئال ھايات ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەتلەر، دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئايالنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىگە شەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىنسانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان خەلقلەرمۇ ئۇنى ئەر كىشىدىن تۆۋەن دەپ قارايتتى، ئاياللار ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئون توققۇزىنچى ئەسىرگىچە ياۋرۇپادا تەلىم ـ تەربىيىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئۇ مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشتىنمۇ مەنئى قىلىنغان ئىدى.

زامانىۋى مەدەنىيەت قانۇن ـ نىزاملىرى ئايال كىشىنىڭ ئىنسانلىقىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن ئۇ ھازىرغىچە ئىشتا، مۇئامىلىدە، نەشرىيات ئورگانلىرىدا، ماللارنى تونۇتۇش ئېلانلىرىدا سايىمانغا ئوخشاش قوللىنىلماقتا ۋە توي قىلغاندىن كېيىن ئۆز نەسەبىنى يوقاتماقتا.

جاھىلىيەت ئەرەبلىرىدە قىزلارنى تىرىك كۆمۈش ۋە ئاياللارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ئادىتى تاراپ كەتكەن ئىدى، ئاياللار بازاردا سېتىلىپ ـ ئېلىنىدىغان مالغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ھاقارەت كۆزى بىلەن قارىلاتتى.

ئىسلام تارىخىدا شەرىئەتنىڭ ئاياللارغا نەزەر قىلىشى پۈتۈنلەي يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا تولۇق ئىگە بولدى، لېكىن زامانىمىزدىكى بەزى بىلىمسىز مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئاياللارغا يامان مۇئامىلە قىلىنىپ، بەزى ئەھۋاللاردا ئۇ مىراستىن مەھرۇم قىلىندى، بەزى ئەرلەر ئاياللىرىغا يامان مۇئامىلە قىلىش ۋە ئازار بېرىشتە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، يەنە بەزىلەر كۆپ ئايال بىلەن توي قىلىش رۇخسىتىنى سۇيىئىستېمال قىلغان، تالاقنى ئەڭ ناچار شەكىلدە قوللانغان، بەزىلەر ئاياللارنى تەلىم ـ تەربىيىدىن مەھرۇم قويغان، ھەتتا ئۇنى توي قىلىش مەسىلىسىدە پىكرىنى بايان قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن توي قىلىشقا زورلىغان، ئۇنىڭ مەھرىنى تارتىۋالغان ئىشلار بولغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام

ئىسمى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، ئۇ ئىشلارنى قىلغانلار مۇسۇلمانلار، ھالبۇكى، ئۇلار ئىسلامدىن ھېچبىر نەرسە بىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ ئەركانلىرىنى تەتبىقلىمايدۇ.

ئىستېلاچىلار ۋە شەرقشۇناسلاردىن ئىبارەت ئاپەت كېلىپ، تېشى ھەسەل، ئىچى زەھەر سۆزلىرى بىلەن «ئاياللارنى ئازات قىلىش» دېگەن ئىسىم ئاستىدا، ئاياللارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇش ۋە ئۇلارنى يولدىن چىقىرىش ئارقىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىشتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ناھەقنى ھەق كۆرسىتىپ ئىسلام دىنىغا شەك چۈشۈردى.

مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن مۇسۇلمان ئاياللار ھەققىدە سۆز قىلىشقا ئېھتىياج تۇغۇلدى. بۇ ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن نۇرغۇن ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە ئىسلاھاتچىلار مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مەرتىۋىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامدىكى ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىپ ئەسەرلەر يازدى[1].

بۇ ئىش ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئاياللارنىڭ ئورنى، باراۋەرلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تۈرتكە بولدى ۋە باياننامىنىڭ ئالتىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلدى: «ئاياللار ئىززەت ـ ئابرۇيدا ئەرلەر بىلەن باراۋەردۇر، ئۇنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى بولغانىدەك ھوقۇقلىرىمۇ بار، ئۇنىڭ مەدەنىي ئوبرازى، مۇستەقىل مال تۇتۇش ھوقۇقى ۋە ھاياتى بويىچە ئۆز ئىسىم ۋە نەسەبىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقى بار.»

## دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە خەلقئارالىق كېلىشىمدە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەرلىكى

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى، 1945 ـ يىلدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر نىزامنامىسىدە بېكىتىلگەن ئاساسىي ھوقۇقلارنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئەر ـ ئايالنىڭ

[1] بۇ ھەقتىكى بەزى كىتابلار: «فىقھى ۋە قانۇن ئوتتۇرىسىدا ئايال»، «مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھۆكۈملىرى»، «ئاياللار ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟»، «ئىسلام فىقھىدا ئايالنىڭ ھۆكۈملىرى»، «ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى»، «قۇرئاندا ئايال»، «ھاۋۋانىڭ قولىقىغا پىچىرلاش»، «تارىخ ۋە شەرىئەتتە ئاياللار»، «ئىسلام ۋە ئاياللار»، «ئىسلام ۋە زامانىۋى ئاياللار»، «مۇسۇلمان ئاياللارغا سوۋغەت»، «ئىسلام خالىغانىدەك ئايال»، «ئىسلامدا ئايالنىڭ ئورنى»، «ئىسلامنىڭ ئاياللارغا رەھمىتى»، «ئىسلام شەرىئىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئايال»، «ئاياللا»، «ئاياللارنىڭ ئەھكاملىرى» قاتارلىقلار دۇر.

باراۋەرلىكنى ئاساسىي پرىنسىپلاردىن بىرى قىلدى. بايانىنامىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق نىزامنامىسىدىكى ئاساسىي ھوقۇقلىرىغا، شەخسنىڭ غۇرۇر ۋە قەدرى قىممىتىگە ھەمدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىگە بولغان ئېتىقادىنى قايتىدىن تەكىتلەيدۇ.»

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق بايانىنامىسىنىڭ يەتتىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پۈتۈن ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا باراۋەردۇر، قانۇن ئالدىدا قىلچە پەرقلەندۈرۈلمەستىن باراۋەر قوغدىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەممە ئادەم مەزكۇر بايانىنامىغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق ئايرىمچىلىقتا ۋە بۇنداق ئايرىمچىلىقتا كۈشكۈرتۈشكە قارشى باراۋەر قوغدىنىشقا ھەقلىق.»

1966 ـ يىلى چىقىرىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ، «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلار نىزامنامىسى» ۋە «مەدەنىيەت ۋە سىياسەت ھوقۇقلىرى نىزامنامىسى» ناملىق ئىككى نىزامنامىدىكى بارچە ھەق ـ ھوقۇقلاردا ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى تەكىتلەنگەن ۋە بىرىنچى نىزامنامىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ نىزامنامىغا قول قويغان دۆلەتلەر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلاردىن پايدىلىنىشتا ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇ.» ئىككىنچى نىزامنامىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ نىزامنامىغا قول قويغان بارلىق دۆلەتلەر بۇ نىزامنامىدا بەلگىلەنگەن سىياسىي ۋە مەدەنىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەر پايدىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇ.»

بىرىنچى نىزامنامىنىڭ يەتتىنچى ماددىسىدا ئىش ھەققىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەر بولۇشىنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان مەخسۇس نىزامنامىلەر چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىككىدۇر:

بىرىنچى، 1953 ـ يىلى چىقىرىلغان «ئاياللارنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى نىزامنامىسى» بولۇپ، 11 ماددىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭدا: ئاياللار قىلچە پەرقلەندۈرۈلمەستىن ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە، ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ ئاساسىي ھوقۇقتۇر: بىرى،

بارلىق رەسمىي سايلاملارغا قاتنىشىش هوقۇقى، ئىككىنچى، مىللىي قانۇن بويىچە بارلىق هەيئەت ۋە تەشكىلاتلارغا سايلىنىشقا لاياقەتلىك هوقۇقى، ئۈچىنچى، ئاممىۋى مەنسەپلەرنى تۇتۇش ۋە خىزمەت قىلىش هوقۇقىدۇر.

ئىككىنچى، 1967 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇلدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى جاكارلىغان «ئاياللارغا قارشى ئايرىمچىلىقنى يوقىتىش نىزامنامىسى» بولۇپ، ئۇمۇ 11 ماددىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ نىزامنامىنىڭ ماۋزۇسى «بارلىق هوقۇقلاردا ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى هەر قانداق پەرقنى يوقىتىش» تۇر. بۇ نىزامنامە بۇ باراۋەرلىكنى قانۇن ـ نىزاملارغا كىرگۈزۈش، باراۋەرلىككە زىت كېلىدىغان بارچە قانۇن ۋە ئادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە بۇ ئىشتا ئاممىنىڭ پىكرىنى مەدەنىيلەشتۈرۈشكە ئۇيغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان.

بۇ نىزامنامە يۇقىرىدىكى ئۈچ ئاساسىي هوقۇقنى ساناپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاياللار ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىشى كېرەك بولغان هوقۇقلارنىمۇ ساندى، ئاياللار مەيلى ئېرى بار بولسۇن، ياكى تۇل بولسۇن، ئەرلەر بىلەن باراۋەر هوقۇققا ئىگە، مەدىنى هوقۇقلار ئىچىدە ئاياللارنىڭ مال ئىگىسى بولۇش، مىراس ئېلىش، ماللىرىنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىشلىتىش هوقۇقىغا ئىگە، ئۇنىڭ قانۇنىي لاياقەتلىك هوقۇقى، گىراژدانلىق هوقۇقى، تېگىدىغان ئېرىنى تاللاش هوقۇقى، ئەۋلادلىرىغا ئىگە بولۇش، ئۇلارنى تەربىيىلەش هوقۇقى، ئىنستىتۇت ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىغا كىرىش، مۇئەللىم ۋە پروگراممىلارنى تاللاش، بىلىم ئېلىش هوقۇقى ۋە ئوقۇش راسخوتىدىن پايدىلىنىش هوقۇقى قاتارلىق هوقۇقلىرى باردۇر. نىزامنامە جازا قانۇنلىرىدا ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى هەر قانداق پەرقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. نىزامنامە يەنە ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي هوقۇقلاردا ئاياللارنىڭ ئىشلەش ۋە چېنىقىش هوقۇقىنى، يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىش هوقۇقىنى، مۇئامىلە ۋە مائاشتا باراۋەرلىك هوقۇقىنى، رۇخسەت سوراش، دەم ئېلىش ۋە ئائىلە ياردىمى ئېلىش هوقۇقىنى، ئىشسىزلىق، كېسەل ۋە قېرىلىق سۇغۇرتىسى ئېلىش ۋە توي قىلىش سەۋەبى بىلەن بۇ هوقۇقلىرىدىن مەهرۇم قىلىنماسلىق قاتارلىق هوقۇقلارنى قارارلاشتۇردى.

بـۇ يەردە پەقەت خـاتىرىلىتىش مەقـسىتى بـىـلەن ئاياللارنـىـڭ ئـىسلامدىكى بەزى هوٚكۈملىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىمىز:

### 1 ـ ئاياللارنىڭ تەبىئىتى

شـەرئى دەلىلـلـەر ئاياللارنـىـڭ تەبىئىتىنـىـڭ ئەرلەرنـىـڭ تەبىئىتـى بـىـلەن بىـر ئىكەنلىكىنـى ۋە ئەر ـ ئايـاللار ئىنـسان بىرىنچـى قېـتىم يارىتىلغانـدا بىـر نەرسـىدىن يارىتىلغان بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى ئوچـۇق ـ ئاشـكارا ئوتتۇرىغـا قويغـان. ئـاللاھ تەئـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـى ئىنـسانلار! سـىلەرنى بىـر ئىنـساندىن (يەنـى ئـادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان ۋە شـۇ ئىنـساندىن (يەنـى ئـۆز جىنـسىدىن) جـۈپتىنى (يەنـى ھاۋۋانى) ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار.» (سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق» (سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا بارلىق ئەر ۋە ئاياللارنىڭ بىردەك ياراتقۇچىسىدۇر. ئـاللاھ تەئـالا مۇنـداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىر جۈپنى – ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى.» (سۈرە نەجم 45 ـ ئايەت)

ئـاللاھ تەئـالا يەنە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئىنـسان ئـۆزىنى بىكـار قويـۇپ بېرىلىـدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ بەچچىدانلارغا تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مېنـى) ئەمەسـمىدى؟ ئانـدىن ئـۇ لەختە قان بولـدى، ئانـدىن ئـاللاھ ئـۇنى چىرايلىـق شـەكىلدە يـاراتتى، ئـۇ مەنـىـدىن ئەر ـ ئايـال (ئىككى تىپنى) ياراتتى.» (سۈرە قىيامەت 36 ـ 39 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيـدۇ: «ئەر ـ ئايـالنى ياراتقـان زات ئـاللاھ بـىلەن قەسـەم» (سۈرە لەيل 3 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىننىـڭ پادىـشاھلىقى ئاللاھقـا خاستۇر، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتـا قىلىـدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ياكى ئۇلارغـا ئوغـۇل ـ قىـز ئـارىلاش بېرىـدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىـدۇ، ئـاللاھ ھەقىـقەتەن ھەممىنـى بىلگۈچىـدۇر، ھەممىـگە قادىردۇر.» (سۈرە شۇرا 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر)

بارلىق ئىنسانلار يارىتىلىشتا ئەر ـ ئايال ئوخشاش، بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق، بەلكى ئانىنى، ھامىلىدار، بالا ئېمىتكۈچى ۋە تەربىيىلىگۈچى دەپ ئەردىن ئايالغا كۆپرەك ئىززەت ـ ئىكرام قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

## 2ـ ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئاياللار شەرىئەتتە خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاش مۇكەللەپتۇر (يەنى شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن مەسئۇلدۇر)، ئۇنىڭ ئىمان، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە باشقا شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە ئەرلەردىن ھېچبىر پەرقى يوقتۇر، ئىمان ئېيتىش، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش، پەزىلەتلىك ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە مۇئامىلىلەردە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىدا ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. پەقەت تەبىئەت ۋە رېئال ھاياتنى ئېتىبارغا ئالغاندا بەزى ھېكمەتلەر بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار.

دېمەك، ئاياللار قىلمىشلىرىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەرلەرگە ئوخشاش مەسئۇل بولىدۇ، ئەگەر قىلغان ئىشلىرى ياخشى بولسا، نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر قىلمىشلىرى يامان بولسا، نەتىجىسمۇ يامان بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالا ئۆز كالامىدا بارلىق ئىنسانلارغا بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.» (سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەت)

ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى ئەر ـ ئايالغا ئوخشاش بولىدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال

بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن.» (سۈرە ئال ئىمران 195 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاپ بېرىمىز.» (سۈرە نەھل 97 ـ ئايەت)

قۇرئان مەرتىۋىنىڭ ئەمەلگە قاراپ بولىدىغانلىقىنى ئەبەدىي قائىدە ۋە ھەق ئادالەتلىك مىزان قىلدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئاخىرەتتە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەستۇر.» (سۈرە ئەنئام 132 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ: «ھەممىڭلار بىر پادىچىغا ئوخشايسىلەر، ھەممەيلەن ئۆز پادىسىدىن مەسئۇل بولىدۇ. ئەر كىشى ئائىلىسىدە پادىچى، ئۇ ئۆز پادىسىدىن مەسئۇل بولىدۇ، ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچى، ئۇ ئۆز پادىسىدىن مەسئۇل بولىدۇ» دېگەن.

**3 ـ ئاياللارنىڭ سالاھىيىتى**

ئىسلامدا ئاياللارنىڭ سالاھىيىتى تولۇق ۋە مۇستەقىل بولۇپ، مال ئىگىسى بولۇش، ھەرخىل ئەقدىلەرنى يۈرگۈزۈش، خەيرى ـ ئېھسان قىلىش ۋە باشقا پۈتۈن ئىشلاردا ئەرلەرنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭ مېلىغا ۋە ئىشلىرىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ، ئۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل شەخسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسىيىتى ياتلىق بولۇش بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئەرلەر قانداق سەۋەبلەر بىلەن بىر ئىشتىن چەكلەنسە، ئاياللارمۇ ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن چەكلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ بۇنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاياللار ئەرلەرنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر.» شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا ئاياللار ئۆز ماللىرىدا بەدەللىك، بەدەلسىز ھەر تۈرلۈك تەسەررۇپلارنى قىلالايدۇ، ھەتتا تويى قىلىش كېلىشىممۇ ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ۋە ئىختىيارىسىز بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ نىكاھلىنىشقا زورلانسا، نىكاھ نىكاھ بولمايدۇ.

### 4 ـ تەلىم ـ تەربىيە

ئىسلام ئىلىم ئۆگىنىشنى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە پەرز قىلدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئىلىم ئۆگىنىش پەرزدۇر.» يەنى مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايال ھەممىسىگە ئوخشاش پەرز. ئىسلام ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە بۇيرۇدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەۋلادىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇللىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈش ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگىتىڭلار، قىزلارغا يىپ ئېگىرىشنى...»

رەسۇلۇللاھ ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر كۈن بەلگىلىگەن، ئاياللارنى مەخسۇس بەيئەت قىلدۇرغان. ھەزرىتى ئائىشە ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى) ۋە باشقا نۇرغۇن ئايال ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان، ئىسلامدا تەلىم ـ تەربىيە ئىسلام يېڭى مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ ئەر ـ ئايالغا بولاتتى، ئىسلام تارىخىدا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئاياللار بولغان، ئالىملار تەرجىمىھال كىتابلىرىدا ئاياللار ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.

### 5 ـ ئاياللارنىڭ ئىشلىشى

ھاجەت بولغاندا ئاياللار ئەرلەر قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئىشلەش ئۈچۈن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر شەرت بار، ئۇ، شەرىئەت ھۆكمىگە ۋە ئىسلامى ئەدەپ ـ ئەخلاققا رىئايە قىلىشتۇر. ئاياللار ئەۋرەت ئەزالىرىنى ياخشى يۆگىشى، ھايالىق بولۇشى لازىم. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ، ئانا، قىز، ئاچا ـ سىڭىلغا ئوخشاش مەرتىۋە، ئابروي ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ساقلايدىغان ئىشلارنى قىلىشى ئەۋزەل. ئىسلام ئەۋلاد تەربىيىلەش ۋە ئۆيگە رىئايە قىلىشنى ئاياللارغا ئەڭ مۇناسىب ئىش دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ مۇھاپىزەتچىسى ۋە ئۇنىڭ تەربىيىچىسى، ئۇنىڭ خىزمىتى مۇقەددەس ۋە ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئۈممەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۈيۈك ئىنسانلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۇلارغا باغلىق.

بۇ يەردە ئەسلىدە ئەرلەرگە ۋاجىپ بولغان، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش قىلسا بولىدىغان بەزى ئىشلار بار. مەسىلەن، جۈمە ئوقۇش، جامائەتكە بېرىش ۋە جىھاد قىلىش.

يەنە ئەسلىدە ئاياللارغا ۋاجىپ بولغان، ئەمما ئەرلەرمۇ ئاياللارغا ئوخشاش قىلسا بولىدىغان بەزى ئىشلار بار. ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگەنگە ئوخشاش.

**6 ـ ئەر ـ خوتۇنلۇق هايات**

ئىسلام ئەرلەرنى گۇناهلاردىن قوغداش، ئاياللارغا هۆرمەت قىلىش ئۈچۈن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا توي قىلىشنى قارارلاشتۇردى، ئىسلام ئايالنى نىكاهتا، ئەر ـ خوتۇنلۇق هاياتتا ئەرنىڭ شېرىكى قوبۇل قىلدى. ئۇندىن كېيىن، ئىككىسى ئارىسىدا هەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خــاس ئىــشلارنى بەلگىلىــدى. ئىــسلام هوقــۇق ۋە مەســئۇلىيەتلەردە ئەر ـ ئايالنىــڭ ئوتتۇرىسىنى بــاراۋەر قىلــدى. ئــاللاھ تەئــالا بــۇنى ئوچــۇق بايــان قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: «ئايــاللىرى ئۇســتىدە ئەرلەرنىــڭ هەقلىــرى بولغىنىــدەك، ئەرلىــرى ئۇســتىدە ئايــاللارنىڭمۇ هەقلىــرى بــار (يەنــى ئايــاللار مۇۋاپىــق دەرىجىــدە هوقــۇقتىن بەهــرىمەن بولۇشــى كېــرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغــا مېهــرى بېــرىش ۋە ئۇلارنىــڭ تۇرمۇشــنى قامــداش مەجبــۇرىيىتى ئەرلەرگە يــۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئايــاللاردىن بىــر دەرىجە ئارتۇقلۇقق ئىگە.» (سۈرە بەقەرە 228 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى دەرىجە ئائىلىنى ئىــدارە قىلىــش، مەسئۇلىيەت، ئائىلىنىــڭ تۇرمۇشــنى قامداش، ئەقىل ۋە مەنتىق لازىم قىلىدىغان ئومۇمىي مەنپەئەت قاتــارلىقلاردۇر. ئەر ـ ئايــال هەر بىرىنىــڭ هايــات ئىــشلىرىدا مۇشــتەرەك بولــۇش هوقــۇقى بــار، لــېكىن هــاكىمىيەت يۈرگۈزمەستىن مەسلىهەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۇستاز ئەققاد مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمــدە ئاياللارنىــڭ هوقــۇقى هەققەتــپەرۋەر ۋە ئىنساپلىق پۈتۈن ئىنسانلار قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ ئادىل ئاساسقا قۇرۇلغــان بولــۇپ، ئــۇ هوقــۇق ۋە مەجبــۇرىيەت ئوتتۇرىــسىدىكى باراۋەرلىــك ئاساســدۇر، مەســئۇلىيەتلىرى، سەۋىيىلىرى ۋە قىلىــدىغان ئىــشلىرى بىــر ـ بىــرىگە ئوخــشمايدىغان ئىنسانلارنى بــارلىق هوقۇقلاردا باراۋەر دەپ هۆكۈم قىلىش ئادالەت ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي زۇلۇمدۇر. ئۇ هەر ئىككى تەرەپكە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.»

خوتــۇن بولــسا، ئەۋلادلار تەربىيىــسىدىن ۋە ئــۇلارنى يېتىــشتۈرۈشتىن بىرىنچــى دەرىجىــدە مەســئۇلدۇر، ئــۇ ئۆيىنىــڭ هىمايىچىــسى، تەربىيەتچىــسى بولــۇپ، ئائىلىنىــڭ

شەرىپىدىن، ئىپپىتىدىن ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىدىن مەسئۇلدۇر، ئۇ ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئىشەنچلىك قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ئەۋلادلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشتا بىرىنچى ئورۇننى ئالىدۇ.

ھالال ئىشلار ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش تالاقتۇر، ئۇ ئىسلامدا ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتنىڭ داۋام قىلىشى ئىمكانسىز بولغان ۋە تويى قىلىشنىڭ غايىسى يوقىتىلغان ۋە ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارە قىلىنغان ئىشتىن ئىبارەتتۇر. قۇرئاننىڭ تالاق ھەققىدىكى ھۆكۈمى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بار، بىرىنچىدىن، نۇرغۇن ھېكمەت سەۋەبى بىلەن تالاق ئەرنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئەگەر نىكاھ ئوقۇلغاندا بۇ ھەقنىڭ ئايالنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، ئايال تالاق قىلىش ھەققىدىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ، شۇنىڭدەك، ئايالنىڭ تويى قىلىپ بولغاندىن كېيىن «خۇلئە»[1] يولى بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار، ئايالنىڭ ئەر ـ ئايالىق ھايات مۇساپىسىدە زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن ئايرىلىش ھوقۇقى بار، لېكىن بۇ قازىنىڭ زىيان بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ تەكىتلىشى بىلەن بولىدۇ، چۈنكى تالاقنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەرنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ، قازى ھەق، ئادالەت ۋە ئىنساپنى بەلگىلەيدۇ. ياۋروپا رېئال ھاياتقا زىت كەلگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەخلاق ۋە ھۆكۈملەرنى ئاياغ ئاستى قىلغان ھالدا تالاقنى چەكلەش ۋە ھارام قىلىش بىلەن ئۇن توققۇز ئەسىر ھاكاۋۇرلۇق قىلدى، يىگىرمىنچى ئەسىردە ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل كۆردى، لېكىن ئىسلام بەلگىلىگەن تەربىيە، ئەدەپ ۋە ھۆكۈملەرگە رىئايە قىلماستىن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تالاق ئىسلام دۇنياسىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى. قۇرئان كەرىم ئەرلەرنى خوتۇنلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىلەن(يەنى خوتۇنلىرىڭلار بىلەن) چىرايلىقچە تىرىكچىلىك

[1] خۇلئە: يەنى ئايال كىشىنىڭ ئەرنى رازى قىلىپ ئاجرىشىشى، مەسىلەن: ئايال ئېرىگە: ”مەن سىزگە مەھرىمنى قايتۇرۇپ بېرەي مېنى قويۇپ بېرىڭ“ دېگىنىدەك.

قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.» (سۈرە نىسا 19 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ خوتۇنغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنى پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا (چىرايلىق مۇئامىلىدە) بولغىنىڭلاردۇر، مەن ئاياللىرىمغا (چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشتا) سىلەردىن ياخشىراقدۇرمەن.»

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئاياللارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىش بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەن.

فىقھى ئالىملىرى: «ئائىلىنىڭ نەپىقىسى ئاتا ـ ئانىنىڭ نەپىقىسىدىن ئىلگىرى كېلىدۇ» دەيدۇ ۋە: «ئىسلام ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئەڭ نەمۇنىلىك ھايات ئەر ـ ئايالنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن بولىدۇ» دەپ قارايدۇ، چۈنكى نىكاھلىنىش ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بىر نېمەتتۇر، ئۇ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئۈلپەت، قۇدا ـ باجىلىق ۋە نەسەبتۇر، بەلكى بۇ ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولىدۇ ۋە بۇ شەرئى دەلىللەر بىلەن سابىتتۇر.

ئىسلام ئايالنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مېھرى بېرىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنى ئايالنىڭ مەخسۇس ھەققى قىلدى، مېھرى دادىسىنىڭ ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئەمەس، تىجارەت قىلىش ۋە پەخىرلىنىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئەھۋاللاردا بولغاندەك توي قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەستۇر.

كۆپ خوتۇن ئېلىشنىڭ ھېكمەتلىك غايىسى بولۇپ، تەبىئەت ۋە رېئال ھايات ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ فىقھى ھۆكۈملىرى بولۇپ، ئۇ فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ شەرئى ئەدەبلىرى بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى، خوتۇنلار ئارىسىدا ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنىڭ ۋاجىپلىقى، ھەممىسىگە ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇق بېرىش، بىرىنى ئائىلىسىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر نەرسىنىڭ پايدىسىنى ئۇ كۆرىدىغان قىلىپ، باشقىلىرىنى مۇئەللەقتە تاشلاپ قويماسلىق لازىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەممە جەھەتتە خوتۇن قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك، ئۇلار ياۋرۇپادىكىدەك بالا بولۇپ قېلىشتىن، نەسەب،

تەربىيىلەش ۋە تۇرمۇشىنى قامداشتىن قېچىپ، خالىغاندا يېقىنچىلىق قىلىدىغان، خالىغاندا يىراقلىشىدىغان دوست ـ ئاغىنە ئەمەس[1].

رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپ خوتۇن بىلەن نىكاھلىنىشتا ئۆزىگە خاس سەۋەبى بار، دىنغا دەۋەت قىلىش، ئىسلامنى تارقىتىش، تارقاق ئەرەبلەرنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن ھېكمەتلىرى بار. ئۇنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى يېشى ئەللىك ئۆتچىتىن ئاشقاندىن كېيىن يەنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بولدى، ياشلىق دەۋرىنى پەقەت بىرلا ئايال بىلەن يەنى خەدىچە كۇبرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۆتكۈزدى، بۇنىڭ بىرىنچى سەۋەبى خەدىچىنىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭغا بولغان كامىل ئىخلاسى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن نەمۇنىلىك ۋاپادارلىقىدۇر. ئۇنىدىن كېيىن ئۆيلەنگەن ھەر بىر ئايالنىڭ قىسسىسى، سەۋەبى ۋە ھېكمەتلىرى بار، ئەينى زاماندا رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە ئېھسان قىلىشتا ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇشتا ئەڭ ئالىي ئۈلگە ئىدى.

## 7 ـ مىراس

ئەرەب تارىخىدا ئاياللارغا تۇنجى قېتىم مىراس ھەققى ئىسلام دىنى كەلگەندىن بەلگىلەنگەن، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مالدا) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئاللاھنىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلىگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ.» (سۈرە نىسا 7 ـ ئايەت)

---

[1] 1996 ـ فرانسىيەنىڭ سابىق رەئىسى مىتراننى دەپنە قىلىش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ ۋەسىيىتى ئاشكارا بولغان، ئۇ ۋەسىيىتىدە ئۆزىنىڭ نىكاھسىز بىر ئاشنىسى بارلىقىنى ۋە ئۇ ئاشنىسىدىن بىر قىزى بولۇپ، مىتراننىڭ ھاياتىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ (يەنى ئاشنىسى بىلەن قىزىنىڭ) رەسمى ھېچقانداق ھەقلىرى بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاشنىسى ئۆلگەندە قەبرىسىدە بىرگە بولىشىنى ۋەسىيەت قىلغان. قىزى 21 ياشقا كىرگەن بولۇپ، مىتراننىڭ رەئىس بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچقانداق پايدىسىنى كۆرمىگەن، ئاشنىسىمۇ شۇنداق بولغان. مانا بۇ ياۋروپانىڭ ئەھۋالى.

ئىسلام بەزى ھالەتلەردە ئەر ـ ئايالنى ئوخشاش مىراس ئالىدىغان قىلدى، مەسىلەن: ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ بىر ياكى بىرقانچە ئوغلى بولغاندا ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە چوڭ ئانىسى ئوخشاش مىراس ئالىدۇ، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ بىر ياكى بىر قانچە ئوغلى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئوخشاش مىراس ئالىدۇ، ئانا تەرەپتىن بولغان ئوغۇل ـ قىز قېرىنداشلارمۇ ئوخشاش مىراس ئالىدۇ، بۇ قۇرئان كەرىمدە شۇنداق بەلگىلەنگەن.

ئىسلام يەنە بەزى ئەھۋاللاردا مىراس ھوقۇقىنى ئەرلەرگە ئەمەس، ئاياللارغىلا بەردى، مەسىلەن: ئانا تەرەپتىن بولغان چوڭ ئانىغا مىراس بېرىلىدۇ، ئانا تەرەپتىن بولغان بوۋىغا بېرىلمەيدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ قىزلىرى بولغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىغا مىراس بېرىلىدۇ، بىر ياكى كۆپ قانداش ئوغۇل بىر تۇغقانلىرىغا مىراس بېرىلمەيدۇ.

بەزى ھالەتلەردە ئەرلەرگىلا مىراس بېرىلىدۇ، مەسىلەن: دادىنىڭ ئەر بىر تۇغقىنىغا مىراس بېرىلىدۇ، قىز بىر تۇغقىنىغا بېرىلمەيدۇ، ئەر بىر تۇغقانىنىڭ ئوغلىغا مىراس بېرىلىدۇ، قىزىغا بېرىلمەيدۇ، دادىنىڭ ئەر بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا مىراس بېرىلىدۇ، قىزىغا بېرىلمەيدۇ.

ئىسلام ئوغۇل ـ قىز ھەر ئىككىسىگە بىرلىكتە مىراس بېرىدۇ، لېكىن بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ، مەسىلەن: بىر ياكى كۆپ ئوغۇل بىلەن بىر ياكى كۆپ قىز بولسا، ئوغۇلغا ئىككى قىزلىق مىراس بېرىلىدۇ، ئوغۇلنىڭ ئوغلى بىلەن قىزى بولسا، ئوغلىغا ئىككى قىزلىق مىراس بېرىلىدۇ، ئوغۇل ـ قىز قېرىنداشلار بولسا، ئوغۇلغا ئىككى قىزلىق مىراس بېرىلىدۇ، قانداش ئوغۇل ـ قىز بولۇپ، مېيىتنىڭ ئەۋلادى بولمىسا، ئوغۇل بىر تۇغقانغا ئىككى قىزلىق مىراس بېرىلىدۇ. دادا ـ ئانا بولۇپ، مېيىتنىڭ ئەۋلادى بولمىسا، دادىغا ئىككى ھەسسە مىراس بېرىلىدۇ.

مىراستىكى شۈبھىلەر ۋە ئېتىرازلار بۇ ئاخىرقى مەسىلىدە بولۇپ، مىراسنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندا شۈبھىلەرنى رەت قىلىش تەس ئەمەس. ئەمەلىي، تەپسىلىي بايان قىلىنغاندا ئايالنىڭ مىراسنىڭ ئەردىن ئارتۇق بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەر ئىككى قىزلىق مىراس ئالىدۇ، لېكىن مەجبۇرىيەتلەر ۋە مەسئۇلىيەتلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ، مېھرى بېرىش، ئۆزىنىڭ، ئايالىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئەۋلادلىرىنىڭ ۋە

بەزىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ۋە ئولتۇرىدىغان ئۆي تېپىش ئوغۇلنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

قىز شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن مىراسنى ئالسا، (ئۇ ئوغۇلنىڭ ھەسسىسىنىڭ يېرىمىدۇر) ئۇ ئالغان مىلىنى ئەردىن ياخشىراق ساقلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەرگە ئوخشاش مېھرى بېرىش ھەتتا ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيىتى يوق. بۇنى ساغلام ئەقىل ئىگىسى چوڭقۇر ئويلانسا ۋە ئىنچىكە ھېساب قىلسا، ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ئاللاھ تەئالا ئاياللارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە مىراسنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن بىر پەرز بولغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلىدى. ئاللاھ تەئالا مىراس ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىنلا مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ھۆكۈملەر) ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»[1] ئاياللارنى قايسى بىر ئۇسۇل بىلەن بولسۇن، مىراستىن مەھرۇم قىلىش زامانىۋى جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن بىرىدۇر.

## 8 ـ ئاياللارنىڭ سىياسىي ھوقۇقى

ئىسلام ئاياللارغا ئەرلەرگە بەرگەن سىياسىي ھوقۇقنىڭ پەقەت دۆلەت رەئىسلىكى مۇستەسنا ھەممىنى بەردى، ئاياللار كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پىكىر بايان قىلىش، مەسلىھەت ۋە كېڭەشكە قاتنىشىش، بەيئەت قىلىش يەنى سايلاش ۋە سىياسىي يىغىنلارغا قاتنىشىش قاتارلىق پۈتۈن سىياسىي ھەقلىرىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بىر ھۆكۈمنى تەتبىقلايمىز دەپ شەرىئەتنىڭ باشقا ھۆكۈملىرىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ، بۇ

[1] سۈرە نىسا 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

ھوقۇقلار بىر مەقسەت ئۈچۈندۇر، ئۇ بىھۇدە ئويۇن ياكى ناچار غەرەزلەر ۋە نىجىس ئادەتلەرنى ئىشلەش ئۈچۈن بىر پۇرسەت ئەمەستۇر.

ئاياللار ئۆزلىرىگە، ماللىرىغا ۋە ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولۇشتا تولۇق ھوقۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش بارلىق مۇسۇلمانلار نامىدىن مۇسۇلمان بولمىغانلارغا ئامانلىق بېرىش ھوقۇقى بار. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت)

ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇھانى مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «مەن يېقىنلىرىمدىن ئىككى ئادەمگە ئامانلىق بەردىم» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «سىز ئامانلىق بەرگەنلەرگە بىزمۇ ئامانلىق بەردۇق، ئۇممۇ ھانى» دەيدۇ.

ئەمما ئاياللارنىڭ سوت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشى (يەنى قازى بولۇشى) ئىختىلاپلىق مەسىلە، بەزى فىقھى ئالىملىرى بارلىق ئەھۋاللاردا شەرتسىز بۇنى جائىز قىلىدۇ. جۇمھۇر ئالىملار سوت مەسىلىسى دۆلەت رەئىسلىكىگە ئوخشايدۇ دەپ شەرتسىز توسىدۇ. ھەنەفىلەر مەسىلىنى تەپسىلي بايان قىلىپ، ئاياللارنىڭ ھەد ۋە قىساستىن باشقا پۈتۈن مەسىلىلەردە قازىلىق خىزمىتىنى قىلىشنى جائىز قىلىدۇ، يەنى ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئېغىر جىنايەت ۋە پاھىشە ئىشلىرىدىن تاشقىرى مەسىلىلەردە جائىز بولىدۇ، بۇ مەسىلە فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلي مەۋجۇدتۇر.

ئىبنى مۇنزىر ئاياللارنىڭ ئامانلىق بېرىشىنىڭ دۇرۇسلىقىدا پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق بولغانلىقىنى ۋە ئايال ساھابىلارنىڭ ئەرلەر بىلەن رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلىشقا قاتناشقانلىقىنى، شۇنىڭدەك، خەلىپىلەرگە بەيئەت قىلىشقا ۋە كېڭەشكە قاتناشقانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئەمما ئاياللارنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش مەسىلىسىنى قوزغاش بولسا، پەقەت قۇرۇق دەۋا ۋە يامان نىيەتلىك تىجارەتتىن ئىبارەتتۇر، زامانىمىزدا دۇنيانىڭ كۆپ دۆلەتلىرىدە ئاياللارنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشىغا نەزەرىيە ئاساسىي قانۇندا رۇخسەت بېرىلىدۇ، لېكىن

ئامېرىكىدا قانچە ئايال رەئىس بولدى؟ ياكى فرانسىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، ياكى جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردە قانچە ئايال دۆلەت رەئىسى بولدى؟ ئەمەلىيەتتە ۋە رېئال ھاياتتا ئاياللارنىڭ باشلىق بولغىنى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلگەن ئىشتۇر. فىقھى ئالىملىرى: «كۆپ تارالغان ئىش قوبۇل قىلىنىدۇ، نادىر ئىشلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ» دەيدۇ.

## 9 ـ خۇسۇسىي مەسىلىلەر

ئىسلام ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرى، ھەر بىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى خىزمىتى، شەرئىي ۋە رېئال ھاياتتا قوبۇل قىلىنغان ھېكمەتلەرگە بىنائەن بەزى ھۆكۈملەرنى ئەرلەرگە، بەزى ھۆكۈملەرنى ئاياللارغا خاس قىلدى. ئاياللارغا خاس بولغان ھۆكۈملەر (ھېچقانداق ئاقىل ئۇنىڭدا شەك قىلمايدۇ) قورساق كۆتۈرۈش، بالا ئېمىتىش، ئۇنى بېقىش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، ھەيز، نىپاس، زىننەت، ھىجاب ۋە ئەرلەر بىلەن ھاياسىزلارچە ئارىلىششنى مەنئى قىلىش، ھەنەپىلەردە ئاياللارغا خاس ئىشلاردا يالغۇز بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ جائىز بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردۇر. ئەر كىشى ئەڭ تەقۋادار بولسىمۇ ھېچبىر ئەھۋالدا يالغۇز بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىسلام ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئاياللاردىن ناماز، روزا، قۇرئان ئوقۇش، مەسجىدكە كىرىش، تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ھۆكۈملەرنى ساقىت قىلدى. خۇن كېسىلى ۋە تۇغۇت ئەھۋاللىرىدا ئۇلارغا مەخسۇس ھۆكۈملەر بار.

ئىسلام ــ دۆلەتكە رەئىس بولۇش، جۇمھۇرنىڭ قارىشىدا قازى بولۇش، ئائىلىنى ئىدارە قىلىش، نامازدا ھەر ئىككى جىنسقا ئىمام بولۇش (پەقەتلا ئاياللار جامائەت بولغاندا ئايالنىڭ ئىمام بولۇشى جۇمھۇرنىڭ قارىشىدا جائىز بولىدۇ)، جۈمە ئوقۇش، مېھرى بېرىش، جىھاد قىلىش(ئاياللارنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىش ھوقۇقى بار)، ئاياللارغا مەخسۇس بولغان زىننەتتىن مەنئى قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئەرلەرگە خاس قىلدى. شەرىئەت ئاياللارغا خاس ئىشلاردا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىشىنى ھارام قىلدى. ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە ئوخشىشىۋېلىشىنى مەنئى قىلدى.

ئىسلام ــ ئانىنى دادىدىن ئارتۇق قىلدى، ئانىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ ھەققى بار، دادىنىڭ بىر ھەققى بار، جەننەتنى ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قىلدى،

قىزلارنى تەربىيلەشنى جەننەتنىڭ ئىشكلىرىدىن بىرى قىلدى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىششىنىڭ ۋەسىلىسى قىلدى.

### 10 ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا بىر سېلىشتۇرما

ئىسلام ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن بەلگىلىگەن ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەرلەر بىلەن باراۋەرلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن «ئەشيالار ئەكسى بىلەن تونۇلىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزگە ئاساسەن بۇ ھوقۇقلارنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولساق، شۇنى ئېيتىمىزكى: «قۇرئان كەرىم بۇزۇق ئادەتلەرگە، قىزلارنى تىرىك كۆمۈش، قىز بالىسى بولغانلىقنى ئاڭلىغاندا نەپرەتلىنىش، قىزلارنى خور كۆرگەنلىكى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى قىزلارغا ئوخشىتىش، قىزلار ئاللاھنىڭ بالىلىرى دېيىش، ئاياللارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى بازاردا سېتىلىدىغان ۋە مىراس قالىدىغان مال ھېسابلاش قاتارلىق جاھىلىيەتتىكى ناچار قىلىقلارغا قاتتىق قارشى تۇردۇ.»

ئاياللارنىڭ توي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، ئىسلام رۇخسەت قىلغان ساندىن تاشقىرى خوتۇن ئېلىش، ئۆز مىجەزىگە قاراپ ئاياللارنى خالىغانچە تالاق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىگىسىز تاشلىۋېتىش، قىزلارنى پاھىشىۋازلىق قىلىشقا مەجبۇرلاش ياكى خالىمىغان ئادەم بىلەن مەجبۇرلاپ ئۆيلەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئىسلام قەتئىي مەنئى قىلدى. ئىسلام جاھىلىيەت زامانىدا مەۋجۇد بولغان ئاياللارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈش، مال قىلىش، ئالماشتۇرۇش، خالىغان ئايال بىلەن پاھىشە ئىشلارنى قىلىش ۋە بالىلارنى ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز خالىغان كىشىگە بېرىش ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ھارام قىلدى.

ياۋروپادا تېخى يېقىن زامانغىچە دىن ئادەملىرى ئاياللارنى مۇقەددەس كىتابنى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى) ئوقۇشتىن مەنئى قىلاتتى، ئاياللار تەلىم ـ تەربىيىدىن مەھرۇم ئىدى، فرانسىيىدە بىرىنچى قېتىم، 1861 ـ يىلى بىر ئايال ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىغا كىرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ئۈچىنچى ناپالېيوننىڭ ئايالى ۋە ۋەزىر رولان ئارىغا چۈشكەندىن كېيىن، تەسلىكتە قوبۇل قىلىنغان. ياۋروپادا بىرىنچى قېتىم ئىشكىنى

ئاياللارغا ئاچقان ئۇنىۋېرسىتېت، 1840 ـ يىلى گېرمانىيىدىكى زىيورىخ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسىدە ئايال ئادەمنىڭ جەننەتتىن چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبەدىي خاتالىقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۆتۈرىدۇ. فرانسىيە ۋە ياۋروپادا يىگىرمىنچى ئەسىرگىچە ئاياللارنىڭ ماللارنى ئىشلىتىشى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. مەلۇمكى، ئىسلام تارىخىنىڭ ئۆتكەن ئون تۆت ئەسىر مابەينىدە، بولۇپمۇ بىرىنچى ئەسىردە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ دەۋەت، تەلىم ـ تەربىيە، ئىجتىمائىي ھايات، سىياسەت ۋە جىھاد قاتارلىق ئىشلاردىكى مەرتىۋىسى ئەمەلىي مەۋجۇد ئىدى. ئاياللارنىڭ پۈتۈن مەيدانلاردا ئۆلمەس تەسىرى باردۇر، ساناپ تۈگەتكۈسىز مەشھۇر ئاياللار چىققان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارىلار، ئالىملار، ھەدىسشۇناسلار، فىقھى ئالىملىرى، دەۋەتچىلەر، سالىھ خوتۇنلار ۋەپەزىلەتلىك قىزلار بار ئىدى. ئىسلامدا بىرىنچى مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىكەنلىكى ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە. ئاللاھقا ئەڭ دوست بولغان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان سىڭلىسى فاتىمە ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان كاتتا ھەدىسشۇناس ئىدى، ھەزرىتى ئۇممۇسەلىمە پەزىلەت ۋە ساخاۋەتتە ئەڭ ئالىي ئۈلگە ئىدى.

ئىسلامدا ئاياللارنىڭ تارىخى، ساھابىلەرنىڭ ھاياتى، تەرجىمھال، تارىخ، شېئىر، فىقھى ۋە جىھاد كىتابلىرىدا ھەمىشە ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە زىكرى قىلىنماقتا. ئىسلام تارىخىدا نۇرغۇنلىغان ئاياللار ھېچقانداق زورلاش، چەكلەش بولماستىن، ياكى ھاياسىز تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالماستىن ئەمەلىي ھاياتتا ئەڭ ئالىي ئۈلگىلىك رول ئوينىغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىن باشلاپ، راشىد خەلىپىلەرنىڭ دەۋرى، ئەمەۋىيلەر دەۋرى، ئابباسىيلار دەۋرى، ئەييۇبىيلار دەۋرى، مەمالىكلەر دەۋرى ۋە ئوسمانىيلار دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاياللارنىڭ شاھانە ھېكايىلىرى بار. ھەتتا ھىجرىنىڭ بەشىنچى ئەسرىدە ئاياللارنىڭ پەخرى دەپ نام ئالغان «شەھدە» دېگەن ئايال باغداد جامەلىرىدە لېكسىيە سۆزلىگەن.

يېڭى مەدەنىيەت كېلىپ، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى، زىنىتى، شەھۋىتى ۋە ھېسسىياتى بىلەن تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. ژۇرناللار ۋە ماللارنى سېتىش ئۈچۈن ئاياللارنى ئېلان ماتاسى قىلىپ قوللانماقتا. كېچە پائالىيەتلىرىدە، مال توپلاشتا ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاقىنى

بۇزۇشـتا ئۇلارنىـڭ ئائىلىقىدىن ۋە گۈزەللىكىدىن پايدىلانماقتا. ئىدارە ۋە دۇكانلاردا پەخىرلىنىش، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ۋە ھەر تۈرلۈك ھاۋايى - ھەۋەس ئۈچۈن ئاياللارنى سېكرېتار قىلىپ ئىشلەتمەكتە.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئاياللارنىڭ ئائىلىقىنى يوقاتتى، ئۇلارنى ھۆرمىتىنى چۈشۈرىدىغان ئىشلارغا سالدى، ئۇلارنى ئانىلىق تەبىئىتىدىن پۈتۈنلەي ئاجراتتى، كۆكسىنى ئېمىتىشتىن قۇرۇتتى، ئەمدىلىكتە ئانىلارنىڭ تەبىئىي ئېمىتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېلان قىلىشقا، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە پايدا - مەنپەئەتلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەرلەرنى ئاياللاردىن مەسئۇل بولۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاياللارنى ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدايدىغان، ئەرلەرنىڭ يېرىم مائاشىغا ئىشلەيدىغان قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا ئائىلە ئالاقىسى يوقالدى ۋە ئەۋلادلار زىيانغا ئۇچرىدى، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى ئالاقىلەر بۇزۇلدى.

1996 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ رەئىسى ئائىلىگە چاقىرىپ، ئۇنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. ئەرلەر ئاياللارنى دوست قىلىۋالىدۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق ھوقۇق بەرمەستىن ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، بۇ ۋاقىتلىق ئالاقىنىڭ دەردىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاياللار ھامىلىدار بولۇپ قالماسلىق، ئەگەر ھامىلىدار بولۇپ قالغان تەقدىردە بالىنى ئالدۇرۇش، تۇغماس قىلىشى لازىم، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ئاياللار دادىسى مەلۇم بولمىغان، ھېچكىم قوبۇل قىلمايدىغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى ئاستىدا قالىدۇ. ھەتتا ناپالىيون قانۇنى ئاياللارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ ناقىس بولغانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ھايات بويىچە كەمتۈك مەخلۇق دەپ قارايدۇ.

غەرب ئەللىرى ئاياللارنى ئازات قىلىش ۋە بۇ ئالدامچى شوئارلارنى شەرق ئەللىرىگىمۇ كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنماقتا. ئاياللارنى ئازات قىلىش دېگىنى ئاياللارنى ھايالىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل ئىشلاردىن ئازات قىلىش بولۇپ، ئۇ، ئالدى بىلەن ئائىلىنى بۇزىدۇ ۋە بۈگۈنكى كۈندە غەرب ئەللىرىدە ئاياللار پەرياد چېكىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالغان چۈشۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ نىجىس چاقىرىقلارنىڭ بىزنىڭ مەملىكەتلىرىمىزگە قارىتا يوشۇرۇن يامان نىيەتلىرى ۋە سۈيىقەستلىرى بار.

ھازىرقى كۈنـدە ھايـالىق ۋە ھىجابلىق مۇسـۇلمان ئايـاللىرىمىز ئىـسلامىي ھوقـۇقىنى ئاڭلىق قوللىنىـشقا قـايتتى، ئـالىي مەكـتەپلەردە ۋە پـاك ئىـشلاردا ياشـلىرىمىز خەلقـگە ۋە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىـشتا بىـر ـ بىـرى بىـلەن بەسلەشـمەكتە. ئايـاللىرىمىز ئۆزىنىـڭ ئائىلە ۋە تەربىيىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىلىرىنى قوغدىماقتا. ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئانـا، قىز، ئايال ۋە ئاچا ـ سىڭىل قاتـارلىق مـۇقەددەس مەرتىۋىـسىنى داۋاملاشـتۇرماقتا. ياۋروپـا، ئامېرىكـا، جۇڭگـو ۋە رۇسـىيىدىكى ئايـاللارنى قىزغاندۇرىـدىغان دەرىجىـدە ئـۆزىگە لايىـق ھۆرمەتلىنىشكە ئېرىشمەكتە. شۇڭىڭدەك، سۇداندا ۋە ئىرانـدا مۇسـۇلمان ئاياللار سىياسـىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئاكتىپ قاتناشماقتا.

ئاللاھنىــڭ شــەرىئەت ۋە دىنىنــى تەتبىقلايــدىغان، ھۆكــۈم ۋە ئەدەبــلەرگە رىئــايە قىلىدىغان ئىـسلامىي ئائىلـدە مـۇھەببەت، دوستلۇق ۋە ئـۈلپەتتەك ئـالىي خىـسلەتلەرنى ئەمەلىيەتتە تاپالايسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلىلەردە تالاق يوق دېيەرلىك، بەلكى ھازىرقى زامانـدىكى ئىـسلامىي ئائىلىنىـڭ گـۈزەل ئەخلاقلىـرى ئىـسلامغا چـاقىرىش ۋە ئۇنىڭغـا رىغبەتلەندۈرۈشتە ئەڭ ياخشى يولدۇر، ئـۆتكەن ئىـسلام ئائىلىلىرىـدىمۇ شـۇنداق بولغـان ئىدى.

## ئىككىنچى ئانىلارنىڭ ھوقۇقى

ئانىلارنىــڭ ھوقـۇقى بولـسا شــەرىئەتە بەلگىلەنــگەن، تەبىــئەت ۋە ئەقىــل تەلەپ قىلىدىغان ئاياللىق ھەقلەرنىڭ بىر پارچىسىدۇر، ئۇنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغـداش قاتـارلىق ئائىلە ھوقۇقىدا ئانىلارنىڭ ھوقۇقى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئانىلىق ھەققى ئاتىلىق ھەققىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چـۈنكى ئاتـا ـ ئانـا ئائىلىنىـڭ ئىككـى ئاساسـىي تـۈۋرۈكى، ئـۇ ئىككىـسى ئەۋلادلارنـى دۇنياغـا كەلتۈرۈشـتە ۋە ئـۇلارنى تەربىيىلەشتە شېرىك بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت ۋە تەقـدىرگە لايىـق بولۇشـتىمۇ ئورتـاق بولىدۇ.

لېكىن دۇنيـا كىـشىلىك ھوقـۇق باياناممىـسىدە ۋە خەلقئـارالىق كېلىـشىملەردە پەقەت ئانىنىــڭ ھوقـۇقىلا تىلغـا ئېلىنىــپ، ئاياللارنىــڭ ھوقۇقىغـا رىئـايە قىلىـش، ئايـاللارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بـاراۋەرلىكى قاتـارلىق سـۆزلەرلا تىلغا ئېلىنىـدۇ.

ئانىنىڭ ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ۋەزىپىسى كۆپىنچە ناھايىتى مۈشكۈل بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان باللىق دەۋرىدە باشقا ۋاقىتلاردىكىدىن كۆپرەك بېقىلىشقا موھتاج بولىدۇ، ئانىنىڭ بالىسىنى بېقىشى ھامىلدارلىقتىن باشلىنىدۇ، چۈنكى ئانا بالىسىنى ئۆز غىزاسى ۋە ئۆز جىسمىدىن ئوزۇقلاندۇرىدۇ، بالا يورۇقلۇقنى كۆرۈشتىن بۇرۇن تەخمىنەن توققۇز ئاي ئانىنىڭ قەلبى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئىسلام كېلىپ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەقلىرىنى بىرلىكتە بەلگىلىدى، ئۇنىدىن كېيىن ئانىنى مەخسۇس ئايەت ـ ھەدىسلەردە ھۆرمەت بىلەن ئالاھىدە ئايرىدى، ئۇنىڭ ئاتىدىن ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاگاھلاندۇردى.

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاتا ـ ئانا ھەقلىرى ھېچبىر مىللەت ۋە قانۇن تارىخىدا، تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەردە مىسلى كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس.

قۇرئان كەرىم ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى.» (سۈرە ئىسرا 23 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.» (سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق.» (سۈرە ئەنكەبۇت 8 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا، بىرىنچىدىن، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ، ئىككىنچىدىن، ئانىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن.» (سۈرە لوقمان 14 ـ ئايەت)

بىرىنچى ئايەت «ھۆكۈم قىلدى، لازىم قىلدى ۋە ۋاجىپ قىلدى» دېگەن سۆز بىلەن، ئىككىنچى ئايەت ۋاجىپلىقنى تەلەپ قىلىدىغان «ئەمر» سۆزى بىلەن، ئۈچىنچى ئايەت «ۋەسىيەت» سۆزى بىلەن زىكىر قىلىندى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھتىن: ‹ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل قايسى؟› دەپ سورىۋىدىم، رەسۇلۇللاھ: ‹ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنغان ناماز› دېدى، مەن ئۇندىن قالسىچۇ؟ دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ: ‹ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش› دېدى. مەن ئۇندىن قالسىچۇ؟ دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ: ‹ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش› دەپ جاۋاب بەردى.»

بۇ ھەدىستە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، رەسۇلۇللاھ ئىسلامنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى دەپ سانىغان ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىلگىرى كەلدى. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ جىھادقا چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كەلگەن كىشىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بار ـ يوقلىقىنى سورىغان، كېيىن: «ئۇ ئىككىسىدە جىھاد قىلغىن (يەنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن)» دېگەن.

ئىسلام ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ئۇلارغا يامانلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلماسلىق قاتارلىق قىلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇنداق ئىشلارنى ئىنساننى دوزاخقا ئاپىرىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىغان. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتاـ ئانىنى قاخشىتىشتۇر.»

ئىسلام ئانىنىڭ ئاتىدىن ئايرىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئايرىم تىلغا ئالىدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن.» (سۈرە لوقمان 14 ـ ئايەت)

ھەدىس شەرىپتە: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېيىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئانىلارنى قاقشىتىشنى ۋە قىزلارنى تىرىك كۆمۈشنى ھارام قىلدى» دېگەن.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشنى ئانىسىغا بۇيرۇپ: «بالا ئۈچۈن ئانىسىنىڭ پۇرىقى، ئۇنىڭ بالىسىنى پۇرىشى ۋە بالىسىغا بولغان شەپقىتى سەندىن ياخشىراق» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ: «ئائىلىدە ھەمرا بولۇپ، ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ لايىق كىم؟» دەپ سورىغان كىشىگە: «ئاناڭ، ئاناڭ، ئاناڭ، ئۇنىدىن كېيىن داداڭ، ئۇنىدىن كېيىن تۇغقاندىكىلىرىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، بولۇپمۇ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش، چىرايلىق سۆز قىلىش، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، مەسلىھەتكە ئەمەل قىلىش، داۋاملىق ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم قىلىش، ياشىنىپ قالغاندا ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش، تىلىنى، كۆزىنى ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان سۆز ھەرىكەتتىن ئۇزاق تۇتۇش، ھەتتا ئەڭ ئاددىي سۆز بولسىمۇ، ئۇلارنى رەنجىتىدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ‹ئوھ-ۇي› دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن.» (سۈرە ئىسرا 24 ـ، 23 ـ ئايەتلەر)

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق، قىلىش ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا ياخشى دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ سەدىقە قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دوست يارەنلىرىگە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق داۋام قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئۆلسە، ئۈچ ئەمەلدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى توختايدۇ، ئۇلار: سەدىقە جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا دۇئا قىلىدىغان ياخشى ئەۋلادتۇر.»

رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دوستلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن.

بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ سوئال قويغان: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان بىر ئىش قالدىمۇ؟» رەسۇلۇللاھ:

«ھەئە، ئۇلارغا ناماز ئوقۇش (يەنى ئۇلارغا دۇئا قىلىش)، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم سوراش، ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىنى يۈرگۈزۈش، ئۇلار ئارقىلىق بولىدىغان سىلە ـ رەھىمنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار بار» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاشۇ ئىشلار قۇرئان بىزگە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن، دېگىن» دەپ ئۆگەتكەن ئىشتۇر. بۇ بولسا ئەگىشىش، ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدۇر. ئاللاھ تەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن.» (سۈرە ئىبراھىم 41 ـ ئايەت)

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن.» (سۈرە نۇھ 28 ـ ئايەت)

ئەگەر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئايرىم كىرىمى بولمىسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش چىقىمى بالىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا سۈرە ئىسرادا: «ئاللاھ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ناھايىتى تەسىرلىك بىر ئوخشىتىش بىلەن بايانغا ۋاجىپ قىلىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ‹ئى رەسۇلۇللاھ! دادام مېلىمنى ئېلىۋالدى...› دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹سەن ۋە مېلىڭ داداڭنىڭ› دەپ جاۋاب بەردى.»

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىدىن مىراس ئېلىشى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلغانلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. قۇرئاندا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراس بەلگىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ).

ئەگەر مېيتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.» (سۈرە نىسا 11 ـ ئايەت)

ئەگەر ئانا ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئىسلام ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش، ئۇنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، قورسىقىدىكى ياكى قۇچىقىدىكى بالىسىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ھۆكۈملەرنى بەلگىلىدى. رامىزاندا روزا تۇتماسلىق، بالىغا ۋە ئانىسىغا نەپىقە بېرىش، قورساقتىكى بالىنى قوغداش، بوۋاقنىڭ دىيىتى ۋە ئايالغا ئىشتىن رۇخسەت بېرىش قاتارلىق ھۆكۈملەر ئەنە شۇلاردىندۇر.

**دۇنيا ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىلىرىدا ئانىلارنىڭ ھوقۇقى**

ئاتا ـ ئانا ھوقۇقلىرى دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۆز مەرتىۋىسىنى يوقاتقان، ئائىلىنىڭ بولۇشى بىلەن ئۇمۇ زايە بولۇپ كەتكەن، بالا كىچىكلىكىدە ئاتا ـ ئانىسىغا موھتاج بولغاندا ئاتا ـ ئانىسىنى سۆيۈشكە تەرغىب قىلىنىدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان چەكسىز ياخشىلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئەڭ ياخشى بالا يېڭى يىل بايرىمىدا ۋە تۇغۇلغان كۈنىدە ئاتا ـ ئانىسىنى زىيارەت قىلغان بالىدۇر، ئۇ پۈتۈن بىر يىل بويىچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ، دۆلەت بەزىدە ئۇلارغا ئىشلىگەن ئورنىدا كاپالەتلىك قىلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك نەپىقە بېرىدۇ، لېكىن ئۇ بىچارە ئاتا ـ ئانىلار مەنىۋى، نەپسىي ۋە تەربىيىۋى كۆيۈنۈشكە موھتاجدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارالىق كېلىشىم ۋە دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئائىلىنى قوغداشقا ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا تەرغىب قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكتۇر. (ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلار ھەققىدە خەلقئارالىق كېلىشىمنىڭ 10 ـ ماددىسى).

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ناھايىتى پۇچەك ۋە ئاددىي سۆزلەر بىلەن ئانىغا كۆيۈنۈشنى تەكىتلىدى، دادا ھەققىدە بىر كەلىمىمۇ سۆز يوق، 25 ـ ماددىنىڭ

ئىككىنچى بۆلۈمدە پەقەتلا: «ئانىلار ۋە بالىلار ئالاھىدە كۆيۈنۈش ۋە ياردەمگە ھەقلىق» دېيىلدى.

1966 ـ يىلدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلار ھەققىدە خەلقئارالىق كېلىشىمدە ئانىلارنىڭ ھەقلىرىنى 10 ـ ماددىنىڭ مۇستەقىل بىر بۆلۈمىدە تىلغا ئالغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «تۇغۇتتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئانىلارنى ئالاھىدە ھىمايە قىلىش، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئانىلارغا رۇخسەت بېرىش ياكى ئىجتىمائىي كاپالەتكە مۇناسىپ مەنپەئەتلەر بىلەن بىرلىكتە رۇخسەت بېرىش لازىم.» يۇقىرىدا ئۆتكەن ئىسلام تەلىماتىدا بۇيرۇلغان ئانىلارغا كۆيۈنۈش ئالدىدا بۇلار نەدە؟! ئۇكەر يۇلتۇزنىڭ ئالدىدا تۇپراق نەدە؟! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام ئەللىرىدىكى ئانىلار بىلەن غەرب ئەللىرىدىكى ئانىلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق، خۇددى ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش ئاشكارا بولىدۇ.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەقلىرىنى ساناپ، بىر نەچچە قانۇنغا سىغدۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى سەزگەچ، ئۇنى خاتىرىلىتىپ، قالغان ھۆكۈملىرىنى شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ھاۋالە قىلدى. 7 ـ ماددىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلدى: «ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدە ھەقلىرى بار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭمۇ شەرىئەت ھۆكمىدە بىر ـ بىرى ئۈستىدە ھەقلىرى بار.» ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش پەقەت ئىسلام باياننامىسىدە بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر بۆلۈم ئايرىيمىز، شۇنىڭدەك، يالغۇز ئىسلام كىشىلىك باياننامىسىدە ئاتىنىڭ ئەۋلادىنى تەربىيىلەش ھوقۇقىنى مۇشۇ ماددىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش ھوقۇقى

بالىلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ھەققى ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئاساسى ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنى بالىلارنىڭ ھەقلىرى ئۈستىدە توختالغاندا بايان قىلىمىز، قۇرئان كەرىم بالىلارنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ئۇلارنى قاقشاتماسلىققا بۇيرۇشتىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىلارنى بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشكە بۇيرۇدى، ئاللاھ

تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ باللىرىڭلار ھەققىدە سىلەرگە تەۋسىيە قىلىدۇ.» (سۈرە نىسا 11 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار.» (سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت)

ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە باللارغا ئەڭ كۆيۈنىدىغان كىشى ئاتا ـ ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەۋلادلىرىغا ئەڭ ياخشى تەربىيەنى تاللاشقا ئۇلار ھەقلىقراق بولىدۇ، غەرب ئەللىرىدە كۆپىنچە ئاتىلار ئۇنىدىن قالسا ئانىلار ئەۋلادلىرىنى تەربىيلەشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە قاراپ، «مۇسۇلمان ئاتىنىڭمۇ ئەۋلاد تەربىيىسىگە دۆلەت، ئانا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىگە بولىدۇ» دېگەن دەۋا بىلەن ئەۋلادلىرىنى تەربىيلەشكە سەل قارىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئاتىنىڭ ئەۋلادىنى تەربىيلەش مەسئۇلىيتى ۋە ھوقۇقى بارلىقىنى، بۇ ۋەزىپىنى ئۇنىڭ ئۆزى قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئەۋلادى ئۈچۈن توغرا، ئىسلامىي تەربىيە ۋە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن ئىبارەت ساغلام يولنى تاللىشىنىڭ لازىملىقىنى خاتىرىلىتىدۇ. ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 7 ـ ماددا ئۈچىنچى بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكمىدە بولغان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەشتە، ئىسلام شەرىئىتى ۋە گۈزەل ئەخلاق نۇرى ئاستىدا، ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسىنى ۋە مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھالدا، خالىغان تەربىيە تۈرىنى تاللاش ھوقۇقى بار.»

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ھەر بىر شەخسىنىڭ تەلىم ئېلىش ھوقۇقىنى تىلغا ئالدى ۋە مەجبۇرىي پەننى ھۈنەر ـ سانائەت، ئالىي بىلىم ئېلىش ۋە پۇلسىز ئوقۇش مەسىلىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدى، تەربىيىنىڭ مەقسىتى ئىنسانىنىڭ شەخسىيتى ۋە ئىنسان ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلدى، 26 ـ ماددىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيە ھوقۇقىنى بايان قىلىپ: «ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە بېرىلىدىغان تەربىيە تۈرىنى تاللاشتا ئەڭ بىرىنچى ھوقۇققا ئىگە» دېيىلدى.

بۇ، پەرزەنتلەر دۆلەتنىڭ مۈلكى دەپ قاراپ، بالىلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشتە مۇتلەق هوقۇقنى دۆلەتكە بېرىدىغان ماددىچى پىكىر ئېگىلىرىگە رەدتۇر، بۇ ماددىچىلار بالىلارنى ماددىچى ۋە ئاتېئىست قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، كىچىك بالىلارنى ئاتا ـ ئانىسىدىن تارتىۋېلىپ ئۆزلىرى تەربىيىلەيدۇ، ئۇلار بۇنداق قىلىش بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە ۋە بالىلارنىڭ ئىنسانىيىتىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار هاياتقا، ئىنسان تەبىئىتىگە، رېئاللىققا ۋە ئەقىلگە زىت ئىش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىنى ۋەيران قىلىپ يوقاتتى.

### ئۇرۇق ـ تۇغقانلار هەققى

ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەردىن تەركىب تاپقان كىچىك بىر ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇلىدۇر، لېكىن بۇ ئائىلىنى چوڭ بىر ئائىلە قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇ كىچىك ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى باغ بولۇپ، ئۇلار ئاتا تەرەپ، ئانا تەرەپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرى بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى نەسەب ۋە قۇدىلىق باغلىرى بىرلەشتۈرىدۇ.

ئىسلام ئۇرۇق ـ تۇغقانلار هەققىدە سۆز قىلغاندا سىلە ـ رەهىم دەپ ئىبارەت كەلتۈرىدۇ. ئىسلام ئىنسانلارنى سىلە ـ رەهىم قىلىشقا چاقىرغان ۋە بۇ هەقتە بىر نەچچە شەرئى هۆكۈم بەلگىلىگەن. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەهىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار.» (سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ هۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا ئەڭ هەقلىقتۇر، شۈبهىسىزكى، ئاللاھ هەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە ئەنفال 75 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىتابۇللاهتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەر ۋە مۇهاجىرلاردىن يېقىنراقتۇر.» (سۈرە ئەهزاب 6 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاهنىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەهىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ.» (سۈرە رەئد 21 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا ـ ئانىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئەھدە ئالدۇق.» (سۈرە بەقەرە 83 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇق ـ تۇغقانغا (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن.» (سۈرە ئىسرا 26 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر (ئىسلام) دىنىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى.» (سۈرە مۇھەممەد 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ.» (سۈرە رەئد 25 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلە ـ رەھىم قىلىشقا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلىشىغا ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا خۇشال بولىدىغان كىشى، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇكاپاتلاندۇرۇلىدىغان كىشى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقنى ئۇلىغان كىشىدۇر.»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «رەھىم (يەنى تۇغقانلىق) ئەرشكە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ: ‹كىم مېنى ئۇلىسا ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، كىم مېنى ئۈزسە (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلمىسا) ئاللاھ ئۇنى رەھمىتىدىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ› دەيدۇ.»

سىلە ـ رەھىم ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق ھەققىدىكى سۆزلەر بەك كۆپ ۋە ئۇزۇن بولۇپ، ئالىملار بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتابلار يازغان، ھەدىس شەرىپ ۋە ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاق كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە ئالاھىدە بابلار بار، مەسىلەن: ئىمام غەزالىنىڭ «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» (دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش) ناملىق كىتابى بۇلارنىڭ بىرى.

شۇنىڭدەك، فىقھى ئالىملىرى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا نەپىقە قىلىش، مىراس بېرىش، ۋىلايەت (بىر - بىرىگە ئىگە بولۇش)، بالىلارنى بېقىش ۋە تۇغقانلارنىڭ دىيەت تۆلىشى قاتارلىق ئۇرۇق - تۇغقان مەسىلىلىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەرنى بېكىتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرىشىدا، ئاللاھ تەئالا بىرىنچى قىلىپ ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى دەۋەت قىلىشنى ئەمرى قىلغان، قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلە ۋە ئەقرىبالىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا ئومۇمىي سۆز قىلدى. ئۇندىن كېيىن قىزى فاتىمە زەھراغا ئالاھىدە سۆز قىلغاندىن كېيىن ھەممىسىگە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس، پەقەت ئۇرۇق - تۇغقانلىق بېغىمىز بار، (بۇ دۇنيادا) ئۇنى داۋاملاشتۇرىمەن.»

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئەنە شۇ ئىنئام بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. «(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۈمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن» دېگىن، كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا بىز ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.» (سۈرە شۇرا 23 - ئايەت)

بۇ ـ دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ۋە ئۇندىن باشقا بارلىق ئىتتىپاق ۋە كېلىشىملەردە تونۇلمىغان ھەقتۇر، لېكىن ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى بۇ ھەقنى ئاتا - ئانا ھەققىگە ئوخشاش بىلىپ يالغۇز بىر بۆلۈمدە مۇنداق تىلغا ئالدى: «ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدە ھەقلىرى بار، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭمۇ بىر - بىرى ئۈستىدە شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن ھەقلىرى بار.» (7 - ماددا 3 - بۆلۈم)

---

[1] سۈرە شۇئەرا 214 - ئايەت.

## ئۈچىنچى بالىلارنىڭ ھوقۇقلىرى

بالىلار توي قىلىشنىڭ مېۋىلىرىدىن بىر مېۋىدۇر، بەزىدە ئۇ توي قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى ۋە ئائىلە تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈك بولىدۇ، ئىنساننىڭ نەسلى ئۇلار بىلەن داۋام قىلىدۇ ۋە ئۇلار ھاياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت ۋە زىننەتلىرىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر.» (سۈرە كەھف 46 ـ ئايەت)

بالا تۇغۇلغاندا ھېچقانداق بىر ئىش قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان ھالەتتە ئاجىز تۇغۇلىدۇ، ئىلاھىي ھېكمەت ئىنسان تۇغۇلغاندىن كېيىن باشقىلارغا ئەڭ قاتتىق موھتاج بولىدىغان، باشقا مەخلۇقلارغا نىسبەتەن كۆپ ئۆمرىنى باشقىلارغا تايىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە بېقىشىغا موھتاج بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇشىنى خالىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ شەرىئەت بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى بىرىنچى قىلىپ ئاتا ـ ئانىغا، ئۇنىدىن كېيىن جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە يۈكلىدى، بالىلار ئۈچۈن بىر نەچچە ھۆكۈملەرنى بېكىتتى ۋە نۇرغۇن ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بىر ساھابە كېلىپ: ”ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلدۇق، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانا ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟“ دەپ سورىغان. بۇنىڭ جاۋابىنى كېلىدىغان ماۋزۇدا بايان قىلىمىز.

### بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى

بالىلارنىڭ ھەقلىرى بولسا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋەزىپىلىرىدۇر، شەرىئەت بالا تەربىيىلەشتە بىر نەچچە ماددىدىن تەركىب تاپقان ئۇسۇلنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى:

1 ـ ياخشى ئايال تاللاش

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى: «دادىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلىشى بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن باشلىنىدۇ» دەيدۇ. ئىسلام بۇنىڭغا ياخشى ئايال تاللاش يولى بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ، چۈنكى بۈگۈن يىگىتنىڭ تاللىغان قىزى ئەتىنىڭ ئايالى، كەلگۈسىدىكى ئانا ۋە

پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىچىسىدۇر. ئانا بوۋاقنى قۇچاقلايدىغان بىرىنچى مەكتەپ، ئۇ ئەمچىكىنىڭ ئوزۇقلۇق سۈتى بىلەن بىرگە ئەدەپ - ئەخلاق ۋە تەربىيىنىڭ سۈتىنىمۇ ئېمىتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئانا بالىسىنى باقىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى ۋە ئەقلىگە چوڭ بولغانسېرى بىللە ئۆسىدىغان، ئۇنى بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلايدىغان بىرىنچى ئۇرۇقنى تىكىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىسىغا مىراس قالىدىغان سۈپەتلەرنى، خاراكتېرلارنى ۋە ئورۇنلاشقۇچى خۇيلارنى بېرىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن پەرزەنت ئۈچۈن ياخشى ئايال تاللاش باشقا ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن ئايال تاللاشتىن نەچچە ھەسسە مۇھىمدۇر، بۇنى رەسۇلۇللاھ مۇنداق كۆرسەتكەن: «مەنىيلىرىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئايال تاللاڭلار». يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «دىندار ئايالنى ئارتۇق بىلگىن» دېگەن.

ھاپىز ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ:

تەرجىمىسى: ئانا دېگەن بىر مەكتەپ، ئەگەر ئۇنى ياخشى تەييارلىساڭ، يىلتىزى پاك، ئېسىل بىر خەلق تەييارلىغان بولىسەن.

ئانا بولسا پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىچىسى، ئۇلارنىڭ باققۇچىسى ۋە ئەۋلادلارنىڭ كېپىلى بولۇپ، ئۇلارغا مەسئۇل بولۇشقا بۇيرۇلغاندۇر. چۈنكى ئانا بالىسىغا سۈتىنى ئېمىتكەندەك ئەقىدە ۋە ئەخلاقنىمۇ ئېمىتىدۇ، ئۇ كەلگۈسىنىڭ ئىسلاھاتچىلىرىنى، ھاكىمىيەت تۇتىدىغان بۈيۈك كىشىلەرنى، ئەسكەر - قوماندانلارنى ۋە مۇتەپەككۇر دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. ئەر ياخشى ئايال تاللاشتا قانچىلىك مۇۋەپپەق بولسا ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ ئاساسىنى شۇنچىلىك مۇستەھكەملىگەن بولىدۇ، ھامىلە، بالا ئېمىتكۈچى ئاياللارغا بالىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن مەخسۇس ھۆكۈملەر بار، مەسىلەن، ھامىلە ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللارنىڭ رامزاندا روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنىشى، ئانىنىڭ سۈتىدە بالىغا جىسمانىي پايدا بولغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ ئانىنىڭ سۈتىنى ئېمىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى، بالىنى ئېمىتىشنىڭ ئانىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولۇشى، ئەگەر زۆرۈر بولغاندا ئانىنى بالىسىنى ئېمىتىشكە مەجبۇرلاش، قۇچاقتىكى بالىنى بېقىش ئانىنىڭ ھەققى قاتارلىق ھۆكۈملەر.

تەربىيىدىكى بىرىنچى ئاساس، بالىنى ئۆيدە بېقىش، بولۇپمۇ ياخشى ئايال، تەربىيىچى ئانا ۋە ئائىلىق مۆمىن ئايالنىڭ بېقىشىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق كاتتا، ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئارقىسىدا ئۇلۇغ ئانا، ياكى ئۇلۇغ ئاتا، ياكى ئۇلۇغ ئاتا ـ ئانا باردۇر.

## 2 ـ بوۋاققا كۆڭۈل بۆلۈش

بالا سالامەت تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيە باشلىنىدۇ، بۇ بولسا ھەق دىن ئىسلامنىڭ يولىيورۇقى بولۇپ، دۇنيادا ھېچقانداق تەربىيە ئۇسۇلىدا يوقتۇر، ئاتا ـ ئانىلار كەلگۈسى ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان تەربىيە ئاساسلىرىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان، ئۇ ئىسلامي ئەدەپ ـ ئەخلاق، پەيغەمبەر سۈننىتى، ئىلاھىي ئۇسۇل بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرى ئۈچتۇر:

بىرىنچى ئەدەپ: بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇماقتۇر. بۇ، بوۋاقنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئاڭلايدىغان نەرسىسى ئۇنى قەدىرسىز بىر مەنىدىن يەر يۈزىدە خەلىپە بولسۇن ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان ئىگىسىنىڭ بىر ئاللاھ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالەمى ئەرۋاھتا: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟!» دېگەندە، ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق دەيدۇ» دەپ ئالغان ئەھدىنى ئىجرا قىلىش بىلەن دۇنيا ھاياتىغا باشلاشتۇر.

ئەزان بىلەن تەكبىر خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتتىمۇ ھاياتنى ئەقىدە ۋە دىنغا باغلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان بەختلىك چاغلاردىمۇ ئاللاھ تەئالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ نېمەتلىرىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى خاتىرىلىتىدۇ: «ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ئۇلۇغدۇر.» (سۈرە مۆمىنۇن 14 ـ ئايەت)

«(ئۇ): ‹پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن(يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن› دەيدۇ.» (سۈرە ئەھقاف 15 ـ ئايەت)

ئىككىنچى ئەدەپ: چىرايلىق ئىسىم قويۇش، بۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ، نۇرغۇن ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەققى، چىرايلىق ئىسىم قويۇش، خەت يېزىشنى ئۆگىتىش ۋە بالاغەتكە يەتكەندە ئۆيلەندۈرۈشتۇر.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ساھابىلەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلدۇق، بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟› دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: ‹چىرايلىق ئىسىم قويۇش ۋە ياخشى تەربىيىلەش› دەپ جاۋاب بەرگەن.»

رەسۇلۇللاھ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سەت ئىسىملارنى چىرايلىق ئىسىملارغا ئۆزگەرتەتتى، چىرايلىق ئىسىم تاللاش تەربىيەدىكى ۋاستىلىك ئالامەتتۇر، چۈنكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىسمىدىن بىر نېسىۋىسى بولۇپ، ئىسمى ياخشى بولسا نېسىۋىسىمۇ ياخشى، ئىسمى يامان بولسا نېسىۋىسىمۇ يامان بولىدۇ، بۇنىڭدىن تاشقىرى تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، چىرايلىق ياكى سەت ئىسىم بىلەن چاقىرىلغاندا ئىسىم ئىگىسىگە پسىخولوگىيىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ بالىنىڭ كۆڭلىگە، ئاداش ـ ئايماق ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى ئەدەپ: بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا خۇشال بولغانلىقىنى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن بالىنى ھۆرمەتلەپ زىياپەت بېرىش (يەنى ئات تويى). بۇ زىياپەت بالا تۇغۇلغان ھەپتە ئىچىدە بىر ياكى بىر قانچە قوي سويۇپ، بۇ بەختلىك مۇناسىۋەت بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىپ تاماق بېرىش بىلەن بولىدۇ. بۇ بولسا، ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگەن پەزلى ـ ئېھسانىغا شۈكۈر قىلىشتۇر. كۆپلىگەن ئالىملار بۇ زىياپەتنى «سۈننەت» دەيدۇ.

### 3 ـ بالىغا كىچىكىدىن باشلاپ كۆڭۈل بۆلۈش

بۇ بالىنىڭ ئەقلى، جىسمى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرى ساغلام بولۇشى ئۈچۈن يېمىكى، ئىچمىكى، بەدىنى ۋە كىيىمىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. ئىنساننىڭ ھاياتى بۆلۈنمەس بىر گەۋدىدۇر، بالىنىڭ كىچىكلىكىدىكى جىسمى، ھاياتى ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىكى

ھالىتىنىڭ كۆرسەتكۈچىسىدۇر. ساغلام ئەقىل ساغلام بەدەندە بولىدۇ، ئىسلام بىزدىن بالىلىرىمىزنى كۈچلۈك ۋە ئاكتىپ تەربىيىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشىراقتۇر ۋە ئۇنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ھەممىسىدە ياخشىلىق باردۇر.»

بۇ كۈچ مەنىۋى بولغاندەك ماددىي جەھەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ، يېمەك - ئىچمەكنىڭ پاك ۋە ھارامدىن خالىي بولۇشى، ئەۋلادلارغا پەقەت ھالال تاماق بېرىش، ھاملە، بالا ئېمىتكۈچى ۋە بالا باققۇچى ئاياللارغىمۇ پەقەتلا ھالال تاماق بېرىش كېرەك، چۈنكى ھارامدىن ھاسىل بولغان سۈت ۋە غىزادا بەرىكەت يوقتۇر، دادا بالىسىنى ھارامدىن غىزالاندۇرغاندىن كېيىن قانداقمۇ ئۇ بالىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ يولىدا ئۆسۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟! بۇزۇق نەرسە پەقەت بۇزۇقچىلىققا ئاپىرىدۇ، ھارام نەرسىدىن يامانلىق ۋە زىياندىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ، شۇڭدەك، ھارام ياخشى مەقسەتلەرگە ۋەسىلە بولالمايدۇ، ياخشى غايە يامان ۋەسىلىنى جائىز قىلمايدۇ، ھارامدىن ئۈنگەن گۆشكە ئەڭ لايىق بولغىنى دوزاخ ئوتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پاكتۇر، پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ مۆمىنلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغان نەرسىنى بۇيرۇدى، ئاللاھ (پەيغەمبەرلەرگە) مۇنداق دەيدۇ: ‹ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار...› مۆمىنلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار» كېيىن رەسۇلۇللاھ بىر ئادەمنى مىسالغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئادەم ئۇزۇن سەپەرگە چىققان، باشلىرى چۇۋۇلۇق، بەدەنلىرىنى توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن، قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ ئى پەرۋەردىگارىم! ئى پەرۋەردىگارىم! دەپ دۇئا قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، كىيگىنى ھارام ۋە ئۇ ھارام بىلەن ئوزۇقلانغان، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ قوبۇل بولىدۇ؟!»

كۆپ ئاتا - ئانىلار بالا - چاقىسىغا قارشى مەسئۇلىيىتىنى پەقەت ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بېرىپ، باياشات تۇرمۇش ۋە ماددىي جەھەتتىن مول ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش دەپ ئويلايدۇ. دادا يىللارچە ھارماي - تالماي ئىشلەيدۇ، تىجارەت ۋە ئىشنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرىدۇ، دۇنيا تېپىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە بارىدۇ،

بالىلىرىنى تاشلاپ، ئۆيىدىن ئۇزاق يەرلەردە ياشايدۇ، ئەۋلادلىرىنىڭ تەربىيىسىدىن غاپىل، ئۇلار تېخى كىچىك، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئۇلارغا يېتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەتىجىسى ئېچىنىشلىق ۋە ھەسرەت - نادامەتلىك بولىدۇ.

ئۆتمۈشتە يۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولغانىدى، ئىنسانلار ئەۋلادلىرىنى تاماق بېرىپ بېقىشتىن قېچىپ، ئۇلارنىڭ مەئىشىتىگە بېخىللىق قىلىپ، كەمبەغەل ۋە قولىنىڭ قىسقا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، قىز بالىلىرىنى تىرىك كۆمەتتى. بۈگۈنمۇ ئىنسانلار پېقىر بولۇپ قېلىشتىن، رىزقىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ۋە ئاچ قېلىشتىن قورقۇپ، تۇغۇت چەكلەشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇ ھەر ئىككى گورۇھنى رەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى، ئاتا - ئانىلارغا رىزىق بەرگەندەك، بالىلارغىمۇ رىزىق بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر.» (سۈرە ئىسرا 31 - ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگە ۋە ئۇلارغا رىزىق بىرىمىز.» (سۈرە ئەنئام 151 - ئايەت)

ئاللاھ تەئالا رىزىقنىڭ ئاساسىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭدەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر.» (سۈرە زارىيات 22 - 23 - ئايەت)

قۇرئان كەرىم كەسىپ ۋە رىزىق بىلەن تەربىيىنىڭ ۋاجىپلىقىنىڭ ئارىسىنى باغلىدى ۋە ئاتا - ئانىنىڭ بەزى زامانلىرىنى ئەۋلادلىرىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئۆتكۈزۈشى ئۇلارنىڭ رىزقىنىڭ كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.» (سۈرە تاھا 132 - ئايەت)

### 4 ـ بالىنى تەربىيىلەشتە كىچىكىدىن باشلاش

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ساغلام بىر يول ۋە ھېكمەتلىك بىر پىلان تۈزۈشى لازىم، بۇ دادىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكگە مېلىنى ۋە راھىتىنى چىقىم قىلغىنىدەك، ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈنمۇ مېلىنى ۋە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ياخشى خىسلەت ۋە ئىسلامىي پەزىلەتلىك ئەخلاق ئۆگىتىپ، ئۇنى توغرا ۋە دۇرۇس يولدا مېڭىشقا كۆندۈرۈشى كېرەك.

بۇنىڭ تەربىيىۋى ۋاسىتىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆڭلىگە دىنىي ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئىسلامىي توغرا ئادەتلەرنى سىڭدۈرۈش، ئۇلارنى ئىسلامىي ئەخلاقلار بىلەن يېتىشتۈرۈش، ئۇلارغا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىشى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھ تەئالا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى دائىم تەكرارلىشى، ئۇلارغا داۋاملىق ئاللاھ تەئالانىڭ نېمەتلىرىنى، مېھرىبانلىقىنى، دۇنيانى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى خاتىرىلىتىپ تۇرۇشى، ئۇلارغا ھالال ـ ھارامنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىشى، ئۇلارغا بەزى ئومۇمىي ئىشلارنى ئۆگىتىشى، مەسىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ قاچان ۋە نەدە تۇغۇلغانلىقى، دادىسى، ئانىسى، بوۋىسى، تاغىسى، سۈت ئانىسى ۋە باققۇچىسىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگىتىش، ئاتىلارنىڭ بالىلىرىنى مەسجىدكە، ئىبادەت جايلىرىغا، دىنىي سورۇنلارغا ئېلىپ بېرىشى، ئۇلارنى خەيرلىك ئىشلارغا ۋە قۇرئان يادلاشقا كۆندۈرۈشى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىنى، تەرجىمىھالىنى، ساھابە ۋە خەلىپىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ياد ئالدۇرۇشى لازىم. مانا مۇشۇ تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلەر توغرا يولدا ماڭىدۇ، ئۇلار دۇنيادا سالىھ ئەۋلاد بولۇپ، ئاخىرەتتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەمەل دەپتىرىدە ساۋاب ۋە ئەجرى بولىدۇ، ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى داۋاملىشىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى ئەمەلگە ئاشىدۇ: «ئىنسان ئۆلسە ئۈچ ئەمەلدىن باشقا پۈتۈن ئىشى ئۈزۈلىدۇ: ئۇلار سەدىقە جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا دۇئا قىلىدىغان سالىھ بالا.»

شۇنىڭدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆيۈمچانلىق، رەھىم ـ شەپقەتلىك، يۇمشاق ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن، لازىم بولغاندا قاتتىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

دادىنىڭ پەرزەنتلىرىگە قىلىدىغان مۇئامىلىسى بالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ بالاغەتكە يېتىش ئالامەتلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالىنى، پسىخىك، بەدەنىي ۋە پىكرىي تەلەپلىرىنى كەشپ قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىشى، ئوخشىمىغان ئەھۋاللار ئاستىدا تولۇق بىر تەڭپۇڭلۇقنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئاتىنىڭ ناھايىتى ھوشيار بولۇشى، بىر تەرەپنى ئاشۇرۇۋېتىپ يەنە بىر تەرەپكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. بۇ توغرىدا مۇنداق بىر سۆز بار: ”ئوغلۇڭ بىلەن يەتتە يىل ئوينا، يەتتە يىل تەربىيىلە، يەتتە يىل بىرگە بول، ئۇندىن كېيىن ئۇنى يولىغا قويۇۋەت.“ شۇنىڭدەك، ئانىمۇ قىزى بىلەن بولغان ئالاقىسىدا بولۇپمۇ بالاغەتكە يەتكەن ۋاقىتلاردا شۇنداق ئەستايىدىل بولۇشى لازىم.

بۇ تەربىيە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ بولغان «تەربىيە ئۇسۇلى» غا باغلىق. تەربىيە - مۇھەببەت، ساداقەت، سەمىمىيەت، بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئۇلار بىلەن ئوچۇق بولۇش، ئۇندىن كېيىن ئۇلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق توغرا يولنى كۆرسىتىش بىلەن باشلىنىدۇ.

ئەمما كۆپىنچە ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋالغان قاتتىق قوللۇق قىلىش ۋە تەھدىت قوللىنىش، ئۆيدە خۇددى ئۇرۇش مەيدانىغا ئوخشاش بۇيرۇقلار چىقىرىش خاتالىققا سەۋەب بولىدۇ، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن نەسىھەت قىلىش، يول كۆرسىتىش، قاتائەتلەندۈرۈش سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ، بالىلار كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلىپ جىم تۇرسىمۇ كۆڭلى شىددەت بىلەن قاينايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىلىقىنى قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۆڭلىگە ياقىدىغانلارغا يۈزلىنىدۇ ۋە يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇلارنى ئاسانلا ھالاكەتكە باشلايدۇ.

بىز ئېيتىمىزكى، تەربىيە ئۈچۈن ئاڭ - سەۋىيىلىك بىر پىلان تۈزۈش كېرەك. چۈنكى ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كېتىدىغان سۆزلەر، ئېغىزچە نەسىھەتلەر ۋە «تۇر... ناماز ئوقۇ...، ئاللاھتىن قورق» دېگەندەك قۇرۇق بۇيرۇقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش شەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ھېيلىگەر دۈشمەن بۇ ئۈممەتنىڭ دىنىغا ۋە مۇقەددەس ئەقىدىسىگە سۇيىقەست قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يىگىت - قىزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئەمەس، دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئىسلامغا

ھەرخىل شۈبھىلەر بىلەن ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قارىتىش) ئۈچۈن مىڭ بىر خىل پىلانلارنى قۇرغان، ھېلىمۇ ئۇ سۈيىقەستلىرىنى پىلانلىق شەكىلدە بىر نەچچە خىل يول ۋە ئەڭ رەزىل ئۇسۇللار بىلەن يۈرگۈزمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ پىلانلىق بۇزغۇنچىلىقىغا ناھايىتى دىققەت بىلەن ۋە بىلىم بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى تۆمۈر پەقەت تۆمۈر بىلەن ئۆچۈرۈلىدۇ.

## 5ـ ھالال ـ ھارامنى تونۇتۇش

ئەۋلادلارغا ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە پۈتۈن ئىشلاردا ھالال ـ ھارامنى تونۇتۇش لازىم. رەسۇلۇللاھنىڭ باللىق، يىگىتلىك، رەھبەرلىك، ئەرلىك، دادىلىق، دەۋەتچىلىك، مۇئەللىملىك، دوستلۇق، قوشنىلىق ۋە سىياسەت قاتارلىق ئەھۋاللاردىكى پوزىتسىيىلىرىگە ئەگىشىشنى ۋە ساھابىلەرنىڭ تارىخى بىلەن پەخىرلىنىشنى بىلدۈرۈش ۋاجىپتۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىنىڭ كۆڭلىدە ئىسلامنىڭ توغرا شەكىللىنىشى ئۈچۈن تەلىم بېرىش، تارىخي ئەھۋاللارغا يۈزلىنىش، جانلىق مىساللار كۆرسىتىش، ئىسلامي قىسسىلەرنى ئاڭلىق ئوقۇتۇش، ئەمەلىي تەتبىقلاش بىلەن بىرگە مەدەنىيەتنى ياخشى ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدا، ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى تېخى كىچىك، ناماز، ھىجاپ (بېشىنى يۆگەش) قا ئوخشاش ئىسلام تەلىملىرى ئۇلارغا پەرز ئەمەس، دېگەن قاراش بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە سەل قاراش تاراپ كەتكەچكە، ئوغۇللار يولدىن ئېزىپ، قىزلار ئىسلامي ھايادىن چىقىپ كەتكەن، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلار ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئاھ، ۋاھ چېكىپ قالىدۇ، پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار باللارنى تەربىيىلەش ھوقۇقىنى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىشلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، لېكىن مەغلۇبىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەر ئايالىدىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن، دوستلىرىدىن ياكى مۇئەللىم ۋە مۇدىرلىرىدىن ياردەم سورايدۇ، لېكىن دورا مەنپەئەت قىلمايدۇ. چۈنكى كېسەل ۋە بۇزۇقچىلىق مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ

بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن: «بالىسىنى كىچىكلىكىدە تەربىيىلىگەن كىشى، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن خۇشال بولىدۇ» دېيىلگەن.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىككى قىزنى ئەقلىنى تاپقۇچىلىك تەربىيىلەپ باقسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەننەتكە كىرىمەن.»

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «كىمكى ئۈچ قىزنى بېقىپ، تەربىيىلەپ، ئەرگە بەرسە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر» دېگەن.

**6 ـ ئىبادەتكە ئادەتلەندۈرۈش**

ئۇ ھالالنىڭ بىر قىسمى، پەرزەنتلەرنى مەسجىدكە بېرىشقا، ئۆيدە ۋە مەكتەپتە ناماز ئوقۇشقا، روزا تۇتۇشقا، سەدىقە بېرىشكە، قوشنىلارغا ۋە يوقسۇللارغا خەيرى ئېھسان قىلىشقا، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشقا، چوڭلارغا ۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«پەرزەنتلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشتا ناماز ئۈچۈن ئۇرۇڭلار(يەنى ئون ياشقا كىرگەن بالا ناماز ئوقۇمىغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار)، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىڭلار.» ئالىملار ئېيتىدۇ: «بالىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تائەت ۋە ئىبادەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق بولغان ھالدا بالاغەتكە يېتىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەۋسىيىسىنى روزا ئۈچۈنمۇ ئىجرا قىلىش لازىم.»

ھەدىستە نامازنىلا تىلغا ئېلىشنىڭ ھېكمىتى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولغانلىقى ۋە باشقا ئىبادەتلەر ئۇنىڭغا قىياسلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

تەربىيىۋى ۋەسىلە ـ ئەۋلادلىرىنى ئۆزى بىلەن بىرگە مەسجىدكە ئېلىپ بېرىش، ئۆيدە ۋە ئىش يەرلىرىدە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇلارغا قېتىلىش ۋە ئۇلارنى بۇيرۇش، ئۇلارغا تائەت ـ ئىبادەتنى قىزغىن سۆيگۈزۈش، ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا قىزىقتۇرۇش، ھارام نەرسىلەردىن قورقۇتۇش، ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپلا قويماستىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇش ۋە كۆنلۈك نەسىھەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ

ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.» (سۈرە تاھا 132 ـ ئايەت)

### 7 ـ ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۈچلۈك ئورنىتىش

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەۋلادلىرىنى سالىھ دوست ۋە مۆمىن ئاغىنە تاللاشقا باشلىشى لازىم، بولمىسا بالا باشقىلار بىلەن دوست بولىدۇ. دوست دوستىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەمرا ئۆزىگە تارتقۇچىدۇر، ئىنسان دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، ھەر بىرىڭلار ئارىلىشىدىغان كىشىلەرنى تاللاڭلار.

بۇ، بالا ئون ياشقا تولغاندىن كېيىنكى ئاساسىي باسقۇچتۇر. چۈنكى بالا بۇ ياشتا ئۆيدىن چىقىپ، ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىشقا باشلايدۇ، لېكىن ياخشى دوست تاللاپ، يامان دوستتىن يىراقلىشىشتا دادىنىڭ رولى ۋاسىتىلىك بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ تەربىيۋى ۋەسىلىسى ئاتا ـ ئانا ئەۋلادلىرىنى سالىھ دوستلارنىڭ زىيارىتىگە ئاپىرىدۇ، ئەۋلادلار بىر ـ بىرى بىلەن دوستلۇق، مۇھەببەت، ياردەملىشىش، كىتاب ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئالاقە قۇرغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانا ئارىدىن چېكىنىشى لازىم. دادا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى سالىھ قوشنا ۋە ئىسلامنى چىڭ تۇتىدىغان ئەقرىبالار بىلەنمۇ قىلىشى كېرەك. دادا ئەۋلادلىرىنى مۇسۇلمانچە تەنھەرىكەت مەيدانلىرىغا، پايدىلىق دەرسلەرگە، ئىسلامىي پروگراما ۋە پىكرى يىغىنلارغا ئېلىپ بېرىشى، مەقسەتلىك ژۇرنال ۋە ھېكايىلەرنى ئېلىپ بېرىشى لازىم.

دادا يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا قاتتىقلىق مەجبۇرلاش، ياكى ۋارقىراش ۋە تەھدىت قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى قانائەتلەندۈرۈش، مۇنازىرىلىشىش ۋە سۆھبەت يولى بىلەن بالىنىڭ ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان ھەر قانداق يېقىنلىقلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى دوست بىلەن يامان دوست ئىپار ساتقۇچى بىلەن كورەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ.»

بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆيۈن، گۇناھ، كېچە كۇلۇبلىرىغا، شەرقشۇناسلارنىڭ مەكتەپلىرىگە ئاپىرىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئاتا ـ ئانىلار ئاللاھنىڭ

ئالدىدا قاتتىق جاۋابكار بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەۋلادلىرىنى شەيتاننىڭ ئويۇنلىرىغا، رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىققا ھەدىيە قىلدى.

## 8 ـ قۇرئان يادلىتىش

قۇرئان كەرىمنى يادلىتىشقا كىچىكىدىن باشلاش كېرەك. چۈنكى قۇرئان ئەخلاقنى تۈزەيدۇ، تىلنى ساقلايدۇ، ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ياشلارنىڭ كەلگۈسىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «پەرزەنتلىرىڭلارنى ئۈچ خىسلەت بىلەن تەربىيىلەڭلار: پەيغەمبىرىڭلارنى سۆيگۈزۈڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىنى سۆيگۈزۈڭلار ۋە قۇرئان ئوقۇشنى سۆيگۈزۈڭلار، قۇرئان يادلىغانلار ئەرشنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ سايە تېپىلمايدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە تاللانغان بەندىلىرى بىلەن بىرگە ئەرشنىڭ سايىسىدە بولىدۇ.»

رەسۇلۇللاھ يەنە: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر» دېگەن.

بۇ ھەقتە ھەدىس شەرىپلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

بۇ مەسىلىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يول كۆرسىتىشىگە ۋە تەربىيىچىلەرنى تاللاشقا باغلىق بولۇپ، ئۆتكەن سالىھ كىشىلەر ۋە ئاۋۋالقى خەلىپىلەر دىيانىتىدە ۋە تۇتقان يولىدا ئىشەنچلىك تەربىيىچىلەرنى تاللاشتا قاتتىق چىڭ تۇراتتى، ئۇلاردىن ئەۋلادلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشكە ئەھدە ئالاتتى ۋە ئۇلارغا كەڭ دائىرىلىك تەربىيە ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتەتتى.

بۇنىڭدا مۇكاپات ياكى جازا بېرىش، تەرغىب قىلىش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارنى ئاشكارا ماختاش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئېلىش، ئۇنى ئالدىغا چىقىرىش، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنى، ئۇنىڭ مۇستەقىل كىشىلىكىنى كۆرسىتىش ۋە ناچار قىلىقلاردىن نەپرەتلەندۈرۈش پرىنسىپىغا تايىنىشقا بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدە تارقالغان بىر خاتالىق: باللارغا قۇرئاننىڭ مەنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاشقا ۋە قۇرئاننى يادلاشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆگەتمەستىن، مەجبۇرى شەكىلدە ئايەتلەرنى يادلىتىش ياكى كىتابلارنى ئوقۇتۇشتۇر.

### 9 ـ پەرزەنتلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك

بالىلارغا كۆيۈنۈش، مۇھەببەت، كۆڭۈل بۆلۈش، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەدىيە بېرىش ۋە ھەتتا سۆيۈش قاتارلىق ئىشلاردا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شەئبى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بالىلىرىڭلارنىڭ سىلەرگە ئوخشاش ياخشىلىق قىلىشىنى ياخشى كۆرگىنىڭلاردەك، سىلەرمۇ بالىلىرىڭلارغا بېرىدىغان نەرسىدە ئادالەتلىك بولۇڭلار(يەنى ھەممە پەرزەنتلەرگە ئوخشاش نەرسە بېرىڭلار ـ ت).»

نۇمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «دادىسى ئۇنىڭغا بىر ھەدىيە بەرگەن، باشقا قېرىنداشلىرىغا بەرمىگەن، بۇ قىلغان ئىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھچى قىلماقچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سورىغان: ‹بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق ھەدىيىلەر بەردىڭمۇ؟› نۇماننىڭ دادىسى: ‹ياق› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ‹ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇڭلار› دېگەن.» يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ: «مېنى زۇلۇمغا شاھىت قىلما، ئەۋلادلىرىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئادالەت ھەققى باردۇر» دېگەن. بۇ بىر تەربىيە پرىنسىپى بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆڭلىدە ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. ئەمما بالىلارنىڭ بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق كۆرۈش جاھىلىيەت ئىللەتلىرىدىن بولۇپ، بىرلىكنى بۇزىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزىدۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىدا نەپرەت، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ.

### 10 ـ ياخشى ئۈلگە بولۇش

بۇ، ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئىسلام ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇنسۇرىدۇر. ئاتا ـ ئانا بالا ـ چاقىسىغا ياخشى ئۈلگە بولۇشى لازىم. چۈنكى كىچىك بالىلار ئۈچۈن باشقىسىغا ئەگىشىش ۋە ئۇنى دوراش ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋاسىتىدۇر، بالا ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى تەقلىد قىلىشقا باشلايدۇ ۋە ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە ئەگىشىپ ئاشۇلارغا ئوخشاش بولۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ كىچىك بالىلارنىڭ ئىبادەت، ئەخلاق ۋە باشقا ئىشلىرىدا ئاشكارا كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھەر

تۇغۇلغان بالا ئىسلامنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ياكى ناسارا ياكى مەجۇسى قىلىدۇ.»

بالىغا ياخشى ئۆلگە بولۇشتا سۆز ـ ھەرىكەت بىرگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر دادىغا پىكىر ۋە مەرىپەت قىيىن كەلسە، ئىشەنچلىك كىشىلەردىن، ئائىلىق تەربىيىچىلەردىن ۋە يول كۆرسىتىدىغان ھەكىملەردىن ياردەم سورىشى كېرەك. خۇددى ھۈنەر، سانائەت ۋە ئىلىم ئۆگىتىشتە قىلىغاندەك.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۇنسۇرلار ئەگەر بالىنىڭ كۆز ئالدىدا رېئال ھاياتتا ئىجرا قىلىنمىسا، ھەممىسى قەغەز ئۈستىگە يېزىلغان سىياھ بولۇپ قالىدۇ ـ بەس. يەنە سۆزنىڭ ئەمەلىيەتكە زىت بولماسلىقى لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا تەربىيىنىڭ مەزمۇنى يوقىلىدۇ، بەزىدە مەقسەتنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىدۇ.

## 11 ـ ئاللاھ تەئالاغا يۆلىنىش

بۇ ئەڭ ئاخىرقى، ئەمما ئەڭ مۇھىم ئۇنسۇر بولۇپ، ئۇ ئاللاھقا يۈزلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش ۋە ئەۋلادىنىڭ پاك قوغدىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تەۋپىق سوراشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قۇرئاندا بىر نەچچە يەردە زىكىر قىلىنغىنىدەك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇسۇلىدۇر. ئاللاھ تەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن.» (سۈرە ئىبراھىم 40 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن.» (سۈرە بەقەرە 128 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا مۆمىن بىر بەندىسىنىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: «(پەرۋەردىگارىم!) مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن(يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن).» (سۈرە ئەھقاف 15 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنى سۈپەتلەپ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ياخشى ئەۋلاد تىلەش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: ‹ئى

پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنتلەر ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن› دەيدۇ.» (سۈرە فۇرقان 74 ـ ئايەت)

ئەگەر مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشتە ئىسلام تەلىماتىنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىجرا قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن بالا ناچار يېتىشسە، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولۇپ، ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. ئەمەل قىلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، نەتىجە ئاللاھنىڭ خاھىشى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش، بۇ ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان بىر ھادىسە. لېكىن تەربىيە ئۇسۇلى كۆچكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ، مانا بۇ ئەجدادىمىزنىڭ تۇتقان يولى، ئۇلار بۇ يول بىلەن نۇرغۇن ياخشى ئەۋلادلار يېتىشتۈرگەن، بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دەيدۇ:

قايسى خىسلەتتە بولسا ئەجداد، ئۆسەر شۇنداق ئادەتتە ئەۋلاد.

«ئىنسان قانداق ئۆسسە شۇنداق قېرىيدۇ» دېگەن ئەرەب ماقالىسىنىڭ مەقسىتىمۇ مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچتىن كېيىن ئۆسمۈرلەرنىڭ يېتىشىشىدە ۋە ئاللاھ ياخشى كۆرۈدىغان ۋە رازى بولىدىغان توغرا تەربىيىنىڭ داۋام قىلىشىدا جەمئىيەت، دۆلەت ۋە مەكتەپ رول ئوينايدۇ.

## بالىلارنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ھوقۇقلىرى

ئەۋلادلارنىڭ نۇرغۇن ھوقۇقلىرى بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ تەربىيە ھوقۇقى ــ بۇنى يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلدۇق ۋە ئۇنىسۇرلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم زىكىر قىلدۇق.

2 ـ نەسەب ھوقۇقى ــ ئۇ يۇقىرىدا ئۆتكەندەك ئىسلامدىكى بەش زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاتىنىڭ بالىسىنى ئۆز نەسەبىگە قوشۇش بىلەن بەختلىك بولۇش ھوقۇقىدۇر، بالا دادىسىنىڭ نەسەبىگە قوشۇلىدۇ، دادىسى ئۆلسە، مىراسچىسى ۋە دۇئاچىسى بولىدۇ. ئۇ ئانىنىڭ ھوقۇقى، چۈنكى ئانا بالىسىنىڭ نەسەبى بولۇشى بىلەن شەرىپى كۆچلىنىدۇ ۋە ئىپپەت ـ نومۇسى قوغدىلىدۇ. شۇنىڭدەك، نەسەبنىڭ ئېنىق

بولۇشى بىلەن بالىنىڭ نەپىقىسى، تەربىيىسى ۋە ئىگە بولۇش قاتارلىق ئىشلار دادىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بالا ئانىسى بىلەن چاقىرىلىدۇ.

بۇ ماۋزۇدا مۇھىم بولغىنى بالىنىڭ دادىسى تەرەپتىن نەسەبىنىڭ ئېنىقلىنىشتىكى ھەققىدۇر. چۈنكى ئۇ ھايات ۋە كىشىلىك ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولغاچ، ئىسلام ئۇنى بەلگىلىدى ۋە ئۇنىڭغا ھېرىس قىلدى. رەسۇلۇللاھمۇ: «بالا كۆرپىنىڭدۇر» (بالا كىمنىڭ سۈيىدىن دۇنياغا كەلگەن بولسا شۇنىڭدۇر ـ ت) دېگەن سۆزى بىلەن بۇنى قارارلاشتۇردى.

ئىسلام نەسەبكە چېقىلىشنى قەتئىي ھارام قىلدى، بالىنىڭ نەسىبى تۆۋەندىكى ئىستىسنا ئىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىش بىلەن باتىل قىلىنمايدۇ، ئىستىسنا بولسا، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا لەنەتلەش ۋە نەسەبنى ئىنكار قىلىش مەسىلىسىدۇر. ئىسلام نەسەبكە تۆھمەت قىلىش ياكى بىرىنىڭ نەسەبىگە شەك پەيدا قىلىشنىڭ جازاسىغا «ھەد» بېرىش جازاسىنى بەلگىلىدى. بۇ، قۇرئاندا «ھەددۇلقەزف» (پاك ئاياللارغا زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىشنىڭ جازاسى) ئىسمى بىلەن بېكىتىلگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ قاتارىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ گۇناھلارنىڭ بىرى مۆمىنە، پاك ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش.»

رەسۇلۇللاھ ئاتىسىنىڭ نەسەبىدىن باشقا نەسەبنى دەۋا قىلغان ياكى بالىسىنىڭ نەسەبىگە تانغان كىشىگە ۋە ئېرىدىن بولمىغان بالىنى ئېرىنىڭ نەسەبىگە كىرگۈزگەن ئايالغا لەنەت قىلغان. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىرىنىڭ نەسەبىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ھارام بولىدۇ.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قايسى بىر ئايال بىر قەۋمنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭدىن بولمىغان كىشىنى كىرگۈزسە (يەنى باشقا ئادەمدىن بولغان بالىنى باشقا ئادەمنىڭ بالىسى دەپ دەۋا قىلسا)، ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئېتىبارى يوق ئايالدۇر، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ. قايسىبىر كىشى بىر بالىنى ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تانسا، ئاللاھ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىغا پەردە ياكى توسۇق قويىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى ئۇنى ئاۋۋال ـ ئاخىر پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ.»

ئىسلام باشقىسىنىڭ بالىسىنى ئۆزىنىڭ نەسەبىگە كىرگۈزۈپ بېقىشنى قەتئىي ھارام قىلدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى (بېقىۋالغان بالىلارنى) ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر.» (سۈرە ئەھزاب 5 ـ ئايەت) بالىنىڭ نەسەبىنى يولسىز ۋە مەجبۇرى ئۆزىگە قىلىۋېلىشنىڭ ھاراملىقى باشقا نەرسە، بالىنى بېقىۋېلىش ۋە ئۇلارغا كېپىللىك قىلىش باشقا نەرسە، بۇنى ئالدىمىزدىكى پەسىللەردە كۆرىمىز.

3 ـ ئېمىش ھەققى ــ بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئاساسىي ھەقلىرىدىن بىرى ئېمىش ھەققىدۇر، بۇنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى قۇرئان كەرىم بەلگىلىگەن، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم.» (سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەت)

ئۇندىن كېيىن قۇرئان كەرىم ئېمىتىش ھەققى ۋە ئانىنىڭ نەپىقىسىنى دادىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ قىلدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك.»[1] ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن بالىسىنى ئېمىتەلمەي قالسا، ئاتىنىڭ ئۈستىگە بالىنى ئىنىك ئانىغا ئېمىتىش ۋە ئۇنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش ۋاجىپ. مەيلى ئۆز ئانىسىنىڭ بولسۇن ياكى باشقا كىشىنىڭ بولسۇن، تەبىئىي سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىش بالىنىڭ ھەققىدۇر. ھازىرقى كۈندىكىدەك، بالىنى ئۆز ئانىسىنىڭ ياكى ئىنىك ئانىنىڭ سۈتىدىن مەھرۇم قىلىپ، باشقا سۈتلەر بىلەن بېقىش توغرا ئەمەس. يېڭى ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئانىنىڭ تەبىئىي سۈتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە مۇھىملىقى ئىسپاتلاندى، شۇڭا يېڭىدىن بۇنىڭغا چاقىرىش ۋە ئۇنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. بالا ئەگەر ئۆز ئانىسىدىن يىراقتا، بولۇپمۇ ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاياللارنىڭ قولىدا چوڭ بولسا، جىسمانىي، پسىخىك ۋە تەربىيىۋى جەھەتتىن نورمال يېتىشمەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش لازىم.

---

[1] سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەت.

4 ـ قۇچاق ھەققى ــ بۇ، بالىنىڭ ھاياتىنىڭ باشلانغۇچ ۋاقتىدا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىش بولۇپ، بۇ ۋاقىت باشقا مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەن خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتتۇر. شۇڭا شەرىئەت بۇ ۋاقىتتا بېقىشنى بالىنىڭ ھەققى ۋە ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇرچى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىسلام بۇ ۋاقىتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەبىئىتىگە قاراپ بوۋاقنى باشقىلارنىڭ باققىنىدىن ئۆز ئانىسى ئاتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا باققىنى لايىقراق دەپ بەلگىلىدى. ھەتتا ئانا بالىنىڭ ئاتىسىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بالىنى بېقىشقا ئۇ ھەقلىقراقتۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىز ئەرگە تەگمىگەن مۇددەتچە بالىنى بېقىشقا ھەقلىقراق.»

فىقھى ئالىملىرى بالىنىڭ قۇچاق ھەققى، ئۇنىڭ شەرئى ھۆكۈملىرى، بۇ ھەقنىڭ ئىگىلىرى ۋە ئۇنىڭ يېشى توغرىسىدا ئايرىم بىر باب ئاجراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋاققا مۇناسىپ كېلىدىغان ئەڭ ئۇيغۇن ئەھۋالغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇنى ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا بەختلىك كېلەچەك ھازىرلاش ئۈچۈندۇر.

**ئىگە ـ چاقىسىز ۋە يېتىم بالىنىڭ ھەققى**

شەرىئەت يۇقىرىدىكى ھەقلەرنى پەقەت مەلۇم ئاتا ـ ئانىلاردىن دۇنياغا كەلگەن بالىلارغا بېرىپلا قالماستىن، بۇ دۇنياغا كەلگەن بارلىق بالىلارغا ھەتتا زىنادىن بولغان بولسىمۇ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ بوۋاق پاك، ئۇنىڭ گۇناھى يوق، جىنايەتنى ئۇ ئىشلىمىگەن. ئىسلام: «ھەر قانداق كىشى ئۆز قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار بولىدۇ» دەپ بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ تەئالا سۈرە ئەنئامنىڭ 164 ـ ئايىتى، سۈرە ئىسرانىڭ 15 ـ ئايىتى، سۈرە فاتىرنىڭ 18 ـ ئايىتى ۋە سۈرە زۈمەرنىڭ 7 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: «ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار.»

يەنە سۈرە مۇددەسسىرنىڭ 38 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر.»

ئىگە ـ چاقىسىز ياكى نەسەبى نامەلۇم بالا نەسەب ھەققىدىن باشقا پۈتۈن ھەقلەرگە ئىگە، بۇ ھەقلەر بىر كىشىگە ئەمەس، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ، ئۇ پۈتۈن

ئىسلام جامائەتتىگە ياكى دۆلەتكە پەرزى كۇپايە[1]. ئۇنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش جامائەتكە ياكى بەيتۇلمالغا ۋاجىپ بولىدۇ.

شەرىئەت ئىگە - چاقىسىز باللارغا كېپىللىك قىلىش، ئۇلارنى بېقىش ۋە ھەر تۈرلۈك ياردەملەرنى قىلىشقا تەرغىب قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇكاپات ۋە ساۋابى جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىدىن بىرىدۇر. فىقھى ئالىملىرى بۇنداق باللارنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىنى بايان قىلىش، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن «ئىگە - چاقىسىز باللار توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئالاھىدە بىر باب ئاجراتتى.

ئاتىسىنى يوقاتقان، ئانىسىمۇ بىر سەۋەب بىلەن تاشلىۋەتكەن يېتىم باللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك ھۆكۈملەر بار، يېتىملەرنى بېقىش ۋە ئۇلارغا ياخشى كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرى بار. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىك ئۆي - ئىچىدە يېتىم ھىمايە قىلىنغان ۋە تەربىيىلەنگەن ئۆيدۇر. يېتىمگە كېپىل بولغۇچى قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھ بىلەن جەننەتتە بىرگە بولىدىغانلىقى سەھىھ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن. رەسۇلۇللاھ: «مەن ۋە يېتىمگە كېپىل بولغۇچى جەننەتتە مۇشۇ ئىككى بارماقتا ئوخشاش بىرگە بولىمىز» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن.

**دۆلەتنىڭ باللاردىن جاۋابكارلىقى**

بوۋاقلارنىڭ ھەقلىرى ئاۋۋال ئاتا - ئانىلارغا، ئۇنىدىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، ئۇنىدىن كېيىن مۇسۇلمانلاردىن ياخشىلىق قىلىدىغانلارغا ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى تېپىلمىسا ياكى تېپىلغاندىمۇ ماددىي ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش، ئۇنى بېقىش ۋە تەلىم - تەربىيىسىگە قاراشقا ئاجىز كەلسە، بۇ چاغدا ئىسلام دۆلىتى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. بالا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە ۋە ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماددىي نەپىقىسى دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدۇ.

[1] پەرزى كىپايە: پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئورتاق بۇيرۇلغان پەرز بولۇپ، بەزىلەر قىلسا باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ، ئەگەر ھېچكىم قىلمىسا بارلىق مۇسۇلمانلار جاۋابكار بولىدۇ.

باللارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارغا ئائىلىق مائاش توختىتىشتا ئىسلام دۆلىتى دۇنيانىڭ پۈتۈن دۆلەتلىرىدىن ۋە كىشىلىك ھوقۇق كېلىشىم ۋە باياناملىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر بىر تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن بەيتۇلمالدىن مەخسۇس ئائىلىق مائاش توختاتقان. بۇ مائاش ئەسكەرلەرنىڭ، ئىشچىلارنىڭ ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىغا ئۈزۈلدۈرمەي بېرىلەتتى.

## خەلقئارالىق كېلىشىملەردە باللارنىڭ ھەقلىرى

ھەقىقەتتە باللارنىڭ ھەقلىرى پۈتۈن دىن، قانۇن - تۈزۈم، ھەرخىل مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەردە مەۋجۇدتۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭلىدە ياراتقان تەبىئىي بۇيرۇققا باغلىقتۇر، بۇ ھەتتا ھايۋانلاردىمۇ بار. لېكىن ھۆكۈملەر بىر خەلقتىن يەنە بىر خەلققە، بىر زاماندىن يەنە بىر زامانغا نىسبەتەن ئوخشىمايدۇ. ئەقلى، ۋىجدانى ۋە تەبىئىتى ساغلام بولغان ھەرقانداق ئىنساندا بۇ ھەق بار.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىدە قىسقا بىر جۈملە بىلەن بوۋاقلارنىڭ ھەققى تىلغا ئېلىندى، ئۇنىڭ 25 - ماددىسىنىڭ 2 - بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلدى: «ئانىلار ۋە باللار ئالاھىدە كۆيۈنۈش ۋە ياردەمگە ھەقلىق، بارلىق باللار مەيلى نىكاھتىن ياكى نىكاھسىز تۇغۇلغان بولسۇن، ئىجتىمائىي ھىمايىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.»

كېيىنكى ئابزاستىكى تەنبىھلەر شەرقىي ۋە غەربىي ياۋروپادا زىنادىن بولغان ۋە ئىگە چاقىسىز قالغان نۇرغۇنلىغان باللار ياشاۋاتقان ئىنسانىي پاجىئەلەرگە چارە كۆرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا زىنادىن بولغان بالىنىڭ سانى % 35 نى، ئامېرىكىنىڭ بەزى ئۆلكىلىرىدە % 50 نى ئىگىلەيدۇ.

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھەققىدىكى خەلقئارالىق كېلىشىم باللارغا كۆيۈنۈشتە ئازراق ئىلگىرىلىدى ۋە 10 - ماددىسىنىڭ 3 - بۆلۈمىدە مۇنداق دەيدۇ: «دادىسىنىڭ مەلۇم بولۇپ، بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن بوۋاقلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىجرائات ئېلىپ بېرىش كېرەك. بوۋاقلارنى ۋە كىچىك باللارنى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قوغداش لازىم. كىچىك باللارنى،

ئۇلارنىڭ ئەخلاقىغا، سالامەتلىكىگە زىيان ئۇرىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى خەتەرگە ئۈچرىتىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئۆسۈشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئىشلاردا ئىشلەتكەن كىشىلەرگە قانۇنىي جازا توختىتىش كېرەك. دۆلەت كىشىلەرنىڭ كىچىك بالىلارنى ئىشلىتىشنى چەكلەيدىغان، ئەگەر ئۇ ياشتىن تۆۋەن بالىلارنى ئىشقا سالسا، ئۇنى قانۇنىي جازالايدىغان بىر ياش بەلگىلەش كېرەك.»

بۇ كېلىشىمدە تىلغا ئېلىنغان ھوقۇقلار پەقەت ئارزۇ ۋە چۈشتىن ئىبارەت. چۈنكى خەلقئارالىق ستاتىستىكا پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلايدۇ. ھېلىمۇ كىچىك بالىلار خارلىغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىگە سەلبىي تەسىر بېرىدىغان ئېغىر ئىشلاردا ئىشلىتىلمەكتە.

### بالىلار ھوقۇقى باياننامىسى

كەلگۈسىنىڭ ياشلىرى ۋە مىللەتنىڭ كىشىلىرى بولىدىغان بالىلارنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ مۇھىملىقىغا ۋە ئۇلار ئۇچراۋاتقان ئىشلارنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنى 1959 ـ يىلى بىر مۇقەددىمە ۋە ئون ماددىلىق ”بالىلار ھەقلىرى باياننامىسى“نى ئېلان قىلدى. ئۇنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەيمىز:

1 ـ بالىنىڭ كىشىلىكى، ئائىلىسى ياكى ئىرقىغا تەئەللۇق سەۋەبلەرگە قارىماستىن، بارلىق بالىلارنىڭ بۇ ھەقلەردىن بەھرىمەن بولۇشتا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش.

2 ـ بالىلارنى ئالاھىدە ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي، روھىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە نورمال ئۆسۈشىگە ياردەم قىلىدىغان، ئەركىنلىك ۋە ھۆرمەتكە ئۈيغۇن، ھەر دائىم بالىلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا تۇتىدىغان قانۇنىي پۇرسەت بېرىش.

3 ـ بالىلار تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ، ئىسىم ۋە پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە.

4 ـ بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سەھىيە كاپالىتىدە بولۇش، تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بالىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ئالاھىدە قوغدىلىش ھەققى بار، يەنە بالىنىڭ يېتەرلىك غىزا، ئۆي ۋە چېنىقىش ھەققى بار.

5 ـ جىسمانىي، ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي مېيىپ بولغان بالىلارنىڭ دورا قىلىش ۋە تەلىم ـ تەربىيە، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئاساسەن ئۇلارغا بېقىش ھەققى بار.

6 ـ بالىنىڭ كىشىلىكىگە ئۇيغۇن تولۇق ئۆسۈشى ئۈچۈن مۇھەببەت ۋە چۈشىنىشكە ھاجىتى بار، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە مۇھەببەت ئاستىدا، ئەدەبىي ۋە ماددىي خاتىرجەملىك بىلەن، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن مەھرۇم بولماستىن ئۆسۈش ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەت يېتىم ۋە پېقىر بالىلارنى بېقىشى ۋە پېقىر ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىشى لازىم.

7 ـ بالىنىڭ ھەقسىز تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش، ھېچ بولمىغاندا باشلانغۇچ مەكتەپنى ھەقسىز ئوقۇش ھوقۇقى بار. بالىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە، ئىشلارنى شەخسىي ئۆلچىيەلىشىگە، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىشىغا ياردەمچى بولىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت ھوقۇقى بار. بالىنىڭ ئويناش، راھەتلىنىش، ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە قاراش ھوقۇقى بار. دۆلەتنىڭ ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەق ۋە ھوقۇقلارنى تولۇقلىشى لازىم.

8 ـ ھەر قانداق ئەھۋالدا بالىنى قوغداش ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش.

9 ـ بالىلارغا بىپەرۋالىق قىلماسلىق، قاتتىقلىق قىلماسلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماسلىق، ئۇلارنى ئىجارىگە بېرىشنى چەكلەش، ئۇلارنى مەلۇم بىر ياشتىن بۇرۇن ئىشلىتىشنى بولۇپمۇ بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە ياكى تەربىيىسىگە ياكى جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆسۈشىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشلاردا ئىشلىتىشنى چەكلەش.

10 ـ بالىلارنى دىنىي ياكى ئىرقىي ۋە باشقا ھەر قانداق ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن قوغداش، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىش، كەڭ قورساقلىق، مىللەتلەر ئارىسىدا دوستلۇق ۋە تىنچلىق، دۇنياۋى قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

«بالىلار ھوقۇقى باياننامىسى» ئاساسى پرىنسىپلىرىنى ئاتا ـ ئانىلارغا، ئەرلەرگە، ئاياللارغا، ھەيئەتلەرگە، مەھەللى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بالىلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى قاتتىق تەۋسىيە قىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بۇ باياننامىنى، بالىلار ھوقۇقلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى خاتىرىلىتىپ، 1979 ـ يىلىنى دۇنيا بالىلار يىلى قىلدى. بالىلار ھوقۇقلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش، بۇ پرىنسىپ ۋە ھوقۇقلارنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا بالىلار كۈنى تەيىنلىدى.

## ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە بالىلار ھوقۇقلىرى

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ يەتتىنچى ماددىسىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بالىلار ھەققى توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرنى خاتىرىلىتىپ قىسقىچە مۇنداق دېيىلىدى: «ھەر بىر بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئاتا ـ ئانا، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئۈستىدە بېقىش، تەلىم ـ تەربىيە، ماددىي، ئەمەلىي ۋە ئەدەبىي ياردەم ھوقۇقىغا ئىگە. شۇنىڭدەك، بوۋاقنى ۋە ئانىسىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ۋاجىپ بولىدۇ.»

بالىلارنى ئوبدان قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئەمەلىي ھاياتتا ئىجرا قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەزكۇر باياننامىدىكى سۆزلەرنى قۇرئان ـ ھەدىستىكى دەلىللەرگە، پىقھى كىتابلىرىدىكى كەڭ دائىرىلىك دەلىللەرگە، ئەقىدە ـ ئىمان ۋە شەرىئەت غايىلىرىگە چېتىش، قىزىقتۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. بولمىسا ئۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

## تۆتىنچى قېرىلىق ھەقلىرى

قېرىلىق ئىنسانىنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، قېرىلىق جىسمانىي، ئەقلىي، نەپسىي ۋە شەپقەت جەھەتتە ياردەمگە موھتاج. بولۇپمۇ، ئۇ ھاياتنى تەجرىبە قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشلىگەن، بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلغان ۋە ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، كېتىشكە ئالدىراۋاتقان مېھمانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ باسقۇچتا ئالاھىدە كۆيۈنۈشكە ۋە نەتىجىسى كۆتۈلمەيدىغان، لېكىن ئەھۋالىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ھوقۇقلارغا ھەقلىق بولىدۇ.

ئىسلام قېرىلىق باسقۇچىغا ھەر تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلىدى، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى: قېرىلىق زامانى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە ئېھسانىنىڭ ئەڭ لازىم بولغان، ياش چوڭقايغانسېرى ئەۋلادلىرىنىڭ ياخشىلىقىغا تېخىمۇ موھتاج بولىدىغان بىر باسقۇچتۇر. شۇڭا ئاللاھ تەئالا بۇنىڭغا تەنبىھ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا «ئوھۇي» دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن.» (سۈرە ئىسرا 23 ـ، 24 ـ ئايەتلەر)

ئايەت شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، خۇددى بالا كىچىكلىكىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېقىشىغا، مېھرىبانلىقىغا ۋە كۆيۈنۈشىگە موھتاج بولغانىدەك، ئاتا ـ ئانا ياشانغاندا بالىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىغا موھتاج بولىدۇ. ئەمدى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىلغان ياخشىلىقنى چىرايلىقچە قايتۇرۇش ۋاقتى.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە سۆزلەنگەن بارلىق سۆزلەر ئەڭ كۆپ ياشانغان ئاتا ـ ئانىغا مۇناسىپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ياشانغان ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتا كەمچىلىك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ھالاك بولدى، ھالاك بولدى، ھالاك بولدى.» ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ھالاك بولغان ۋە زىيانكار بولغان كىم؟» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئۇ ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى يېنىدا بولۇپ، جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنى ئۇلار بىرىنچىدىن، ئاتا ـ ئانا، ئىككىنچىدىن، ياشىنىپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتا كەمچىلىك قىلغان ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ جەننەتكە كىرىش نېسىۋىسىدىن مەھرۇم بولغان بالىدۇر.

شۇنىڭدەك، پۈتۈن مەزھەپلەردە ئاتا ـ ئانىنىڭ نەپىقىسى، بولۇپمۇ ياشانغاندا بالىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر. ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنى بېقىش پەقەت بالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلامىي ئەدەبلەردىن بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە يېشى چوڭ كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئىجتىمائىي پەرزدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە مەرھەمەت قىلمىغان ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونىمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس.» ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلىش شەرىئەتتە تەشەببۇس قىلىنغان ئىشلاردىندۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ياشىنىپ قالغان مۇسۇلماننى ھۆرمەت قىلىش ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر.»

قېرىلار ئالاھىدە كۆيۈنۈشكە ۋە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشقا ھەقلىق، ھەتتا ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ دۈشمەننىڭ قېرىلىرىغا ھۆرمەت قىلىش رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ ئەسكەرلەرگە قايتا ـ قايتا قىلغان ۋەسىيەتلىرىدۇر.

بۇ ھەقتە تەرجىمھال يازغۇچىلار ۋە ئىمام تەبەرى رىۋايەت قىلغان بىر ھادىسە بىزگە كۇپايە قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئۇسامە ئىبنى زەيدنى شامغا يوللايدىغان ئەسكەرلەرگە باش قوماندان قىلىپ، بايراقنى ئۇنىڭغا بەرگەن. ئەسكەر يولغا چىقىش ئالدىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات ۋاقتى كېلىپ قالغان، ئۇ: «ئۇسامىنىڭ ئەسكەرلىرىنى يوللاڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلانغاندىن كېيىن، ئۇسامىنىڭ ئەسكەرلىرىنى يوللاشقا ئالدىرىغان، ئۇنى ئۇزاتقىلى چىققاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىيادە، ئۇسامە ئاتقا مىنگەن ھالدا مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىققان، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئىنسانلار! توختاڭلار! مەن سىلەرگە ئون نەرسىنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئۇنى ئېسىڭلاردا ياخشى ساقلاڭلار: خىيانەت قىلماڭلار، ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئالدامچىلىق قىلماڭلار، ئۆلۈكلەرنىڭ بەدىنىنى پارچىلاپ باشقا بىر نەرسىگە ئوخشاتماڭلار، كىچىك بالىلارنى، قېرى كىشىلەرنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەڭلار، خورما دەرەخلىرىنى كەسمەڭلار، كۆيدۈرمەڭلار، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمەڭلەر، قوي، كالا ۋە تۆگىلەرنى پەقەت يېيىشكە كۇپايە قىلغۇچىلىك ئۆلتۈرۈڭلار، مۇناستىردا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسىلەر، ئۇلارنى ئۆز ئىشلىرىغا قويۇڭلار،

چېقىلماڭلار. ئۇندىن كېيىن سىلەرگە قاچىلاردا خىلمۇ خىل تاماق ئېلىپ كېلىدىغان قەۋمنىڭ قېشىغا بارىسىلەر، ئەگەر ئۇلارنىڭ تاماقىدىن يېسەڭلار ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاڭلار يەنى (بسم الله الرحمن الرحيم) دەڭلار.»

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەسىيەت قىلغان بۇ ئىشلار رەسۇلۇللاھ ئېلان قىلغان ئىسلامىي ئەخلاقلارنىڭ بىر پارچىسى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تاماملاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىندىم.» يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن ھەدىيە قىلىنغان رەھمەتتۇرمەن.»

بۇ تەلىماتلارغا ئاساسەن ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە قېرىلىق ھەقلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”كۈچ ئىشلەتكەن ۋە قوراللىق ئۇرۇش ۋاقتىدا قېرى كىشىلەر، ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارغا ئوخشاش ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. كېسەل ۋە يارىدار بولغانلارغا دورا قىلىنىدۇ، ئەسىر بولغانلارغا كىيىم ـ كىچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك بېرىلىدۇ. ئۆلۈكلەرنى باشقا بىر نەرسىگە ئوخشىتىپ قويۇش ھارام بولىدۇ، ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇش جائىز بولىدۇ، ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئائىلىلەر بىرلەشتۈرۈلىدۇ.“

# تۆتىنچى پەسىل

## تەلىم ـ تەربىيە ھوقۇقى

**ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى پەزىلىتى**

يۇقىرىدا ئاللاھنىڭ ئىنسانىنى ئەقىل بىلەن باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئايرىغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن ئىنساننى پەزىلەتلىك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئەقىل ئىلىم ـ مەرىپەتكە تايىنىدۇ، ئىسلامدا تەلىم ـ تەربىيە ھوقۇقلىرى توغرىسىدا سۆز بەك ئۇزۇن ۋە كۆپتۇر. ئۇ قۇرۇق نەزەرىيە ۋە ۋەسىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلار ئۇنى رېئال ھەتتا ئەمەلىيلەشتۈرگەن، ساۋاتسىزلىقتىن ئالىملىققا، جاھالەتتىن مەدەنىيەتكە يۈكسەلگەن ۋە پۈتۈن ئىلىملەردە دۇنيانىڭ ئۇستازى بولغان. ئىسلام دۆلەتلىرى مەدرىسە ۋە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئالىملارنى كىتاب يېزىشقا، تەرجىمە قىلىشقا ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا قىزىقتۇردى، ئالىملارنى، يازغۇچىلارنى ۋە شائىرلارنى ھۆرمەتلىدى، ئىلىم ساھەسىدە قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلدى.

ئاسماندىن رەسۇلۇللاھقا نازىل بولغان بىرىنچى ئايەت ۋە بىرىنچى كەلىمە ئوقۇش ۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىق ئىدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.» (سۈرە ئەلەق 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر)

ئىلىم ئۆگىنىشكە، نەزەر قىلىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋە مەرىپەتكە تۈرتكە بولىدىغان، ئالىملارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدىغان ۋە ئۇلار بىلەن باشقىلارنىڭ ئارىسىنى سېلىشتۇرىدىغان ئايەتلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇردى.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.» (سۈرە مۇجادىلە 11 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زىھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.» (سۈرە ئەنكەبۇت 43 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى: بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ.» (سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقتۇردى ۋە ئۇنى پەقەت كىشىنىڭ ھەققى قىلىپلا قالماي، بەلكى ۋاجىپ ۋە پەرز قىلدى. ئۇ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان دۇنياۋى ۋاجىپلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان دىنىي ۋاجىپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.»

رەسۇلۇللاھ ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مەسجىددە ئىككى گۇرۇپپىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹ئىككىلىسى خەيرلىكتۇر، لېكىن بىرى يەنە بىرىدىن پەزىلەتلىكرەكتۇر، ئاۋۇلار ئولتۇرۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇۋاتىدۇ، ئاللاھ خالىسا بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ، ماۋۇلار ئولتۇرۇپ فىقھى ۋە ئىلىم ئۆگىنىۋاتىدۇ ۋە بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىدۇ، بۇلار ئاۋۇلاردىن پەزىلەتلىكرەكتۇر، مەن مۇئەللىم بولۇپ ئەۋەتىلدىم› دېدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى.»

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار يەر يۈزىنىڭ چىراقلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىز باسارلىرىدۇر.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ئىككى خىل كىشىدىن ئىبارەت: ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچى، ئۇلاردىن باشقىلاردا خەير يوق.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆگەتكۈچى بىلەن ئۆگەنگۈچى خەيردە ئورتاق، باشقا ئىنسانلاردا ياخشىلىق يوق.»[1]

---

[1] ئىمام غەزالى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: ”ئىنسانلارنى ئالىمدىن بىھاجەت قىلمىدى، ئىنسانلارنىڭ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئايرىلىدىغان خۇسۇسىيىتى ئىلىمدۇر، ئىنسان ئۇنى شەرەپلىك قىلغان نەرسە بىلەن ئىنساندۇر، ئۇ شەخسىي كۈچى بىلەن ئەمەس، چۈنكى تۆگە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئىشىغا (يەنى ئىلىم ئۆگىنىشىگە) رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلار ئۇچۇن قاناتلىرىنى يەرگە يايىدۇ.»

ئىلىم، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلىش ھەققىدىكى ھەدىسلەر بەك كۆپ، ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ۋە مىسلىسىز كىتابى «سەھىھۇلبۇخارى» نى ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئىمان بابىدىن كېيىنلا «ئىلىم ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى» دېگەن باب بىلەن باشلىغان.

## ئىلىمنىڭ پەرزلىكىنىڭ دەرىجىلىرى

ئىنسانلار ئەقىل، تالانت ۋە ھۇشيارلىقتا پەرقلىق بولغاچقا، چۈشىنىش، بىلىش ئىقتىدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ھاياتقا نەزەر سېلىشى ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىلىملەرنى دەرىجىلەرگە ئايرىدى.

بىرىنچى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەين بولغان ئىلىم

بۇ ئىلىم بىرىنىڭ ئۆگىنىشى بىلەن يەنە بىرىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئۇ ـ ئىمان، توغرا ئەقىدە ھاسىل قىلىش، ئىبادەت، ئىشنى پۇختا قىلىش ۋە شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرنى بىلىش ئىلمىدۇر.

ئەگەر مۇسۇلمان ۋاجىپ بولغان بۇ قەدەر ئىلىمنى ئۆگىنىشكە سەل قارىسا، جازالىنىشقا ھەقلىق بولىدۇ، جازا ئىلىم ئۆگىنىشتە بىخىللىق قىلغان ۋە كەمچىلىك قىلغان ئۆلىمالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىلىمدا ۋە ئۆگىتىشكە سەل قارىغان كىشىنى دۇنيا، ئاخىرەتتە جازالىنىشقا ھەقلىق قىلىش بولسا ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر، ئەشئەرىيلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قولۇم ـ قوشنىلىرىغا فىقھى بىلدۈرمىگەن، ئىلىم ئۆگەتمىگەن، نەسىھەت قىلمىغان، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرىمىغان، يامانلىقتىن توسمىغان ئۆلىمالارنىڭ ھالى نېمە بولا!؟ قوشنىلىرىدىن

---

كۆچلۈك. چوڭلۇقى بىلەنمۇ ئەمەس، چۈنكى پىل ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە چوڭ، شىجائىتى بىلەنمۇ ئەمەس، چۈنكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە شىجائەتلىك، يېمەك ـ ئىچمىكى بىلەنمۇ ئەمەس، چۈنكى كالا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قوسقى يوغان، جىما بىلەنمۇ ئەمەس، چۈنكى ئەڭ كىچىك ۋە ئاجىز قوشقاچ جىما قىلىشتا ئىنساندىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، دېمەك ئىنسان پەقەت ئىلىم ئۈچۈن يارىتىلدى.“ [ ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن 1 ـ توم 13 ـ بەت]

ئۆگەنمىگەن، بىلىم ئالمىغان ۋە نەسىھەت ئاڭلىمىغان كىشىلەرنىڭ ھالىچۇ!؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، بىر قەۋم قوشنىلىرىغا ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى بىلىملىك قىلىدۇ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە يامان ئىشتىن توسىدۇ، بىر قەۋم قوشنىلىرىدىن ئۆگىنىدۇ، بىلىم ئالىدۇ ۋە نەسىھەت ئالىدۇ، يا (يەنى ئۇنداق قىلمىغان ھالدا) ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادا تېز ئازاب ئوقۇبەت كېلىدۇ.»

بۇ، دۇنيادا ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنى مەجبۇر قىلغان بىرىنچى ئېلاندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشكەن دۈشمەنلەرنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئون بالىنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان كىشىنىڭ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئىككىنچى  پەرزى كۇپايە بولغان ئىلىم

ئۇ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدا قىلىدىغان ۋە دۇنيا ھاياتىدا ئۇنىڭغا ھاجەت بولغان ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىم مەيلى دىنىي بولسۇن ياكى دۇنياۋى بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانلارغا پەرزى كۇپايە بولۇپ، بەزىلىرىگە ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر بەزىلەر ئۇنى ئۆگەنسە، قالغانلاردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ. ئەگەر ھەممە كىشى ئۇنى تەرك ئەتسە ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىسا، پۈتۈن كىشىلەر ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ.

پەرزى كۇپايە فىقھى، تەپسىر، ھەدىس، ئەقىدە، سىرە ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، قۇرئاندا بەلگىلەنگەن ئىلىمدۇر، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس(ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟!» (سۈرە تەۋبە 122 ـ ئايەت)

شۇنىڭدەك، پەرزى كۇپايە دوختۇرلۇق، گېئومېتىرىيە، ماتېماتىكا، ئالگېبرا، خىمىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە، تەبىئەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ ۋە باشقا دۇنيا ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىلىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇلارنىڭ پەرز كۇپايە بولۇشىنىڭ ھېكمىتى ئىلىمنىڭ غايىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشى، قالغان ئىنسانلار باشقا ئىلىم، ھۈنەر، سانائەت، تىجارەت، زىرائەت، ئەسكەرلىك، قۇرۇلۇش ۋە باشقىلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى ئۈچۈندۇر.

### ئىلىمدا پەرزى كۇپايىنىڭ قىسىملىرى

ئىنسانلار بىر تەرەپتىن ئەقلى تالانتتا پەرقلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەھۋال ۋە ۋەزىيەتلىرىدىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام شاتىبى ئىنسانلارنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن:

بىرىنچى: پۈتۈن ئىنسانلارنى ئومۇمىي مەدەنىيلەشتۈرۈش باسقۇچى. ھالال ـ ھارام، سەھىيە ئىشلىرى، غىزالارنىڭ پايدىلىرى ۋە ھايات ئىشلىرىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەتكە ئوخشاش ئىشلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىش. بۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولۇپ، جەمە، ئىككى ھېيت نامازلىرىنىڭ خۇتبىلىرىدە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەردە بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى: ئايرىش باسقۇچى. بۇ ئىش، ھۈنەر، ماھارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى ھەققىدە ئومۇمىي ساۋاتتۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆز ساھەلىرىدە مۇتەخەسسىس، لېكىن ئۇلارنىڭ بىلگىنى كەسپىي ۋە ئەمەلىي ساھەدۇر، ئۇنىڭ ئىلمىنى ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىرىنى تېخىمۇ پۇختا قىلىدۇ ۋە ھاياتتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: ھەر تۈرلۈك ئىلىملەرنىڭ بىرىدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن مۇتەخەسسىس بولۇش ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاپ بىلىش باسقۇچى، ئېنژېنېرلار، دوختۇرلار، سوتچى ھاكىملار، مۇفتىلار(يەنى دىنىي مەسىلىلەردە پەتىۋا بەرگۈچى ئۆلىمالار) ۋە باشقا قايسى بىر ئىلىمدە مۇتەخەسسىسلىك باسقۇچىغا يەتكەندە، بولۇپمۇ ئاشۇ ئىلىمغا تەيىنلەنگەن بولسا، ئۇ ئىلىم ئۇ كىشىگە پەرزى ئەين (باش تارتىپ بولمايدىغان پەرز) بولىدۇ.

### ئىسلامدا ھەقسىز تەلىم

شەرىئەتتە تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەجبۇرى بولغانلىقىغا قوشۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تەلىم ھەقسىز بولىدۇ.

ئىسلامدا ھەقسىز تەلىم مەسجىدلەردە بېرىلىدىغان دەرس، جۈمە، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبىلەر بىلەن باشلىنىدۇ، مەسچىت دەرس ۋە تەلىم ئورنى بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانلارغا ئوچۇق، ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئىنسانلار ئۇ يەرگە ھېچقانداق بەدەل ۋە ھەق تۆلىمەستىن كىرىدۇ.

مەسجىدلەر ئۆلىمالارنىڭ ئورنى ۋە مەدرىسىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇ مەدرىسىلەردە توپلىشىدۇ، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ۋە بارلىق ئىنسانلارغا دەرس بېرىدۇ، بۇ يەردە بېرىلىدىغان ئىلمىي تەلىم ـ تەربىيىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولمايدىغان ۋە بايلارغا ئوخشاش مال ـ مۈلۈكلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلەشكە موھتاج ئەمەس پېقىرلارغا مۇناسىپ كېلىدۇ.

كېيىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ چوڭلارغا دەخلە يەتكۈزۈشنى ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرىنى ناچار قىلىقلاردىن مەنئى قىلىش ئۈچۈن مەسجىدنىڭ يېنىدا كىچىك باللارغا مەخسۇس دەرسخانىلار ئېچىلغان.

ئۆلىمالارنىڭ ئۆيلىرىمۇ ھەر خىل ساھەلەردە مۇتەخەسسىسلىك قىلىش ئۈچۈن ھەقسىز بىلىم بۇلاقلىرى ئىدى. ئۆلىمالار بىر تەرەپتىن تالىبلارنى ئىلىم بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن قارشى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇنازىرىلىشىش، مۇناقىشە قىلىش ۋە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن قارشى ئالاتتى.

ئىسلام دۆلىتى ئۆلىمالارنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ئىلىم ئۆگىتىشكە سەرپ قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قارايتتى، ئۇلارنىڭ مەئىشىتىگە كېپىللىك قىلاتتى ۋە بەيتۇلمالدىن ئۇلارغا ھەدىيىلەر تەقدىم قىلاتتى.

كېيىن ئىسلام دۆلەتلىرى پايتەخت ۋە باشقا شەھەرلەردە ئىلىم يۇرتلىرى ئاچتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاللاھ يولىدا ياخشىلىق قىلىدىغان خەير ـ ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ھىممىتى ۋە نەپىقىسى بىلەن، بەزىلىرى قولى كەڭ ئۆلىمالارنىڭ نەپىقىسى بىلەن، تولىسى دۆلەت خەزىنىسىنىڭ نەپىقىسى بىلەن ئېچىلغان ئىدى. رەسمىي مەدرىسىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى: سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ باشلىنىشى دەۋرىدە ھىجرى بەشىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئابباسىيە دۆلىتىنىڭ سايىسىدە ئاچقان نىزامۇلمۇلۇكنىڭ «نىزامىيە مەدرىسىسى» دۇر.

بۇ مەدرىسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى زامانىمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوخشايتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەخەسسۇستا، سىستېمىلاشتۇرۇشتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاجەتلىرىنى تەمىنلەشتە، ماتېرىياللارنىڭ موللىقىدا ۋە كىتابلارنىڭ تۈرلىرىدە دۇنيا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئالدىدا ئىدى. دەمەشقتىكى ئۇمەۋىيە مەدرىسىسى ئۇلارنىڭ بىرى.

بەزى مەدرىسىلەر مەخسۇس بىر پەنگە تەيىنلەنگەن ئىدى، دوختۇرلۇق، ئوپېراتسىيە، دورىگەرلىك، ئاسمان جىسىملىرى ئىلمى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئومۇمىي فىقھى مەزھەپلەر ۋە خۇسۇسىي بىر مەزھەپ قاتارلىق پەنلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم مەدرىسلەر بار ئىدى.

مۇسۇلمانلار مەدرىسە سېلىشتا ۋە ئۇنىڭغا چىقىم قىلىشتا پۇل - مال بىلەن ياكى زېمىن مۈلۈكلىرىنى مەدرىسگە ۋەقپە قىلىش بىلەن ھەسسە قوشاتتى.

بەزى مەدرىسلەر مەلۇم شەھەرگە ياكى مۇئەييەن ئىختىساسقا نىسبەت بېرىش بىلەن مەشھۇر ئىدى، ئىراقتىكى پىكىر مەدرىسىسى، ھىجازدىكى ھەدىس مەدرىسىسى، كۇفە ۋە بەسرىدىكى نەھۋى (ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى) مەدرىسىسى، نىشاپۇر، باغدات، دەمەشق، قاھىرە، تۇنىس، ماراكەش، قۇرتۇبە، غەرناتە، تىلمىسان، بۇخارا، تاشكەنت ۋە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان مەدرىسلەر، مەشھۇر جامەلەردىن باغداتتىكى مەنسۇر جامەسى، دەمەشقتىكى ئۇمەۋى جامەسى، قاھىرىدىكى ئەزھەر جامەسى، مەغرىبتىكى (فاستىكى) دارۇلھەدىس، تۇنىستىكى قەيرىۋان، زەيتۇنە جامەسى ۋە غەرناتە، قۇرتۇبە، ئەشبىلىيەدىكى كاتتا مەسجىدلەردۇر.

ئۆلىمالار ۋە تالىبلار ئىلىم ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن مەدرىسە ۋە مەسجىدلەرگە باراتتى، ئۇلار جۇڭگو چېگرىسىدىن ئەندۇلۇسقىچە (ئىسپانىيەگىچە)، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىن، بولۇپمۇ يېقىن شەرق ئۆلىمالىرى بۇخارا ۋە تاشكەنتتىن ئىراق، سۈرىيە، مىسىر، ھىجاز (ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان) غىچە، شىمالىي ئافرىقىدىكى فاس مەملىكەتلىرىگىچە، ئەندۇلۇس، سەقەللىيە، مالتاغىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەتراپىدا ھىجرەت قىلاتتى ۋە دۇنيانى كېزەتتى، تالىبلار شەرتسىز ۋە قەيتسىز ئىسلام دۇنياسىدا كېزەتتى، ئۆلىمالار قىزغىن قارشى ئېلىناتتى، ھەر مەملىكەتنىڭ ئالىملىرى بىر - بىرلىرى

بىلەن ئۇچرىشاتتى، ئۇلار بارغان يەرلەردە دەرس بېرىش، ياكى سوت، ياكى پەتىۋا، ياكى كىتاب يېزىش ئۈچۈن ئورۇنلىشىپ قالاتتى، مىللىتىگە، ئىرقىغا ۋە يۇرتىغا قارىماستىن چوڭ مەنسەپلەرگە، خىزمەتلەرگە ئىگە قىلىناتتى، ئۇلارغا كامالى ھۆرمەت قىلىناتتى ۋە ئاتا - ئېھسانلار بەلگىلىنەتتى. شۇنىڭدەك، نۇرغۇنلىغان بايلار پېقىر، يېتىم بالىلارنى باقاتتى، نەپىقىسىنى بېرىپ ئوقۇتاتتى، ئۇلار ئوقۇغان مەدرىسىلەرگە ۋەقفىلەر قىلاتتى، ئۇ پېقىر، يېتىم بالىلار ئىلىمدە نى - نى باي ئوقۇغۇچىلارنى يېڭىپ چۈشەتتى، ئۇلارنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا داڭ كېتەتتى، تارىخ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى مەڭگۈلەشتۈرەتتى، ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلەرچە مەشھۇر ئالىملار شۇلاردىندۇر. ئاتا - ئانىلار ئەۋلادلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى نەزرە قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ھاياتىنى ئەۋلادلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن بېغىشلايتتى)، ماللىرىنى ئۇلار ئۈچۈن سېخىلىق بىلەن خەجلەيتتى، ئۇلارنى پەقەتلا ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئالىي دەرىجە ئېلىش ئۈچۈن زورلايتتى، شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئۆلىمالار ئەۋلادلىرىنى كىچىكىدىن قۇرئان كەرىم، ھەدىس، شېئىر ۋە تېكىستلەرنى يادلاشقا ئاتەتلەندۈرەتتى، ئۇلارنى دەرس بېرىش، ياكى قازىلىق، ياكى پەتىۋا ئىشلىرىدا ئۆزلىرىگە ئورۇنباسار قىلاتتى.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ ئىلىمغا چاقىرىشى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىشتىكى ئەمرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىلىمدىن شەرەپلىكرەك بىر نەرسە بولسا ئىدى، ئاللاھ تەئالا ئەلۋەتتە پەيغەمبىرىنى ئۇنى زىيادە قىلىشنى سوراشقا بۇيرۇغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ تەئالا ئۇنى ئىلىمدا زىيادە قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «"ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن" دېگىن.» (سۈرە تاھا 114 - ئايەت)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ يولىنى تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم بابىدىن بىرەر باب ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ماڭغانلىقىڭ يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشىراق...»

## قەدىمدىن زامانىمىزغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئىلىم

ساھابىلەر ۋە سەلەف - سالىھىنلار ئىلىمنىڭ پەزىلىكىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىنى تونۇدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم مالدىن ياخشى، ئىلىم سېنى ساقلايدۇ، مالنى سەن ساقلايسەن، ئىلىم ھۆكۈم قىلىدۇ، مال ھۆكۈم قىلىنىدۇ، مالنىڭ خەزىنىسى تۈگەيدۇ، ئىلىمنىڭ خەزىنىسى تۈگىمەيدۇ.»

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئىلىم ئۆگىنىش ئاللاھتىن قورققانلىقتۇر، ئۇنى تەلەپ قىلىش ئىبادەت، ئۇنى مۇزاكىرە قىلىش تەسبىھ، ئۇنى ئىزدەش جىھاد، ئۇنى بىلمىگەنگە ئۆگىتىش سەدىقە، ئۇ يالغۇزلۇقتا ئۈلپەت، غېرىبلىقتا ھەمرا، دوستلارنىڭ يېنىدا ۋەزىر، ياتلارنىڭ يېنىدا دوستتۇر.»

ئىمام شافىئى مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش نەفلە ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر.»

ئەبۇددەردا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ماڭا بىر مەسىلىنى ئۆگىنىش كېچە ئىبادىتىدىن سۆيۈملۈكرەكتۇر.»

ئىبنى مۇقەففا مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىڭلار، ئەگەر پادىشاھ بولساڭلار، ئۈستۈن بولىسىلەر، ئوتتۇراھال كىشى بولساڭلار ئۇلۇغ بولىسىلەر، ئاددىي كىشى بولساڭلار، ياخشى ياشايسىلەر.» بۇ، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ باللىرىغا قىلغان ۋەسىيەتلىرىدىمۇ نەقىل قىلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىپ تارىختا ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى بەرپا قىلدى ۋە دۇنياغا خوجا بولدى، مانا بۇ ئىبنى خەلدۇننىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ مەقستى: «ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىنساني يۈكسىلىشنىڭ تەبىئىتى، ئىلىم تەرەققىياتنىڭ كۆپىيىشى بىلەن كۆپىيىدۇ ۋە مەدەنىيەتنى قانۇنلاشتۇرىدۇ.»

كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلار ئىلىمگە سەل قارىدى، پىكرى سۇسلاشتى، ئالىملىرى ئازايدى، ئىجتىھات كېسىلدى، مەدرىسەلەرنىڭ كۆپلىرى تاقالدى، بىر بۆلۈكلىرى يېقىلدى، ئىنسانلار چوڭقۇر ئۇيقۇغا چۆمدى، ئۇلۇغلۇقى يوقالدى، كاپىرلار ئۇلارنى بېسۋالدى، ئۇلار ئاخىرقى ئويغىنىشتا ئويغانسا، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە

قايتسا، مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەرنى ئاچسا، ئۇنىڭغا ماللىرىنى چىقىم قىلسا، ئىنشائاللاھ بۇرۇنقى ئۇلۇغلۇقىغا قايتقاي!

### باياننامە ۋە كېلىشىملەردە تەلىم ئېلىش ھوقۇقى

قەدىمكى دۇنيادا بىلىمسىزلىك، ساۋاتسىزلىق بېسىپ كەتكەن ئىدى، ياۋروپا مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئىلمىي تەرەققىيات ھەرىكىتىگە باشلىدى، ياۋروپا ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمىنى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى، كېيىن ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە ئىلگىرىلىدى، ھەتتا ئىلىم ۋە كۈچتە دۇنياغا ھاكىم بولدى.

تەلىم ـ تەربىيە ئون سەككىزىنچى ئەسىردىكى ئەركىنلىك ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتى، تەلىم ـ تەربىيىنىڭ قاتتىق تەلەپكە ئاساسەن ھەر دۆلەت مەكتەپلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار ئېچىشقا ۋە ئۇنىڭ چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلىشقا يۈزلەندى، كېيىن بۇ ھەقتە خەلقئارالىق كېلىشىملەر، بولۇپمۇ باشلانغۇچ تەلىمنىڭ مەجبۇرى ۋە ھەقسىز بولۇشى، ھەر خىل سەۋىيىدە بولۇشى ئۈچۈن باياننامىلەر ئېلان قىلىندى.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 26 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلدى: «1 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ تەلىم ـ تەربىيىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار، ھېچ بولمىغاندا باشلانغۇچ تەلىم بولسىمۇ ھەقسىز بولۇشى كېرەك، باشلانغۇچ تەلىم مەجبۇرى بولۇشى لازىم. تېخنىكوم ۋە كەسپىي تەلىملەر ئومۇمىي بولۇش، ئالىي مەكتەپلەر قابىلىيىتى يېتىدىغان ھەر قانداق ئادەمگە ئوچۇق بولۇشى كېرەك.

2 ـ مائارىپ تەربىيىسى ئىنسانلىق خاراكتېرىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشنى ھەمدە ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئاساسلىق ئەركىنلىكنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغان بولۇشى لازىم. ئۇ بارلىق دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە دىنىي گورۇھلار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشىنىشنى، يول قويۇشنى ۋە دوستلۇقنى ئالغا سۈرۈش ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.»

ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە خەلقئارالىق كېلىشىم ئىمزالىنىپ، ئۇنىڭ 13 ـ ماددىسىدا تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىسى تەكىتلەندى، ئۇنىڭدىن كېيىن

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قاراش ئۈچۈن يۇنىسكو ھەيئىتىنى قۇردى.

ئەمما ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئىلىم ھەققىدىكى بايانلىرىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن ئىسلامىي پىكىرلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى، دۆلەت ۋە مۇئەسسەسسەلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى، بولۇپمۇ ئىنىستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەردە دەرس مىقدارىنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنىدىن كېيىن بۇ ياردەمنىڭ تېخىمۇ لازىم بولغانلىقىنى تەكىتلەپ، توققۇزىنچى ماددىدا مۇنداق دېيىلدى:

«1 ـ ئىلىم ئۆگىنىش پەرز، تەلىم بېرىش جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ، دۆلەتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە يوللىرىنى ۋە قوراللىرىنى تەمىنلىشى، جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەمدە ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنى تونۇشى، كائىناتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسىغا بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

2 ـ ئائىلە، مەدرىسە، ئۇنىۋېرسىتېت، ئاخبارات ئاگىنتلىقى ۋە باشقا بارلىق تەربىيىۋى مۇئەسسەسەلەر ئىنساننى دىنىي ۋە دۇنياۋى جەھەتتە تولۇق تەربىيىلەش، ئىنسانلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەش كېرەك. ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى، ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ھىمايە قىلىشنى كۈچلەندۈرۈشى لازىم.»

ئىككىنچى بۆلۈمدىكى: «ئىنساننى دىنىي ۋە دۇنياۋى جەھەتتىن تولۇق تەربىيىلەش» دېگەن سۆز ئاللاھ تەئالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى خاتىرىلىتىدۇ: «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن.» (سۈرە قەسەس 77 ـ ئايەت)

# بەشىنچى پەسىل

# ئىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقى

بۇ ھاياتتا ئىشلەش ئاساستۇر. ھاياتنىڭ ئوچۇق بەلگىسى مەئىشەت بولۇپ، ھەر قانداق تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ئۇنىڭغا باغلىقتۇر. ئىنسان ئۆزلۈكىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا تىرىشىدۇ، لېكىن بەزىدە ئاجىزلىق، يا كېسەللىك ياكى قېرىلىق ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئالدىنى توسىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ ھاياتتىكى ھوقۇقى داۋام قىلىدۇ. مانا بۇ يەردە ئىشنىڭ بەدىلىگە ئىجتىمائىي كاپالەت پىكرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىنى باغلاشنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ. بىز تۆۋەندە ھەر بىرىنى ئالاھىدە بايان قىلىمىز.

**بىرىنچى ئىشلەش ھوقۇقى**

ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا كىرىش سۆز

ئەدەبىيات ئالىملىرى: «ھەجۋىدە ئەڭ بۈيۈك شېئىر ھۇتەيئەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر» دەيدۇ:

دى المكارم لاترحل لبغيتها　　واقعد فإنك ۋنت الطاعم الكاسي

تەرجىمىسى: گۈزەل ئەخلاقنى قوي، ئۇنى تەلەپ قىلىپ سەپەر قىلما، ئولتۇرغىن، چۈنكى سەن تائام بېرىلگۈچى ۋە كىيىم كىيدۈرۈلگۈچىسەن.

يەنى ئىشنى تاشلاپ، باشقىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر، بۇ خىسلەتنىڭ ساھىبى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ياكى تاماق بېرىلىدىغان ۋە كىيىم كىيگۈزۈلىدىغان ئاجىزغا ئوخشايدۇ.

ئىشلەش ئادەم ئەۋلادىنىڭ يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلىنىشى بىلەن يىلتىزىدىن باغلىق، ئەمما جەننەتتە ئىش ـ ئەمگەك يوق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا ئادەمگە جەننەتتە بەرگەن نېمەتلىرى بىلەن مىننەت قىلدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن ھەمدە ئۇنىڭدا

ھەقىقەتەن ئۇ ئۇساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن.» (سۈرە تاھا 118 ـ، 119 ـ ئايەتلەر) ئاللاھ تەئالا ئادەمنى ئىش ـ ئەمگەكسىز ۋە جاپا ـ مۇشەققەتسىز يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىگەن.

ئۇنىدىن كېيىن ئاللاھ تەئالانىڭ ئىرادىسى ئۇنى زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن يەر يۈزىگە ئورۇنباسار قىلىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئىنساننىڭ ھاجەتلىرىنى ھاسىل قىلىشنى جاپا چېكىش، تىرىشىش، ئىشلەش ۋە كەسىپ قىلىشقا باغلىدى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەنىدىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.» (سۈرە مۇلك 15 ـ ئايەت)

ئىنساننىڭ قازىنىشنى ئۇنىڭ ئىشلىشى ۋە تىرىشىشىغا باغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ.» (سۈرە نەجم 39 ـ، 41 ـ ئايەتلەر)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» (سۈرە زەلزەلە 7 ـ 8 ـ ئايەت)

## ئىشلەش شەرئى ۋاجىپ ۋە دىنىي پەرزدۇر

ئاللاھ تەئالا ئىنساننى ئىشلەشكە بۇيرۇدى ۋە ئىشلەشنى ئۇنىڭغا ۋاجىپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ئىشلەڭلار، قىلغان ئىشىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ.» (سۈرە تەۋبە 105 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا ئىسلامدا ئەڭ پەزىلەتلىك ناماز بولغان جۈمە نامىزى تۈگىگەندىن كېيىنلا ئىشلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار.» (سۈرە جۈمە 10 ـ ئايەت)

قۇرئـان كـەرىمــدە «ئەمەل» سـۆزى ۋە ئۇنىڭـدىن تـۈرلەنگەن سـۆزلەر 359 قېـتىم تەكرارلىنىـدۇ، ئـاللاھ ئىنـسانىنىڭ قەدىـر ـ قىممىتـى ۋە دۇنيـا ـ ئـاخىرەتتىكى دەرىجىـسىنى ئىشىنىڭ مىقدارىغا ئاساسـەن بەلگىلىـدى، ئـاللاھ تەئـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «ھەر ئادەمنىـڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ.» (سۈرە ئەنئـام 132 ـ ۋە ئەھقـاف 19 ـ ئـايەت) بۇنىڭغـا قوشـۇپ جاپـا چېكىش، تىرىـشىش ۋە كـۈچ چىقىـرىش مەنىلىرىـدىكى سـۆزلەرمۇ كۆپتۇر.

يۇقىرىـدىكى ئايەتلەر ئىشلەشنىڭ شەرىئەتتە ۋاجىپ بولغانلىقىغا ۋە قۇرئان كـەرىمـدە تەلەپ قىلىنغانلىقىغـا ئاگاھلانـدۇرۇش بـىلەن بىـرگە، دۇنيـا ۋە ئـاخىرەت، دىـن ۋە دۇنيـا ئۈچـۈن ئىـشلەشنى ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ، شـۇنىڭدەك، قۇرئـان ئىـشلەشنى ئىمـان بـىلەن بىرلەشتۈرۈپ تىلغا ئالىدۇ، ئىماندىن قالسا ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسە ئىشلەشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئىـشلەشكە بـۇيرۇدى، ئۇنىڭغـا تەرغىـب قىلـدى ۋە رىئـال ھاياتتـا ئۇنىـڭ بـىلەن مەشـغۇل بولۇشـنىڭ پەزىلىتىنـى بايـان قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ھېچقانـداق بىـر ئىنسانىنىڭ يېگەن تاماقلىرى ئىچىدە ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ يېگەنـدىنمۇ ياخـشىراق بىـر تائـام يوقتـۇر، ئاللاھنىـڭ پەيغەمبىـرى داۋۇد ئەلەيھىـسسالام ئـۆز قـولى بـىلەن ئىـشلەپ يەيتتى.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «كەسىپلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قوبۇل قىلىنغـان سـودا ـ سېتىق ۋە كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىشىدۇر.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھۈنەرۋەن مۆمىن بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ.»

پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام ئىـشلەپ چىقىرىـشتا ئىـشنى پۇختـا ۋە چىرايلىـق قىلىـشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەردىن كىم بىر ئىش قىلسا ئىشنى پۇختا قىلىـشنى ياخـشى كۆرىـدۇ.» بـۇ ھەدىـس ئـاللاھ تەئالانىـڭ شـۇ سـۆزىنى بايـان قىلىـدۇ: «سـىلەردىن قايـسىڭلارنىڭ ئەمەلـى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنـى سـىناش ئۈچـۈن، ئـاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى.» (سۈرە مۇلك 2 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ ئىشچىنىڭ ئىـش ھەققىنـى ئىـشىنىڭ تۈگىـشى بـىلەن دەرھـال بېرىـشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىشچىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرى قۇرىماستىن بېرىڭلار.»

رەسۇلۇللاھ ھورۇنلۇقتىن ۋە بىكار تەلەپلىكتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇردى، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن تەۋەككۇلنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى. تەۋەككۇل قىلىش، ئىشلەپ، كەسىپ قىلىپ نەتىجىسىنى ئاللاھقا قويماق ۋە ئۇنىڭ بەرگىنىگە رازى بولماقتۇر، تەۋەككۇل ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئىشنى تاشلاپ: «رىزىق بەرگۈچى خۇدايىم، ئۇ دۇنيانى قانداق خالىسا، شۇنداق تەسەررۇپ قىلىدۇ» دەپ يېتىۋېلىش بولۇپ، ئۇ بىر بالايىئاپەتتۇر. رەسۇلۇللاھ بۇنى: «تۆگىسىنى باغلىسۇنمۇ؟ ياكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ قويۇپ بەرسۇنمۇ؟» دەپ سورىغان ئەرابىغا: «تۆگەڭنى باغلا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل» دەپ بەرگەن جاۋابى بىلەن ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «تەۋەككۇل قىلغۇچى ئۇرۇقنى يەرگە سېلىپ ئاندىن ئاللاھقا يۆلەنگەن كىشىدۇر.» يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى ئىشنى تاشلاپ ناماز ئوقۇپ ئولتۇرىمەن دەپ مەسجىدكە كىرىۋالغان كىشىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرغان ۋە مەسجىددىن چىقىپ ئىشلەشكە ۋە كەسىپ قىلىشقا بۇيرۇپ: «ئاسماندىن ئالتۇن، كۈمۈش ياغمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟!» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن بىرىنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ ئوتۇن توشۇغىنى كىشىلەردىن تىلىگىنىدىن ياخشىراق، چۈنكى كىشىلەر يا بېرىدۇ ياكى بەرمەيدۇ.»

رەسۇلۇللاھ تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان كىشىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆزىگە تىلەمچىلىكتىن بىر ئىشىك ئاچسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا پېقىرلىقنىڭ يەتمىش ئىشىكىنى ئاچىدۇ.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئۇچراشقۇچە (يەنى ئۆلگۈچە) تىلەمچىلىك قىلغان ئىنسان (قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا) ئۇنىڭ يۈزىدە بىر پارچىمۇ گۆش بولمايدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلەپ چىقىرىشتا ئۆزى ئەڭ ئالىي ئۈلگە بولغان ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى قوي باققان، ئۇ: «قوي باقمىغان ھېچ بىر پەيغەمبەر يوقتۇر» دېگەن. ھەزرىتى خەدىچىنىڭ مېلى بىلەن تىجارەت قىلغان، پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مېنىڭ رىزقىمنى نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا

قىلـدى.» ئـۇ مەدىنىــدە دۆلەت رەئىــسى بولـۇپ تۇرۇقلـۇق ساھابىلەرنىڭ ئىشلـىشىگە قاتنىـشاتتى، ئـۇلار بىـلەن بىـرگە ئوتـۇن يىغـاتتى، تـاش توشـۇيتتى ۋە خەنـدەك كولاشـقا قاتناشقان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئىشلەيدىغان قولنى مەدھىـيىلەپ مۇنـداق دېـگەن: «بـۇ قـولنى ئـاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھۈنەرۋەن، مۆمىن بەندىنى ياخـشى كۆرىدۇ، ئىشلەش ئىبادەتتۇر.»

رەسـۇلۇللاھ تېرىقچىلىـق قىلىـشقا ئالاھىــدە تەشـۋىق قىلىــپ مۇنـداق دېـگەن: «ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بىر دەرەخ تىكسە، يا بىر زىرائەت تېرىسا، ئۇنى بىـر قـۇش، يـاكى بىـر ئىنسان ياكى بىر ھايۋان يېسە، ئۇ كىشىگە سەدىقە بولىدۇ.» تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغان.

## ئىشنىڭ تۈرلىرى

ئىـسلام ئىنـسانىنىڭ ئـۆزىگە يـاكى باشـقا ئىنـسانلارغا ۋە جەمئىـيەتكە پايـدىلىق ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكەتنى شەرىئەتتە تەلەپ قىلىنغان ئىش دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئىـسلامدا ئىــش يوللىرىنىــڭ چەك ـ چېگرىــسى يــوق، ئـۇ تىجـارەت، زىــرائەت، ھۈنەرــ ســانائەت ساھەلىرىدىكى بـارلىق پائـالىيەت ۋە تىرىـشچانلىقلارنى ھەمـدە ئىنـسانىيەتكە خىـزمەت قىلىـدىغان قـول ئىـشلىرى، ئەقلـي، پىكرىـي ۋە ئەدەبىـي پائالىيەتلەرنىـڭ ھەممىنـى ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ. فىقھـى ئـالىملىرى دۆلەت رەئىـسى، ئورۇنباسـار، ۋالـى ۋە ھـاكىم قاتـارلىق خىزمەتلەرنىمۇ ئىشلەش دەپ قوبۇل قىلدى. بۇنى ئەبۇ بەكـرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «مەن مۇسـۇلمانلار ئۈچـۈن ئىـشلەيمەن» دېـگەن سـۆزى بىـلەن ئوچـۇق بايـان قىلغـان، ۋالىـلار «ئىــشچىلار» دېيىلەتتــى، ئىشچىــسىغا يــارلىق ئەۋەتتــى ۋە: «ئىشچىــسىغا مۇنــداق ئىــش بېجىرىش ئۈچۈن يارلىق ئەۋەتتى» دېگەن سۆزلەر ھەمىشە تەكرارلىنىپ تـۇراتتى. بـۇ سـۆز «خەلىپە ۋالىسىغا يارلىق ئەۋەتتى» دېگەن سۆزدۇر.

ئىسلام دېھقانچىلىققا چـاقىردى، ئىنـسانلارنىڭ يەردىـن پايدىلىنىـشى ۋە بىـر ـ بىـرى بىلەن ياردەملىششى ئۈچۈن زىرائەت ھەققىدىكى توختامنـاملەرنى بېكىتتـى، مەسـىلەن:

مۇساقات، مۇزارەئە ۋە مۇغارەسە[1] گە ئوخشاش، رەسۇلۇللاھ زىرائەت ئىشلىرىدا مەدىنە خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

ئىسلام تىجارەتكە چاقىردى، ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەرنى بېكىتتى، ئۇ ھۆكۈملەر، بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئىككىنچىدىن، زۇلۇمنى، ئالداشنى، بېسىمدارلىقنى ۋە جازانىخورلۇقنى توسىدۇ. تىجارەتنى ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن بېكىتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەقىل توختاملار بەلگىلىدى، فىقھى كىتابلىرىدا بەيئى ۋە شىركەتلەرگە ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك بابلار بار.

ئىسلام بارلىق سانائەتلەرنى بەزى كىشىلەرنىڭ ئىشلىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىدە مۇتەخەسسىس بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانلارغا پەرز كۇپايە قىلدى. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ كۆپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر، ئىززىبنى ئابدۇسسالام ۋە قەرافىنىڭ دېگىنىدەك، ۋەسىلە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەقسەتنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ. ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ دېگىنىدەك، ۋاجىپنى تاماملايدىغان ھەر قانداق نەرسە ۋاجىپتۇر. مەئىشەت ئەھۋالى ھەرخىل سانائەتكە باغلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارغا موھتاج بولۇپ قالماسلىقى ياكى ئۇلارنىڭ ھۆكمى ئاستىغا كىرىپ قالماسلىقى ۋە ئۇلارغا بويۇن ئەگمەسلىكى ئۈچۈن شەرىئەت پۈتۈن سانائەتلەرنى ئۆگىنىشنى بۇيرۇدى. يۇقىرىدىكى: «ھېچقانداق ئىنساننىڭ يېگەن تاماقلىرى ئىچىدە ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ يېگەن تامىقىدىنمۇ ياخشىراقى يوق» دېگەن ھەدىس بۇنىڭغا دەلىلدۇر.

قول سانائەت ۋە ھۈنەر- كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ۋە تەلەپ قىلىنغاندۇر ھەمدە ئىگىسىگە پايدا كەلتۈرىدىغان ھەر قانداق پايدىلىق كەسىپ مۇباھتۇر، بەلكى تەلەپ قىلىنىدۇ ۋە باشقىلىرىدىن كۆپرەك مۇكاپاتقا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «گۇناھلارنىڭ ئىچىدىن ھەقىقەتەن ناماز، روزا، ھەج ۋە ئۆمرە كاپارەت بولالمايدىغان (ئۆچۈرەلمەيدىغان) گۇناھ باردۇر. ساھابىلەر: «يا

---

[1] مۇساقات: زىرائەتنى ياكى باغنى سۇلاپ بېقىشقا، ھۇسۇل ئالغاندا چىققان ھوسۇلدىن ھەسسە ئېلىشقا يېرىنى ئىجارىگە ئېلىش.
مۇزارەئە: يەر ئىگىسى بىلەن ئورتاق زىرائەت تېرىش، بىرى ئۇرۇغ بېرىپ، يەنە بىرى ئىشلەشكە ئوخشاش.
مۇغارەسە: باغۋەنچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش توختاملار.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا نېمە كاپارەت بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «مەئسىيەت ئۈچۈن ئىرادىلىك ئىشلەش» دەيدۇ. يەنە بىر ھەدىستە: «گۇناھلارنىڭ ئىچىدىن بىر گۇناھ باركى ئۇنى پەقەت بالا - چاقىسىنى بېقىش يولىدا تىرىشىپ ئىشلەشلا ئۆچۈرىدۇ» دېگەن.

كاتتا ئۆلىمالار ۋە فۇقەھالار بىر ھۈنەر، يا بىر كەسىپ، ياكى بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە بالا - چاقىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى، ئۇلار ھاياتىدا ئۇ ھۈنەرلىرى بىلەن تونۇلغان ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن تەرجىمىھالىغا يېزىلغان.

باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىگەن كىشى ئىشچى بولۇپ، ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات بېرىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تۇل خوتۇن ۋە يوقسۇل كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىگەن كىشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ياكى كېچە ئوخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈز روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ.»

## ئىشلەش ئەركىنلىكى

يەنى كىشىنىڭ ئىشلەش - ئىشلىمەسلىك، ياكى ئىشنى تاللاش ئەركىنلىكى بولۇپ، بۇ ئەركىنلىك شەرىئەتتە بەلگىلەنگەندۇر. چۈنكى ئۇ پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ھەر بىر كىشىنىڭ خالىغان ئىشنى قىلىش ۋە مەشرۇ (يەنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن) يول بىلەن خالىغان كەسىپلەرنى قىلىش ئەركىنلىكى بار ھەمدە ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىشى بولسا، ئىش ۋاقتىنى ۋە سائىتىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە، ئەگەر ئىش باشقىسىنىڭ بولسا توختامدا بەلگىلەنگەن بويىچە بولىدۇ، توختام ئىش ئورنىنى، ۋاقتىنى ۋە ئىش ھەققىنى بەلگىلەشتە تەرەپلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن تۈزۈلىدۇ.

ئىشلەش ئەركىنلىكى ھالال - ھارام، شەرىئەت ھۆكمىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىشنىڭ باشقىلارغا زىيان ئۇرماسلىقى بىلەن قەيت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «زىيان سېلىش ۋە زىيانغا زىيان بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا بولمايدۇ.»

كۆپىنچە ئىشنى تاللاش ئىشچىنىڭ خۇسۇسىي ئىمكانىيىتى، ئۇ ئىشقا بولغان قابىلىيىتى، ئۇنى ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان ماھارىتى ۋە ئاللاھ ياراتقان تەبىئىتى

دائىرىسىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى تاللاش كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا بېرىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىشلەڭلار، ھەممىسى يارىتىلغان خىسلىتىگە ئاساندۇر.»

مۇئەييەن بىر ئىشقا خەلقنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى تەئەللۇق بولۇپ، ئىنسانلار ئۇ ئىشنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتسا، ھاكىم بەزى شەخسلەرنى ئۇ ئىشنى قىلىشقا تەيىنلەيدۇ، بۇ ھالەتتە ئۇ ئىش پەرز ئەين بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىش ئۇ كىشىگە مۇئەييەنلەشتى ياكى ھاكىم ئۇنى بەلگىلىدى. بۇنى فىقھى ئالىملىرى: «مەملىكەتتە بىر ئىشنى قىلىدىغان باشقا كىشى بولمىسا، قازى ياكى ھاكىم ئۇنى بىر كىشىگە بۇيرۇسا، ئۇ ئىش بۇيرۇلغان كىشىگە پەرز ئەين بولىدۇ» دەپ بايان قىلىدۇ.

بۇ يەردە ئاياللارنىڭ ئىشلەش مەسىلىسىنى قىسقىچە خاتىرىلىتىپ ئۆتىمىز: ئاياللارنىڭ ـ ئەۋرەت جايلىرىنى يۆگەش ۋە ئەر كىشى بىلەن يالغۇز ئورۇندا بولماسلىقتا ئوخشاش ئىسلامي ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىچىدە، ئېرىدىن رۇخسەت ئېلىش، ئۆي ۋە ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش بىلەن شەرىئەت ھۆكمىگە رىئايە قىلىش ئاستىدا خالىغان ئىشنى تاللاشتا تولۇق سالاھىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئايالنىڭ قولىدىكى(يىپ ئىگىرىدىغان) چىغىرىق ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان كىشىنىڭ قولىدىكى نەيزىدىن ياخشىراق» دېگەن.

يۇقىرىدا، باللار تەربىيىسى بابىدا: «قىزلارغا يىپ ئېگىرىشنى ئۆگىتىش» دەپ ئۆتۈلگەن ئىدى. دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلاردا ئەر ـ ئايال پەرقى يوقتۇر، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە(دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.» (سۈرە نەھل 97 ـ ئايەت)

شۇنىڭدەك، ئىشلەش ھوقۇقى يۆتكىلىش، زېمىننىڭ ئەتراپىدا ھىجرەت قىلىش ۋە سەپەر قىلىش ھەقلىرىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ، مۇناسىپ ھەق بىلەن ئۇيغۇن ئىش تېپىش ئۈچۈن يەر يۈزىدە سەپەر قىلىش ۋە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈش شەرئى رۇخسەتلەردە ئىنسان ئۈچۈن بىر ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ، قۇرئان كەرىم ئىشچىنىڭ ئۆزرىسىنى مۇجاھىدنىڭ ئۆزرىسىدىن ئىلگىرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەھەججۇد

نامىزىدا(قۇرئاندىن) سىلەرگە قۇلاي بولغاننى ئوقۇڭلار، ئاللاھ بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قۇلاي بولغاننى ئوقۇڭلار.» (سۈرە مۇزەممىل 20 ـ ئايەت)

يەنە ئىشلەش ئەركىنلىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قېتىلىش، ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش، ھەق تەلەپ قىلىش، ئومۇمىي مەنپەئەتكە دەخلى يەتكۈزمەيدىغان ھالدا ئىش ھەققى ۋە ۋاقتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئۇيۇشمىدىكى ئۆز ھۈنەر كەسپىدىكىلەرگە قوشۇلۇش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

### ئىشلەش بىر ھوقۇقتۇر

يۇقىرىدا ئىشلەشنىڭ ئەسلىدە پۈتۈن ئىنسانلارغا شەرئى ۋاجىپ ۋە دىنىي پەرز بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، لېكىن ئاللاھ تەئالا ئىنسانىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، كۆپ ھاللاردا ئىنسانلار ئىش ئىزدەپ زور كۈچ چىقىرىدۇ، لېكىن نەتىجە قازىنالمايدۇ، بۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ ماڭغان يولى بىكارغا كېتىدۇ، بەزىدە ئىشچى كېسەل بولۇپ قالىدۇ، يا ئاجىزلىشىپ قالىدۇ.

بەزىدە بىر مەملىكەت ياكى بىر شەھەردە ئىشسىزلىق ئومۇملىشىدۇ، بەزىدە ئىقتىسادىي ۋە ئىشسىزلىق ئەھۋاللار ئۇ مەملىكەتنى ھالاك قىلىدۇ، بەزىدە ئىشچىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئاجىزلىشىپ، سەرمايە چىقىرىدىغان ئادەم تېپىلمايدۇ، پۈتۈن بۇ ئەھۋاللار نەتىجىسىدە ئىشچىلار ئىشىدىن بىكار قىلىنىدۇ، پېقىرلىق ۋە قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالىدۇ، مانا بۇ چاغدا ئىش ئىشچىنىڭ ھەققى بولىدۇ، ياخشىلىققا ۋە تەقۋاغا ياردەم بېرىش پرىنسىپىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا ئىش بېرىش دۆلەتنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار.» (سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئىشچىلارغا تولۇق ئىش تېپىپ بېرىشى كېرەك، بولۇپمۇ زامانىمىزدا دۆلەتلەر ئىقتىساد ۋە ئىش توغرىسىدا چوڭ كۈچكە ئىگە بولغان ۋە

ئىشچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەن ئەھۋالدا بۇ دۆلەتنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى بولىدۇ. دۆلەت زىرائەت، سانائەت ۋە تىجارەت ساھەلىرىدە كاتتا مۇئەسسەسەلەرنى قۇرالايدۇ، ئىشسىزلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىدىغان ئاممىۋى كارخانىلارنى ئاچالايدۇ، بۇنىڭدا ئىككى پايدا ئەمەلگە ئاشىدۇ:

بىرىنچى: ئىشچىلارغا ئىشنىڭ كۆپ چىقىشى

ئىككىنچى: خەلق ۋە جەمئىيەتكە ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

دۆلەت ئىشچىلارغا يەرنى تېرىش ئۈچۈن سەرمايە بېرىش ۋە مەھسۇلاتنى ئالدىن مۇۋاپىق باھادا سېتىش بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ ئىسلام فىقھىسىدا سەلەم ياكى ئۆسۈمسىز ئالدىدىن قەرز بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنىڭدەك، دۆلەت يەرنى پۇقراغا بېرىش ۋە ئۆلۈك يەرنى ئىسلاھ قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىش تېپىپ بېرەلەيدۇ.

دۆلەت ئىشسىزلارنى ئىشلىتىش، ھايات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن شەخسىي كىشىلەر قۇرالمايدىغان چوڭ تىپتىكى سانائەت فابرىكىلىرىنى قۇرىدۇ.

دۆلەت ۋە كاتتا بايلار ئىشچىلارغا قەرز بېرىپ، تىجارەت ئىشلىرىغا ئۇلارنى شېرىك قىلسا بولىدۇ، بۇ ئىسلام فىقھىدا مۇزارەبە[1] شىركىتى دەپ ئاتىلىدۇ، دۆلەت ئىش ئىگىلىرى ۋە بايلارنىڭ ئىشچىلارغا ئىش بېرىشى ئۈچۈن سانائەت ۋە تىجارەت ئىشلىرىنى كېڭەيتىشكە ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا، ئۇلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك.

پۈتۈن بايلارنىڭ، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ ئىشچىلارنىڭ ئىش تېپىپ بولغۇچىلىك پايدىلىنىپ، كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن پۇل - مال قەرز بېرىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ قەرز بېرىشكە تەرغىب قىلغان ۋە قەرز بەرگەنلىك سەدىقە بەرگەنلىكتىن ئون سەككىز ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

[1] مۇزارەبە: بىرى پۇل چىقىرىدۇ، بىرى ئۇ پۇل بىلەن تىجارەت قىلىدۇ، پايدا - زىياننى تەڭ ئۆلىشىدۇ.

شەرىئەت مەشرۇ سەۋەبلەر بىلەن قەرزگە كىرىپ قالغان كىشلەرنى زاكات بېرىلىدىغان كىشلەرنىڭ قاتارىدىن قىلدى، شۇنىڭدەك، پېقىر، مىسكىنلەرگە زاكات بەرگەندە، خۇسۇسەن شافىئى مەزھىبىدە ـ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكنى تەمىنلىگۈچىلىك ئەمەس، بەلكى باي ھېسابلانغۇدەك مىقداردا ياكى بىر ئىش قۇرۇشقا سەرمايە قىلغۇدەك مىقداردا بېرىش لازىمكى، ئۇنىڭ بىلەن كىشى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىسۇن ۋە پېقىرلىقتىن قۇتۇلۇپ، كېلەچەك يىلدا سەدىقە ـ زاكات بېرىدىغان باي ۋە ئىش ئىگىسى بولسۇن، دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى دۆلەت ئىشچىلارغا ئاممىۋى خىزمەت، يول ئېچىش، ئۆستەڭ چېپىش، كۆرۈك ياساش، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى بىنا قىلىش، قۇدۇق كولاش، تاش كېسىش، ھەربىي ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش، زاۋۇت قۇرۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىش قاتارلىق ئىشچىلارغا نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ، ھەر بىر ئىشچى بۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدىن ئۆز قابىلىيەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، تەجرىبە، ئىختىساس ۋە شەخسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇناسىپ بولغان ئىشنى تاللايدۇ. بۇ ئىشلار ھەقسىز ئىشلىتىش، بوي ئەگدۈرۈش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بولماستىن ئادالەتلىك ھەق ۋە ئىشقا مۇناسىپ بەدەل بىلەن بولۇشى، ئىشچىنىڭ ھەققىگە زىيان ئۇرماسلىق، ئۇنىڭ ھاجىتى ۋە پۇرسىتىدىن پايدىلانماسلىق ۋە ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سالماسلىق قاتارلىق ئىسلامىي پىرىنسىپلارغا بويسۇنۇش بىلەن بولۇشى لازىم. بۇ يەردە ئىشچىلارنىڭ ياش پەرقى ئاشكارا بولۇپ، ھەر كىشى ئۆزىگە مۇناسىپ ۋە باشقا ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا ئۇيغۇن ئىشتا ئىشلىشى ئۈچۈن، ئىنسانىنىڭ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش سايمىنىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاياللارنىڭ، باللارنىڭ ۋە قېرىلارنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىشچىلار بىلەن ئىش ئىگىلىرى ئارىسىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنغان ياكى مۇئەييەن بىر شەرتنى قويۇپ تۇرۇۋالغان ياكى كۆز قاراشلار ئوخشىمىغان سەۋەبلەردىن چىققان تالاش ـ تارتىشلارغا دۆلەت ئارىلىشىدۇ ۋە ئىنساپ، ئادالەت بىلەن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىشچىلارنى ئاجىز تەرەپ ھېسابلاپ ئۇلارنىڭ تەرىپىدە تۇرۇش بىلەن ھەل

قىلىدۇ. چۈنكى ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش جەمئىيەتنىڭ، يېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ ۋە موھتاجلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ.

دۆلەتنىڭ ئارىلىششى بىرىنچىدىن ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىككىنچىدىن، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش ئاساسىدا بولىدۇ، بۇ زامانىمىزدىكى دۆلەتلەر دىققەت قىلغان نەرسە بولۇپ، نەس(دەلىل) ۋە ئىجما (پىكىر بىرلىكى) بولمىغان نەرسىدە ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى نەس (ئايەت، ھەدىس) ۋە ئىجما بىلەن تەتبىقلاشتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ھازىرقى ئەسىردە جەمئىيەتتە ئىشچىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەرەپسىز ۋە ئايرىمىسىز مۇداپىئە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان كۈچ دۆلەت ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار(ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ(يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» (سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەت)

## كېلىشىملەردە ئىشلەش ھوقۇقى

دۇنيا دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن ئىشلەش ھوقۇقى سەلبىي ئىدى، دۆلەت پەقەت ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىغا زىت كېلىدىغان نەرسىدىن ئۆزىنى تارتاتتى، شۇ سەۋەبتىن ئەسىرلەر بويى ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇرلاش داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى.

لېكىن بىرىنچىدىن فرانسىيە قوزغىلىڭى، ئىككىنچىدىن سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۈچىنچىدىن سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىشچىلارنى قوزغىدى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئوقۇمىنى كېڭەيتتى ۋە دۆلەتلەرنى بۇ ئىشقا ئارىلىششقا، كېيىن ئۇنى ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىشقا، ئىشچىلار

ئۇيۇشمىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بۇ ھوقۇقلارنى تەدرىجىي ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ ئاچارچىلىق، ئىشسىزلىق يۈز بەرگەن، ھايات سەۋىيىسى ئۆرلەپ كەتكەن، ئىش ھەققى تۆۋەنلىگەن ۋە ئىشچىلارغا قاتتىق رەھىمسىز شەرتلەر قويۇلغان ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ئىشچىلار ھوقۇقىنى قوغدىشى تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ.

غەرب ۋە شەرق دۆلەتلىرى ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ قانۇنلار چىقاردى، ئىشچىلارنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ھەقتە قۇرۇلتايلار ئاچتى ۋە مۇئەسسەسەلەر قۇردى.

ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ روھى بويىچە، 1919 - يىلى بىرىنچى قېتىم ”خەلقئارالىق ئىشچىلار تەشكىلاتى“ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە سابىق مىللەتلەر بىرلىكىگە قوشۇلدى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تەۋە بولدى. ئۇ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەركىزى شىۋىتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ۋاقىتلىق كاناداغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، كېيىن جەنۋەگە قايتۇرۇپ كېلىندى ۋە نۆۋەتلىك قۇرۇلتايىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئورگىنى بار، ئۇلار: قۇرۇلتاي، ئىدارە مەجلىسى ۋە خەلقئارالىق ئىش بېجىرىش مەركىزىدۇر.

بۇ تەشكىلات ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇنىڭغا دائىر قارارلار ئېلىش ۋە كېرەك بولغاندا خەلقئارالىق شەرتنامىلەر تەييارلاشقا تىرىشىدۇ.

ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم قارارلىرى ئىش سائىتى ۋە ئىشسىزلىق كاپالىتى، ئىشچىنىڭ ئەڭ ئاز مائاشىنى بەلگىلەش، مائاشلىق تەتىل قىلىش ھوقۇقى، ئىشچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېشىنى بەلگىلەش، بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ كېچىلىك ئىشلىرى، ئىشقا سېلىش ئورۇنلىرى، ئىش ئىگىلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن ئۆز ئارا سۆزلىشىش ھوقۇقى، ئىش ھەققىنىڭ ئوخشاش بولۇشى، ئىشتا ئايرىمىچىلىق قىلماسلىق، ھەقسىز ئىشچىلىقنى مەنئى قىلىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە تەئەللۇقتۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، 1965 - يىلى قارارلاشتۇرغان ئەرەب دۆلەتلىرى ئىشچىلار تەشكىلاتى مەيدانغا كەلدى، ئۇنىڭ ئورنى مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە بولۇپ، ئۇ، ئومۇمىي قۇرۇلتاي، ئەرەب دۆلەتلىرى ئىش بېجىرىش مەركىزى ۋە كونترول كومىتېتىدىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ تەشكىلات ئەرەبلەرنىڭ كۈچىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشچىلار قانۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، تېخنىكىلىق ياردەم قىلىش، كەسپىي چىنىقتۇرۇش يوللىرىنى تەييارلاش، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىش لۇغىتىنى تەييارلاش ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىق ئىشلارنى مەقسەت قىلىدۇ.

## دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئىشلەش ھوقۇقى

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 23 ـ ماددىسى ئىشلەش ھوقۇقىغا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: "ھەر بىر ئىنسان ئىشلەشكە، ئىشنى ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ئادىل شەرتلەر بىلەن تاللاشقا ۋە ئىشسىزلىقتىن قوغدىنىشقا ھوقۇقلۇق، ھەر بىر ئىنساننىڭ قىلچە چەتكە قېقىلماستىن قىلغان ئىشىغا باراۋەر كېلىدىغان ھەق ئېلىش ھوقۇقى بار. رازى قىلغۇچى ئادىل ھەق، ئىشلەۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىگە لايىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يەتكۈدەك بولۇشى لازىم. ئۇنىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىجتىمائىي قوغداش يوللىرى قوشۇلىدۇ. ئىشچىلار مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان سودا بىرلەشمىسىگە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

بۇ خىتابنامىنىڭ 24 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "ھەر بىر ئىنسان بىكار ۋاقىتلاردا دەم ئېلىش، ئىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش ۋە قارارلىق ھالدا مائاشلىق تەتىل قىلىپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە."

1966 ـ يىلى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھەققىدىكى خەلقئارالىق كېلىشىمگە قول قويۇلغان ئىدى، ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقى بىر نەچچە ماددىغا كېڭەيتىلىپ، ئۇنىڭ 6 ـ ماددىسىدا: «ھەر بىر ئىنسان تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەش ۋە ئىشنى تاللاش، ياكى ئىشنى ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ قارارلار چىقىرىشى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان سىياسەت ۋە پروگراممىلارنى بېكىتىشى لازىم» دېيىلگەن.

7 ـ ماددىسىدا: «ھەر بىر ئىنسان ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئوخشاش مىھنەتكە، ئوخشاش ھەق ئېلىشقا، بولۇپمۇ ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئوخشاش ھەق بېرىشكە

كاپالەتلىك قىلىدىغان ئادىل ۋە ئۆزىگە ياققان ئىش شارائىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىختىيارلىق ۋە شەرەپلىك ئىش ۋەزىپىسىنى كۆپەيتىش، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئوخشاش پۇرسەتلەر يارىتىپ بېرىش، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى بېرىش، ئىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش ۋە قارارلىق ھالدا مائاشلىق تەتىل قىلىپ تۇرۇشقا رۇخسەت بېرىش لازىم» دېيىلگەن.

8 ـ ماددىسىدا: «ھەر بىر ئىنسان ئۇيۇشمىلار قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. مىللىي بىرلەشمىلەر ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار قۇرۇشتا ئۇيۇشمىلارنىڭ ھوقۇقى بار. جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈرى بولغان ۋە ۋەتەننىڭ خەۋپسىزلىكىگە يا ئومۇمىي نىزامغا ياكى باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان ئىشلارنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردا ئۇيۇشمىلارنىڭ ئىشلەش ھوقۇقى بار. ھەر بىر ئىنساننىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىغان ھالدا دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە سەپەر قىلىش ھوقۇقى بار. خۇسۇسەن قوراللىق ئەسكەر ۋە ساقچى قانۇنغا بويسۇنۇش لازىم. دۆلەتلەرنىڭ ئىشچىلار ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا زىيان ئۇرماسلىقى لازىم» دېيىلگەن.

## ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئىشلەش ھوقۇقى

ئىسلامىي فىقھى كىتابلىرىدا ۋە ئىسلامىي پىكىردە ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا ئايرىم بىر ماۋزۇ بولمىغان، ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئىشچىلار ھوقۇقىغا (13 ـ 14) ئىككى ماددا ئايرىدى، ئۇنىڭدا زامانىۋى تەرەققىياتلارغا، مەنپەئەتكە قۇرۇلغان ئاخىرقى قانۇنلارغا ۋە شەرىئەت ھۆكمىگە زىت بولماسلىققا رىئايە قىلدى.

13 ـ ماددىدا مۇنداق دېيىلدى: "ئىشلەش دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ كاپالىتى ئاستىدىكى بىر ھەقتۇر. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىشنى تاللاش ھوقۇقى بار، ئىشچىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە سالامەتلىك ھەققى بار، ئەر ـ ئايال ئايرىماستىن، ھەر بىر شەخسنىڭ قىلچە چەتكە قېقىلماستىن قىلغان ئىشىغا باراۋەر ھەق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىشچىنىڭ ئىشنى ئىخلاس بىلەن پۇختا قىلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىگە لايىق تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك ئادىل ۋە رازى قىلغۇچى ھەق ئېلىشى لازىم. ئىش ئىگىسى بىلەن ئىشچىلار ئارىسىدىكى تالاش ـ

تارتىشلارنى ھەل قىلىپ، زۇلۇمنى يوقىتىش ۋە تەرەپسىز ھالدا ئادالەت بىلەن ھەق ۋە ھوقۇقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى لازىم.“

14 ـ ماددىدا: ”ھەر بىر ئىنسان بىپسەندارلىق قىلماستىن، ئالدامچىلىق قىلماستىن، باشقىلارغا زىيان ئۇرماستىن ۋە قەتئىي ھارام قىلىنغان جازانىخورلۇق قىلماستىن قانۇنلۇق ھۈنەر كەسىپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە“ دېيىلدى.

بۇ شەرتلەر شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە زىت كەلمەيدۇ، ئۇ توختاملاردا ئۆز ئارا رازى بولۇش، مەنپەئەتلەرگە رىئايە قىلىش، دۆلەت ۋە مەھەللىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىش، شەرتنامىلەرنى ئىجرا قىلىش ۋە كېلىشكەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئاساسىغا بىنائەن چىقىرىلغاندۇر.

## ئىككىنچى ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقى

ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ھوقۇقى ئىشلەشنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئىشلەش ھوقۇقىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. چۈنكى مەڭگۈلۈك سالامەتلىك ئىمكانسىز ۋە دائىم بىر ھالەتتە تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىشچى ئىشلەش جەريانىدا ھەر تۈرلۈك بالا ۋە ئاپەتكە ئۇچرىشى ياكى كېسەل بولۇپ ئىشلىيەلمەي قېلىشى ياكى ئىشتىن قوغلىنىشى بىلەن ئىشسىز قىلىشى مۇمكىن. بەزىدە يوقسۇل بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ بالا ـ مۇسىبەت، يا كېسەللىك ياكى ئىشسىزلىق ۋە يا يوقسۇللۇقنى تولدۇرىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەتلىك قىلىنىشقا ھەقلىق بولىدۇ.

ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ھوقۇقى ئىشچىلارغىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئۇ بۇ دۇنيادا كېسەللىك، يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق، ئاجىزلىق، قېرىلىق، ئاپەت ۋە ياكى ئىنساننى كەسىپ قىلىشتىن توختىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق بىر ئەھۋالغا ئۇچرىغان پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھەققىدۇر. جەمئىيەت، خەلق، دۆلەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۈستىگە يۈقىرىدىكىدەك كىشىلەرنى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارغا ئىگە بولۇش ۋە ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي، داۋالاش ۋە پۈتۈن تۇرمۇش نەپىقىسىنى تەمىنلەش لازىم. بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر رىزىق يولى بولىدۇ، ھەتتا ئىسلام ئۇنداق ئىنسان

ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كېپەنلەش ۋە ئۇنى يەرلىكتە قويۇش قاتارلىق ئىشلارغا مۇسۇلمانلارنى كېپىل قىلىدۇ.

ئىسلامىي پىكىر بۇ مەسىلىنى ئىجتىمائىي ئەدەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرى ئۈستىدىكى شەرئىي ھەقلىرى دېگەندەك ھەرخىل بابلار بىلەن ھەل قىلىدۇ. فىقھى كىتابلاردا ئاشۇ مەسىلە 15 ئەسىردىن بېرى بىر نەچچە خىل ماۋزۇلاردا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

بۇ ھەق زامانىۋى ئىسلام پىكرىدە «ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئادالەت»[1] ياكى «ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي كاپالەتلىك» دېگەن تېمىدا تونۇلدى.

بۇ ھەق ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ۋە رەسۇلۇللاھ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆزى بىلەن ئېلان قىلغان گۈزەل ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە كاپالىتى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بىر مۆمىن يەنە بىر مۆمىن ئۈچۈن بىر - بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەر ئۆز ئارا مۇھەببەت، مەرھەمەت ۋە كۆيۈنۈشتە بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ، ئەگەر بەدەندىن بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا قالغان ئەزالار قىزىشىش ۋە بىدارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن دوستلۇق قۇرغان ۋە دوست بولغان كىشىدۇر، دوستلۇق قۇرمىغان ۋە دوست بولمىغان كىشىدە خەيرلىك يوقتۇر، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا ئەڭ پايدىلىق بولغان كىشىدۇر.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى ئۇنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئەڭ پايدىلىق بولغان كىشىدۇر.»

---

[1] بۇ ماۋزۇدا يېزىلغان ئەڭ ياخشى كىتاب، شەھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ ”ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئادالەت“ ئىسىملىك كىتابى بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان، سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: ”ئىسلام ئىجتىمائىي كاپالەتلىك پرىنسىپىنى پۈتۈن شەكىللىرى بىلەن قارارلاشتۇرىدۇ.“

رەسۇلۇللاھ بۇ كاپالەتلىك ۋە ھەمكارلىقتا مۇنۇ سۆزى بىلەن چاقىردى: «كىمكى يېنىدا ئارتۇق ئوزۇقى بولسا ئۇنى ئوزۇقى بولمىغانلارغا بەرسۇن، كىمنىڭ ئارتۇق زەھرى بولسا، زەھرى بولمىغان كىشىگە بەرسۇن. ساھابە ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ شۇنداق ماللارنىڭ تۈرلىرىنى ساناپ چىقتىكى، بىز ئارتۇق مالدا ھەققىمىز بولمىغانلىقىنى بىلدۇق.»

رەسۇلۇللاھ ئىشچىلارغا ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىزگە بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشكە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئۆيى بولمىسا ئۆي، خوتۇنى بولمىسا خوتۇن ۋە مىنىدىغان ئۇلىغى بولمىسا ئۇلاغ ئېلىپ بېرىلىدۇ.»

رەسۇلۇللاھ ئەمەلىي ھاياتىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. بويتاق كىشىگە بىر ھەسسە بەرسە، ئائىلىسى بار كىشىگە ئىككى ھەسسە بېرەتتى. ھەر بىرىنىڭ نەپىقىسى ۋە ئېھتىياجى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەشئەرىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت، ھەمكارلىق ۋە ئادالەت پرىنسىپىنى ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار: ئارىلىرىدا بىرەر كىشى ئۇرۇشتا تۇل بولۇپ قالسا، يا مەدىنىدە يوقسۇل بولۇپ قېلىپ بالا ـ چاقىسىنىڭ رىزقى ئازلاپ كەتسە، ھەممىسى بار نەرسىلىرىنى بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە توپلاپ، كېيىن ئۇنى بىر قاچىدا ئارىلىرىدا ئوخشاش تەقسىم قىلاتتى، ئۇلار مەندىن ۋە مەن ئۇلاردىندۇرمەن.»

رەسۇلۇللاھ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئاشۇنداق ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ يوقلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ بولسا زامانىمىزدا «ئاچلىقتىن ئۆلۈش» ئىسمى بىلەن تونۇلغان ۋە دۇنيادا تارالغان ھادىسىدۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بايلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر كىشى ئاچلىقتىن ئۆلسە، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ زىممىسى (يەنى كاپالىتى) ئۇلاردىن بىزار.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قايسى بىر كەنت ئاھالىسىدە بىر كىشى ئاچلىققا دۇچار بولسا، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ زىممىسى ئۇلاردىن بىزاردۇر.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ توق ياتقان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىدۇر.»

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ مۇسۇلمان - كاپىر ئايرىماستىن پۈتۈن ئىنسانلارنى ئوخشاش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك: ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە كاپالەت ئومۇمىيدۇر. ئەگەر بايلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە قولۇم - خوشنىلار بۇ دىنىي ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىسا، بەيتۇلمالدىن ئۇنى ئورۇنداش ۋاجىپ بولىدۇ. يۇقىرىدا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاجىز يەھۇدىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالدىن مائاش توختاتقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىجتىمائىي كاپالەت، ئادالەت ۋە ھەمكارلىقنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسانلارغا قەھەتچىلىك ۋە قۇرغاقچىلىق يۈزبەرسە، ھەممە كىشىنىڭ ئۆيىنى ئوخشاش قىلمەن، چۈنكى ئىنسانلار قورساقلىرىنىڭ يېرىملىقى بىلەن ھالاك بولمايدۇ.»

## ئىسلامدا ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ۋە ھەمكارلىقنىڭ يوللىرى

كىرىزىس ۋە قىيىنچىلىقلار يۈز بەرگەندە ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى بەرپا قىلىش ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى كۆپتۇر، ئۇنىڭدىن بەزىسىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز:

1 - زاكات: ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق رۇكنلىرىدىن بىرى، بايلارنىڭ مېلىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەققى ۋە دىنىي پەرزدۇر. ئۇ پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، قەرزدارلارغا، مۇئەللىفەتۇلقۇلۇب (يەنى ئىمانىي ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ياكى بەزى كاپىرلارنى ئىسلامغا قىزىقتۇرۇش ياكى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ)، ئاللاھ يولىدا(يەنى جىھاد ۋە دەۋەت ئۈچۈن)، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرغا بېرىلىدۇ.

زاكات ئىجتىمائىي كاپالەتلىككە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ: «يوقسۇللۇق كۇپرى بولغىلى تاس قالدى» دەپ ئاگاھلاندۇرغان پېقىر ۋە يوقسۇللارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ھەسسە قوشۇشتا ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە.

زاكات ھەققىدە سۆز بەك ئۇزۇن، ئۇ ئىسلام تارىخىدا ئىجتىمائىي كاپالەتتە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، زامانىمىزدىمۇ ئۇ ئالىي نەتىجىلەرنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇۋاتىدۇ، يوقسۇل، موھتاجلارغا، يېقىن ئائىلىلەرگە، ھەتتا ئىشچى، خىزمەتچى ۋە ھاجەتمەنلەرنى بېقىشتا زاكاتنىڭ ۋەزىپىسى مۇقەددەستۇر، بولۇپمۇ ئۇ تولۇق ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلىنغاندا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ بايلارنىڭ مېلىدا پېقىرلارنىڭ ھاجىتىگە يەتكۈدەك نەرسە پەرز قىلدى(يەنى بايلارنىڭ بېرىدىغان زاكات مىقدارى بىلەن يوقسۇللارنىڭ سانى ئوخشاش)، ئەگەر كەمبەغەللەر ئاچ قالسا، يا يالىڭاچ قالسا ياكى قىيىنچىلىقتا چۈشۈپ قالسا بۇ بايلارنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەنلىكتىن بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئازابلاش ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر.»

بىرىنچى ئەسىرلەردىكى ئىسلام دۆلىتى زاكاتنى توپلاشقا، توپلانغان مالنى تارقىتىش ۋە سەرپ قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئۇ كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى قانۇنلاشتۇراتتى ۋە ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى.

2 ـ ۋەقف: ئۇ مالنى توختىتىش ۋە پايدىسىنى ياخشىلىق ۋە ئېھسان يولىدا ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. فىقھى كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس باب ئاجرىتىلغان، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېيىشى بىلەن يولغا قويۇلغان: «ئەگەر خالىساڭ ئەسلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پايدىسىنى سەدىقە قىلاتتىڭ.»

مۇسۇلمانلار تارىختىن بىرى ھازىرغىچە مۇشۇ توغرا يولدا مېڭىپ كەلدى، مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئالىملار، باشلىقلار، بايلار، تىجارەتچىلەر ۋە ھەتتا ئوتتۇراھال تۇرمۇشتىكى كىشىلەر كاتتا زېمىنلارنى ۋە چەكسىز يەرلەرنى ياخشى ئىشلارغا، ھاجەتمەن ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىلەرگە چىقىم قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ۋەقفە قىلىشتا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. بۈگۈنكى رېئال ھايات بۇ ۋەقفەلەر (پوندى جەمئىيەتلەر) نىڭ بارلىقىغا ئەڭ چوڭ شاھىت، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس مىنىستىرلىك "ۋەقفىلەر مىنىستىرلىكى" قۇرۇلدى. بۇ مىنىستىرلىكلەر ھەرخىل ئىسلامىي ئىشلارغا كېپىل بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، تارىخ بويىچە ۋەقفىلەر ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ھەمكارلىققا ھەسسە قوشىدۇ.

3ـ ھەرخىل سەدىقىلەر: ھەدىس شەرىپتە: «مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار، دېيىلدى. قۇرئان كەرىمدە ياخشى يوللارغا ئۇرۇق ـ تۇغقاندىن باشلاپ پۈتۈن

مۇسۇلمانلارغا، ئۇنىدىن كېيىن ئىسلام جەمئىيىتىدە ياشايدىغان غەيرىي مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىشقا چاقىرىدىغان ۋە سەدىقىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدىغان ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجەتمەنلەرگە پۇل ۋە مال ياردەم قىلىنىدۇ، زامانىمىزدا "ياردەم جەمئىيىتى" پەيدا بولدى، ئۇ بايلار بىلەن ھاجەتمەنلەر ئارىسىدا ۋاستىلىك قىلىدۇ، ئايلىق ۋە يىللىق ياردەمنى توپلايدۇ، پېقىر كىشىلەرنى، ھاجىتىنى ئاشكارا قىلالمايدىغان ئائىلىلەرنى ۋە كىشىلەر باي دەپ ئويلاپ قالىدىغان ھاجەتمەنلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلارغا ياردەم خىزمىتىنى سۇنىدۇ، ئىسلامىي مەملىكەتلەرنىڭ ھەر تەرىپىدە بۇ جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەرخىل ساھەدىكى خىزمەتلىرى كۆرۈلمەكتە. ھۈنەر ـ كەسىپ بىرلەشمىلىرى، ياردەم پۇندى شىركەتلىرى ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

4ـ بەيتۇلمال: ئۇ دۆلەتنىڭ خەزىنىسى بولۇپ، يوقىرىدىكى كىرىملەرنى ئېھتىياتى ساقلايدۇ ۋە باشقا ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدۇ.

## دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە خەلقئارالىق كېلىشىملەردە ئىجتىمائىي كاپالەت

دۇنيانىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىدە ئىجتىمائىي كاپالەت يولغا قويۇلمىغان ئىدى. لېكىن ئىشچىلار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، سانائەت ئىنقىلابى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن بۇ ھەقلەر قارار قىلىندى، ئىشچىلار ئىش ھادىسلىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ئاجىزلىق، توسقۇنلۇق، كېسەللىك ۋە قېرىلىقتۇر. شۇنىڭدەك، ئىجتىمائىي كاپالەتلىك، ئىشسىزلىق ۋە ئىشتىن توختاپ قالغان ھالەتلەردىمۇ ئاشكارا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن خەلقئارالىق ئىش تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە قارارلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.

سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق ھادىسلەر ئىشچىلارنى بىكار قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىپ قويدى ۋە كۆپ ھاللاردا ئۇلارنى مەڭگۈ ئاجىز قىلىپ قويدى.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسىنىڭ 23 ـ ماددىسىدا ئىشچىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتلىكى ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدى: «ھەر بىر ئىنسان ئىشلەشكە، ئىشنى ئۆز

ئەركىنلىكى بىلەن تاللاشقا... ھەمدە ئىشسىزلىقتىن قوغدىنىشقا ھوقۇقلۇق.» 24 ـ ماددىدا ئىجتىمائىي قوغدىنىشنىڭ باشقا بىر يولىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلىندى ۋە 25 ـ ماددىدا ئىجتىمائىي كاپالەتلىك تېخىمۇ كەڭ ئىزاھلىنىپ مۇنداق دېيىلدى: «ھەر بىر ئىنسان ئىشسىز قالغاندا، قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا، ئاجىزلاشقاندا، تۇل قالغاندا ياكى باشقا جەھەتتىكى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولغاندا كاپالەتلىك قىلىنىش ھوقۇقى بار.»

1966 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدىنىي ھوقۇقلار توغرىسىدا چىقىرىلغان خەلقئارالىق كېلىشىم ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ھوقۇقىنى تەكىتلىدى، ئۇنىڭ 9 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلدى: "بۇ كېلىشىمگە قول قويغان بارلىق دۆلەتلەر ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتلىك قىلىنىش ھوقۇقى بارلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي تەمىنلىنىش ھوقۇقىمۇ بار."

ئونىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "ئائىلىگە مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ كەڭ دائىرىلىك ھىمايە بېرىش لازىم... بولۇپمۇ ئانىلارنى تۇغۇش ئالدىدا ۋە تۇغقاندىن كېيىن ئالاھىدە قوغداش لازىم... پۈتۈن باللار ۋە مېيىپ كىشىلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش لازىم.

## ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئىجتىمائىي كاپالەت

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئىجتىمائىي كاپالەتنى ئىشچىلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارغا كېڭەيتتى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەقلەرنى تولۇقلاشنى يۈكلىدى. بۇ 17 ـ ماددىنىڭ ئۈچ پاراگرافىدا ئىزاھلاندى.

«1 ـ ھەر بىر ئىنسان بۇزغۇنچىلىقلاردىن ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن يىراق، مەنىۋى كىشىلىكىنى قۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان پاك مۇھىتتا ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بۇ ھەقنى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك.»

«2 ـ ھەر بىر ئىنسان سالامەتلىك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلىك ھوقۇقىغا ئىگە، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇمكىن بولغان دەرىجىدە ئۇنىڭ موھتاج بولغان ھاجەتلىرىنى تەييارلاپ بېرىشى كېرەك.»

«3 ـ دۆلەت هەر بىر ئىنساننىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ۋە تەلىم ـ تەربىيە، داۋالىنىش ۋە باشقا ئاساسىي ھاجەتلىرىگە تولۇق يېتىدىغان ھالەتتە ياخشى ھايات كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.»

بۇنىڭدىن سۆزنىڭ ئومۇمىي بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭدا شەرئى ھۆكۈملەرگە ئىشارەت قىلىنغان، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي كاپالەتكە كېپىللىك قىلىشنىڭ يوللىرى بايان قىلىنماستىن دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە يۈكلەنگەن.

# ئالتىنچى پەسىل

# ئىگىلىك ھوقۇقى

### ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى

مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى يەنى ئىنساننىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغۇچىنىڭ ئۆز مۈلكىدە تەسەررۇپ قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنىڭ بولۇشىدۇر. ئۇ ئەسلىدە مالنىڭ ئۆزىدىكى ھوقۇق ئىدى، كېيىن مەنىپەئەتلەر ۋە ھوقۇقلار قوشۇلدى، بۈگۈنكى ئەدەبىي ھوقۇقلارمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئىگە بولۇش ئەسلىدە ئىسلامدا بەش زۆرۈر ئىشنىڭ بىرى قوبۇل قىلىنىدىغان مالدا بولىدۇ. مال ھاياتنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھاياتتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇ ئىشلەپ چىقىرىش ۋە تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئۇنسۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، دۆلەت نىزامىنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇ مال ۋە مۈلۈككە قاراپ ھەرخىل نىزاملارغا بۆلىنىدۇ، مال بىر تەرەپتىن ھايات نېمەتلىرىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ زىننىتى ۋە ئىنسان ئۇنى سۆيىدىغان تەبىئەتتە يارىتىلغان.

قۇرئان كەرىم ئىگىلىك ھوقۇقىنى قارارلاشتۇرىدۇ ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئىنسانغا مەنسۇپ قىلىدۇ، چۈنكى ئىنسانلار ئۇنى ئەسىر قىلىدۇ، ئۇنى توپلاشقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ۋە ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار.» (سۈرە بەقەرە 188 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسىي قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار.» (سۈرە نىسا 5 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن.» (سۈرە مۇنافىقۇن 9 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر.» (سۈرە بەقەرە 279 ـ ئايەت)

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىم مالنى تەسەررۇپ قىلىش هوقۇقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ.» (سۈرە لەيل 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ(سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، هەر باشقىدا يۈز دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 261 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى هەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ئېهسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاهىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 274 ـ ئايەت)

شەرىئەت كىرىم قىلىشنىڭ كۆپ خىل يوللىرىنى قارارلاشتۇردى، بەدەللىك توختاملار (يەنى تىجارەتنىڭ تۈرلىرى)، ئۆلۈك يەرنى ئىسلاھ قىلىش[1] ياردەم ۋە مىراس توختاملىرى، ئەسلى مۇباھ بولغان مالنى ئېلىش ۋە هالال مال كەسىپ قىلىپ، هارام مالدىن يىراقلىشىش ئۈچۈن توغرا بولغان پۈتۈن يوللار دۇر.

شۇنىڭدەك، شەرىئەت تىجارەت، زىرائەت، شىركەتلەر، سانائەت، يەر ئىسلاھ قىلىش، قاتناش ۋاستىلىرى ۋە پايدىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بارلىق يوللار بىلەن مالنى كۆپەيتىشنى قارارلاشتۇرۇپ، بېسىمدارلىق، باشقىلارنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، جازانىخورلۇق ۋە باشقا زىيانلىق يوللارنى مەنئى قىلدى.

ئىگىلىك ئەسلىدە شەخسلەرنىڭ بولۇپ، ئۇ شەخسي مۈلۈكتۇر. ئىسلام خەلقنىڭ هاجىتىگە تەئەللۇق بولغان، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئەهمىيەتلىك بولغان ۋە

---

[1] ئىمام ئەهمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رەسۇلۇللاهنىڭ مۇنۇ هەدىسىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر ئۆلۈك يەرنى ئىسلاھ قىلسا ئۇيەر ئۇنىڭ مۈلكى بولىدۇ، زالىمنىڭ تەرىنىڭ هەققى يوق.

ئىدارىچىلەر تەرىپىدىن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىدە سەرپ قىلىنىدىغان ماللارغا دۆلەتنىڭ ئىگە بولۇشىنى بېكىتتى. بولۇپمۇ زامانىمىزدا بايلىق مەنبەلىرى، قورال زاۋۇتلىرى، چوڭ تىپتىكى سانائەتلەر ۋە تەبىئىي بايلىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەر دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ.

## مۈلۈكنى قوغداش

شەخسلەرنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى قارارلاشتۇرۇلغان ئىكەن ئۇ مالنىڭ ھىمايە قىلىنىشى لازىم. بۇنى شەرىئەتتە باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشنى مەنئى قىلىش ۋە مېلىنى قوغداش ئۈچۈن دۆلەت ئورگانلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش بىلەن سابىت قىلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بىر- بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.» (سۈرە بەقەرە 188 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر مۇسۇلمانغا يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئىپپىتى ھارامدۇر(يەنى بۇلارغا چېقىلىش ھارامدۇر).»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ مېلى ھالال بولمايدۇ، پەقەت ئۆزى كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن بەرسە ھالال بولىدۇ.»

ئۇ ۋىدالىششش ھەججىدە مۇنداق دېگەن: «قېنىڭلار ۋە مېلىڭلار پەرۋەردىگارىڭلارغا ئۇچراشقۇچىلىك سىلەرگە ھارامدۇر.»

رەسۇلۇللاھ كىشىنىڭ مېلىنى ناھەق يېيىشنىڭ ھاراملىقىنى، ناھەق قان تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىغا قوشۇپ زىكرى قىلدى، چۈنكى ھەر ئىككىسى ئىنساننىڭ زۆرۈرى مەنپەئەتلىرىدىندۇر.»

شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ماللىرىغا قول ئۇزىتىشى جائىز بولمايدۇ، ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنى ئىشلەتسە بولمايدۇ، ئۇ فىقھى ئالىملىرى تەرىپىدىن «ھېچبىر كىشىنىڭ شەرئى سەۋەبسىز باشقىلارنىڭ مېلىنى ئېلىشى جائىز بولمايدۇ» ۋە «ھېچبىر كىشىنىڭ باشقىسىنىڭ مۈلكىدە ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تەسەررۇپ قىلىشى جائىز بولمايدۇ» دەپ فىقھى قائىدىدە بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدەك،

ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەت قاتارلىق جىنايەتلەرگە مۇشۇ دۇنيادا ئېغىر جازالار بېكىتىلدى. ھەتتا ئۆيگە كىرىشكىمۇ ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت ئېلىشنى بۇيرۇدى ۋە پارىخورلۇقنى ھارام قىلدى.

رەسۇلۇللاھ مالنى ھالاك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كىشلەرنىڭ ماللىرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئالسا ئاللاھ ئۇ ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئالغان نەرسىنى ئادا قىلغۇچىلىك ساقلاش ۋاجىپتۇر.» فىقھى ئالىملىرى مالنى تۆلەشنى قارارلاشتۇردى.

## مۈلۈكچىلىككە تەئەللۇق ھوقۇقلار

بىر تەرەپتىن ئىگە بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن مۈلۈكنى قوغداش ھوقۇقىدۇر. يەنى شەرتسىز مال توپلاش ۋە شەرتسىز تەسەررۇپ قىلىش يوق، شۇڭلاشقا شەرىئەت مال سەرپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇستەھكەم نىزاملارنى ۋە ئۇنى قازىنىدىغان توغرا يوللارنى بېكىتتى، ئۇ مالغا باشقىلارنىڭ ھەققى تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلىش مال ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. بۇ ھەقلەرنىڭ مۇھىملىرى:

1 ـ زاكات بېرىش: ئۇ شەرتى توشقان مالنىڭ مەخسۇس بىر قىسمىنى بەلگىلەنگەن كىشلەرگە بېرىشتۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ ھەققى بولۇپ، مەلۇم كىشلەرگە بېرىلىدۇ، قۇرئان كەرىم سەدىقە ئايىتىدە زاكاتنىڭ كىملەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئوبدان) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت) فىقھى كىتابلىرىدا زاكاتنىڭ مەخسۇس ھۆكۈم ۋە بابلىرى باردۇر.

2 ـ مالنى خىراجەت قىلىش: مالنى ئەڭ ئاۋۋال ئىگىسى ئۆزى ئۈچۈن خىراجەت قىلىشى ۋاجىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بىلەن ئايالى، بالا ـ چاقىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن خىراجەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ياخشى ئىشلارغا ياردەم سەدىقە قىلىشى لازىم. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى ئاللاھنى

ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ.» (سۈرە فۇرقان 67 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: ‹مال ـ مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ، ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ›.» (سۈرە بەقەرە 215 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن.» (سۈرە تالاق 7 ـ ئايەت)

فىقھى ئالىملىرى ئىنساننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولغان نەپىقە ۋە خىراجەتلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر باب ئايرىدى. شۇنىڭدەك، ياخشىلىق يوللىرىدا ۋە ئاللاھ يولىدا مال خىراجەت قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر مەۋجۇد. بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەندە بىر تىللا بار» دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن خىراجەت قىل» دەيدۇ. ئۇ «مەندە يەنە بىر تىللا بار» دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى بالاڭ ئۈچۈن خىراجەت قىل» دەيدۇ. ئۇ «مەندە يەنە بىر تىللا بار» دىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى ئائىلەڭگە خىراجەت قىلغىن... دېدى.»

3 ـ مالنى كۆپەيتىش: مال ئىگىسىنىڭ شەرىئەتتە دۇرۇس قىلىنغان يوللارنىڭ بىرى بىلەن مېلىنى كۆپەيتىشى كېرەك. ئۇنى ئۆستۈرۈپ كۆپەيتمەستىن زاپاس قىلىپ بېسىپ قويۇش ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىرىنچىدىن مالنىڭ مەنپەئەتىنى يوقىتىدۇ، ئىككىنچىدىن ئىشلەش يوللىرىنى ئازايتىدۇ، ھەتتا يېتىم ۋە تەسەررۇپتىن مەنئى قىلىنغان كىشىنىڭ مېلىنىمۇ كۆپەيتىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسىي قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ

قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار.» (سۈرە نىسا 5 ـ ئايەت) يەنى ئۇ مالدا تىجارەت قىلىڭلار ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈڭلار، ئۇنىڭدىن چىققان پايدىلاردىن ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بېرىڭلار، شۇنىڭدەك، مالنىڭ سەدىقە ۋە خىراجەت بىلەن كېمىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تىجارەت قىلىشقا بۇيرۇق قىلىندى.

ھەقلەرنىڭ مۈلۈكچىلىككە تەئەللۇق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ھەقىقەتتە مال ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھ ئىنسانىنى ئۇنىڭدا ئورۇنباسار قىلدى ۋە ئۇنى مۇئەييەن خىزمەتكە بەلگىلىدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئاللاھ ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازات قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلارغا) بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر(يەنى پاھىشىگە مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ).» (سۈرە نۇر 33 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.» (سۈرە بەقەرە 254 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار.» (سۈرە ھەدىد 7 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 3 ـ ئايەت)

ئەمەلى ۋە رېئال ھەقىقەت شۇكى، مۈلۈك ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭدۇر، مال ئىگىسى ئۆلىدۇ ۋە ئۇ مال باشقىلارغا قالىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «زېمىنغا ۋە زېمىن

ئۇستىدىكى بارچىگە چوقۇم بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ.» (سۈرە مەريەم 40 ـ ئايەت)

مال ـ مۈلۈك ۋە ھوقۇقنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە ھېكمەتلىك نىزام بىلەن ۋارىسلارغا يۆتكىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا مىراس قانۇنىنى بېكىتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرىكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرىكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئاللاھنىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ.» (سۈرە نىسا 7 ـ ئايەت)

ئاندىن ئاللاھ تەئالا مىراس ھۆكۈملىرىنى سۈرە نىسانىڭ 11 ـ 12 ۋە 176 ـ ئايەتلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلدى. مىراسنى ۋارىسلارغا ئۈلەشتۈرۈشنى ئىجرا قىلىشتا سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدىغان، ئاللاھنىڭ كەسكىن قانۇنلىرىدىن قىلدى. ئاللاھ تەئالا 11 ـ ۋە 12 ـ مىراس ئايىتىدىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ھۆكۈملەر) ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» (سۈرە نىسا 13 ـ 14ـ ئايەتلەر)

## مۈلۈكچىلىكنىڭ شەرتلىرى

ئىسلامدا مۈلۈكچىلىك، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش ھوقۇقى ۋە مۈلۈكنى قوغداش شەرتسىز قويۇپ بېرىلگەن ئەمەس. بەلكى مۈلۈكچىلىكنىڭ توغرا يول بىلەن بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا كېلىدىغان زىيان ۋە بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى نۇرغۇن شەرتلەرگە باغلانغاندۇر. بۇ شەرتلەر ھەر تۈرلۈك بولۇپ، زامانىمىزدىكى ئالىملار

بۇ ھەقتە ئاللاھ ئالاھىدە ئىلمىي ئەسەرلەر يازدى. ئۇ قەيتلەر قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئىگە بولىدىغان مالغا قويۇلغان شەرتلەر: ئۇ بەزى نەرسىلەرنى مۈلۈكچىلىك دائىرىسىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنى ھارام قىلىشتۇر. چۈنكى ئەشيالار ئەسلىدە مۇباھتۇر(يەنى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر شەرىئەتتە ئىشلىتىش دۇرۇستۇر ـ ت). لېكىن ئاللاھ تەئالا بەزى نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشنى ھارام قىلدى، ئۇ نەرسىلەرنى مۈلۈك قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، مەسىلەن: نىجاسەت، ھاراق، چوشقا، قان ۋە ئۆزى ئۆلگەن ھايۋان قاتارلىقلار. بۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش جائىز بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قىلىنغان سودا باتىلدۇر، بۇ قىسمىنىڭ ئىچىگە باشقا ئىنسانلارنىڭ مۈلكىمۇ كىرىدۇ، ئۇ ماللار ئىگىسىدىن باشقىسىغا ھارامدۇر، ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇ ماللارغا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ھېچ بىر كىشىنىڭ ھەققى يوقتۇر.

2 ـ مال ئىگىسىنىڭ مۈلكىدىن پايدىلىنىش، سەرپ قىلىش ھوقۇقىغا قويۇلغان شەرتلەر: مەسىلەن: مال سەرپ قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، بۇزۇپ چېچىش، بېخىللىق قىلىش، بالا ـ چاقىسىنىڭ نەپىقىسىنى تولۇق بەرمەسلىك، ئىسراپخورلۇق قىلىش ۋە ئەقىلسىزلىككە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشتىن مۈلۈك ئىگىسىنى چەكلەشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھى ئالىملىرى ئەخمەقلەرنى، مالنى بىھۇدە بۇزۇپ چاچقۇچىلارنى، ساراڭلارنى مۈلكىدە تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەشنى قارارلاشتۇرغان. ئىسراپتىن، بۇزۇپ چېچىشتىن، چېكىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ۋە بېخىللىقتىن توسىدىغان نۇرغۇن شەرئى دەلىللەر بار. مال ئىگىسىنىڭ ھوقۇقىغا قويۇلغان شەرتلەردىن بىرى باشقىلارغا زىيان ئۇرماسلىقتۇر. مال ئىگىسىنىڭ ئۆز مۈلكىدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەگەر مالغا باشقىسىنىڭ ھەققى ئارىلىشىپ قالسا، مۈلۈك ئىگىسى ئۇ مالنى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام فىقھىدا ‹ھەققىنى قوللىنىشتا زوراۋانلىق قىلىش› نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. مەيلى مال ئىگىسى باشقىلارغا زىيان ئۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئوخشاش. بۇ خۇسۇسەن بىر ـ بىرىگە چېگرىداش زېمىندىن پايدىلانغاندا دىققەت قىلىشقا

تېگىشلىك مەسىلە. زامانىۋى قانۇنلار بىنادىكى قوشنىلار ئارىسىدا، زىرائەت ئېتىزلىرىدا، زاۋۇت ـ فابرىكىلاردا، قاتناش ۋاستىلىرىدە ۋە يوللاردا ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىيان ئۇرۇشىنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن تەپسىلىي ھۆكۈملەرنى بېكىتتى.

3ـ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە تەئەللۇق شەرتلەر: بۇ شەرتلەرنى دۆلەت ئادالەتكە رىئايە قىلىش ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىم شەخسنىڭ مۈلكىنى ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئادالەت بىلەن بەدىلىنى بېرىپ ئېلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇنىڭدەك، زامانىمىزدا دۆلەتلەر نېفىت، دېڭىز، دەريا، ئۆستەڭ ۋە تەبىئىي بايلىقلارغا شەخسلەرنىڭ ئىگە بولۇشىنى مەنئى قىلىدۇ. ئۇنى ئاممىغا خىزمەت قىلىش ۋە پېقىر موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن كۆچ مەنبەئى قىلىپ ساقلايدۇ.

4 ـ ئىجتىمائىي ئادالەتكە تەئەللۇق شەرتلەر: ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ماللارغا زاكات پەرز قىلىندى، ئاندىن سەدىقە تەلەپ قىلىندى، ئۇندىن كېيىن ئاممىنىڭ مەنپەئەتى، ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنى سېلىش، ئەسكەر، تەلىم ـ تەربىيە ۋە سەھىيە ئۈچۈن چوڭ بايلارغا باج قويۇلدى. بۇ بولسا بايلارنى پېقىر، مىيىپلارغا ياردەم قىلىشقا ھەسسە قوشۇشقا زورلاشتۇر. شۇنىڭدەك، دۆلەت مالنىڭ باھاسىغا ئارىلىشىش، بېسىمدارلىقنى مەنئى قىلىش ۋە مال ئىگىلىرىنىڭ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى چەكلەش ھوقۇقىغا ئىگە.

بۇنىڭ ئىچىگە دۆلەتلەر قويغان ئىشچىلار، خىزمەتچىلەر مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىجتىمائىي كاپالەتكە شېرىك بولۇش، ئىش ئۈستىدە يۈز بېرىدىغان ھالاكەت، ياكى پېنسىيىگە چىقىش، ياكى خىزمەتتىن ئايرىلىش، ياكى ئاچلىق پالاكىتىنى ھەل قىلىش، ياكى تەبىئىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدەلمۇ كىرىدۇ. بۇ پۈتۈن خەلقنىڭ ياردەملىشىشى ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بولىدۇ. بۇ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ھېچ بىر ئىنسان يېرىم قورساق ئۆلمەيدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن تەتبىقلىغان قانۇنىدۇر. ئىبنى ھەزىم ئاشكارا مۇنداق دەيدۇ: «زاكات يەتمىگەن چاغدا دۆلەتنىڭ بايلاردىن پېقىرلارنىڭ ھاجىتىگە يەتكۈدەك نەرسە ئېلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.»

## ئېلىم ـ سىتىم ئەركىنلىكى

ئېلىم ـ سىتىم ئەركىنلىكى مۈلۈككە ئىگە بولۇش ئەركىنلىكىنىڭ بىر پارچىسى ۋە ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى تولۇقلىغۇچىدۇر. چۈنكى ئىگە بولۇش ۋە مۈلۈكنى قوغداش، مال ئىگىسىنىڭ مۈلكىنى توغرا كۆرگەن يولدا تەسەررۇپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ خالىغان ئەقدىنى تاللايدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە رازىلىقى ئەقدىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئىسلام شەرىئىتى مال ئىگىسىگە ئېلىم ـ سىتىم قىلىش ئەركىنلىكىنى بەردى ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئەقدىنىڭ ئاساسى قىلدى[1]. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق ۋە قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا.» (سۈرە نىسا 29 ـ ئايەت)

شەرىئەتتە ئەقدە تامام بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار.» (سۈرە مائىدە1 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر.» (سۈرە ئىسرا 34 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك، پەقەت ھالالنى ھارام قىلىدىغان، ياكى ھارامنى ھالال قىلىدىغان شەرت بولسا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ.» ئۇ يەنە: «ئۈممىتىمدىن خاتا، ئۇنتۇغانلىق ۋە مەجبۇرلانغان نەرسە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. (يەنى بىر ئىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەي

[1] ئەقدە سۆزى توختام دېگەن بولىدۇ. تىجارەتتە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنى مال ئىگىسى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئارىسىدا سېتىلىدىغان مال ۋە ئۇنىڭ بەدىلى بولغان پۇلدا ئۆز رازىلىقى بىلەن پۈتۈشكەن كېلىشىم ''ئەقدە'' دېيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ''تەئاقۇد'' سۆزى ئېلىم ـ سېتىم دەپ تەرجىمە قىلىندى.

قىلىپ سالسا، ياكى قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ قىلمىسا، ياكى باشقىسى تەرىپىدىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلماسلىققا ياكى قىلىش مەنئى قىلىنغان بىر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئاساستا قىلسا، بۇ ئۈچ خىل ئىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ ـ ت) مەجبۇرلاش ئەقدىنى باتىل قىلىدۇ ۋە توختىتىدۇ.

شەرتلەر ئىككى قىسىم بولىدۇ

1 ـ شەرئى شەرتلەر: ئۇ ـ شەرىئەت تەرىپىدىن ھۆكۈم ۋە تەسەررۇپلار ئۈچۈن قويۇلغان شەرتلەردۇر. ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىشتا قويۇلغان شەرتلەرگە ئوخشاش.

2 ـ قويۇلغان شەرتلەر: ئۇ ــ سودا ـ سېتىقتا ئىككى تەرەپ، بىر تەرەپنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپنىڭ ھېسابىغا قويغان شەرتلەردۇر. بۇ قويۇلغان شەرتلەرنىڭ شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە قىلىشقان ئەقدىنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭغا زىت بولسا قىلغان ئىش باتىل بولىدۇ. مەسىلەن، ساتقۇچى ئالغۇچىغا ئىگىدارچىلىقنى يۆتكىمەسلىكنى، ياكى سېتىۋالغۇچىنىڭ مۈلكىيىتىنى قەيت قىلىشنى، ياكى خېرىدار سېتىۋالغان مالدىن پايدىلانماسلىقنى شەرت قىلسا، بۇنىڭ باتىللىقىغا ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا پۈتۈن ئالىملار ئورتاق پىكىردە. ئەمما شەرتلەر شەرىئەتنىڭ ھېكمىتىنى تاماملىغۇچى ۋە ئەقدىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولسا، كاپالەت ۋە گۆرۈگە ئوخشاش جائىز بولىدۇ.

ئەمما شەرتلەر ئەقدىنىڭ تەلىپىنىڭ سىرتىدا بولسا، ئۇ ـ ئەقدىگە قوشۇلىدىغان ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۆپەيتىدىغان ياكى بۇ مەسئۇلىيەتنى كۆچلەندۈرىدىغان شەرتلەردۇر. بۇ خىل شەرتلەر مەزھەپ ئالىملىرى ئىختىلاپلاشقان شەرتلەردۇر. ھەنبەلى مەزھىپىدە ئۇنىڭغا بەك كەڭچىلىك قىلىدۇ. مالىكىلەر ئازراق كەڭچىلىك قىلىدۇ. ھەنەفىلەر قاتتىق چەكلەيدۇ. شافىئىلار بوشراق چەكلەيدۇ.

ئىبنى قەييۇم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقدە (كېلىشىم) ۋە شەرتلەردە ئەسلى دۇرۇس بولۇش، پەقەت شەرىئەت باتىل قىلغان ۋە چەكلىگەن نەرسىلا دۇرۇس بولمايدۇ، سەھىھ سۆز مانا مۇشۇ.» باشقا بىر سۆزىدە: «ئەقدە ۋە مۇئامىلىلەردە ئۇنىڭ باتىل ۋە ھارام قىلىنغانلىقىغا دەلىل تېپىلغۇچىلىك دۇرۇس بولىدۇ. يەنى سودا ـ سېتىق قىلىشقۇچىلار

ئوتتۇرىسىدا قويۇلغان شەرتلەر ئۇنى مەنئى قىلىدىغان مۇئەييەن بىر دەلىل كەلمىگۈچىلىك دۇرۇس بولىدۇ.» لېكىن ھەنەفىلەر: شەرتلەردە ئەسلى ھۆكۈم ئۇنى جائىز قىلىدىغان دەلىل كەلمىگۈچىلىك مەنئى قىلىشتۇر، دەيدۇ. سودا - سېتىق قىلىش ئەركىنلىكى بىرىنچى پەسىلدە بايان قىلىنغان ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

## دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى

مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى قەدىمدىن تارتىپ بارلىق قانۇنلاردا قارارلاشتۇرۇلغان بىر ھەقتۇر. لېكىن قەيتلەر، ئىگە بولۇش سەۋەبلىرى، مال ئىگىسىنىڭ ھوقۇقى، مۈلكىدىن پايدىلىنىش ۋە مۈلكىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ھۆكۈملەر پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپادا مىلىتارىستلار ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى، ئۇندىن كېيىن كاپىتالىزم مەيدانغا چىقىپ، مۈلۈكچىلىك ئەركىنلىكىنى ھېچقانداق قەيتسىز ۋە شەرتسىز قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بايلار ۋە مال ئىگىلىرى خەلقنى ئېزىشكە ۋە مەملىكەتنىڭ مەنپەئەتىنى قولىغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئىشچى - دېھقان ۋە كەمبەغەللەرنىڭ تەقدىرىنى ئىگىلىۋالدى. زۇلۇم شۇ قەدەر ئېشىپ كەتتىكى، خەلق يوقسۇللۇق ۋە ئاچلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالدى، كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بۇ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش مەيدانغا كەلدى. بىراق كوممۇنىستلارمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، شەخسى مۈلۈكچىلىكنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلىدى، پۈتۈن مۈلۈكچىلىكنى دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزدى ۋە دۆلەت بارلىق ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇشلىرىغا ئىگە بولىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار پەقەتلا ئىش سايمانلىرىغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار پۈتۈن كۈن ھارماي تالماي ئىشلەيدىغان ۋە دۆلەتنىڭ بەرگەن ئازراق دارامىتىگە رازى بولىدىغان بولدى. 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنى ئاستىدا ئىنتايىن تار دائىرىدە شەخسلەرنىڭ ئاز بىر مۈلۈككە ئىگە بولۇشىغا رۇخسەت بېرىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانىنىڭ تىرىشچانلىقى يوقالدى پىكىر يۈرگۈزۈش، ئويلاش ۋە ئىجات قىلىش توختىدى، ئىقتىساد تۆۋەنلىدى. ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلىشى سوۋېتتا كوممۇنىزمنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولدى.

خەلقئارالىق كېلىشىملەر مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى قارارلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى. دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 17 ـ ماددىسىدا مۈلۈكچىلىك توغرىسىدا مۇنداق دېيىلدى: «1 ـ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن شېرىك ھالدا مال ـ مۈلۈك تۇتۇش ھوقۇقى بار. 2 ـ ھېچكىمنى مال ـ مۈلكىدىن خالىغانچە ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.»

1966 ـ يىلى چىقىرىلغان «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق كېلىشىم» ۋە «مەدەنىيەت ۋە سىياسەت ھوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق كېلىشىم» نىڭ بىرىنچى ماددىلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «پۈتۈن خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار، ئۇلار سىياسىي ئەركىنلىكىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ، پۈتۈن خەلق خۇسۇسىي مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى ۋە تەبىئىي كىرىمىنى ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە...»

## ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسى مال ـ مۈلۈك تۇتۇش ھوقۇقىنى بىز يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىسلامىي پىكىر ۋە شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھالدا قانۇنلاشتۇردى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ مال ـ مۈلۈك تۇتۇش ھوقۇقىنى قانۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، باشقىلارغا زىيان ئۇرمىغان ھالدا مۈلكىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىشارەت قىلدى ۋە زۆرۈرىيەت بولماستىن، بەدىلىنى تۆلىمەستىن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىشنى مەنئى قىلدى. شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن سەۋەب بولماستىن ماللارنى مۇسادىرە قىلىشنى قەتئىي ھارام قىلدى.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 15 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلدى: "1 ـ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ شەرىئەت يولى بىلەن مال ـ مۈلۈك تۇتۇش، ئۆزىگە ياكى باشقا كىشىلەرگە ياكى جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزمەستىن مۈلكىدە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بار. ھېچقانداق كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئاممىۋى

مەنپەئەت ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ئادالەتلىك ھالدا بەدىلىنى دەرھال تۆلەش بىلەن ئېلىشقا بولىدۇ. 2 ـ شەرئى سەۋەب بولماستىن مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ياكى ئۇنى يېغىۋېلىش قەتئىي ھارام قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئۆتكەن بايانلاردىن ئىسلامنىڭ مۈلۈكچىلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ مۆتىدىل بولغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. ئىسلام مال ـ مۈلۈك تۇتۇش ئۈچۈن بەزى شەرتلەرنى بەلگىلىدى، كەسىپ قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى، مۈلكىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى كۆپەيتىشنىڭ يوللىرىنى بېكىتتى. بۇنىڭ قانچىلىك توغرا ئىكەنلىكى ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى، كاپىتالىزم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن نەزەرىيىسىدە تەجرىبە بىلەن كەشىپ قىلىندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىختىن يىگىرمىنچى ئەسىرگىچە ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرى ۋە دۇنيانىڭ يۆنىلىشى، ئىسلامنىڭ ۋە ھەق دىنىنىڭ مۆتىدىللىكىگە قاراپ يول ئېلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئىسلام پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قانۇندۇر، ئاللاھ تەئالا ھەممە نەرسىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈچى ۋە ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار زاتتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.»

### پاتېنت ھوقۇقى

پاتېنت ھوقۇقى يېڭى ئەسىردە پەيدا بولغان ھوقۇقلاردۇر. ئۇ – ئىنساننىڭ ئىلىم، ئەدەبىيات، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ئىجادىيىتىدىن ماددىي ـ مەنىۋى پايدىلىنىش، ئۇنى ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش، ھوقۇقىدىن ئۆتۈنۈش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت، مەسىلەن: ئاپتورنىڭ يازغان ئەسىرىدىكى ئاپتورلۇق ھەققى، تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ تەرجىمە ھەققى، نەشرى قىلغۇچىنىڭ بېسىپ تارقىتىش ھوقۇقى، رەسسامنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سىزىش، سۈرەتكە ئېلىشتىكى ھوقۇقى، ئىنژېنېرنىڭ پىلان ۋە خەرىتىدىكى ھوقۇقى، ئىجادىيەتچىنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىدىكى ھوقۇقى

قاتارلىقلار. دۆلەت ئۇلارغا ئىجاد قىلغان نەرسىسىنى ئىزىمغا ئالدۇرۇش ھوقۇقى بېرىدۇ. ئۇ ھوقۇقنىڭ تەلىپى بويىچە ئىجادىيەتچى ئالاھىدە شاھادەتنامىغا ئىگە بولىدۇ.

بۇ پاتېنت ھوقۇقى ئىجاد ئىگىسىگە، ئىجادىيىتىنى ئۆزىگە مەخسۇس قىلىش، ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، نەشرىيات ۋە تەلەپ ھەققىنى سېتىش ۋە ئىجاد قىلىش ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ.

دۇنيا دۆلەتلىرى پاتېنت ھوقۇقىنىڭ ئىگىلىرىگە بېرىلىشىنى قانۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭغا تەئەللۇق قانۇنلار چىقاردى، نەشرىيات، مەتبەئە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى ۋە سانائەت مىنىستىرلىكىدە ئىجادىيەتلەرنى ئىزىملاش بۆلۈمى قۇرۇلدى.

زامانىمىزدىكى شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ كۆپلىرى، شەرىئەت ھۆكمىگە زىت كەلمەسلىك شەرتى بىلەن پاتېنت ھوقۇقىنى دۇرۇس دەپ قارىدى. مەسىلەن: ھەيكەل، بۇت ياساش، يالىڭاچ رەسىم سىزىش ۋە سۈرەتكە چۈشۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار شەرىئەتكە ۋە گۈزەل ئەخلاققا زىت كېلىدۇ.

1966 ـ يىلى چىقىرىلغان "ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق كېلىشىم" نىڭ 15 ـ ماددىسىنىڭ ئۈچىنچى پاراگرافىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ كېلىشىمگە قول قويغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ قارارى شۇكى، ھەر بىر كىشى ئۆزى ئىجاد قىلغان ئىلمىي، ئەدەبىي ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىدىن ماددىي ـ مەنىۋى پايدىلىنىش ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە.»

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئىلىم ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا رىئايە قىلىپ، ئالىملارنى، ئىجادىيەتچىلەرنى ۋە پىكىر، پىلان ئىگىلىرىنى قەدىرلەش، ھەرخىل ساھەلەردە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىلىمنىڭ مېۋىلىرىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن دۇنيانىڭ قانۇن، ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى شەرىئەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقى ھۆكۈملىرىنى بايان قىلدى ۋە دۆلەتلەرنى پاتېنت ھوقۇقىنى قوغداشقا، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا ۋە ئىجرا كومىتېتلىرىنىڭ بۇ ھەقنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 16 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدى: «ھەر بىر كىشىنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي، سەنئەت ۋە تېخنىكا ئىجادىيىتىنىڭ مېۋىسىدىن

پايدىلىنىش ھوقۇقى بار. ھەر ئىنسان ئەدەبىي مەنپەئەتىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مال ـ مۈلكىنى ھىمايە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. پەقەتلا بۇ ئىجادىيەتنىڭ شەرىئەت ھۆكمىگە زىت بولماسلىقى شەرت.»

بۇ ئىش زامانىمىزدا يېڭى پەيدا بولغان ئىش بولۇپ، شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىشى لازىم ئىدى، بىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا «ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» مۇۋەپپەق بولدى، دەپ ئويلايمىز.

# يەتتىنچى پەسىل

# پۇقرالىق (گىراژدانلىق) ھوقۇقى

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي بىر مەخلۇق بولغىنى ئۈچۈن، جەمئىيەت بولۇپ ياشاشقا مەجبۇردۇر. شۇڭلاشقا جەمئىيەتتە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان قانۇن - نىزام بولۇشى لازىم. ھازىرقى زامانىمىزدا ئىنسانلارنىڭ جامائەت بولۇشى تولۇقلانغان ۋە ئىنسانىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن زۆرۈر بولغان دۆلەتلەر ھالىغا كېلىشى بىلەن قەبىلە ھاكىمىيىتى كەلمەسكە كەتتى. دۇنيا خەلقى مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل دۆلەتلەرگە بۆلۈندى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ سانى 195 تىن ئاشتى. دۇنيا خەلقى بۇ دۆلەتلەردە يەرلەشكەن ۋە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغاندۇر.

بۇ دۆلەتلەردە پۇقرالارنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى، دۆلەتكە قارشى خەلقنىڭ مەجبۇرىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن ۋە نىزاملار چىقاردى. ئۇ قانۇنلار يىغىپ ئېيتقاندا گىراژدانلىق قانۇنىنىڭ سىمۋولىدۇر.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ گىراژدانلىق قانۇنى ئوخشمايدۇ ۋە نىزاملار ھەرخىل بولىدۇ. بىز تۆۋەندە دۇنيا دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاق بولغان بۇ قانۇنلارنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلىمىز.

## **بىرىنچى تەۋەلىك ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى**

تەۋەلىك ئەسلىدە چوقۇم ئاتىغا بولىدۇ. ئۇ - ئاتا تەرەپتىن نەسەبنىڭ ئېنىق بولۇشىدۇر. بۇ «بالا كۆرپە ئىگىسىنىڭدۇر (بالا ئاتىنىڭدۇر)» دېگەن ھەدىس بىلەن بەلگىلەنگەن. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى (يەنى بېقىۋالغان باللارنى) ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر

ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر.» (سۈرە ئەھزاب 5 ـ ئايەت)

ئىنسانىنىڭ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە مەنسۇپ بولۇش ھەققى ئاللاھ تەئالانىڭ قانۇنىدۇركى، ئۇنى ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش، بۇزۇش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، سوْلھى قىلىش ۋە كەچۈرۈۋېتىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس. نەسەب ـ ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. يۇقىرىدا ئائىلە ۋە ئانىلىق ھوقۇقىدا ئۆتكەندەك.

ئىسلام دۆلىتى ئون تۆت ئەسىر مابەينىدە پۈتۈن پۇقرالارغا مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، ئورۇنلاشقان يېرىگە مەنسۇپ بولۇش ۋە گىراژدانلىق ھوقۇقىنى بەرگەن. مۇئامىلىدە پۈتۈن ئىنسانلار ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەردىن بىردەك پايدىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ: «ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ھوقۇقىمىزغا ئوخشاش ھوقۇقى بار، بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزگە ئوخشاش مەجبۇرىيەتلىرى بار» دېگەن ھەدىس بىلەن بېكىتىلگەندۇر. شەرىئەت باشتا شېرىك ۋە كۇپرى دىيارىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىيارىغا كۆچۈشكە قەتئىي بۇيرۇق قىلدى. ئۇ ھىجرەتتۇر. ئاللاھ تەئالا ھىجرەت قىلغانلارنى ناھايىتى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتقانلار (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغانلار، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر(يەنى ئەنسارلار)، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر.» (سۈرە ئەنفال 72 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ـ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە بەقەرە 218 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە تەۋبە 20 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنىڭ سايىسىدە ياشاشنى زۇلۇم قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ھىجرەتنى خاتىرىلەتتى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: ‹(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟› دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ‹زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق› دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟› دەيدۇ.» (سۈرە نىسا 97 ـ ئايەت)

كېيىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشنىڭ تەپسىلىي ھۆكۈملىرى ۋە ئۇخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەيدانغا كەلدى. ئەھلى كىتابلار (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار) مەدىنىدە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ۋە باشقا مەدىنە خەلقى ئارىسىدا توختاتقان سۈلھى بويىچە ئىسلام دۆلىتىدە گىراژدانلىققا ئېرىشتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئەھلى كىتابلار بىلەن سۈلھى ئورنىتىش ئارقىلىق، ئىسلام تارىخى بويىچە مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتابلار بىلەن بىر دۆلەتتە ياشاپ كەلدى.

ئىنسان بىلەن دۆلىتى ئارىسىدىكى ئالاقە زامانىمىزدا «گىراژدانلىق» دەپ تونۇلغان، شەخسلەرنى دۆلەتكە باغلايدىغان قانۇندۇر. ئۇ قانۇندىن ھەق ۋە ھوقۇقلار كېلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا ئاساسەن دۆلەتكە قارشى مەجبۇرىيەتلەر بەلگىلىنىدۇ. بۇ قانۇنلار ”ئالاھىدە دۆلەت قانۇنى“ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنساننىڭ مەلۇم بىر دۆلەتكە پۇقرا بولغانلىقى قانغا ئاساسەن بولىدۇ. يەنى دادىسى مەلۇم بىر دۆلەت گىراژدىنى بولغانلىقى ئۈچۈن تۇغۇلغان بالىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ دۆلەت پۇقراسى بولىدۇ. ياكى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ زېمىنىدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، دادىسى ئۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولمىسىمۇ، بالا تۇغۇلغان دۆلەتكە پۇقرا بولىدۇ. ياكى ئەينى زاماندا ھەم تۇغۇلۇش ھەمدە قانغا ئاساسەن ئۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولىدۇ، ياكى گىراژدانلىق تەلەپ قىلىش بىلەن مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتىدۇ. دۆلەتكە گىراژدان بولمىغان ئىنسانلار چەت ئەللىك دەپ ئاتىلىپ، ئۇلار ئىقامەت، ياكى يەرلەشمەك، ياكى مېھمان ۋە سىياسىي پاناھلىق تىلەش ئارقىلىق ئۇ دۆلەتتە تۇرىدۇ. بۇنى ئىسلام فىقھىدا ”مۇستەئمەن“ يەنى دارۇلھەربلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن

ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام دىيارىدا ياشاشقا رۇخسەت بېرىلگەن كىشىدۇر، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ھوقۇقلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي ھۆكۈملەر بولۇپ، مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە: خالىغان يەرگە سەپەر قىلىش ئەركىنلىكى بار. مەيلى ئۇ ساياھەت ۋە زىيارەت ئۈچۈن كىرگەن بولسۇن، ياكى بىلىم ئېلىش ۋە ئىشلەش ئۈچۈن كىرگەن بولسۇن، ياكى تىجارەت مەقسىتى بىلەن كىرگەن بولسۇن، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزۈشكەن ئىتتىپاققا ئەمەل قىلسىلا ئۇ ئەركىن يۈرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئىسلام دۆلىتىدە قەدىمدىن تارتىپ گىراژدانلىق ھوقۇقى روشەن مەۋجۇد ئىدى. پۇقرانى ۋەتىنىدىن ۋە دۆلىتىدىن قوغلاشقا بولمايدۇ ۋە ئۇنى دۆلەت پۇقرالىقىدىن چىقىرىۋېتىش دۇرۇس ئەمەس.

بۇنىڭدىن ئۈچ ئىش ئىستىسنا قىلىنىدۇ:

بىرىنچىسى: ھەنبەلىيلەرنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ، بۇلاڭچىلارنى مەملىكەتتىن سۈرگۈن قىلىش كېرەك. ئۇلار (ئەگەر سۈرگۈن قىلىنغاندا كۇففارلار دىيارىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان بولسىمۇ) ئىسلام دىيارىدا تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك.» (سۈرە مائىدە 33 ـ ئايەت)

كۆپچىلىك فىقھى ئالىملىرى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. «يەر يۈزىدىن سۈرگۈن قىلىش» دېگەن سۆزنى: «تۈرمىگە قاماش ياكى ئىسلام دىيارلىرى ئىچىدىكى ئەسلى يۇرتىدىن باشقا بىر يۇرتقا چىقىرىش» دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئۇ ھەد توختىتىلمىغان تەزىر جازالىرىغا ئوخشاش تەتبىقلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى: بارلىق ئالىملار ئىتتىپاق بولغان مەسىلە، مۇشرىكلارنى مەككە مۇكەررەمدىكى مەسجىدى ھەرامدىن چىقىرىش. چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا يېقىنلاشمىسۇن.» (سۈرە تەۋبە 28 ـ ئايەت) بۇ ئايەت ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى نازىل بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەبۇبەكرى بىلەن ئەلى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتتى. ئۇلار مۇشرىكلارغا خىتاب قىلىپ: «بۇ يىلدىن كېيىن ھېچبىر مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ ۋە بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. بۇ، مەسجىدى ھەرامنى ھۆرمەتلەش، ئەڭ مۇقەددەس بەيت ۋە ئەڭ قەدىمكى ئىبادەتخانىنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئىدى. ھازىرمۇ بۇ بۇيرۇق تەتبىق قىلىنىۋاتىدۇ ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنداق بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى: ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى چىقىرىش. چۈنكى ئۇلار ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن چوڭ خەتەر بولۇپ، نۇر، ھىدايەت ۋە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مەنبەئىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تەھدىتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ مۇنداق بۇيرۇق قىلغان: «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىككى دىن بىرلەشمەيدۇ.»، «يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىڭلار.»

ئىككىنچى خەلىپە ئەمىرۇلمۆمىنىن ئۆمەر بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، نەجران ناسارالىرىنى ۋە خەيبەر يەھۇدىلىرىنى ئارالدىن چىقارغان. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە بىر تەھدىت ئۇنسۇرى بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشكە تۈرتكە بولۇشى، تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بۇزۇش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقرالىقتا قويۇلغان شەرتتۇر. ئۇلارنىڭ قىلغان خىيانەتلىرى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارغا كەلگەن زىيان ۋە ئەزىيەتلەر ئاز ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا تۆت ئايلىق ياكى كېلىشىم مۇددىتى تۈگىگىچە مۆھلەت بېرىپ مۇنداق دېگەن: «(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا - جۇدا بولۇش ئېلانىدۇر. (ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە تۆت ئاي تۇرۇڭلار.»[1] ئۇندىن كېيىن ئاللاھ تەئالا بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسسىلەر؟» (سۈرە تەۋبە 13 - ئايەت)

---

[1] سۈرە تەۋبە 1 - 2 - ئايەتلەر.

ئەمما كاپىر دۆلەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ پۇقرالىقىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭمۇ ھۆكۈملىرى بار. ئۇلار بوگۇن ‹ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار› دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇلار ھەققىدىكى بەزى ھۆكۈملەرگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ. ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە ئەنفال 72 ـ ئايەت)

بۇنىڭغا دارۇلھەرب (كاپىر دۆلەت) كە كىرىپ ئۇ يەردە ياشىغان ۋە ئۇ يەرنىڭ پۇقرالىقىنى ئالغان مۇسۇلمانمۇ كىرىدۇ. ئۇ پرىنسىپ جەھەتتە ئۆز پۇقرالىقىنى تاشلىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقرالىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ. پەقەت ئەگەر ئۇ ئىككى دۆلەتنىڭ پۇقرالىقىنى يەنى قوش گىراژدانلىق ئېلىشتا چەك تۇرۇپ، ھۆكۈم ۋە مۇئامىلىلەر بۇنىڭغا يول قويسا، ئۇ چاغدا ئىسلام دۆلىتى گىراژدانلىقىدىن چىقىرىلمايدۇ.

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىم كاپىرلار ئۈچۈن ئالاھىدە ھۆكۈم بەلگىلىدى. ئۇ بولسىمۇ، بىر مۇشرىك شەرىئەت ھۆكمىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىسلام دىيارىغا كىرىشنى ۋە ئۇ يەردە ھىمايە قىلىنىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىش ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (پىكىر قىلىپ ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن.» (سۈرە تەۋبە 6 ـ ئايەت)

زامانىمىزدا ئىسلام مەملىكەتلىرىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر كۆپەيدى، ھەر بىرىنىڭ مۇستەقىل گىراژدانلىقى ۋە پۇقرالىرىغا خاس قانۇنى بار. پۇقرالارنىڭ بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بېرىپ ـ كېلىش ھوقۇقى بار، بەزىدە باشقا بىر دۆلەتنىڭ گىراژدانلىقىنى

ئېلىشقا ياكى ۋىزا بىلەنلا تۇرۇشقا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان ئۆز مەملىكىتىنىڭ سىرتىدا ئەگەر ئۈچىنچى دەرىجىدە بولمىسا، چەت ئەللىك مۇئامىلىسى كۆرىدۇ.

## خەلقئارالىق نىزام ۋە كېلىشىملەردە گىراۋدانلىق هوقۇقى

زامانىمىزدا پۈتۈن دۆلەتلەردە گىراۋدانلىق هوقۇقى بەلگىلەنگەن. جۇغراپىيە، پىكىر، ئەقىدە، سىياسەت جەھەتتە بىر- بىرىگە يېقىن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە شەخسلەرنىڭ گىراۋدان بولۇش، گىراۋدانلىقنى ئۆزگەرتىش ياكى بىلىم ئېلىش، ئىشلەش، ساياھەت ۋە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق رۇخسەت بىلەن تۇرۇش قاتارلىق هوقۇقى ئاساسەن بىردەك.

مەدەنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى خەلقئارالىق كېلىشىمنىڭ 12 ـ ماددىسىنىڭ 4 ـ پاراگراپىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن: ”ھېچقانداق كىشىنى خالىغانچە مەملىكىتىگە كىرىش هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ.»

24 ـ ماددىنىڭ 3 ـ پاراگراپىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر بىر بوۋاقنىڭ گىراۋدانلىق هوقۇقى بار.»

ئىسلام كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 7 ـ ماددىسىدا بوۋاقنىڭ هوقۇقى تىلغا ئېلىنغان، بىراق گىراۋدانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلمىگەن. 12 ـ ماددىسىدا شەخسلەرنىڭ ھىمايىگە ئېرىشكۈچىلىك باشقا مەملىكەتتە تۇرۇش هوقۇقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

دۇنيا كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى بۇ رېئال ھەق ۋە هوقۇقنى قانۇنلاشتۇرۇپ، 15 ـ ماددىدا مۇنداق دەيدۇ: «1ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ گىراۋدانلىق هوقۇقى بار.»

«2 ـ ھېچكىمنى خالىغانچە گىراۋدانلىقىدىن مەھرۇم قىلىشقا ياكى گىراۋدانلىقىنى ئۆزگەرتىش هوقۇقىنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ.»

## ئىككىنچى كۆچۈش ۋە باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش هوقۇقى

ھەر قانداق بىر دۆلەتكە تەۋە بولۇش ۋە گىراۋدانلىق هوقۇقى ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىنى توسۇپ، تەۋە بولغان دۆلەت، شەھەر ۋە مەملىكەت چېگرىسى ئىچىدىلا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلمايدۇ. بەلكى ئىنساننىڭ ئاساسىي ئەركىنلىكى داۋام قىلىدۇ،

شۇڭلاشقا ئۇنىڭ خالىغان يەرگە بېرىش ۋە خالىغان دۆلەتنىڭ ھىمايىسىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. بىز تۆۋەندە بۇ ئىككى ھەقنى ئالاھىدە بايان قىلىمىز.

### 1 ـ كۆچۈش ھوقۇقى

ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ھەرخىل مەقسەتلەر بىلەن بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىنسانلار تارىخ بويىچە رىزىق، سۇ ۋە گىياھ بار يەرلەرنى ئىزدەپ يەردىن يەرگە كۆچۈپ تۇردى.

ئىسلام نۇرغۇن ياخشى غايە ئۈچۈن بىر يەردىن يەنە يەرگە يۆتكىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئاللاھ تەئالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا نەزەر قىلىشى

ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئىنسانغا بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلىش، شۇ ئارقىلىق ئىمانىنى ۋە ئاللاھ تەئالاغا بويسۇنۇشنى كۈچەيتىش، ئاللاھقا شۈكۈر بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەر يۈزىدە ساياھەت قىلىپ كائىناتنى تەتقىق قىلىشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى قانداق قىلىپ (يوقتىن) بار قىلغانلىقىغا قاراڭلار.» (سۈرە ئەنكەبۇت 20ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ.» (سۈرە ھەج 46 ـ ئايەت)

2 ـ يەر يۈزىدە ساياھەت قىلىش ۋە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئىزلىرىغا نەزەر سېلىش

يەر يۈزىدە ساياھەت قىلىش ئارقىلىق بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابلىرىنى يالغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دەپ زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن قانداق جازالانغانلىقلىرىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىش لازىم. ئاللاھ تەئالا نۇرغۇن ئايەتتە ئۆتكەن مىللەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ساياھەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق

بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر.» (سۈرە يۇسۇف 109 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنلەر) قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى.» (سۈرە رۇم 9 ـ ئايەت)

سۈرە فاتىرنىڭ 44 ـ ئايىتى ۋە سۈرە غافىرنىڭ 21 ـ 82 ـ ئايەتلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىن.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلدى، (مەككە كاپىرلىرىمۇ) شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.» (سۈرە مۇھەممەد 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! بۇ مەسخىرە قىلغۇچىلارغا) ئېيتقىنكى، زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار.» (سۈرە ئەنئام 11 ـ ئايەت)

سۈرە نەھلنىڭ 36 ـ ئايىتى ۋە سۈرە نەملنىڭ 69 ـ ئايىتى مۇشۇ مەنىدە كەلگەن.

3 ـ زېمىننىڭ ئەتراپىدا رىزىق ئىزدەش

ئاللاھ تەئالا ئىنسانىنى زېمىندا ياشايدىغان قىلىپ ياراتقان ۋە ئۇنىڭ رىزقىنىمۇ زېمىندا ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارنى زېمىندا تىرىشىپ رىزقىنى تېپىپ يېيىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار. سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.» (سۈرە مۇلك 15ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار.» (سۈرە جۇمئە 10 ـ ئايەت)

ئىسلام سەپەر ۋە ساياھەت ئەسناسىدا مەيلى ئىبادەتتە بولسۇن، مەيلى باشقا ئىشلاردا بولسۇن، مەخسۇس ھۆكۈم بەلگىلىدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سەپەرگە چىققان

ۋاقىتلاردا نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.» (سۈرە نىسا 101 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى يەر يۈزىدە سەپەر قىلغۇچى دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ.» (سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەت)

4 ـ سەپەر ۋە كۆچۈش ئىلىم ئىزدەش، جىھاد، ھەج ۋە ئۆمرە پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مەيلى خۇسۇسى بولسۇن، مەيلى ئاممىۋى بولسۇن، شەخسى بولسۇن ياكى جامائەت بولسۇن، مەيلى ئىچكى ياكى تاشقى بولسۇن، سەپەر قىلىشنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى بار.

ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ ئىچكى ـ تاشقى سودا ئۈچۈن سەپەر قىلاتتى ۋە كېلىشىملەر تۈزەتتى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەرلىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇ بەيتۇللاھنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى ۋە ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى.» (سۈرە قۇرەيش 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر)

رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ھەزرىتى خەدىچەنىڭ تىجارىتى بىلەن سەپەرگە قاتناشقان، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ تىجارەت قىسسىسى ھەممىگە مەلۇم، ئۇ بەدرى ئۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى. ئىنسانلارنىڭ قەلبى تىجارەتكە شۇنچىلىك باغلانغان ئىدىكى، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتسا، ناماز ئوقۇغىلى كەلگەنلەر تىجارەت كارۋانلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاپ ۋە نېمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.» (سۈرە جۇمئە 11 ـ ئايەت)

### كۆچۈشنىڭ شەرتلىرى

شەرىئەت ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە تەئەللۇق زۆرۈرىيەتنىڭ تەلىپى، سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، ئەدەپ ـ ئەخلاق ياكى جازالاش كېرەك بولىدىغان جىنايەت ئىشلەش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كۆچۈش ئەركىنلىكىگە بەزى شەرتلەرنى قويۇشنى بەلگىلىدى.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ھەر قانداق بىر يەردە يۇقۇملۇق كېسەل يۈز بەرسە، كېسەلنىڭ باشقىلارغا تارالماسلىقى ئۈچۈن سەپەر قىلىشنى چەكلىگەن. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر شەھەردە ۋابا كېسىلى يۈز بېرىپ، سىلەر ئۇ شەھەردە بولساڭلار، ئۇ يەردىن چىقماڭلار. ئەگەر بىر يەردە ۋابا كېسىلى يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، سىلەر ئۇ يەرنىڭ سىرتىدا بولساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلار.»

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىتنە تارقىلىشتىن قورقۇپ بىر ساھابىنى مەدىنىدىن چىقىرىۋەتكەن. ھالبۇكى، ئۇ كاتتا ساھابىلەرنىڭ مەدىنىدىن چىقىشىنى مەنئى قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى دۆلەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاقىتلىق رۇخستى ياكى قاتتىق زۆرۈرىيەت بولماستىن مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقالمايتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ يولدىن ئۆتكەنلەرگە ۋە ھاجەتمەنلەرگە دەخلى ـ تەرز يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن يوللاردا ئولتۇرۇشنى مەنئى قىلغانلىقىنى ۋە كېيىن مۇئەييەن ئىسلام ئەخلاقى ئاستىدا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى مۇشۇ شەرتلەردىن ھېسابلىيالايمىز. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار.» ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! ئۇ بىزنىڭ ئولتۇرىدىغان جايىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا يولنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار» دەيدۇ. ساھابىلەر: «ئۇنىڭ ھەققى نېمە، يارەسۇلۇللاھ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «نامەھرەمدىن كۆزنى يۇمۇش، كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمەسلىك، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش» دەيدۇ.

فىقھى ئالىملىرى يوللاردا ساياھەت قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى چىقاردى، ئۆي ئىگىلىرىنى ئۆيلىرىنى يولغا چىقىرىۋېلىشتىن ۋە يولدىن ئۆتكەنلەرگە زەرەر بېرىدىغان پوتۇن ئىشلاردىن مەنئى قىلدى. كېيىن مۇسۇلمانلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە پىيادىلەرنىڭ راھەت مېڭىشى ئۈچۈن كىچىك يول ياساشقا باشلىدى.

ساياھەت قىلىش ئەركىنلىكىگە قويۇلغان شەرتلەرنىڭ بىرى ئايال كىشىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشىنى مەنئى قىلىش ۋە ئايالنىڭ ئېرىدىن رۇخسەت ئېلىشىنى شەرت قىلىشتۇر. بەزى فىقھى ئالىملىرى زىناخورنى دەررە ئۇرۇش ۋە يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىش، بۇلاڭچىنى سۈرگۈن قىلىش ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ تەپسىرىدە جىنايەتچىنى بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە سۈرگۈن قىلىش كۆز قارىشىدىدۇر. جۇمھۇر ئالىملار: «ساياھەت قىلىش ئەركىنلىكى تۈرمە بىلەن قەيت قىلىنىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرمە ئەركىنلىكنى قەيت قىلىش جازاسى دەپ تونۇلدى.

### دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە كۆچمەنلىك قانۇنى

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئىنسانلارغا يۈكلەنگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆچمەنلىك قانۇنىنى يولغا قويۇپ، 13 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«1 ـ ھەر قانداق ئادەمنىڭ سەپەر قىلىش ۋە دۆلەت ئىچىدە تۇرىدىغان جاينى تاللاش ھوقۇقى بار.»

«2 ـ ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر دۆلەتتىن، جۈملىدىن ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىش ھەم ئۆز دۆلىتىگە قايتىش ھوقۇقى بار.»

خەلقئارالىق سىياسىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى كېلىشىم دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە بەلگىلەنگەن يۇقىرىدىكى ماددىنى تەكىتلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى نەرسە قوشتى: بىرى، دۆلەتلەرنى ھەر قانداق كىشىنى خالىغانچە ئۆز دۆلىتىگە كىرگۈزمەسلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن

زۆرۋر كۆرگەن شەرتلەرنى قويۇش ھوقۇقى. بۇ كېلىشىمنىڭ 13 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

1 ـ قايسى بىر دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىچىدە قانۇنلۇق تۇرۇۋاتقان ھەر قانداق كىشىنىڭ سەپەر قىلىش ۋە ئۇ دۆلەت ئىچىدە تۇرىدىغان جاينى تاللاش ھوقۇقى بار.

2 ـ ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر قايسى دۆلەتتىن جۈملىدىن ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىش ھوقۇقى بار.

3 ـ يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلار ۋەتەننىڭ ئامانلىقىنى، ئومۇمىي نىزامنى، ئاممىۋى تىنچلىقنى، ئەخلاق ياكى باشقىلارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن قانۇندا بېكىتىلگەن شەرتلەردىن باشقا ھېچقانداق شەرتكە بويسۇنمايدۇ.

4 ـ ھېچبىر كىشىنى خالىغانچە ئۆز دۆلىتىگە كىرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە دۆلەت سىرتىغا سەپەر قىلىپ چىقىشنىڭ شەرتى بولۇپ، سەپەر قىلىش ئۈچۈن «چىقىش ۋىزىسى» ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇنى دۆلەت ئامىنىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن قويغان دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، نۇرغۇنلىغان قانۇنلار ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە پۇقرالارنىڭ ياكى يېڭى گىراژدان بولغانلارنىڭ گىراژدانلىقىنى تارتىۋېلىپ دۆلەتتىن ھەيدەپ چىقىرىش، مەملىكەتكە قايتىشنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن پاسپورتىنى تارتىۋېلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

## ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە سەپەر قىلىش ھوقۇقى

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى سەپەر قىلىش ھوقۇقىنى بىر ماددىنىڭ يېرىمىغا قىسقارتتى. ئۇنىڭدا شەرتلەردىن سۆز قىلمىدى. پەقەت شەرىئەت ھۆكمى ئىچىدە سەپەر قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىشارەت قىلدى. يەنى بۇنىڭدا شەرىئەتنىڭ بەلگىلىگەن ھۆكۈم ۋە قانۇنلىرى قانداق بولسا شۇ بويىچە بولىدۇ. ھاجەت بولغاندا ئەھۋالغا قاراپ بەزى شەرتلەرنى قويۇش مۇمكىن.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 12 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدى: «ھەر بىر ئىنساننىڭ شەرىئەت قانۇنى ئىچىدە سەپەر قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئۆز دۆلىتى ئىچىدە ياكى تاشقىرىدا تۇرىدىغان جايىنى تاللاش ھوقۇقى بار.»

بۇ قىسقارتىشنىڭ سەۋەبى شۇكى بۇ خىتابنامىغا قوشۇلغان دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ كۆپلۈكى، بەلگىلىمىلەردە كەڭچىلىك قىلىش بىلەن چەك تۇرغۇزۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنىڭ كۆپلۈكى بولغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن باياننامە بۇنى پەقەت شەرىئەتكىلا باغلاپ، ئامانلىق، سەھىيە ۋە جازا قانۇنلىرىغا مۇناسىپ كۆرگەن شەرتلەرنى قويۇش ئۈچۈن شەرت قىلىش ئەركىنلىكىنى ئىسلام دۆلەتلىرىگە قويۇپ قويىدى.

## ئىككىنچى باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش قانۇنى

سەپەر قىلىش ئەركىنلىكىدىن باشقا بىر دۆلەتتىن باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش قانۇنى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ پاناھلىق تەلەپ قىلىش زامانىمىزدا «سىياسىي باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى پۇقراسى بولمىغان بىر دۆلەتكە بېرىپ ئۇنىڭدىن باشپاناھلىق تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى سىياسىي مەقسەتلەر سەۋەبى بىلەن زۇلۇمغا ئۇچراش، قىيىنچىلىق مۇشەققەتلەر ۋە بېسىم ئاستىدا قېلىش قاتارلىقلاردۇر.

پاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى شەرىئەتتە «ھىجرەت» دەپ تونۇلغان. ئۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدۇر. ئەزىيەتكە ئۇچرىمىغان ۋە ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلمىغان ھېچبىر پەيغەمبەر يوقتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا قىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھىجرىتى شەرىئەتنىڭ پاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بىرىنچى قېتىم قانۇنلاشتۇرۇشى بولدى. ئۇندىن كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىدىن كۆرگەن قاتتىق زۇلۇم سەۋەبى بىلەن مەدىنىدە ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈمىدى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلەر بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويىدى.

### ھىجرەتنىڭ ۋاجىپلىقى

مۇسۇلمانلار مەككىدە مۇشرىكلار بىلەن تۇرغان جەرياندا دىنىغا، مېلىغا، ئىپپەت نومۇسىغا ۋە جىسمىغا قىلىنغان چىدىغۇسىز زۇلۇم، جاپا - مۇشەققەتلەر ۋە ھەددىدىن ئاشقان بېسىم ئۇلارنى باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بەردى. مۇسۇلمانلار دىنىنى قوغداش ئۈچۈن، دىنىي ۋەزىپىلىرىنى ئاشكارا ئادا قىلالايدىغان بىر مەملىكەتكە كۆچۈشنى قارار قىلىپ ئاۋۋال ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇھاجىرلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر.» (سۈرە ھەشر 8 - ئايەت)

ئۇندىن كېيىن ئاللاھ تەئالا مۇھاجىرلارنى قارشى ئالغان ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغان ئەنسارلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە ھەشر 9 - ئايەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ يەر يۈزىدە خار ۋە ئاجىز ياشىماسلىقلىرى، ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان ئىسلام دىيارىدا ئىززەت - ئابرۇيلۇق ياشىشى ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا ھىجرەتنى پەرز قىلدى. ئەگەر مۇسۇلمانلار ھىجرەت قىلماي خارلىقتا بويۇن ئېگىپ ياشىسا، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتتە سۈپەتلەنگەنلەردىن بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىن ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار:

«زېمىندا بىز بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ، پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ.» (سۈرە نىسا 97 ـ ئايەت)

ئۇندىن كېيىن ئاللاھ تەئالا ھىجرەت قىلىشقا كۈچ ـ قۇدرىتى يەتمىگەن ئاجىز بىچارىلەرنى يۇقىرىدىكى ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، باللاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي. ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە نىسا 98 ـ 99 ـ ئايەتلەر)

ھىجرەتنىڭ ۋاجىپلىقى مەككە فەتھى بولغۇچىلىك داۋام قىلدى، رەسۇلۇللاھ «مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت يوقتۇر» دەيدۇ.

بۇ ھەدىستىن مەقسەت مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش يوق، ئەمما ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي بولۇپ، قاچان ئۇنىڭ سەۋەبى مەيدانغا كەلسە، ھىجرەت ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ ئىسلام تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتۇر. مۇسۇلمانلار دىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىگە ھىجرەت قىلدى، مۇسۇلمانلار يېڭى مۇھاجىرلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلدى. بۇ زامانىمىزدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولغان مەسىلە. ئەگەر بىر مۇسۇلمان قايسى بىر مەملىكەتتە مۇسۇلمانچە ياشىيالمىسا، ئۇنىڭ ئىبادەت ۋە ھۆكۈملىرىنى تەتبىق قىلالمىسا، ئىسلام مەملىكەتلىرىگە ھىجرەت قىلىشى ۋە ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ كەلگەن مۇھاجىر قېرىنداشلىرىغا قۇچاق ئېچىپ ئۇلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك.

ۋەتىنىدىن، ئاتا ـ ئانا ۋە ئەجدادلىرىنىڭ يۇرتىدىن، كىچىكىدىن ئويناپ ئۆسكەن ماكانىدىن ھىجرەت قىلىش ناھايىتى تەس، مال ـ مۈلكىنى كاپىرلارنىڭ قولىدا تەرك ئېتىش بەك قىيىن، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست يارەنلىرىدىن ئايرىلىش ۋە رىزقىنىڭ كېسىلىشى ئىنتايىن ئېغىر بىر ئىش بولغاچقا ئاللاھ تەئالا ھىجرەتكە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە

كەڭچىلىك تاپىدۇ.»[1] ئۆيىدىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن چىققان مۇھاجىر ئىسلام دىيارىغا بارالماي يولدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۆيىدىن چىققانلىقى ئۈچۈنلا ئاللاھ تەئالانىڭ كاتتا ئەجرى ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[2] قۇرئان كەرىم ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا يۇرتىدا تەرك ئەتكەن ۋە ئايرىلىپ قالغان مال ـ مۈلكىنىڭ بەدىلىگە رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، مەيلى مۇھاجىر مەقسەت قىلغان جايغا بارسۇن ياكى يولدا ئۆلۈپ كېتىپ مەقسىتىگە يېتەلمىسۇن، ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ئەجرى ۋە مۇكاپات بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ھىجرەتنىڭ پەقەت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولۇشى ياخشى نىيەتكە باغلىقتۇر. بۇنى رەسۇلۇللاھ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق، ھەر كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولىدۇ. كىمكى دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى مەقسەت قىلغان نەرسىسىلا بولىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىكتىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن چىقسا، ئۇلۇغىدىن يىقىلىپ ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھقىدۇر، ياكى ھايۋان چېقىپ ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھقىدۇر، ياكى تۆشەكتە ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھقىدۇر (يەنى ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم بېرىدۇ).»

بۇ سۆز ئىسلام دىيارىدىكى مۇسۇلمان خەلققە تەتبىقلانمايدۇ، ئەگەر كاپىرلار ئۇنىڭ ۋەتىنىنى بېسىۋالسا، ياكى ئۇنىڭ بىر پارچىسىنى تارتىۋالسا، ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، بەلكى دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن

[1] سۈرە نىسا 100 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 100ـ ئايەت.

جىھاد قىلىش ۋە ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىيارى كاپىرلارنىڭ بېسىۋېلىشى بىلەن كاپىرلار دىيارىغا يەنى دارۇلھەربكە ئايلانمايدۇ. ئۇن توققۇزىنچى ۋە يىگىرمىنچى ئەسىردە ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋېلىش ئەھۋالى يۈز بەردى. ئۆلىمالار، مۇجاھىتلار، دەۋەتچىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار ھەممىسى تاكى مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغۇچىلىك ئۇرۇشتى ۋە يۇرتلىرىنى كاپىرلارنىڭ نىجىس ئاياقلىرىدىن تازىلىدى.

ئەكسىچە مۇسۇلمانلار ئىسلام دىيارلىرىنى كاپىرلارغا تاشلاپ بەرسە، كاپىرلارنىڭ دىنىنى ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ۋە مۇسۇلمانلارنى خارلىشىغا رازى بولسا، دۈشمەنلەرنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر.» (سۈرە نىسا 140 ـ ئايەت)

## ئامانلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى

ئىسلام قانۇنلاشتۇرغان باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ بىر شەكلى: غەيرىي مۇسۇلمان كىشى ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆز مەملىكىتىدىن قېچىپ ئىسلام دىيارىغا كەلسە، مەيلى ئۇ مۇشرىك بولسۇن ياكى ئەھلى كىتاب بولسۇن، مەيلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن بولسۇن ياكى مەجبۇرلانغان بولسۇن، مۇسۇلمانلار ئۇنى قارشى ئېلىپ مېھمان قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىشى لازىم. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن.» (سۈرە تەۋبە 6 ـ ئايەت)

ئەگەر ئۇ ئىسلامنى ئاڭلاپ چۈشىنىپ مۇسۇلمان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى؟! ئۇ ئاللاھنىڭ پەزلى. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولماي ئىسلام مەملىكىتىدە دائىم تۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامە ئىمزالىنىدۇ ۋە ئۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم مۇددەت تۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىلىدۇ، ئۇ ‹مۇستەئمەن

(يەنى ئامانلىق بېرىلگەن كىشى)» دەپ ئاتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ ھانىنىڭ بىر مۇشرىكقا بەرگەن ئامانلىقنى قوبۇل قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «ئى ئۇممۇھانى! سىز ئامانلىق بەرگەن كىشىگە بىزمۇ ئامانلىق بەردۇق.»

ئۇنىڭ ئىسلام دۆلىتى ئۇستىدە ئومۇمىي ۋە مۇسۇلمانلار ئۇستىدە خۇسۇسىي ھەقلىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىنچ ـ ئامان ۋە خاتىرجەم ياشىشى ۋە ۋاقتى كەلگەندە ئۆز مەملىكىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇلۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئاندىن ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن.» (سۈرە تەۋبە 6 ـ ئايەت)

فىقھى ئالىملىرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىسلام دىيارىغا كىرگەن ھەرقانداق كىشىگە ئامانلىق ئەھدى بېرىشنى قانۇنلاشتۇردى. ئامانلىق ئەھدى بېرىلگەنلەرنىڭ، ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن بارلىق ھەقلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار. ئۇلار «ئامانلىق بېرىلگەنلەر» دەپ تونۇلىدۇ. يەنى كاپىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇپ، ئىسلام دىيارىغا كىرگەن ۋە بىر مۇددەت ئىقامەت قىلغانلار، مەيلى ئۇلار تىجارەت، ياكى زىيارەت، ياكى ساياھەت، ياكى ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن بولسۇن، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئامانلىق بېرىلگەنلەر قانۇنىغا خىلاپلىق قىلماسلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىغا ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن خالىغان مۇددەتچە خاتىرجەم تۇرالايدۇ. ئەگەر يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلسا، ياكى ئەھدىنى بۇزسا، ئۇ ئىسلام دىيارىدىن ھەيدىلىپ، باشقا ئەمىن بىر يەرگە يەتكۈزۈلىدۇ.

## ئىسلام دۆلەتلىرى كۆپەيگەن چاغدىكى گىراژدانلىق قانۇنى

ئىسلام ئەللىرى تارىختا بىر نەچچە دۆلەتكە بۆلۈندى، ھەر دۆلەتنىڭ ئەسكىرىي بولسۇن ياكى سىياسىي بولسۇن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر شەكلى بار. شەرق ئىسلام ئەللىرىدە بولسۇن، ئەرەب مەملىكەتلىرىدە بولسۇن، غەرب ۋە ئىسپانىيىدە بولسۇن ياكى ئافرىقىدا بولسۇن ئوخشاش. لېكىن بۇ بۆلۈنۈش ۋە بىر نەچچە دۆلەت بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن ھېچبىر نەرسىنى ئۆزگەرتكىنى يوق.

مۇسـۇلمانلارنىڭ گىراژدانلىقـى ۋە سـەپەر قىلىـش ھوقـۇقى بۇرۇنقـىدەكلا داۋام قىلىـپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ئىلىم ئۆگىنىش، رىزىق تەلەپ قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش يولىدا ھەر قايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىگە بېرىپ ـ كېلىش ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ كەلدى، بارغان يەرلەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، دەۋەت ئېلىپ باردى ۋە باشقا بارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام كىشىلىك ھوقـۇق خىتابنامىسى گىراژدانلىق قانۇنىنى تىلغا ئالمىغان.

زامانىمىزدا ئىسلام مەملىكەتلىرى قىرىقتىن ئارتۇق دۆلەتكە بۆلۈنگەندىن كېيىن، ھەر دۆلەت ئۆز ئالدىغا گىراژدانلىق پرىنسىپىنى يولغا قويدى ۋە ھەر دۆلەت باشقىسىدىن تولىۇق ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى. ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ۋە ئىسلام قۇرۇلتىيى ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئەرەب ياكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ گىراژدانلىقىدىن پايدىلىنىشنى ئەۋزەل كۆرسە، يەنە بەزىلىرى ئەجنەبىي دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا رىئايە قىلىشىنى ئارتۇق كۆرىدۇ.

ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر نەچچە دۆلەتكە بۆلۈنۈشىدە گىراژدانلىق ئاساس بولدى. پۇقرالار قايسى بىر دۆلەتكە بارماقچى بولسا، كىرىش ۋىزىسى ئېلىش، كىرگەندىن كېيىن ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى ئېلىش ئىشلىرى كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇئامىلە ئىشلىرى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە قارايدۇ. بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ كۆپلىگەن پۇقرالىرىنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، ئۇلارنى ئىشلەشتىن ۋە ئىلىم ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىختىلاپ بىلەنلا پۇقرالارنىڭ ساياھەت قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى سوت ھوقۇقى

ئىنسان دۆلىتىدىن پايدىلىنىدىغان ھەقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى «سوت ھوقۇقى» دۇر. ئۇ ئىنساننىڭ جېنى ۋە مېلىدىكى ھوقۇقلىرىنى قوغدىشى، ئۆزى ئۈچۈن ئادالەتنى، ھوقـۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە باشقا ئىنسانلار بىلەن باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشى، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىشى ۋە ئۆزىدىن سادىر بولغان ئىشلاردا

شەخسىي ھېسابقا تارتىلىشىدىكى ھوقۇقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا سوت چوڭ بىر پەرزدۇر. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان خېتىدە: «سوت چوڭ پەرز ۋە ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن سۈننەتتۇر» دېيىلگەن.

ئىسلامدا سوت دىنىنىڭ رۇكنىلىرىدىن بىرىدۇر. ئىبنى ئەبىددەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش (يەنى سوت)، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا چىققان دۈشمەنلىكنى يوقىتىش، دىنىنىڭ رۇكنىلىرىدىن بىرى، پەرزى كۇپايە دەپ ئاتالغان پەرزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر.»

**سوتنىڭ قانۇنلىششى**

سوت قۇرئان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر بىرلىكى بىلەن قانۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنى ئەقىل كۈچلەندۈرىدۇ.

**1 ـ قۇرئان كەرىم**

ھۆكۈم ۋە سوتقا دەلىل بولىدىغان ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئۇنى ۋاجىپ قىلغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. سوت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمىدۇر. ھەقىقىي ئىمان ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن سوتلاش ۋە سوتلىنىش، ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇپ، ئىجرا قىلىشقا باغلىقتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.» (سۈرە نىسا 105 ـ ئايەت) كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ساماۋى مەقسەتلەردىن بىرىدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن. نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىن، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن چىقىرىدۇ.» (سۈرە ساد 26 ـ ئايەت)

كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ۋە دۈشمەنلەشكەن تەرەپلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ، يەر يۈزىدە خەلىپە بولغان كىشى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسىرىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇنى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى تەكىتلەيدۇ: «بىز

ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.»[1] بۇ ئايەت كىتاب نازىل قىلىشنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ غايىسىنى ئۈچ تۈرلۈك بايان قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ «ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن» ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ، يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» (سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا ئىماننى ھەق ۋە ئادالەتكە ھۆكۈم قىلىدۇرۇش ۋە چىقىرىلغان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىشقا باغلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۆمىنلەرنى مۇنداق سۈپەتلىدى: «(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار: ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق› دېيىشلىرى كېرەك، مانا مۇشۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە نۇر 51 ـ ئايەت)

**2 ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى**

سۈننىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەر كۆپتۇر. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئۆزى سوت ئېلىپ بارغان ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ھاكىملارنى (يەنى سوتچىلارنى) بەلگىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ھاكىم ئىجتىھات قىلىپ توغرىسىنى تاپسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجرى بار، ئەگەر ئىجتىھات قىلىپ خاتا كەتسە، بىر ئەجرى بار.» (يەنى ھاكىم بىر مەسىلىدە ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقارسا، ئەگەر ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجرى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ چىقارغان ھۆكمىدە خاتا كەتكەن بولسا، تىرىشىپ تەتقىق قىلغانلىقى ۋە ياخشى نىيىتى ئۈچۈن بىر ئەجرى بېرىلىدۇ. ت)

---

[1] سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئىككى نەرسىدىلا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ تەئالا مال ـ مۈلۈك بەرگەن ۋە ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشنى نېسىپ قىلغان كىشى، ئىككىنچىسى، ئاللاھ تەئالا ئىلىم ئاتا قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان ۋە بىلگىنىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشى.»

ئۇممۇ سەلىمە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئادەم كونا مىراس ھەققىدە دەتالاش قىلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئارىسىدا ھۆججەت يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر دە تالاش قىلىپ ماڭا كېلىسىلەر، مەن بىر ئىنسان، دەلىل كەلتۈرۈشتە بەزىڭلار بەزىڭلاردىن گەپدانىراق بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن، ھەر كىمگە قېرىندىشىنىڭ ھەققىدىن بىر نەرسە ھۆكۈم قىلغان بولسام، ئۇنى ئالمىسۇن، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئوتتىن (دوزاخ ئوتىدىن) بىر پارچە بەرگەن بولىمەن.»

رەسۇلۇللاھ سۇھەيلىنىڭ قىزى ھەبىبە بىلەن ئېرى سابىت ئىبنى قەيس ئارىسىدىكى خۇلئەگە(خوتۇنىدىن بەدەل ئېلىپ تالاق قىلىش) ھۆكۈم قىلغان. ھەبىبە ئېرى بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ۋە ئېرىنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سابىتقا: «ئۇنىڭ بەرگىنىنى ئالغىن» دەيدۇ. ئۇ ئايالىنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنى ئالىدۇ ۋە ھەبىبە ئۆز ئائىلىسى بىلەن قالىدۇ. بۇ، ئىسلام تارىخىدىكى بىرىنچى خۇلئە ئىدى.

رەسۇلۇللاھ قەيسنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ نەپىقە دەۋاسىدا ھۆكۈم قىلغان، پاتىمە ئۈچ تالاق قىلغان ئېرىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىپ نەپىقە ۋە ئۆي تەلەپ قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا نەپىقە ۋە ئۆي بېرىلمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان.

بىر كۈنى ئېرى تالاق قىلىۋەتكەن بىر ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئېرىنىڭ بالىسىنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قورسىقىم ئۇنىڭغا (يەنى بالىغا) قاچا بولغان، ئىككى ئەمچىكىم ئۇنى سۇغارغان ۋە قۇچىقىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇۋا بولغان، ئەمدى دادىسى ئۇنى مەندىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ.» رەسۇلۇللاھ: «سىز ياتلىق بولمىغىچىلىك ئۇنى بېقىشقا ھەقلىقراقسىز» دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەدلەردە (يەنى قۇرئاندا بەلگىلەنگەن جازالار)، قىساسلاردا ۋە ماللاردا نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى چىقارغان. مەسىلەن، ئۇسەيىنىڭ قىسسىسى، سەفۋاننىڭ چاپىنىنى ئوغرىلىغان ئادەم، بىر دېدەكنى تەستەك بىلەن ئۇرۇپ چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىبنى نەزىر مەسىلىسى، مائىز ۋە غامىدىيەنى رەجمى قىلىش، زۇبەير بىلەن ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ خورما ۋە بوستاننى سۇغۇرۇش قىسسىسى، زىھار (يەنى ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشىتىش) ھەققىدىكى ھۆكۈم، ئىمامنىڭ قۇلنى ئۇرۇشى، جىزيە، غەنىمەت ۋە باشقا نۇرغۇن ھۆكۈملەر بار.

رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ۋە دەتالاشنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە كۆندۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە ساھابىنى دەتالاش ۋە دەۋالاردا ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغان، ئەمر ئىبنى ئاس، ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئەلجۇھەنى ۋە ھۇزەيفە ئىبنى يامان ئۇلاردىن ئىدى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!

بەزى ساھابىلەرنى رەسۇلۇللاھ باشقا شەھەرلەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى يولغا سالىدىغان چاغدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ قەلبىڭنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە تىلىڭنى سابىت قىلسۇن. ئەگەر ئالدىڭغا ئىككى دەۋا كەلسە، بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنىڭدەك يەنە بىرىنىڭمۇ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلمىغىن.» مۇئاز ئىبنى جەبەلنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنى ئەۋەتىش ئالدىدا سىناپ كۆردى. مەئقەل ئىبنى يەسارنى يەمەنگە ئەۋەتكەن. ئىتاب ئىبنى ئۇسەيىنى مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن مەككىگە ۋالى ۋە ھاكىم تەيىنلىگەن. ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنى يەمەننىڭ بەزى قىسمىغا ۋالى ۋە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى.

### 3ـ ئىجما(پىكىر بىرلىكى)

ئىنسانلار ئارىسىدا ھەق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن سوتنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىگە پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىر پىكىرگە كەلگەن ۋە ھېچبىر كىشى قارشى چىقمىغان، ساھابە كىراملار ئۇنى بايان قىلغان، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ۋە كۆپ ساھابىلەر بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، باشقىلارنىڭمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلغان، خۇلەفائى راشىدىن (يەنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋە بەزى

رىۋايەتتە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قوشۇلۇپ بەش خەلىپە بۇ سۈپەت بىلەن ئاتىلىدۇ) ۋە ئۇندىن كېيىنكى خەلىپىلەر ئىسلام مەملىكەتلىرىگە قازىلار تەيىنلىگەن.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قازى تەيىنلەپ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغىن مەن باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىمەن.» ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا، ساھابىلەرنى باشقا شەھەرلەرگە قازى قىلىپ ئەۋەتكەن، ئەبۇددەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىگە قازى تەيىنلىگەن، كېيىن ئۇنى دەمەشىققە ئەۋەتكەن، ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاۋۋال بەسرىگە كېيىن كۇفىغا قازى قىلىپ ئەۋەتكەن، شۇرەيھ ئىبنى ھارىسنى كۇفىغا قازى تەيىنلىگەن ۋە ئۇ كۇفىدا ئاتمىش يىل تۇرغان. ئىمام ئەلى قازىلىق ۋە دەتالاشنى ئايرىش بىلەن مەشھۇر بولغان ئىدى. بۇ ئىش خۇلەفائى راشىدىن زامانىدا، كېيىن ئەمەۋى، ئابباسى، مەملۇكى، مەراكەش، ئەندولۇس ۋە ئوسمانىيلار زامانلىرىدىمۇ شۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەن. تابىئىنلاردىن (ساھابىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلاردىن) شەئەبى ۋە ئىياز ئالاھىدە مەشھۇر قازىلاردىن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا قازى ئەلقۇززا (بىر دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق قازىلارنى باشقۇرىدىغان باش قازى) ئۇنۋانى ئوتتۇرىغا چىققان. ئىسلام تارىخىدا قازىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان كۆپلىگەن كىشىلەر باردۇر.

خەلىپە قازىلارنى تەيىنلەيتتى، ئۇلارنى لازىم بولغان يەرلەرگە ئەۋەتەتتى، ئۇلارغا مەكتۇپ يازاتتى ۋە ئۇلارنى ھەق يول ۋە ئادالەتكە يۈزلەندۈرەتتى. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ «سىياسەت كىتابى» دەپ ئىسىم بەرگەن، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىگە يازغان خېتى مەشھۇردۇر. شۇنىڭدەك، ھەزرىتى ئەلى ۋە كۆپلىگەن خەلىپىلەرنىڭ قازىلارغا يازغان خەتلىرى مەشھۇردۇر.

زۇلۇمنى يوقىتىش، ھوقۇقنى قوغداش، ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىشتا دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن ياردەم ئېلىش، ئامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋە زۇلۇمنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن سوتنىڭ بولۇشىنى ئەقىل تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى زۇلۇم قىيامەت كۈنى زۇلمەت بولىدۇ، زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى قورقۇنچلۇقتۇر.

## سوت ۋە ئادالەتتە باراۋەرلىك

سوت ھەققى ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۈتۈن پۇقرالىرىنىڭ ئومۇمىي ھوقۇقىدۇر، سوتتا پۈتۈن مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ دېگەندەك: «تاغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش باراۋەر» دۇر. ھەر بىر ئىنساننىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش، ئۇنى قوغداش، جېنىنى، مېلىنى، ئىپپىتىنى ۋە دىنىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن مەھكىمىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقى بار. شەرىئەتتە پەقەت سوت ۋە دۆلەت يولى بىلەنلا ھەققىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭدەك، ھەر بىر كىشىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىش ئەركىنلىكى بار، ئىككى تەرەپنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سوت ئالدىدا ھاكىم ۋە مەھكۇم ئوخشاشتۇر، خەلىپىلەر ۋە ۋالىلار ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىرى دەۋا قىلسا، سوت ھاكىمىيىتىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن ھەر قانداق بىر زۇلۇم يۈز بەرگەن بولسا، ئۇلارغا جازا بېرىلەتتى. بۇنىڭ جانلىق مىساللىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ تارىخىدا كۆپتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.» (سۈرە نىسا 105 ـ ئايەت)

ھۆكۈم ئۆزىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ ئادالەت بىلەن بولۇشى ۋاجىپتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار.» (سۈرە نىسا 135 ـ ئايەت)

چۈنكى ئادالەتكە بۇيرۇق قىلىش ئومۇمىيدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ھەرىكەتلەردىن)، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.» (سۈرە نەھل 90 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.» (سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللاھ يەتتە خىل كىشىنى ئەرشىنىڭ سايىسىدە قىلىدۇ: بىرىنچىسى، ئادالەتلىك ئىمام (يەنى دۆلەت رەئىسىدىن باشلاپ چوڭ ـ كىچىك ھەر قانداق باشلىق) دۇر....» رەسۇلۇللاھ بىر نەچچە ھەدىسىدە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىدۇ. بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ قولىنى چوقۇم كېسىمەن.» ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاجىز بولغان كىشى، مەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرگىچىلىك مېنىڭ نەزىرىمدە كۈچلۈكتۇر.»

شۇنىڭدەك، سوتتا مۇسۇلمان غەيرىي مۇسۇلمان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، شەخسلەر ئارىسىدا ياكى ھاكىم بىلەن قانچىلىك دۈشمەنلىك بولسا بولسۇن ھەق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋاجىپتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» (سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەت)

بۇنىڭ مىساللىرى كۆپتۇر. مەسىلەن، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن (ئۇ خەلىپە ئىدى) بىر يەھۇدىي ئارىسىدا ساۋۇت ھەققىدە دە تالاش بولۇپ، ئىككىسى قازى شۇرەيھنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. قازى ساۋۇتنى يەھۇدىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن يەھۇدىنىڭ كۆڭلى ئېرىيدۇ ۋە ئۆز ئۆزىگە مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى مەن بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى ئالدىغا كېلىدۇ ۋە قازى مېنىڭ پايدامغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆكمىدۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەئبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى.»

ئاندىن ساۋۇت ئەلىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا «ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ ساۋۇتنى ساڭا ھەدىيە قىلىمەن» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا 900 دىرھەم ھەدىيە بېرىدۇ. ئۇ ئەلى بىلەن بىرلىكتە سىففىن ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ.

جىبىللە ئىبنى ئەيھەم بىلەن بىر ئەرابى دەۋالىشىپ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ئىسلام ئىككىڭلارنى باراۋەر قىلدى» دېگەن.

يەنە مىسىر ۋالىسى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى مىسىرلىق بىر قىبتى بالىنى ئۇرغان، ئۇ بالا ھەزرىتى ئۆمەرگە دەۋا قىلغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى ئاسنى مىسىردىن چاقىرتىپ ئەكېلىپ سوتلىغان ۋە شۇ مەشھۇر سۆزىنى ئېيتقان: «ئانىلىرى ھۆر تۇغقان ئىنسانلارنى قاچاندىن تارتىپ قۇل قىلىۋاتىسىلەر؟!» مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سانسىز مىساللار بار.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قازىلارغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئالدىڭدا، ئادالىتىڭدە ۋە مەجلىسىڭدە ئىنسانلارنى باراۋەر قىلغىنكى سېنىڭ ھەقسىزلىك قىلىشىڭدىن تەمە قىلمىسۇن ۋە ئاجىزلار ئادالىتىڭدىن ئۈمىد ئۈزمىسۇن.»

دەۋانىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرىدا ئىككى تەرەپنى باراۋەر قىلىش لازىم. ھەققىنى تەلەپ قىلىپ دەۋا قىلغان كىشىنىڭ دەۋاسىنى قوبۇل قىلىپ رەتلەشتىن باشلاپ، ئىككى دەۋاگەرنىڭ مەھكىمىگە كىرىشى، سالام بېرىشى، ئۇلارنىڭ سالامىغا جاۋاب سالام بېرىش، قازىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى، قازىنىڭ ئۇلارغا سۆز قىلىشى، ئۇلارغا قارىشى، ئالدىنى قىلىشى، ئولتۇرۇشى، سۆزلەشكە ۋە دەلىل ئىسپات كەلتۈرۈشكە پۇرسەت بېرىشى ۋە ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشى قاتارلىق پۈتۈن ئەھۋاللاردا ئىككى تەرەپكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ۋاجىپتۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنسا، ئۇلار ئارىسىدىكى سۆزىدە، ئىشارىتىدە ۋە ئولتۇرۇشىدا ئادالەتلىك بولسۇن.» بۇنىڭغا باشقىلىرى قىياس قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنسا، دەۋاگەرنىڭ بىرىگە بىرىدىن قاتتىقراق سۆز قىلمىسۇن.»

## ئىنساننىڭ ئەسلىدە گۇناھسىز ئىكەنلىكى

فىقھى ئالىملىرى قازىنىڭ ئىنسانلارغا قارىتا جىنايەت ۋە مەدەنىي ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قائىدە چىقاردى. ئۇ، «ئىنسان ئەسلىدە گۇناھسىز» دېگەن قائىدىدۇر. ئىنسان بۇ ھاياتقا قەرز، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، تۆھمەت ۋەجىنايەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن خالىي، پاك ـ پاكىزە تۇغۇلىدۇ. «ھەر بىر بوۋاق فىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ.» جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن ئىنسان شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ۋاستىلەر ئارقىلىق گۇناھى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىز ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر گۇناھى ئىسپاتلانمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋا رەت قىلىنىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. زامانىمىزدا جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشى گۇناھى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىزدۇر دەپ تونۇلغان. شەرىئەتتە شۈبھىنىڭ ئەيىبلەنگەن كىشى مەنپەئەتىگە بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. بۇ تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ مەقسىتىدۇر: «ھەدلەرنى گۇمان ـ شۈبھىلەر بىلەن ئىجرا قىلماڭلار، ئىمامنىڭ ئەپۇ قىلىشتا خاتا كەتكىنى جازالاشتا خاتا كەتكىنىدىن ياخشىراقتۇر.»

ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاش مەنئى قىلىنغان، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈممىتىمدىن ئۈچ نەرسە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. خاتالىق، ئۇنۇتقانلىق ۋە قىلىشقا مەجبۇرلانغان نەرسە.»

كىمكى ھەق دەۋا قىلسا ياكى بىرىنىڭ جىنايەت ئىشلىگەنلىكىنى شىكايەت قىلسا، ئۇنى ئىسپاتلىشى ۋە دەلىل تېپىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىنسانلارغا دەۋا قىلغان نەرسىلىرى بېرىلسە، بەزى ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ قېنىنى ۋە مېلىنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ئىنكار قىلغان كىشى قەسەم قىلىشى كېرەك.» بەيھەقىنىڭ رىۋايىتىدە: «لېكىن دەۋا قىلغان كىشىنىڭ ئىسپاتلىشى ۋە ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ قەسەم قىلىشى كېرەك» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھەقنىڭ بەدىلى دەلىل» دېيىلىدۇ.

## جاۋابكارلىق شەخسىيدۇر

ئىسلام يېشىغا توشقان، ساغلام كىشىنى مۇستەقىل شەخسىيەتلىك ۋە تولۇق سالاھىيەتلىك قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە خىتاب قىلىپ

ھۆكۈملەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى شەرىئەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. ياخشى ياكى يامان بولسۇن، قىلغان ئىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە قولى بىلەن قىلغان ئىشلىرىدىن جاۋابكار بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(مۆمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ) ھەممىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ.» (سۈرە ئەھقاف 19 ـ ئايەت)

جازاغا تارتىلىش مەسئۇلىيىتى جىنايەت ئىشلىگەن كىشىنىڭ ئۆزىگىلا باغلىق. بۇ، قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن روشەن بايان قىلىنغان. چۈنكى جىنايەت پەقەت ئىشلىگۈچىدىنلا سورىلىدۇ. ھېچبىر كىشى باشقىسىنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.» (سۈرە تۇر 21 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر.» (سۈرە قىيامە 14 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ).» (سۈرە ئەنئام 164 ـ، ئىسرا 15 ـ، فاتىر 18 ـ، زۇمەر 7 ـ ئايەتلەر).

رەسۇلۇللاھ ھەر كىشىنىڭ ئۆز جىنايىتىدىن جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم دادىسىنىڭ گۇناھىدىن ۋە بىر تۇغقىنىنىڭ گۇناھىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ.» رەسۇلۇللاھ ئەبى رەمسە ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: «ئۇ سېنىڭ ئۈستۈڭگە گۇناھ قىلمايدۇ ۋە سەن ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇناھ قىلمايسەن (يەنى ئۇنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلەنمەيدۇ ۋە سېنىڭ گۇناھىڭ ئۇنىڭغا يۈكلەنمەيدۇ ـ ت).»

بۇ جازا مەسئۇلىيىتى پەقەت تەكلىپ دەلىلىنى چۈشىنەلەيدىغان ئاقىل ۋە بالىغ كىشىگىلا يۈكلىنىدۇ. ئۇسۇلى فىقھى ئالىمى ئامىدى مۇنداق دەيدۇ: «ئاقىللار مۇكەللەپنىڭ(مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغۇچىنىڭ) ئەقىللىق ۋە چۈشىنەلەيدىغان بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىدە ھەل پىكىر بولدى. چۈنكى تەكلىپ بىر خىتابتۇر، ئەقلى يوق، چۈشەنمەيدىغان كىشىگە خىتاب قىلىش خاتا دۇر.»

ئادەتتە ئەقىلنىڭ بارلىقىغا بالاغەت بىلەن دەلىل كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئىنسان بالاغەتكە يەتمىگەن بولسا، ياكى بالاغەتكە يەتكەن بولسىمۇ ساراڭ بولسا، ئۇنىڭغا تەكلىپ

يوق ۋە ئۇ قىلغان ئىشىدىن مەسئۇل ئەمەس. كىچىك بالا، ساراڭ ۋە ئۇخلاپ قالغان كىشىگە ئوخشاش. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قەلەم ئۈچ كىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن: ساراڭدىن ئەقلىنى تاپقۇچە، ئۇخلاپ قالغان كىشىدىن ئويغانغۇچە ۋە نارەسىدە بالىدىن بالاغەتكە يەتكۈچە.»

شۇنىڭدەك، ھايۋانلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى يوقتۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «تىلسىزلار (يەنى ھايۋانلار) نىڭ جىنايىتى بىكاردۇر.»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ھەققىدە كەلگەن مۇنۇ ئايەت جازا مەسئۇلىيىتىنىڭ شەخسىي ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ: «ئۇلار (يەنى يۇسۇفنىڭ خىزمەتچىلىرى): «سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ (ئەگەر قەدەھ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قېلىپ) يالغانچى بولۇپ قالساڭلارچۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئۇنىڭ جازاسى يۈكىدىن قەدەھ تېپىلغان ئادەمنى قۇل قىلىش» دەيدۇ. (سۈرە يۇسۇف 74 ـ 75 ـ ئايەتلەر) قەدەھنى يۈكىدىن چىقىرىۋىدى، ئاكىلىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ: «ئى ئالىيجاناب زات! ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) بىر قېرى ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز» دەيدۇ. يۇسۇف: «خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز. بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز" دەيدۇ.» (سۈرە يۇسۇف 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر)

فىقھى ئالىملىرى بۇنى جىنايەتلەر، ھەد ۋە تەزىر بابلىرىدا تەكىتلىدى ۋە قازىلار ھۆكۈملىرىدە ئۇنى ئەمەلىي تەتبىقلىدى.

### جىنايەت ۋە جازالارنىڭ شەرئى بولۇشى

بۇنىڭ مەنىسى: ئىنسانلارغا ئالدىنئالا جىنايەت ئىكەنلىكى، ئۇنى ئىشلىگەن كىشىنىڭ جازالىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇلمىغان ئىشنى جىنايەت ھېسابلاشقا بولمايدۇ. شەرىئەتتە جىنايەت بەلگىلەنمىگەن ئىشقا جازا توختىتىلمايدۇ، زامانىمىزدىكى قانۇن ئىستىلاھىدا ئۇ: «بايان قىلىنماي تۇرۇپ گۇناھ ۋە جازا يوق» دەپ تونۇلىدۇ.

بۇ پرىنسىپنى بەلگىلەشنىڭ دەلىلى كۆپ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق.» (سۈرە ئىسرا 15 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىگۈچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق.» (سۈرە قەسەس 59 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە نىسا 165ـ ئايەت)

ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ساھابىلەرنىڭ جاھىلىيەت قانۇنىغا ئاساسەن قىلغان بەزى ئىشلىرىنى، ئادەتلىرىنى ۋە قانۇنلىرىنى ھارام قىلدى ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ جازالىرىنى بايان قىلدى، لېكىن ھارام قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئىستىسنا قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!.» (سۈرە نىسا 22 ـ ئايەت)

ئىككى قىز قېرىنداشنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىغا ئېلىشنى ھارام قىلغان ئايەتتىمۇ بۇرۇنقى ئىش ئىستىسنا قىلىنغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى ئېلىش ھارام قىلىندى... ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە نىسا 23 ـ ئايەت)

ھەجگە ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ھايۋان ئوۋلىشى ھارام قىلىنغان ئايەتتىمۇ شۇنداق ئىستىسنا بار. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار، سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن

ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋەبالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر... ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت نازىل بولۇشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) ئاللاھ ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ.» (سۈرە مائىدە 95 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقى كۇفرى ۋە شېرىك بولۇپ، ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» (سۈرە ئەنفال 3 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئىسلام بۇرۇنقى كۇفرى ۋە گۇناھنى ئۆچۈرىدۇ.»

ئەمما جازانىڭ دەلىل بىلەن بولۇشى ۋە ئۇنى بايان قىلىش، جازالىنىدىغان ئىشلار ئىشلەشتىن بۇرۇن بىلىنىشى شەرىئەتتە ئېنىق بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1 ـ شەرىئەتتە قۇرئان، ھەدىس بىلەن بەلگىلەنگەن جازالار، ئۇلار: ھەد ۋە قىساس بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن ھالەتلەرگە مەخسۇستۇر.

2 ـ شەرىئەتتە قۇرئان، ھەدىس بىلەن بەلگىلەنمىگەن جازالار، لېكىن شەرىئەت ئۇنى بەلگىلەشنى خەلىپىگە، ۋالىغا ياكى قازىغا قويغان جازالار بولۇپ، ئۇنى قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى ئارقىلىق ياكى قازىنىڭ تۇتقان مەزھىبىدىكى كىتابلارنىڭ تېكىستى بويىچە ياكى ئومۇمىي ئىسلام فىقھىدىن تاللاش ياكى قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق بەلگىلەشكە بولىدۇ. بۇ، شەرىئەتتە «تەزىر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، شەرئى بىر ھېكمەت ئۈچۈن بولۇپ، زامان، ماكان، ئىنسانلار، قىيىن ئەھۋاللار ۋە يەڭگىل ئەھۋاللار قاتارلىق شەرت ـ شارائىتقا قاراپ جازا بەلگىلەش ئۈچۈندۇر. ھەنەفى ۋە مالىكى مەزھىبىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىش، جىنايەت بىلەن جازانىڭ بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەزىر قاراش بىلەن باشلاپ، ئۆلتۈرۈش بىلەن تۈگەيدۇ. لېكىن تەزىر

گۇناھنى ئاۋۋال تونۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىن تەتبىق قىلىنىدۇ. گۇناھلارنىڭ جازاسى ئومۇمىي بەلگىلىنىپ، تەپسىلاتى ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ.

### دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە سوت قانۇنى

ئىسلام ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى بەلگىلىگەن بۇ ئۇلۇغ مەنىلەردىن دۇنيا كۆپ ئەسىرلەر خەۋەرسىز ئىدى. بەلكى ئۇ بىر خىيالغا ئوخشايتتى. چۈنكى دۇنيادا زۇلۇم تارالغان، سىنىپى ئوخشاشماسلىق ئەۋج ئالغان، سوت ئىمتىيازى ۋە ئادالەت يەتكىلى بولمايدىغان بىر نەرسە ئىدى.

شۇڭلاشقا دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە سوت ھەققىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈندى ۋە بەش ماددا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىلدى. يەتتىنچى ماددىدا: «پۈتۈن ئىنسانلار قىلچە پەرقلەندۈرۈلمەستىن قانۇن ئالدىدا باراۋەردۇر» دېيىلدى. سەككىزىنچى ماددىدا: «ھەر بىر ئىنساننىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقى بار» دېيىلدى. توققۇزىنچى ماددىدا ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى ھىمايە قىلىنىپ: «ھەر قانداق ئادەمنى خالىغانچە قولغا ئېلىشقا، سولاپ قويۇشقا ياكى سۈرگۈن قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلدى. ئونىنچى ماددىدا: «ھەر بىر كىشىنىڭ مۇستەقىل ۋە بىتەرەپ بىر سوت مەھكىمىسى ئالدىدا مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا باراۋەر ھەققى بار» دېيىلدى. ئون بىرىنچى ماددىنىڭ بىرىنچى پاراگرافىدا: «جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئوچۇق سوتتا قانۇن بويىچە جىنايەتلىرى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىزدۇر»، ئىككىنچى پاراگرافىدا: «قانۇنسىز جىنايەت ۋە جازا يوقتۇر» قائىدىسىگە ئۇيغۇن: «ھەر قانداق كىشى بىر ئىش سادىر قىلغان ۋاقىتتا، پەقەت دۆلەتلىك ياكى خەلقئارالىق قانۇندا جىنايەت ھېسابلىنىدىغان قىلمىشى بىلەنلا گۇناھكار ھېسابلىنىشى كېرەك. ئىشلىگەن جىنايىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان جازادىن ئارتۇق جازا بېرىشكە بولمايدۇ» دېيىلدى.

كېيىنكى ئىككى ئەسىردە جازا ئىلمى تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭدەك، كۆپلىگەن دۆلەتلەردە جىنايەت ۋە جازا قانۇنلىرىمۇ تەرەققىي قىلماقتا، زامانىمىزدا ئادالەتلىك سوت كۆپىنچە ياۋروپادا بولۇۋاتىدۇ. قانۇن ۋە ھوقۇق پاكولتېتلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنىۋاتقان «جىنايەت قانۇنى» مانا مۇشۇ ياۋروپا قانۇنىدۇر.

## ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە سوت قانۇنى

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى سوت قانۇنىنى ئون توققۇزىنچى ماددىدا بەش بۆلۈم بىلەن بايان قىلدى، ھەر بىر بۆلۈمنى بىر پرىنسىپ ياكى بىر قائىدە ياكى بىر تېمىغا خاس قىلدى. تەپسىلاتىنى فىقھى كىتابلىرىنىڭ ئۆز تېمىدىكى بابلىرىغا ھاۋالە قىلدى. فىقھى كىتابلىرىدا بۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىلغان بىر نەچچە باب بار. مەسىلەن: ھۆكۈم بابى، دەۋا بابى، ئىسپاتلاش بابى، ئىقرار قىلىش بابى، شاھىدلىق بابى ۋە قەسەم بابى قاتارلىقلار.

ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 19 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

1 ـ شەرىئەت ئالدىدا پۈتۈن ئىنسانلار باراۋەر، بۇنىڭدا ھاكىم ۋە مەھكۇم ئوخشاشتۇر.

2 ـ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقى ھەممە كىشى ئۈچۈن كاپالەتكە ئېلىنغاندۇر.

3 ـ مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسى شەخسى بولىدۇ.

4 ـ شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق بولمىغان جىنايەت ۋە جازا يوقتۇر.

5 ـ جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشى ئۇنى مۇداپىئە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئادالەتلىك مەھكىمىدە گۇناھى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىز ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى پاراگراپلار پەقەت تېمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تەپسىلاتى، قۇرئان، ھەدىستىن دەلىللىرى ۋە ئىسلامدا سوت قانداق تەتبىق قىلىنىدىغانلىقى فىقھى كىتابلىرىدا مەۋجۇد. ئىسلام تارىخىدا مۇسۇلمانلار ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان، جانلىرىنى، ماللىرىنى ۋە ئىپپەت نومۇسىنى قوغدايدىغان، زۇلۇمدىن، تاجاۋۇزدىن توسىدىغان ئادالەتلىك ۋە بىتەرەپ سوتلاردىن پايدىلاندى. قازىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەق، ئادالەت ۋە شەرىئەتنى چىڭ تۇتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي سوت دۇنياغا ئۈلگە بولدى.

# سەككىزىنچى پەسىل

# خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق

خەلقئارالىق ھۆكۈملەر بىر دۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى، دۆلەتنىڭ چېگرىسى سىرتىدىكى پۇقرالىرىنى ھىمايە قىلىش ئالاقىسىنى ۋە باشقا دۆلەت پۇقرالىرى رىئايە قىلىشتىكى ئالاقىسىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ ھوقۇقلار بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتتىكى پۇقرالىرى ياكى باشقا دۆلەتنىڭ ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى پۇقرالىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەر ئىككى ھالەتتە ھىمايە قىلىش، تۈزۈملەر ۋە ئىنسان ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ھوقۇقلار ئوخشمايدۇ.

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق، ئۇنى بىلىشكە ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغدىنىشقا بولغان ئېھتىياج ھەر زامان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەيلى تىنچلىقتا بولسۇن ياكى ئۇرۇش زامانىدا بولسۇن، ئۇ مەۋجۇدتۇر. يەنى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئالاقە تىنچلىق، ياردەملىشىش، ئىتتىپاق ۋە كېلىشىم ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسۇن ياكى ئىككى دۆلەت ئۇرۇش ھالىتىدە بولۇپ، بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى دۈشمەن دۆلەتنىڭ نوپۇزى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بولسۇن، ئۇرۇشۇۋاتقان بولسۇن ياكى ئۇرۇش توختاتقان بولسۇن، بۇ ھوقۇقلار مەۋجۇد بولىدۇ. مەسىلەن، ئەسىرلەر ۋە يارىدارلار ھوقۇقلىرى، ئۆلۈكلەرنىڭ جەسەتلىرى، قەبرىلەر، ئاياللار ۋە بالىلارغا ئوخشاش بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ھوقۇقلىرى، ئۇرۇش ۋاقتىدا مەۋجۇد بولۇپ، غەنىيمەت بولغان ۋە ئۇرۇشتىن قېلىپ قالغان ماللارغا تەئەللۇق ھوقۇقلار، بولۇپمۇ زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتلىرى، مېۋىلەر، قۇرۇلۇشلار، ئىبادەتخانىلار ۋە ئۇرۇشقان دۆلەتلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈش قاتارلىق ھوقۇقلار.

بىزنىڭ فىقھى ئالىملىرىمىز خەلقئارالىق ئالاقە ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى جىھاد، ئۇرۇش، ساياھەت بابى ئاستىدا تەتقىق قىلدى. ئەسىرلەر، كېلىشىملەر، ئۇرۇش ئەدەبلىرى، ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلار ۋە قاتناشمىغۇچىلارغا كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە تەپسىلىي بايانلار بەردى. ئۇ بۇ يەردە كىرىش مۇمكىن بولمايدىغان كەڭ بابتۇر.

دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئىنساننىڭ خەلقئارالىق ھوقۇقىنى تىلغا ئالمىدى، ئۇنى تۈزۈشنى ئالاھىدە كېلىشىملەرگە ۋە خەلقئارالىق ئىتتىپاقلارغا قويۇپ بەردى. 1969 ـ يىلىدىكى ۋيانا شەرتنامىسى، ئەسىرلەر ھەققىدە جەنۋە كېلىشىمى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق ئالاقىنى تۈزۈش ئىتتىپاقى قاتارلىقلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى توختامنامىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ياردەملىشىش، دۆلەتلەر ئارىسىدا كەڭچىلىك قىلىش، تىنچلىق بىلەن ياشاشنى دەۋا قىلىش ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق قاتارلىقلار تىلغا ئېلىندى. ئۇنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «تىنچلىقنى تەھدىتكە سالىدىغان سەۋەبلەرنى مەنئى قىلىش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن ئورتاق تەدبىرلەر قوللىنىش ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا دوستلۇق ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم» دېيىلدى. ئىككىنچى ماددىسىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشدا پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن ھەرقانداق دۆلەتكە ياردەم بەرمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى چەتكە قېقىش سىياستى قوللىنىش تەلەپ قىلىندى.

ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا باغلىق تەشكىلاتلارنىڭ رولى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولىدىن چوڭراق بولغان. ئۇ تەشكىلاتلار: قىزىل كرېست جەمئىيىتى، قىزىل ئاي جەمئىيىتى، خەلقئارا ئىش تەشكىلاتى، يۇنىسكو تەربىيە ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى، يۇنىسېف ”دۇنيا باللار تەشكىلاتى“ ۋە خەلقئارا ئادالەت مەھكىمىسى قاتارلىقلاردۇر.

شۇنىڭدەك، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھوقۇق ھەققىدە خەلقئارالىق شەرتنامىلەرنىڭ بىرىنچى ماددىلىرىدا خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى تىلغا ئېلىندى.

لېكىن ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى خەلقئارالىق ئالاقىنىڭ بۇ تەرىپىنى ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى خاتىرىلىتىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۈچىنچى ماددىنى ئالاھىدە ئۇنىڭغا ئايرىدى.

«1 ـ كۆچ ئىشلىتىش ۋە قورallىق توقۇنۇش ئەھۋاللىرىدا قېرىلار، ئاياللار ۋە باللارغا ئوخشاش ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، يارىدار بولغانلارنىڭ داۋالىنىش هوقۇقى بار. ئەسىرلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ياتاق ھەققى بار. ئۆلۈكلەرنى پارچىلاش ھارام، ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، ئۇرۇش تۇپەيلىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئائىلىلەر بىرلەشتۈرۈلىدۇ.»

«2 ـ دەرەخلەرنى كېسىش، زىرائەت ۋە ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلىش، دۈشمەننىڭ مەدەنىي قۇرۇلۇشلىرىنى تارتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ.»

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ ئەسكەر ۋە قوماندانلىرىغا گۇناھسىز كىشىلەرنى ۋە ئۇرۇشقا قاتناشمىغان قېرىلار، ئاياللار، باللار ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدىكى ۋەسىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

ھەمدە ئىسلام ئەسىرلەر ھەققىدە ئالاھىدە قانۇن چىقاردى. ئاللاھ تەئالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن ئۇلارنى (يەنى ئەسىرلەرنى) ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار.» (سۈرە مۇھەممەد 4ـ ئايەت) رەسۇلۇللاھ ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى تەپسىلىي بايان قىلدى. بەدىر ئەسىرلىرىگە ياخشىلىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار.» مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئەسىرلەرگە ئەڭ ياخشى يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى تەقدىم قىلغان ئىدى.

شۇنىڭدەك، ئىسلام ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلۈكلەرنى پارچىلاشنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئۇنداق قىلىش، ئاداۋەت، ۋەھشىيلىكنىڭ ئالامىتىدۇر ۋە ئىنسانغا بىكاردىن بىكار يامانلىق قىلىشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئۇرۇشقا يۈزلەنگەن ئەسكەرلەرگە: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، ئاللاھ بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن يۈرۈڭلار، قېرى كىشىلەرنى، كىچىك باللارنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇرۇشتا ھەددىدىن ئاشماڭلار، غەنىيمەتلىرىڭلارنى قويۇڭلار، ئىسلاھ قىلىڭلار ۋە ئېھسان قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغانلارنى ياقتۇرىدۇ» دەيتتى.

مانا مۇشۇ ھەدىس ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدا: «ئىنسانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغان قۇراللارنى ئىشلىتىش ھارام قىلىنىدۇ» دېيىلىشكە سەۋەب بولغان. چۈنكى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇرۇش مىللەت ۋە خەلققە قارىتىلمايدۇ. كىسرانىڭ قوماندانى رەبئى ئىبنى ئامىردىن ئارالدىن چىقىشىنىڭ غايىسىنى سورىغاندا رەبئى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «بىز ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا ئىبادەت قىلىشتىن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ھاكىملارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن كەلدۇق.» بۇ مەقسەت خەلقلەرنى ئىسلامىي ئەسكەرلىككە تەشكىللىگەندە ۋە ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. مىسىر، سۈرىيە، شىمالى ئافرىقا ۋە ئەندەلۇس (يەنى ئىسپانىيە) نى فەتھى قىلغاندا بولغاندەك.

# خاتىمە

## كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ كاپالەتلىرى

پرىنسىپ ۋە ئەخلاقلارنى قوبۇل قىلىش، ھەر خىل شوئار ۋە پەلسەپىلەر بىلەن توۋلاش ئاسان ئىش. مۇھىم بولغىنى ئۇنى ئىجرا قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئالىملارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «مىڭ نەزەرىيىنى مەيدانغا چىقىرىش ئاسان، لېكىن بىر نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش قىيىن.» شۇڭلاشقا ئومۇمەن قانۇن ۋە ھۆكۈملەر، خۇسۇسەن كىشىلىك ھوقۇق ئۇنى تەتبىقلاپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچكە موھتاجدۇر. ھەممىدە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۇنى قوغدايدىغان كاپالەتلەرگە باغلىق.

ئەمما دۇنيا كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ كاپالىتى ئەدەبىي تەرەپكىلا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، مەنىۋى جەھەتتە ئۇنى تەتبىقلاشقا قىزىقتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا داۋاملىق ۋەسىيەت قىلىپ تۇرىدىغان بىر كۈچ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى قەغەز ئۈستىدىكى سىياھ بولۇپلا قالدى. ئۇ پەقەت ئىنسانلار قۇرۇلتاي ۋە يىغىنلاردا سىياسىي مەسلەك ھالەتلىرىدە توۋلايدىغان شوئار. كۆرۈنۈشتە ئۇ ئەڭ ئالىي ئەخلاق، پرىنسىپ ۋە نەمۇنىلەرنى تىلغا ئالغان، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھەممىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان، قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرگە ئىنسان بۈگۈنكى ھاياتىدا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەتىسى ئۈچۈن تەلمۈرىدىغان، كەلگۈسى ئۈچۈن ئارزۇلايدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەتتا ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك ئالىي ھايات بەخش ئېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلدۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن دۆلەتلەر قول قويغان بىر باياننامىدۇر.

لېكىن دۇنيادا مەيلى مەھەللە ۋە مەملىكەت سەۋىيىسىدە بولسۇن، مەيلى دۇنيا ۋە خەلقئارا سەۋىيىدە بولسۇن، كىشىلىك ھوقۇقنى ئاياق ئاستى قىلىش ناھايىتى كۆپ ۋە ئاشكارىدۇر. دۇنيانىڭ كۆپ دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى كىشىلىك ھوقۇق بىلەن تىجارەت قىلماقتا، ئۇنى سېھىرلىك ھاسىغا ئوخشاش قاچان خالىسا ئىشلىتىدۇ، قاچان خالىسا، كۆزنى چىڭ يۇمۇۋالىدۇ. ئۇلار بەزىدە بىر ئادەمنى تۇتۇش ياكى بىر

كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى پۈتۈن دۇنيانى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئەمما پۈتۈن بىر خەلقنى يوقىتىش ياكى تەھدىت قىلىشقا قارشى چىقىشنىڭ ئورنىغا گاس بولۇۋالىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى زامانىۋى شائىرلارنىڭ بىرى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

تەرجىمىسى: جاڭگالدا بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈش كەچۈرگۈسىز جىنايەت بولىدۇ، تىنچ ئامان بىر خەلقنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاش مۇزاكىرە قىلىنىدىغان بىر مەسىلە...[1]

## كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىسلامى كاپالەتلىرى

ئىسلام شەرىئىتى پەقەت پرىنسىپ ۋە شوئارلارنى چىقىرىپلا قالمىدى، بەلكى ئۇ ئىنساننى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ، تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە كاپالەتلىك قىلدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ھېكمەتلىك شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بېكىتتى، ئىنسانغا پايدىلىنالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى سىزىپ بەردى، ئۇنى ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلىدى، كامالەت مەرتىۋىسىگە يۈزلەندۈردى، ئۇنىڭ ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ ئەمەلىيىتىنى ئىنسانىنىڭ ئۆزى، جەمئىيىتى، مىللىتى ۋە پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىلەردە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە چىقاردى، ھوقۇقلىرىنى تەتبىقلاپ ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشقا ھېرىس بولدى.

ئىسلامدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كاپالەتلىرى تەپسىلىي ۋە ئادەتتىكى مەسىلىلەردە بەك كۆپتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەر ئىنسانلارغا مەزكۇر ھوقۇقلارنى توختاۋسىز خاتىرىلىتىپ تۇرىدۇ. قانۇن ۋە ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي تەتبىقلاپ ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىككى ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ:

1 ـ ئەقىدە، ئىمان ۋە شەخسىي تەربىيە

---

[1] شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمەلىيەتتە تەتبىقلانمايدىغان، كىشىلەر ۋە جەمئىيەت پايدىلىنالمايدىغان، مەيلى رىغبەتلەندۈرۈش ياكى قورقۇتۇش بىلەن، مەيلى ئەقىدە ياكى كۈچ بىلەن ئىجرا قىلىنمايدىغان بۇنداق ھەقلەرنى بەرگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق دەيمىز. گېرمان ئالىملىرىدىن ئىھرىنگ: "ئىجرا قىلدۇرغۇچى كۈچى بولمىغان ھوقۇق مەنىسىز قۇرۇق سۆزدۇر" دەيدۇ. ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇھەممەد ئىقبال: "كۈچسىز دىن قۇرۇق پەلسەپە" دەيدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئىجرا قىلىنمايدىغان ھوقۇقتىن سۆز قىلىش پايدا بەرمەيدۇ" دەيدۇ.

2 ـ قانۇنلارنى قوغدايدىغان، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان، دائىم كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنى تەتبىقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان، تاجاۋۇز قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشنى مەنئى قىلىدىغان دۆلەتتۇر. بۇلارنى بىر ئاز تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1 ـ ئەقىدە، ئىمان ۋە تەربىيىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشى

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئىنسانىنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ۋە پەزىلىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئەسلىدە ئەقىدە ۋە ئىمانغا باغلىق، چۈنكى ئىمان ۋە ئەقىدە ئاساستۇر.

ئىسلام ئىنسانلارنى شەرىئەت ھۆكمىگە تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىمان ۋە ئەقىدىنى مۇستەھكەملەشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. چۈنكى ئەقىدە ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش، ئەخلاقنى ياخشىلاش ۋە گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر مۇھاپىزەتچىدۇر. ئۇ ھۆكۈملەرنى تەتبىقلاشتا ھەقىقىي بويسۇنۇپ ـ سۇنمىغانلىقنى كۆزىتىدىغان بىر كۆزەتچىدۇر. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ كۈچى مەدىنىدە ھاراق ھارام قىلىنغاندا، قىبلە كەئبە تەرەپكە يۆتكەلگەندە، ئاللاھ يولىدا جىھاد ئېلان قىلىنغاندا، ئەسكىرىي كۈچ تەييارلاش ئۈچۈن ياردەمگە چاقىرىلغاندا روشەن كۆرۈلگەن ئىدى. ھازىرمۇ ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا، بەزى كىشىلەرنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى مەھكەم تۇتۇشىدا ئوچۇق كۆرۈلمەكتە.

مەھمۇد شەلتۇت مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامىي ۋەزىيەتتە ئەقىدە ئاساس بولۇپ، شەرىئەت ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، شەرىئەت ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان ئەسەردۇر...، ئۇنداقتا ئىسلام ئەقىدە بىلەن شەرىئەتنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. يەنى ئەقىدە ئىنسانىنى شەرىئەتكە ئۈندەيدىغان بىر تۈرتكە، شەرىئەت بولسا يۈرەكتىكى ئەقىدىدىن قايناپ چىققان بىر بۇلاق، بۇ بىرلىك ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان نېمەتلىرىگە ئېرىشىشنىڭ يولى. كىمكى ئەقىدىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، شەرىئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرسا، ياكى شەرىئەتنى ئىجرا

قىلىپ ئەقىدىنى يوقاتسا، ئۇنداق كىشى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان بولمايدۇ ۋە ئىسلامنىڭ ھۆكمىدە ئۇ ئادەم نىجات يولىنى تۇتقان بولمايدۇ.»

ئەقىدىنىڭ كامىل بولۇشى ۋە ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش دىنىي ئامىلنى كۈچلەندۈرىدۇ، نەپسىنى پاكلايدۇ، ئەخلاقنى تۈزەيدۇ، ئىسلام شەرىئىتى دىن ۋە قانۇندۇر، ئۇ مۇسۇلمان كىشىنىڭ شەخسىيىتىدە بىرلىشىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى خىل نەرسىدۇر.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىسلامىي چۈشەنچىگە قارشى تۇرۇش ئىمان ۋە ئەقىدىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئۇنداق كىشى مۇناپىق، ئىمانى ئاجىز، ئىسيانكارلىق بىلەن ئەيىبلىنىدۇ.

ئىمان ۋە ئەقىدە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە ئۇنى تەتبىقلاپ ئىجرا قىلىشنىڭ بىردىنبىر كاپالەتچىسىدۇر. دىنىي ھەيدەكچى، ئۆز - ئۆزىنى ھېسابقا تارتىش ۋە داۋاملىق ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ئىنساننىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ئىشلىتىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى تاجاۋۇز قىلماستىن قوغدايدىغان مۇستەھكەم بىر قەلئەدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى بىلىپ، ھەددىدىن ئاشمايدىغان، باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئادا قىلىدىغان كىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئايەت، ھەدىسلەر بەك كۆپتۇر.

## 2 ـ ئىسلام دۆلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشى

شەرىئەت كىشىلىك ھوقۇقنى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلاپ، خەلىپە ۋە ئىسلام دۆلىتىنى دىن ۋە دۇنيا ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىگە بويسۇنۇشنى بۇيرۇدى، دۆلەتنىڭ ئىجرا كومىتېتلىرىنى ۋە مەھكىمىلىرىنى بۇ ھەق ۋە ھوقۇقلارنى قوغداشقا تەكلىپ قىلدى. ۋالى، ساقچى ۋە قازىلار كۆزەتچى ۋە ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىشنى قوغدىغۇچىدۇر. بىرىنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىنسا، ئادالەتنى بەرپا قىلىپ كىشىلەرنى زۇلۇمدىن ۋە قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاسماندىن نازىل بولغان شەرىئەتنى ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ جازالىرىنى تەتبىقلاپ، ھەق ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

خەلىپىلەر، ۋالىلار، قازىلار ۋە دۆلەتنىڭ باشقا خىزمەتچىلىرى ئۈستىگە يۈكلەنگەن بۇ ۋەزىپىنى تونۇپ يەتكەن. بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كۈچلۈك بولغان كىشى، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەققى ئېلىنىپ بولغۇچە مېنىڭ نەزىرىمدە ئاجىزدۇر، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاجىز بولغان كىشى مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلگۈچە كۈچلۈكتۇر.»

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بەزىسىگە ھۆرمەت قىلىنمىغان ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان شۇ سۆزىنى قىلدى: «ئانىسى ھۆر تۇغقان ئىنسانلارنى قاچان قۇل قىلىۋالدىڭلار!»

ئەسىرلەر بويىچە بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ۋە كۆپلىگەن خەلىپە ۋە قازىلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان يالقۇنلۇق سۆزلەر كۆپتۇر.

ئىسلامدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كاپالىتى ئىمان ۋە ئەقىدە، ئاندىن ئىسلام دۆلىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت دىنى ئېتىبار بىلەن ھۆكۈم ئېتىبارىنى، دۇنياۋى جازا بىلەن ئاخىرەت جازاسىنى، دۇنيادا ۋىجدان ۋە نەپس ئالدىدا، ئاخىرەتتە ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ھېسابقا تارتىلىشنى، دۇنيادا قازىنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەت ئاستىدا بولۇشنى بىرلەشتۈرىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلىيەتتە تەقۋا ۋە ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ كۈچلىنىشى بىلەن يۈكسىلىدۇ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىسلام پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشى ۋە ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

## كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

بۇ تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاخىرىدا دۇنيا كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1 ـ ئىسلامدا كىشىلىك ھوقۇق ئىسلام شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىنساندىن سادىر بولىدىغان ھەرقانداق ئىشتا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر

بار، ھەر ئىش ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە مەنپەئەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك.

ئىسلامنىڭ كۆز قارىشىدا مۇسۇلمانلار شەرىئەت ھۆكمىنى تولۇق تەتبىقلىماستىن كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى دەۋا قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى ئىسلام پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. ئىخلاس ۋە ياخشى نىيەت بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەدرىجىي تەتبىقلاشلا مۇمكىندۇر.

2 ـ ئىسلام نەزەرىيىسىدە كىشىلىك ھوقۇق ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدىكى دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر. يەنى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەتئىي سۈرەتتە تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمەل قىلغانلارغا ساۋاب بېرىلىدۇ، تەرك ئەتكەنلەر جازالىنىدۇ. ئىنسان پەقەتلا بۇ ھەقلەرنى ئىجرا قىلىش ۋە بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا كىشىلىك ھوقۇق ئىجرا قىلىسمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان قۇرۇق ھوقۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ زۆرۈر ئىش ھېسابلىنىدۇ[1]. ئۇ قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەت ئەمەس، بەلكى قانۇنى بۇيرۇقلاردۇر، ئۇ خۇددى تاماق، ھاۋا ۋە سۇغا ئوخشاش ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرىدۇر.

3 ـ بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنى قانچىلىك ئىجرا قىلىشىغا باغلىق، بەزى دۆلەتلەر ئىسلامدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ، دىنىنى چىڭ تۇتقان ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرغان ھەر قانداق كىشىنى رەسمىي «تېررورىست» دەپ ھېسابلايدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئىسلامغا ئورۇنۇۋېلىپ، بەزى ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىپ، كۆپلىگەن ھۆكۈملىرىنى تەرك ئېتىدۇ، يەنە بەزى دۆلەتلەر ئىسلامنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىجرا قىلىسمۇ، يەنە بىر قىسمىنى ئىجرا قىلمايدۇ.

4 ـ بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇق قانىتى سۇنۇق، دەلىللىرى سولاقلىق، ئىجرا قىلىنىشىنىڭ كاپالىتى ۋە كۈچىنى يوقاتقان ھالەتتە بولۇپ، ئۇنى تەتبىقلاپ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاستىلەرگە موھتاجدۇر. ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشنى توختىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي بىر چەكلىمە قويۇش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا

---

[1] زۆرۈرىيات: قوغداش زۆرۈر بولغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار بەشتۇر: دىن، جان، مال، ئەقىل ۋە نەسىل ياكى ئىپپەت نومۇس. بۇ بەش نەرسىنى قوغداش ئىسلامدا پەرزدۇر ۋە تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ.

دۆلەتلىرى، يېڭى دۇنيا نىزامىنىڭ پىشۋالىرى كىشىلىك ھوقۇقنى ئىككى بىسلىق قورالغا ئوخشاش قوللىنىدۇ ۋە ئۇنى ئىككى خىل مىزان بىلەن تەتبىقلايدۇ. خۇددى قۇرئان سۈپەتلىگەندەك: «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ.» (سۈرە مۇتەففىفىن 1 ـ 6 ـ ئايەتلەر)

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ياۋروپا ۋە دۇنيا دۆلەتلىرى ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلار سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ كىشىلىك ھوقۇقنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا قارشى ئاتلىنىدۇ، ئەمما مەنپەئەتى بولمىسا كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى ئېتىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئاشكارا مىسالى كەشمىردە، ئاسامدا، بورمادا، تايلانتدا، فىلىپپىندا، سىرىلانكىدا، چېچەنىستاندا، تۈركىستاندا، بوسنىيەدە، ئالجىرىيەدە، مىسىردا كۆرۈلمەكتە، ئىراقتا، لىۋىيىدە، كۇبادا ۋە سۇداندا پۈتۈن خەلق ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ، ئۇ دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزمەكتە. بۇلارنى پەقەتلا سىياسىي جېدەل ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىكى ئوخشىماسلىق ئۈچۈن قىلىدۇ. خەلقىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئۇلارنىڭ قانداق چارىسى بار؟ ئۇلارنىڭ ھەقلىرى قېنى؟!

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان سۆزنىڭ ئەمەلگە ئوخشىماسلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان، ئىنسان ئۆزى بىلەن پىكىردە، ئەقىدىدە ۋە ئەمەلدە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر).» (سۈرە سەف 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر)

ئاخىرىدا ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكرارلايمىز: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.» (سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەت)

«ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.» (سۈرە يۇسۇف 108 ـ ئايەت)

بىزنىڭ دۇئايىمىزنىڭ ئاخىرى «جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

كىتابخانلارنىڭ تولۇق ۋاقىپ بولۇشى ئۈچۈن دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ ۋە ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنىڭ تېكىستىنى تولۇق بېرىمىز، «ئىسلامدا سوت ئالدىدا كىشىلىك ھوقۇق كاپالەتلىرى» تېمىسىدىكى بىر پارچە تەتقىقات ماقالىمىزنى ئىلاۋە قىلىمىز. تەۋپىق ئىگىسى ئاللاھتۇر ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىمىز...

# كىتابقا ئىلاۋە قىلىنغان تېمىلار

### بىرىنچى قوشۇمچە

## ئىسلام مەھكىمىلىرىدە كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ كاپالەتلىرى

پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇنكى، ئۇ ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى، ئىنساننى پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل قىلدى. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن. ئامىن!

مەقسەتكە كەلسەك: «ئىسلام مەھكىمىلىرىدە كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ كاپالەتلىرى» ھەققىدىكى بۇ قىسقا ماقالىمىزدا، ئالدى بىلەن ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەت نەزەرىيىسى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسلام مەھكىمىلىرىدە كىشىلىك ھوقۇققا كېپىل بولۇشنىڭ بەزى شەكىللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاخىرىدا بىر خاتىمە بىلەن ئاياغلاشتۇرىمىز.

### ئىسلام قانۇنىدا ئىنسان نەزەرىيىسى

ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىنساندۇر، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىش ۋە كىتابلار نازىل قىلىشنىڭمۇ بىرىنچى غايىسى ئىنساندۇر. چۈنكى ئۇلار ئىنسانلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەش، يامان ئىشلار ۋە بۇزۇقچىلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن قۇتقۇزۇش، ئەقلىنى ئۆستۈرۈش، زېھنىنى ئېچىش، ھەرىكەت ۋە ئەخلاقىنى ئالىي دەرىجىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندۇر. قانۇنلار ئىنسانلارنى تەدرىجىي ھالدا كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى تەمىنلەش، ئىشلىرىغا رىئايە قىلىش، ئېھتىياجىنى قامداش، مەنپەئەتلەرنى جەلپ قىلىپ، بۇزۇقچىلىقنى يوقىتىش، زىيانلىق ئىشلارنى مەنئى قىلىش ۋە يولدا ئىنسانلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن چىقىرىلغاندۇر.

ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارنى ھۆرمەتلەپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇنى بىكارغا ياراتمىدى ۋە بىكار تاشلاپ قويمىدى. ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا

بويسۇندۇرۇپ بەردى، تاغلارنى ۋە ھايۋاناتلارنى ئۇنىڭ قول ئاستىدا قىلدى، قۇرۇقلۇقنى ئۇنىڭغا تۆشەك قىلدى، دېڭىزلاردا ۋە يەر ئاستىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن خەزىنىلەر ياراتتى، بۇلۇتلاردىن بەرىكەتلىك يامغۇرلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياغدۇردى. ئىنسانلار پەيغەمبەرلىكنىڭ مەركىزى ئوبيېكتى بولدى، ئاللاھ تەئالا ئىنساننى ئەڭ توغرا ۋە ھەق يولغا باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 38 ـ ئايەت)

ئىسلام كەلگەن كۈندىن باشلاپ كىشىلىك ھوقۇققا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنىڭغا چاقىرغان، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھۆرمەت بىلەن قارىغان، ھاياتنىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرىدا ۋە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇنى قوغدىغان، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشنى چەكلىگەن ۋە ھەددىدىن ئاشقانلارغا قارشى جازا بەلگىلىگەن.

## كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن سوت قانۇنى چىقىرىش

ئىسلام پەقەت كىشىلىك ھوقۇقنى بايان قىلىش، نەزەرىيىدە ئۇنىڭغا چاقىرىش ۋە ئۇنىڭ شوئارىنى توۋلاپ، جار سېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تەئالادۇر، ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى، خاراكتېرىنى ۋە تەركىبىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتتىن قاچىدىغانلىقىنى، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. خەتىب شەربىنى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ تەبىئىتى زۇلۇم قىلىشقا، ھوقۇقلارنى مەنئى قىلىشقا يارىتىلغان بولۇپ، بەك ئاز ئىنسان ئۆزىگە ئىنساپ قىلىدۇ.»

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

تەرجىمىسى: زۇلۇم قىلىش نەپسلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئەگەر سەن زۇلۇم قىلمايدىغان ئىپپەتلىك بىرىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ بىرەر ئىللەت سەۋەبى بىلەن زۇلۇم قىلمىغانلىقىنى بىلىسەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەقىدە ۋە قانۇندۇر. ئۇ ئەمەل ۋە ھايات قانۇنى، نىزام ۋە تەتبىق قانۇنى، ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن

بولغان ئالاقىسىنى، ئىنساننىڭ جەمئىيەت بىلەن ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۈزەيدىغان قانۇندۇر.

قانۇن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئىسلام ئۇنى يولغا قويغان، ئۇنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بەلگىلىگەن، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز چېگرىسىدا تۇرۇپ ئەمەل قىلىشىنى ۋاجىپ قىلغان، چېگرىدىن ئۆتۈپ باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشنى مەنئى قىلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر.» (سۈرە بەقەرە 229 ـ ئايەت)

ئىسلام ئەمەلىيەتتە تەتبىق قىلىنمايدىغان، شەخسلەر ۋە جەمئىيەتلەر پايدىلىنالمايدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان ۋە تەتبىقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئامىللىرى بولمىغان ھوقۇقلارنى قانۇن قىلىپ بېكىتكەننىڭ ۋە ئۇنى كىشىلەرگە بەرگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەيلى ئىمان ۋە قانائەتلەندۈرۈش ئارقىلىق بولسۇن، مەيلى ھاكىمىيەت ۋە كۈچ ئارقىلىق بولسۇن، بەلگىلەنگەن ھوقۇقلار تەتبىق قىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن گېرمان ئالىملىرىدىن ئىھرەڭ مۇنداق دەيدۇ: «ئىجرا قىلدۇرىدىغان كۈچى بولمىغان قانۇن مەنىسىز قۇرۇق سۆزدىن ئىبارەت.» ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇھەممەد ئىقبال مۇنداق دەيدۇ: «قوغدايدىغان كۈچى بولمىغان دىن قۇرۇق پەلسەپەدىن باشقا نەرسە ئەمەس.» ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىجرا قىلىنمايدىغان قانۇنلاردىن سۆز قىلىشنىڭ پايدىسى يوق.»

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بېكىتتى، پۈتۈن ئىنسانلارغا پايدىلىنىدىغان ھوقۇقنى بەردى، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتى ۋە ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلىدى. ئاللاھ تەئالا ئىسلام دۆلىتىنى سوت قانۇنى ۋە ھاكىمىيىتى بىلەن بۇ قانۇنلارنى ھىمايە قىلىپ قوغداشقا، ئادالەتنى بەرپا قىلىپ، زۇلۇمنى ۋە دۈشمەنلىكنى توسۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.» (سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى.» (سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت)

جىھاد ۋە ئۇرۇشنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش، زۇلۇم قىلىنغانلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئىنسانلارنى ھاكىملارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىشتۇر. لېكىن قازى بەرپا قىلماقچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئادالەت ۋە ھوقۇق شەخسلەر ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن، قازىنىڭ ئادىل ھۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ئاشكارا ئىزھار قىلىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، ھەق زايە بولۇپ كېتىدۇ، ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنىڭ ئايىغى ئاستىدا يەنچىلىپ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق دەۋا قىلغۇچى ھەققىنى ئىسپاتلىشى كېرەك، بولمىسا قۇرۇق دەۋا بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر بىلەن قوغداش ۋە قازىنىڭ ئالدىدا ئاشكارا قىلىش لازىم. «ھەقنىڭ بەدىلى دەلىلدۇر» دېگەن سۆز بار.

يەنە بىر تەرەپتىن سوت كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە نوپۇزغا ئىگە ھاكىمىيەت بولۇپ، ھۆكۈم ۋە قارارلارنى چىقىرىدۇ. ئىنسانلار شۈبھىلىك، ئەيىبلىنىش ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش، دۈشمەنلىك ۋە تاجاۋۇز قاتارلىق گۇناھلار بىلەن ئادالەت ئالدىغا تۇرغۇزۇلىدۇ. دەۋاگەر ياكى جاۋابكار ئەقىدە ۋە ئۇسۇلدا قازى بىلەن ئوخشاش  بولمىغاندا، قازىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلماسلىقى، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقى ۋە يامان مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئېھتىمالدا قازىلار تەرەپتىن ياكى جىنايەتچىلەر تەرەپتىن سوتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئىسلامدا سوت قانۇنىنىڭ پۈتۈن يوللىرى روشەن بېكىتىلدى. سوت ئىشلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ئۈيغۇن ۋە ئەڭ توغرا ئۇسۇل كۆرسىتىلدى. ئىنسان ئۆزى ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ ياكى گۇناھكار بولۇپ، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان بولسىمۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا ۋە ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىپ يامان مۇئامىلە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار،

ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» (سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەت)

## ئىسلام مەھكىمىلىرىدە كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بەزى شەكىللىرى

ئىسلامىي سوت ئالدىدا كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنىڭ بەزى شەكىللىرىنى بايان قىلىمىز، بايان قىلىدىغىنىمىز پەقەت مىسال ۋە نەمۇنىلەردىن ئىبارەت، شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلامدىكى سوت قانۇنى ئومۇمىي ۋە تەپسىلاتى پۈتۈنلەي كىشىلىك ھوقۇقنى مۇداپىئە قىلىش، ھىمايە قىلىش، ئۇنى رېئال ھاياتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ.

## بىرىنچى سوتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىشتىكى ئەھمىيىتى

قانۇننى تۇرغۇزۇش ۋە ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاشتا سوتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكى ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام سوتنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىر پارچىسى دەپ ھېسابلايدۇ. جانلارنى، ماللارنى، ھوقۇقنى قوغداش، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقنى ۋە خاتىرجەملىكنى ساقلاش سوتنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر.

شۇڭلاشقا پۈتۈن مىللەتلەردە سوت، ھاكىمىيەت، مۇستەقىللىق، ئىززەت، ئادالەت ۋە قانۇننىڭ بەلگىسى بولغان. سوت بولمىغان مىللەتتە ھوقۇق بولمايدۇ، ئادالەت بولمايدۇ. ئاسمان ـ زېمىن ئادالەت بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، ئادالەت تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، سوت ئادالەتنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئەۋزەل يەر. ئارىستوتىل: «ئادالەت دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى» دېگەن. ئادالەت ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى، ئامانلىق، مۇقىملىق، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مىللەتنىڭ يۈكسىلىشىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئاساسىدۇر، سوت بىلەن ئادالەت كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلىي تەتبىقلاش ئورگىنىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئادالەت ۋە سوتنىڭ ئەھمىيىتىنى بۇرۇندىن بىلگەن ئىدى. بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاجىز كىشى مەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرگۈچىلىك مېنىڭ نەزىرىمدە كۈچلۈكتۇر،

سلەرنىڭ ئىچىگىلاردا ئەڭ كۈچلۈك كىشى مەن ئۈنىڭدىن ھەقنى ئالغۇچىلىك مېنىڭ نەزىرىمدە ئاجىزدۇر.»

ھىمسىنىڭ ۋالىسى ھەزرىتى ئۆمەير ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام كۈچلۈك تام ۋە مۇستەھكەم ئىشىكتۇر، ئىسلامنىڭ تېمى ئادالەت، ئىشىكى ھەقىقەتتۇر. تام ئۆرۈلۈپ، ئىشىك سۇنسا، ئىسلام ئوچۇقتا قالىدۇ. ھاكىمىيەت كۈچلۈك بولغاندا ئىسلام كۈچلۈك بولىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈش ۋە قامچا بىلەن ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئادىل ھۆكۈم قىلىش ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىشتۇر.»

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرى ئادالەت بىلەن توغرا بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئاللاھ ئادىل دۆلەتنى كاپىر بولسىمۇ داۋام قىلدۇرىدۇ، زالىم دۆلەتنى مۇسۇلمان بولسىمۇ تۇرغۇزمايدۇ»، يەنە: «دۇنيا ئادالەت ۋە كۇپرى بىلەن داۋام قىلىدۇ، زۇلۇم ئىسلام بىلەن داۋام قىلمايدۇ» دېيىلىدۇ. چۈنكى ئادالەت بارلىق نەرسىنىڭ تۈزۈمىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە سوت ئىلمى ئەڭ قەدىرلىك، مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ شەرەپلىك ئىلىمدۇر. چۈنكى ھوقۇق ۋە جاننى قوغداش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» (سۈرە ساد 26 ـ ئايەت)

ھەدىستە ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئارىلىرىدا ئاجىزلارنىڭ ھەقلىرى ئېلىپ بېرىلمىگەن مىللەتنى ئېزىز قىلمايدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىچىدە كۈچلۈكلىرىدىن ئاجىزلارنىڭ ھەقلىرى ئېلىپ بېرىلمىگەن بىر مىللەت قانداقمۇ ئەزىز بولىدۇ؟!» دېگەن.

ئىسلامدا سوتنى يولغا قويۇشنىڭ بىردىنبىر غايىسى ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزنى يوقىتىش، ھۆكۈم ۋە جازالارنى بەرپا قىلىش، جىنايەتچىنىڭ قولىدىن

تۇتۇپ، مەنئى قىلىنغان ئىشنى ۋە هارام قىلىنغانلارنى تەكرار قىلماسلىقى ئۈچۈن جازالاش ۋە باشقىلارنى ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇشتۇر.

ئەقىللىق كىشى باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلاردىن ئىبرەت ئالغان كىشىدۇر. شۇنىڭدەك، سوتنىڭ يەنە بىر غايىسى باشقىلارنىڭ هوقۇقىنى قوغداش، ئۇنىڭغا چېقىلىشنى مەنئى قىلىش، ئۇنى هىمايە قىلىش، ئەگەر ئۇ هوقۇقلار باشقىسى تەرىپىدىن دۈشمەنلىك ۋە زۇلۇم بىلەن تارتىۋېلىنغان بولسا، ئۇنى ئۆز ئىگىلىرىگە ئېلىپ بېرىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا سوت پۈتۈن خەلق ئۈچۈن ئوچۇق ۋە ھەقسىز بولۇپ، چىقىمىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ دۆلەت كاپالەتلىك قىلىدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەلىم ـ تەربىيە ۋە سەھىيە ئىشلىرىدەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇڭلاشقا قۇرئاندا سوت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. رەسۇلۇللاھ سوت ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۇ ئىسلامدا بىرىنچى قازى ئىدى. شۇنىڭدەك، باشقا شەھەر ۋە دۆلەتلەرگە قازىلارنى تەيىنلىگەن. سوت ئىشىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەرغىب قىلىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئادالەتلىك ھاكىمنىڭ بىر كۈنى ئاتمىش يىل ئىبادەت قىلغاندىن ياخشىراق.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادالەتلىك كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىككىلى قولى بەرىكەتلىكتۇر، ئۇلار ھۆكۈملىرىدە، ئائىلىسىدە ۋە مەسئۇل بولغان ئىشىدا ئادىل بولغانلاردۇر.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قازى ناھەق ھۆكۈم قىلمىغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئەگەر قازى ناھەق ھۆكۈم قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ.»

### ئىككىنچى  سوت قانۇنى

سوت قانۇنى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ، شۇڭا ئىسلام، ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان بارلىق كىشىلەرگە سوت ھوقۇقىنى بەرگەن. ھەر كىشىنىڭ

سوت ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىش ۋە ماددىي، مەنىۋى ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى بار. ئەگەر ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ياكى تاجاۋۇزغا ئۇچرىسا، مەيلى مۇسۇلمان، غەيرىي مۇسۇلمان، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال كىم بولسا بولسۇن، ئىسلامىي سوتنىڭ ئادالىتىگە ئەرز قىلىپ، ھەققىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئىسلامدا سوت بىر سىنىپ ئىنسانلارنىڭلا ھوقۇقىنى ھىمايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئادالىتى ئىسلام دۆلىتى دائىرىسىدە بولغان بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمىيدۇر. تارىختا ئۆرنەك ۋە ئۈلگە بولغان ئىسلامىي سوتنىڭ ئادالىتى مۇسۇلمانلارغىلا خاس بولغان ئەمەس، بەلكى غەيرىي مۇسۇلمانلارغىمۇ، ھەتتا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقان دۈشمەنلەرگىمۇ ئومۇم بولغان. مەسىلەن، دۈشمەنلەردىن بىرى ئىسلام دۆلىتىدىن پاناھلىق تىلەپ كەلسە، دۈشمەن دېمەستىن ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىپ ئامانلىقىنى قوغدىغان، ئۇنداق كىشىلەر ئامانلىق بېرىلگەن دەپ ئاتىلىپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلالمايتتى. ئىسلام تارىخىدا ساناپ تۈگەتكۈسىز ئادالەتلىك سوت مىساللىرى بار، بىز تۆۋەندە ئۇنىڭدىن بەزى نەمۇنىلەر تەقدىم قىلىمىز:

ۋەكى دېگەن كىشى شۇرەيھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەزرىتى ئەلى مۇئاۋىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن قايتىشىدا يوقاپ كەتكەن ساۋۇتىنى بىر يەھۇدىنىڭ سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ ساۋۇتۇم، مەن بۇنى ساڭا ساتقىنىم ياكى ھەدىيە قىلىپ بەرگىنىم يوق» دەيدۇ. يەھۇدىي: «ساۋۇت مېنىڭ قولۇمدا بولغاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ بولىدۇ» دەيدۇ. ئىككىسى دەۋالىشىپ شۇرەيھنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. شۇرەيھ ھەزرىتى ئەلىدىن، «دەلىلىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئەلى: «ھەئە دەلىلىم بار، قەنبەر (يەنى ئازاتگەردىسى) ۋە ئوغلۇم ھەسەن» دەيدۇ. شۇرەيھ: «بالىنىڭ دادىسى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەيدۇ. ئەلى: «سۇبھانەللاھ! ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولغان كىشى تۇرسا»، دەيدۇ.

ئىككىنچى بىر رىۋايەتتە، ئەلى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر بىلەن ئازادگەردىسىنى گۇۋاھلىققا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇرەيھ قۇلنىڭ خوجايىنى ھەققىدە گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ» ۋە يەھۇدىغا: «ساۋۇتنى قانچە پۇلغا ساتقان بولساڭ، سوداڭنى قىلىۋەر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇرەيھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ دەۋاسىنى شەرئى دەلىل

بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ گۈلى بولغان ھەزرىتى ھەسەننىڭ دادىسى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشنى قوبۇل قىلماي، ساۋۇتنى يەھۇدىغا بېرىدۇ، يەھۇدىي ساۋۇتنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىي ساۋۇتنى ئېلىپ بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمما مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆكمىدۇر، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى مېنى مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە قازى مېنىڭ مەنپەئىتىمگە ھۆكۈم قىلىدۇ، «**أشهد أن لا إله إلاالله و أشهد أن محمدا رسول الله**» (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەبۇدنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن) ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ساۋۇت سېنىڭ ساۋۇتۇڭ، سەن سىففىن ئۇرۇشىغا ماڭغاندا ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ مېڭىپ، بۇ ساۋۇتنى سېنىڭ تۆگەڭدىن سۇغۇرۇۋالغان ئىدىم» دەيدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سەن مۇسۇلمان بولدۇڭ، ئۇ سېنىڭ بولسۇن» دەيدۇ.

ئەگەر قازى ۋالى، ھاكىم، قوماندانغا ئوخشاش كۈچ ۋە نوپۇز ئىگىلىرىگە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئاجىز كەلسە، ئىسلام زۇلۇم قىلغۇچىلارنى سوتلاش مەھكىمىسى قۇردى. بۇ مەھكىمىدە خەلىپە ئۆزى قازى بولۇپ، ۋالى، ھاكىم ۋە باشلىقلار تەرىپىدىن خەلققە قىلىنغان ناھەق ئىشلارغا ۋە باشقا ئالدىغا كەلگەن دەۋالارغا قارايدۇ. بۇنىڭ ئىسلام تارىخىدا مىسالى بەك كۆپ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىرلىق قىبتى بىلەن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئارىسىدىكى ھۆكمى، يەنە جىبىللە ئىبنى ئەيھەم بىلەن بىر يېزىلىق ئەرەب ئارىسىدا چىقارغان ھۆكمى. مىسىر ناسارالىرىنىڭ راھىبلىرىدىن بىرى بىلەن مىسىر ۋالىسى ئىبنى تولۇن قىسسىسى، مىسىر ۋالىسى ئابباس لىۋان تاغلىرىدىن كەلگەن ئەھلى زىممىلەرنى ھەيدەپ چىقارغاندا ئەۋزائىينىڭ ۋالىغا قارشى تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ شام ناسارالىرى بىلەن ۋە سەمەرقەند ئەھلى بىلەن بولغان قىسسىسى بىرەر مىسالدۇر. دەۋالاشقۇچى تەرەپلەرنى باراۋەر تۇتۇش ۋە ئارىلىرىدىكى ئىجتىمائىي ۋە دىنىي پەرق قانچىلىك بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا قارىماستىن ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ھەققىدىكى مىساللار سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ. شۇنىڭدەك، بۇ مىساللار كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ

ئۆزلۈكىدىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلارغا سىپىغا قوشۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام مەملىكەتلىرىگە ھەق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ۋالى تەيىنلىگەن ۋاقتىدا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى ئىنسانلارنى ئۇرسۇن دەپ ئەۋەتمىدىم، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر كىشىلەرنى ناھەق ئۇرغان بىر خىزمەتچى مېنىڭ ئالدىمغا كەلسە ئۇنىڭدىن چوقۇم قىساس ئالىمەن.» ئۇمەۋى خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان كىشىلەرنىڭ دەرتلىرىنى ئاڭلاپ ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر كۈن بېكىتكەن ۋە مۇئەييەن ئۇسۇل قويغان ئىدى. ئۇندىن كېيىنكى خەلىپىلەر ئۇنىڭ بۇ يولىدىن ماڭغان ۋە ئىسلامي سوت تارىخىدا زۇلۇملارنى ئاڭلاش قازىلىرى تەيىنلىگەن ئىدى. بىر كۈنى بىر ئايال خەلىپە مەئمۇننىڭ ئالدىغا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ماللىرىنى تارتىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ كەلگەن ۋە سۆزلىگەندە ئاۋازىنى قاتتىق چىقارغان ئىدى، خەلىپىنىڭ يېنىدىكىلەر ئۇ ئايالنى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىدا تىۋۋلاپ سۆزلەشتىن توسۇۋىدى، خەلىپە: «قويۇڭلار، ھەق ئۇنى سۆزلەتتى ۋە باتىل يەنە بىرىنى گاچا قىلدى» دەيدۇ. ئادەم مىتز مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام مەملىكەتلىرىدە سوت مەھكىملىرى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى زۇلۇملارغا قاراش مەھكىمىسى بار ئىدى... پۈتۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىدە سوت مەھكىمىسى ۋە زۇلۇملارغا قاراش مەھكىمىسى يانمۇ يان تۇراتتى.“ (ھىجرى 4 ـ ئەسىردە ئىسلام مەدەنىيىتى 427 ـ بەت)

## ئۈچىنچى سوتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەرلىكى

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كاپالەتلىرىدىن بىرى ئىسلام سوت مەھكىملىرىدە ئىككى تەرەپنىڭ قازى ئالدىدا باراۋەر بولۇش ھوقۇقىدۇر. ئىككى تەرەپ باي ـ كەمبەغەللىك، ئىجتىمائىي مەرتىۋە، دىن، مەزھەپ، گىراژدانلىق، ھاكىم ـ مەھكۇم قاتارلىق ئەھۋاللاردا بىر ـ بىرىگە ئوخشىسۇن ياكى ئوخشىمىسۇن باراۋەر بولۇپ، ھېچبىر پەرق يوق. شەرىئەتتە قازىنىڭ ئىككى تەرەپنى دەۋانىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرىدا باراۋەر قىلىشى ۋاجىپتۇر. ھەق تەلەپ قىلىپ كەلگەن دەۋاگەرلەرنىڭ دەۋاسىنى قوبۇل قىلىشتا ۋە ئۇنى كەلگەن ۋاقتىغا قاراپ رەتلەشتە، ئىككى تەرەپنىڭ قازىنىڭ ئالدىغا كىرىشىدە، ئۇلارغا سالام بېرىشتە،

ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىشتا، ئۇلارغا سۆزلەشتە، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتا، ئۇلارغا قاراشتا، ئۇلارغا ئالدىنى قىلىشتا، ئۇلارنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇشتا، ھەر بىرىنىڭ دەلىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىش قاتارلىق پۈتۈن ئىشلاردا ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش كۆرۈش لازىم. قازىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنى خۇرسەن قىلىشى، ھۆججەت ۋە دەلىلنى ئاغزىغا سېلىپ بېرىشى ھارامدۇر. تەرەپلەرنىڭ بىرى ئەدەپسىزلىك ۋە بىپەرۋالىق قىلمىغۇچىلىك سۆزدىن توسۇشقا بولمايدۇ، سەۋەبسىز دەۋاگەرلەرگە قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ، قازىنىڭ مەجلىسىدىن سىرتقا چىقىشتىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر چىقىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈندۇر: «كىمكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنسا، سۆزىدە، ھەرىكىتىدە ۋە ئولتۇرغۇزۇشتا تەرەپلەر ئارىسىدا ئادىل بولسۇن.»

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنسا، تەرەپلەرنىڭ بىرىگە يەنە بىرىدىن قاتتىقراق ئاۋاز بىلەن سۆز قىلمىسۇن.»

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سوت ھەققىدىكى خېتىدە مۇنداق دېگەن: «مەجلىسىڭدە، ئالدىڭدا، ھۆكمىڭدە كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلغىنىكى، كۈچلۈكلەر سېنىڭ ناھەق ھۆكۈم قىلىشىڭدىن ئۈمىد قىلمىسۇن، ئاجىزلار سېنىڭ ئادالىتىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىسۇن.»

### تۆتىنچى ئەسلىدە ئىنسان گۇناھسىزدۇر

ئىسلامدا سوت ئادالەتنى بەرپا قىلىش، رەقىبلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ۋە ھەقلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر. سوت قورقۇتۇش، جىنايەتچى قىلىش ئۈنسۇرى ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھى ئالىملىرى «ئەسلى گۇناھسىز بولۇش» دېگەن مەشھۇر قائىدىنى چىقاردى. ئىنسان تەلەپ، قەرز ۋە تۆھمەتلەردە گۇناھسىزلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنالايدۇ. چۈنكى ئىنسان گۇناھى ياكى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىزدۇر. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىنى

تارتىۋالماسلىقى، زالىملار كىشىلەرنىڭ ماللىرىدا ئىستىبداتلىق قىلماسلىقى، ئاسىيلار كىشىلەرنىڭ قېنىنى تەمە قىلماسلىقى، فاجىرلار كىشىلەرنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا چېقىلماسلىقى، ئەقىلسىزلەر يالغاندىن ھەق دەۋاسى قىلماسلىقى ياكى ھەقنى ئىنكار قىلماسلىقى، گەپدانلار يالغان دەلىل كەلتۈرۈشكە ۋە باتىل داۋا قىلىشقا جۈرئەت قىلماسلىقى ئۈچۈن جىنايەتنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئىسپات يولى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى كېرەك. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ شۇ سۆزى بىلەن ئىشارەت قىلغان: «ئىنسانلارغا دەۋا قىلغان نەرسىلىرى بېرىلىدىغان بولسا، كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى ۋە مېلىنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن دەۋا ئېچىلغان كىشى قەسەم قىلىشى كېرەك.» بەيھەقىنىڭ رىۋايىتىدە: «دەۋا قىلغۇچى ئىسپاتلىشى كېرەك، ئىنكار قىلغۇچى قەسەم قىلىشى كېرەك» دېگەن. ئەگەر دەۋاگەر تەرەپ ئىسپاتلاشتىن ئاجىز كەلسە، دەۋا قىلىنغان كىشى گۇناھ ۋە تۆھمەتتىن خالىي بولىدۇ.

سۇيۇتى بۇ قائىدە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ زىممىنى (دەۋا قىلىنغان كىشى) كاشىلا قىلىشتا بىرلا شاھىت ياكى دەۋاگەرنىڭ قەسىمى قوبۇل قىلىنمايدۇ، بۇ ئەھۋالدا يەنە دەۋا قىلىنغان كىشىنىڭ سۆزى سۆز بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەسلىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.»

فىقھى ئالىملىرى: «تۆھمەت قىلىنغان كىشىگە شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن دەلىل ھۆججەتلەر بىلەن قازى ئالدىدا گۇناھ ئىسپاتلانمىغۇچە ھەد ۋە قىساس ئىجرا قىلىنمايدۇ» دەيدۇ. مەسىلەن، زىنا بىر جىنايەت ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا چېقىلىش ۋە نەسەبنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ گۇناھنى ئىشلىگۈچى پەقەت ئۆز گۇناھىنى ئىقرار قىلغان ياكى تۆت كىشى گۇۋاھلىق بېرەلىگەندىلا جازاغا تارتىلىدۇ. ئەگەر ئۈچ كىشى گۇۋاھلىق بەرسە كۇپايە قىلمايدۇ. قىساس ۋە قالغان جازالاردا، گۇناھكار ئۆزى ئىقرار قىلىش ياكى ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بېرىشى شەرت. ئۇنداق بولمىغاندا قىساس ۋە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. بۇنداق بولۇشى بىر تەرەپتىن ئەسلى گۇناھسىز بولغان ئىنساننى قوغداش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى يۆگەش بىلەن تەۋبە قىلىشقا تەرغىب قىلىش، بەلكى ئۇ ھەقىقىي تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلار دېگەن ئۈمىد بار.

ئىش قازىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىكەن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش ۋە ھوقۇقىنى قوغداش، رەقىبىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىش، شەرئەت ئادابىغا ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا رىئايە قىلغان، سوت نىزامىغا، قازىنىڭ ھەيۋىتىگە ۋە سوت مەجلىسىگە ھۆرمەت قىلغان، رەقىبلەر بىر - بىرىگە يامانلىق قىلمىغان ھالدا بىر - بىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ھۆكۈم قىلىنىپ بولغاندا، رەقىبلەردىن بىرىنىڭ ئازرۇسى قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قازىدىن دەلىل تاپقىچە مۆھلەت تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى غائىب بىر ھەقنى دەۋا قىلسا، ئۇنى ئېلىپ كەلگۈچە ۋاقىت بەرگىن. ئەگەر دەلىلىنى ئېلىپ كەلسە ھەققىنى بېرىسەن، ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسە، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم قىلىسەن. بۇ ئۆزرىنى تۈگىتىشتە ئەڭ ياخشى ۋە ئالىملارغا ئەڭ ئوچۇق يولدۇر.»

## بەشىنچى جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشىنىڭ ھوقۇقى

كىشىلىك ھوقۇق كۆپىنچە ئىھانەت ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ، ئىنسانغا ھەر قانداق بىر گۇمان ۋە تۆھمەت چاپلانسا ۋە ئۇنى جىنايەتچى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزسە، بەزى زالىملار جىنايەتچى گۇمان قىلىنغان ئادەم پۈتۈن ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى ۋە ھەتتا ئىنسانىيەت ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇلار: «غايە ۋەسىلىنى جائىز قىلىدۇ» دېگەن بۇزۇق قائىدىگە ئېسىلىۋېلىپ، تۆھمەت قىلىنغان كىشىگە ھايۋانغا قىلغاندىنمۇ بەتتەررەك مۇئامىلە قىلىدۇ. قوپاللىق، قورقۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازادىنمۇ قاتتىقراق ۋەھشىيلىك قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى ئالدىدا قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمىز. نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلغان، كىشىلىك ھوقۇق شوئارىنى مەجبۇرى، مۇناپىقلىق ۋە رىيا قىلىپ ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ باشقىلارغا تۆھمەت قىلىدىغان دۆلەتلەردە گۇناھكار دەپ قارالغان كىشى دەۋا ۋە تەكشۈرۈش ئەسناسىدا ئىنسان تەسۋىرلەشكە خىجىل بولىدىغان مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام گۇناھكار دەپ قارالغان كىشىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ئالاھىدە ھۆكۈم چىقاردى. فىقھى ئالىملىرىنىڭ كۆپلىرى ئۇنى گۇناھىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشنى مەنئى قىلدى. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف مۇنداق دېگەن: «ئوغرىلىق قىلغانلىقى ياكى باشقا ھەر قانداق بىر گۇناھ قىلغانلىقى گۇمان قىلىنغان ياكى تۆھمەت قىلىنغان كىشىنى ئۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇش توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ بېسىم ئاستىدا ئوغرىلىق، ياكى ئۆلتۈرۈش، ياكى ھەد كېلىدىغان جىنايەتنى ئىشلىگەنلىكىنى ئىقرار قىلسا، ئۇنىڭ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئۇنىڭ قولىنى كېسىش ياكى باشقا جازا ئىجرا قىلىش ھالال بولمايدۇ» دەيدۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ:" ئەگەر بىر كىشىنى ئىقرار قىلىش ئۈچۈن قورقۇتسا، ياكى بىر يېرىنى ئاغرىتسا، ياكى سولاپ قويسا، ئۇ ئۆزىگە ئەمىن بولالمايدۇ." چۈنكى ئىسلام ئەسلىدە مەجبۇرىيەت ئاستىدا قىلىنغان ئېتىراپ ۋە ئىقرارنى قوبۇل قىلمايدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن خاتانى، ئۇنتۇغاقلىقنى ۋە قىلىشقا مەجبۇرلانغان نەرسىنى كۆتۈرۈۋەتتى.» گۇناھكار دەپ گۇمان قىلىنغان كىشىنى قىيناشنى ياكى ئۇنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى جائىز قىلىدىغان سەھىھ دەلىل يوقتۇر. لېكىن بەزى فىقھى ئالىملىرى گۇناھكار دەپ گۇمان قىلىنغان كىشىنى سولاپ قويۇش ۋە ئۇرۇش لازىم دەپ قارىغان، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا چېقىلماسلىق، ئەقىدە ۋە پىكىر ئەركىنلىكى، يېمەك - ئىچمەك، ئىنسانىي ھۆرمىتىگە تەگمەسلىك، ۋەھشىيچە قىينىماسلىق، زەخىملەنگۈدەك ئۇرماسلىق ۋە بىر يېرىنى مېيىپ قىلىپ قويماسلىق دېگەندەك شەرتلەرنى قويغان. جۇمھۇر ئالىملار بۇ ئىككىنچى سۆز ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى. ئۇنىڭ سەھىھ بىر دەلىلى ئىسپاتلانمىدى. بۇ مەسىلە ئۆز جايىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

### ئالتىنچى شەخسىي مەسئۇلىيەت

ئىسلام سوت ئالدىدا مەسئۇلىيەتنىڭ شەخسىي بولىدىغانلىقىنى قانۇنلاشتۇردى، ھېچبىر كىشى باشقا بىرىنىڭ جىنايىتىدىن سورالمايدۇ. جىنايەت، جازا ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ

جىنايەتچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى، بالا ـ چاقىسى ۋە تۇغقانلىرىغا چېتىپ قويۇشنى ئەقىلمۇ، شەرىئەتمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك، جىنايەتچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قىستاش، سولاش، تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئازابلاشقا بولمايدۇ. بۇ، زامانىمىزدا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئىجرا قىلىنىۋاتقان قانۇن بولۇپ، ئۇنى قۇرئان ۋە سۈننەت ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن يولغا قويغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار.» (سۈرە ئەنئام 164 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ.» (سۈرە فاتىر 18 ـ ئايەت)

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.» (سۈرە نەجم 39 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگىدۇر.» (سۈرە فۇسسىلەت 46 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ.» (سۈرە نىسا 123 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھېچبىر كىشى قېرىندىشىنىڭ ياكى ئاتىسىنىڭ جىنايىتى بىلەن جازالانمايدۇ.» رەسۇلۇللاھ ئەبى رەمسە بىلەن ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: «ئۇ سېنىڭ ئۈستۈڭگە جىنايەت ئىشلىمەيدۇ، سەن ئۇنىڭ ئۈستىگە جىنايەت ئىشلىمەيسەن.»

«جىنايەتتىن پەقەت ئىشلىگۈچىسى جاۋابكار بولىدۇ، مەيلى يېقىن، مەيلى يىراق تۇغقانلىرى ئۇ جىنايەت بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ» دېگەن قائىدە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى قائىدىسى بولغان.

**يەتتىنچى شاھىدلارنى ھۆرمەتلەش**

ئىسلام مەھكىمىسىدە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كاپالىتى پەقەت دەۋاچى تەرەپكىلا قارىتىلغان ئەمەس، بۇ مۇقەددەس ئىشقا شېرىك بولغانلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھادىسىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان شاھىدلارنى ھەر تۈرلۈك بېسىم، ئەزىيەت ۋە

تاجاۋۇزدىن ھىمايە قىلىش، ئۇلارنى ئاھانەتكە ئۇچراتماسلىق، بەلكى ئۇلارغا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش يۇقىرىدىكى كاپالەتنىڭ بىرىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق ئىپادىلەنگەن. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن، ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر.» (سۈرە بەقەرە 282 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «گۇۋاھچىلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق ھەقلەرنى بەرپا قىلىدۇ.» فىقھى ئالىملىرى گۇۋاھچىلار ھەققىدە شەك پەيدا قىلماسلىق ۋە ئەيىبلىمەسلىكنى قانۇنلاشتۇردى. شەرىئەتتە گۇۋاھچىلار قەسەم قىلدۇرۇلمايدۇ، پەقەت ئۇنى پاكلاش يولى بىلەن ئادىل بولۇشى سورىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر شاھىت بولغۇچى گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەرگە كېلىش ئۈچۈن ئىشنى تاشلاپ ياكى سەپەر قىلىپ كەلسە، خالىسا ھەق ئالسا بولىدۇ.

## سەككىزىنچى جازالارنىڭ ھەر تۈرلۈك بولۇشى كىشىلىك ھوقۇققا رىئايە قىلىنغانلىقتۇر

شەرىئەت جازا بەلگىلەشتە كىشىلىك ھوقۇققا رىئايە قىلدى، جىنايەت ئىشلىگۈچى ئىپپەت ـ نومۇسىنى، مېلىنى ۋە جېنىنى مۇداپىئە قىلىپ ئىشلىگەن بولسا جازالانمايدۇ، بۇ ئىسلام فىقھىدا ھۇجۇم قىلغۇچىدىن مۇداپىئە قىلىش دەپ تونۇلىدۇ، قانۇندا شەرئى مۇداپىئە ھوقۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن: «ئەسلى ئىنساننىڭ گۇناھسىزلىقى» ۋە «گۇناھكار دەپ گۇمان قىلىنغان كىشى گۇناھى ئىسپاتلانغۇچىلىك گۇناھسىزدۇر» دېگەن قائىدىلەر بويىچە شۈبھىلەر بىلەن جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى كۆپتۇر، مەن بىر مىسالغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمەن: شەرىئەت يول كېسىدىغان بۇلاڭچى، ئۇرۇش ئاچقۇچى ۋە ئىسيانكارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدۇ. ھەممىسىدە ئىشلەنگەن جىنايەت بىر بولۇپ، قورال كۆتۈرۈپ ئىنسانلارنىڭ ئالدىنى توسۇش دۆلەتكە ئىتائەت قىلماسلىقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق جىنايەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا چېقىلىش چېقىلماسلىقىغا قاراپ جازالار ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر بۇ قوراللىق جىنايەتچى يول كېسىپ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە جېنىغا قەست قىلغان بولسا، ئۇنىڭ شەرىئەتتە

بەلگىلەنگەن ۋە قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن جازاسى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇ بۇلاڭچى ۋە ئۇرۇش ئاچقان دۈشمەن جازاسىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ قوراللىق ئادەم پىكىر، چۈشىنىش ۋە ئىجتىھات ئەركىنلىكىدىن تەسىرلىنىپ ياخشى مەقسەت بىلەن چىققان بولسا، ئۇ باغىلار (ئىسيانچى) دىن سانىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قەرافى دېگەن كىشى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك ئىمتىيازنى بېرىدۇ: «ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئەمەس، پەقەت ئۇلارنى توسۇش ۋە قىلمىشىدىن توختىتىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىنىدۇ، يارىدارلىرى ۋە ئەسىرلىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ماللىرى غەنىيمەت ئېلىنمايدۇ، ئائىلىلىرى ئەسىر قىلىنمايدۇ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان مۇشرىكقا ياردەم بېرىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بومبا تاشلانمايدۇ، بوستانلىرى كۆيدۈرۈلمەيدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ.» بۇ ئىشلار ۋە پەرقلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ پىكىرلىرىگە، ئىجتىھات ۋە چۈشەنچىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

### سوت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا كىشىلىك ھوقۇق

بۇ ناھايىتى كەڭ بىر ساھە بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ سوت ئالدىدا ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە مەھكۇملارغا قانچىلىك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى بىزگە ئوچۇق - ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىسلامنىڭ مەھكۇملارغا بەرگەن ئېتىبارىنى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ كۆپلىگەن دۆلەتلىرىدە بىگۇناھ ئىنسانلار چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

ئەگەر سوت مەدەنىي بولۇپ، قەرزدارغا قەرزىنى ئادا قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، ئىسلام قەرزدارنىڭ قەرزىنى تۆلەيدىغان ھالەتكە كېلىشىنى كۈتۈشنى بۇيرۇيدۇ. يەنى: «قانداق قىلساڭ قىل، نەدىن تاپساڭ تاپ، قەرزنى تۆلە» دەپ ئۇنىڭغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە يول قويمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار.» ئۇندىن كېيىن قۇرئان خەيرى - ئېھسان قىلىشقا ۋە قەرزدارغا كەڭچىلىك قىلىشقا چاقىرىدۇ: «ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا)

سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.» (سۈرە بەقەرە 280 ـ ئايەت)

قەرزدار تۈرمىگە ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تاقەتسىدىن تاشقىرى بېسىم ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇنداق ئۈستۈن ئەخلاق ۋە مۇنداق ئۇلۇغ قانۇن نەدە بار؟! رىملىقلارنىڭ نەزىرىدە ۋە ياۋروپادا قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ياقىسىغا چاپلىشىۋالىدۇ، ئۇنى خارلايدۇ ۋە بازاردا ساتىدۇ.

ئەگەر قەرزدار قول ئىلكىدە بار كىشى بولسا، فەقىھلەر كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم ئىجرا قىلىشتا ئىنسانلىق ھۆرمىتىگە داغ تەگكۈزمەسلىك، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي قاتارلىق ئاساسىي ھاجەتلىرىنى ئېلىۋالماسلىق، ئۆزىگە، ئايالىغا ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ نەپىقىسىگە يەتكۈدەك نەرسە بېرىش، ئۇنىڭ كىتاب، ھۈنەر ـ كەسىپ سايمانلىرىنى ساتتۇرماسلىق ۋە باشقا ئەمەلىي ھاياتتا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغان ئەخلاق ۋە ھۆكۈملەرنى بېكىتتى.

ئەگەر بېرىلگەن ھۆكۈم جىنايەت جازاسى بولسا، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىدىمۇ ئۇلۇغ شەرىئەت جازانى ئىجرا قىلىشتا مەھكۇمغا مەرھەمەت، يۇمشاقلىق ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەر نەرسىدە ياخشىلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى، ئەگەر ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار، ياخشىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈڭلار.» ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىنى پارچىلاشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىھانەت قىلىشنى ھارام قىلدى. ئىسلام ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى ئائىلىسىگە بېرىشنى، يۇيۇپ ـ تاراپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى ئوقۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا ھۆرمەت بىلەن دەپنە قىلىشنى بەلگىلىدى.

ئەگەر جىنايەتچى ئايال كىشى بولۇپ، ھامىلە بولسا، بالا تۇغۇلۇپ، ئېمىپ، ئەمچەكتىن ئايرىلغانغا قەدەر ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. كېسەل ساقايغۇچە، مەست ئەقلىگە كەلگۈچە جازالانمايدۇ، ئەگەر قىساس ئىنساننىڭ مەلۇم بىر ئەزاسى ئارقىلىق ئېلىنسا، قانسىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جاراھەتلەنگەن يەرنى داۋالاش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەگەر جازا دەررە ئۇرۇش بولسا، ئۇنىڭ مىقدارىغا، قائىدىسىگە ۋە فىقھى كىتابلىرىدا كۆرسىتىلگەن شەرتلىرىگە بويسۇنۇش لازىم. ئەگەر ئىجرا قىلغۇچى بەلگىلەنگەن

مىقداردىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇرۇلغۇچى ھالاك بولسا، ئۇرغۇچى ياكى بەيتۇلمال ئۇنى تۆلەيدۇ. ئۇرۇشتا جىنايەتچىنىڭ يۈزىگە، خەتەرلىك ئورگانلىرىغا ۋە ئۆلىدىغان يېرىگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ۋاجىپ. شەرىئەتتە مەھكۇمنى شەرىئەت بەلگىلىگەن ياكى قازىنىڭ قارارى بىلەن توختىتىلغان جازادىن ئارتۇق ئازابلاشقا بولمايدۇ. مەھكۇمنى ماددىي ـ مەنىۋى ئازارلاشقا بولمايدۇ. ھەتتا ئۇنى قاتتىق ۋە سەت گەپلەر بىلەن ئازارلاش ھارام قىلىنغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بۆھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.» (سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت)

مەھكۇم جازالاش ئەسناسىدا ياخشى مۇئامىلە قىلىنىشقا ھەقلىق بولىدۇ، جازا پەقەت ئۇنى جىنايەت ئىشلەشتىن توسۇشتۇر، ئۇنى خارلاش، تىللاش، يىغلىتىش، لەنەتلەش ۋە كەمسىتىش ئۈچۈن ئەمەس. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا ساھابىلەرنىڭ بىرى ھەد ئۇرۇلغان بىر ئايال ھەققىدە يامان سۆز قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ تەۋبىسى بۆلۈنسە، مەدىنە ئەھلىدىن يەتمىش كىشىگە يېتىدۇ، ئۇنىڭدەك ئۆز جېنىنى ئاللاھ ئۈچۈن بەرگەن كىشىدىنمۇ ئەۋزەلرەك بىر كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟!»

ئەگەر مەھكۇمغا بېرىلگەن جازا تۈرمىگە قاماش بولغان بولسا، ئەركىنلىكىنى قەيت قىلىشتىن باشقا بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىدۇ، دۆلەت ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئائىلىسىنىڭ ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىش ھوقۇقى بار. مەھبۇسلارنى ئازابلاشقا بولمايدۇ. ئەبۇ يۇسۇف ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋالىلارغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «تۈرمىلىرىڭلەردە مۇسۇلمانلارنى ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايدىغان يەردە قويماڭلار، قېنى تەلەپ قىلىنغان كىشىدىن باشقا مەھبۇسلارنى باغلاپ قويماڭلار، يېمەك ـ ئىچمەكگە يېتىدىغان دەرىجىدە سەدىقىلەردىن ئۇلارغا ھەق بېرىڭلار.»

مەھكۇمنىڭ جازاسى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تولۇق ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئۇ كامىل ئىنسان بولۇپ، پۈتۈن ھەق ۋە ھوقۇقىغا ئىگە، خالىغان ئىش بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ، جەمئىيەتتە ئۆزىگە لايىق ئورنىنى ئالىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىسلامغا قارشى تەنە قىلىدىغان بىر مەسىلە مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدۇر. «مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش ئەقىدە ئەركىنلىكىگە زىت كېلىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ، تەپسىلىي بايان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە. لېكىن بىز بۇ يەردە ئۇنى قىسقىچە زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز: ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق، ئەقىدە ئەركىنلىكى ئىسلام دۆلىتىدە ئەمەلىي ۋە تەتبىقى جەھەتتە كاپالەت ئاستىدا بولۇپ، ئۇ شەرىئەتتە ۋە فىقھىدا بەلگىلەنگەن. دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلاش يوق. پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئورتاق پىكرىچە ھېچقانداق كىشى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە، دىن ۋە پائالىيەتلىرىدە قېلىۋېرىدۇ. تارىخ بۇنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسى. لېكىن بىر كىشى ئۆز ئىختىيارى، ئەركىنلىكى ۋە قانائىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرسە، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىپ كېتىشنى خالىسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆلۈم بىلەن جازالىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قىلىقى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقىغا، ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بۇزۇقچىلىق ۋە ئويۇن قىلىشتىن ھىمايە قىلىشقا تەئەللۇق بىر جىنايەتتۇر. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىنى بۇزۇشقا ۋە ئۇ قانۇنغا قارشى چىقىشقا ئورۇنغانلىقتۇر. بۇ دۆلەتكە قارشى چوڭ خىيانەت قىلغانغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭدەك، بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى دۈشمەنگە مەلۇم قىلىدىغان جاسۇس، ئىشپىيونغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادىكى بارلىق نىزام ۋە قانۇنلاردا جازالىنىدۇ. ئۇنداق جىنايەتچىلەرگە پىكىر، گىراژدانلىق، ئېتىقاد ياكى دۈشمەن بىلەن دوست بولۇش ئەركىنلىكى بېرىلمەيدۇ.

بۇ، ئىسلامدا مەھكىمە ۋە سوت ئالدىدا كىشىلىك ھوقۇق كاپالەتلىرىنىڭ قىسقىچە شەكىل ۋە مىساللىرى. فىقھى ئالىملىرى كىتابلىرىدا سوت ئادابى بابىدا بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇ، بۇ ھەقلەرنى تەتبىقلاشنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ئۆلچىمى ۋە ھەقىقىي مىساللىرىدۇر. ئىنسان بارلىق ئەھۋاللاردا ھۆرمەتلىك، ۋە ئىززەتلىك كامىل ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن بۇ ھەق ۋە ھوقۇقلارنى قەغەزلەرگە يېزىش، باياننامىلەردە ئېلان قىلىش قىلىپ تۇۋلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

## خاتىمە

تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاخىرىدا مۇھىم نۇقتىلارنى ۋە بەزى نەتىجىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ مەھكىمە ۋە سوت ئالدىدىكى كىشىلىك ھوقۇق، ئىسلامدىكى ئومۇمىي كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىر پارچىسى ۋە تولۇقلىغۇچىسىدۇر.

2 ـ سوت ئالدىدا كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇمىي كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر پارچىسى بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇققا چاقىرغانلىقنىڭ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغانلىقنىڭ ۋە ئۇنى ھەقىقىي قەدىرلىگەنلىكنىڭ ئېنىق ئىسپاتىدۇر.

3 ـ سوت ئالدىدىكى كاپالەتلىك، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپىدۇر. چۈنكى ئۇ قالغان ھوقۇقلارنىڭ ھىمايە قىلىنىشى، تەتبىقلىنىشى ۋە رىئايە قىلىنىشىنىڭ كېپىلىدۇر. ئىنسانغا ئەڭ ئاجىز ھالىتىدە، باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىنغاندا، ياكى ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىنغاندا ھوقۇقلىرى بېرىلىدۇ، چۈنكى ئىنسان تۆھمەت، شۈبھە ۋە گۇمانلىنىشقا ئۇچرىغان، تۇتۇلغان قول، مەرھەمەتلىك قەلب، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدىغان ئەقىل، ئىنسانىي ھېسسىيات ۋە ئادالەتكە ئەڭ قاتتىق موھتاج بولغان ۋاقتىدا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ۋە ھەققىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھەقىقىي ياردەم سوتتۇر.

4 ـ بۇ يەردە شۇنى قىسقىچە زىكىر قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئالدى بىلەن ياۋروپادا، كېيىن پۈتۈن دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇققا چاقىرىش، ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە فېئوداللار ۋە ئىستىبدات قانۇن ئاستىدا چەككەن زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى قوزغۇش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن. بۇ ھوقۇقلارنىڭ ياۋروپادا تارىخى يوق، ئىسمى بولسىمۇ، بۇ ھوقۇقلارنىڭ ئاساسلىنىدىغان بىر ئاساسى يوق. ئىككى ئەسىر بۇرۇن كىشىلىك ھوقۇق دەيدىغان بىر گەپ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ياۋروپالىقلار تارىخىدىكى ئار ۋە نومۇسنى يۇگەش ئۈچۈن ھازىر كىشىلىك ھوقۇققا كۈچلۈك ئاۋاز قوشماقتا. ئىنسانلارنىڭ ئەسىرلەر بويىچە تارتقان زۇلۇم ۋە مۇشەققەتلىرى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ۋە شەرىئىتىدىن يىراق بولغان قانۇن ـ نىزاملار ئاستىدا يۈز بەرگەن. ئىسلام تارىخى ئۇنداق ئىشلاردىن يىراق ۋە پاكتۇر. ئىسلام تارىخىدا كىشىلىك ھوقۇقنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە

ئېلىپ بارغان مىسلىسىز نەمۇنىلەر كۆپتۇر. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئىش يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلغان زۇلۇملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن شەرىئەت جاۋابكار ئەمەس. چۈنكى شەرىئەت ھۆكۈملىرى، ئىسلام دۆلەتلىرى، خەلىپىلەر ۋە قازىلار بىرلىكتە زۇلۇم ۋە ھەددىدىن ئېشىشنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئىنسانلارغا ھەق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىگەن ۋە كۈچ چىقارغان.

5 ـ كىشىلىك ھوقۇقنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۇ ھەقتە سۆزلەش، يىغىن ۋە قۇرۇلتايلار ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت كىشىلىك ھوقۇقنى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تەتبىق قىلىنمىسا، ئۇنى ئىجرا قىلدۇرىدىغان كۈچ بولمىسا، ئۇ ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. دۇنيانىڭ پۈتۈن دۆلەتلىرى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق باياناتىنامىسىغا قول قويغان ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى بىردەك قوبۇل قىلغان. شۇنداق تۇرۇپ، ئىنسانلار ھازىرمۇ ھەرخىل بېسىم ۋە زۇلۇم ئاستىدا نالە ـ پەرياد قىلماقتا، ئۆز دۆلىتىدە، ئۆز ۋەتىنىدە ئۆز مىللىتى تەرىپىدىن ھوقۇقلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۇنيانىڭ تەقدىرى ئىستىبلاچى، ئىشغالچى ۋە زوراۋان دۆلەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنمەكتە.

بىزنىڭ دۇئايىمىزنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

# ئىككىنچى قوشۇمچە: دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى

1948 ـ يىلى 10 ـ دېكابىردا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» ئومۇمىي يىغىنى «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نى قوبۇل قىلىپ ئېلان قىلغان. بۇ ئېلاندىن كېيىن ئومۇمىي يىغىن بارلىق ئەزا دۆلەتلەرنى بۇ خىتاپنامىنى راۋاجلاندۇرۇش، تارقىتىش، ئوقۇش ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا، دۆلەتنىڭ سىياسىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ باياننامىنى مەكتەپ ۋە ئىنىستىتۇتلاردا دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇشقا كۈچ چىقىرىشقا چاقىرغان.

## مۇقەددىمە

ئىنسانلار ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئەسلى ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ۋە باراۋەر ھەم ئاجرالماس ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش دۇنيادىكى ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە تىنچلىقنىڭ ئاساسى بولغانلىقى؛ كىشىلىك ھوقۇققا ئېتىبار بەرمەسلىك ۋە مەنسىتمەسلىك ئىنسانىيەت ۋىجدانىنى ئېچىندۇرىدىغان ۋەھشىيلەرچە ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى، شەخسلەر قورقۇش ۋە موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇپ، سۆز ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىدىغان بىر دۇنيانىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇسى بولغانلىقى؛ خەلقنى ئىستىبداد ۋە زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلماسلىق ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشىنىڭ زۆرۈر بولغانلىقى؛ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى »خەلقنى كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسىدىكى ئاساسى ھەقلىرىگە، ئادەملىك ئىززەت ـ ئابرۇيىغا، قەدىر ـ قىممىتىگە ھەمدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تېخىمۇ ئەركىن ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشنى قارار قىلغانلىقى؛ ئەزا بولغان دۆلەتلەر «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» بىلەن ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق ۋە تۈپكى ئەركىنلىكلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى ئالغا سۈرۈشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەنلىكى؛ مۇشۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرگە بولغان بىر ئورتاق تونۇشقا كېلىش، ئۇشبۇ ۋەدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا

ئەڭ زور ئەھمیەتكە ئىگە دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن «ب د ت» ئومۇمىي يىغىنى مەزكۇر كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنى پۈتۈن دۆلەتلەر ۋە بارچە خەلقلەر ئىجرا قىلىشقا تىرىشىدىغان ئورتاق ئۆلچەم دەپ جاكارلايدۇ. جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخس ۋە ھەر بىر ئورگان مەزكۇر خىتابنامىنى ئىزچىل ئەستە تۇتۇپ، ئۆگىتىش ۋە تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۇشبۇ ھوقۇقلار ۋە ئەركىنلىكلەرگە بولغان ھۆرمەت ئېتىبارىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق باسقۇچلۇق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئەزا دۆلەتلەر خەلقى ئارىسىدا ھەم بۇ دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان زېمىندىكى خەلقلەر ئارىسىدا بۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا تونۇلۇشى ۋە ئەمەل قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

بىرىنچى ماددا: بارچە ئىنسانلار ئەركىنلىك، ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە ھوقۇقتا باراۋەر تۇغۇلىدۇ، ئۇلارغا ئەقىل، ۋىجدان بېرىلگەن، شۇڭا ئۇلار بىر ـ بىرىگە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشلىرى لازىم.

ئىككىنچى ماددا: بارلىق ئىنسانلار مىللىتى، رەڭگى، جىنسى، تىلى، دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي ۋە باشقا كۆز قاراشلىرى ياكى ۋەتىنى، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى، مال ـ مۈلكى، تۇغۇلۇشى ۋە باشقا ھەرقانداق پەرقلەرگە قاراپ ئايرىلماستىن، ھەممىسى بۇ خىتابنامىدە بەلگىلەنگەن بارلىق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرگە ئىگىدۇر. بۇنىدىن باشقا، ئىنسانلار ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان مەملىكەت ياكى زېمىنىنىڭ مەيلى ئۇ مۇستەقىل دۆلەت، ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇلىدىغان زېمىن، ئاپتونومىيە بولمىغان ياكى باشقا جەھەتتىكى ئىگىلىك چەكلىمىسى ئاستىدىكى يەر بولسۇن، سىياسىتى، قانۇنى ۋە خەلقئارادا تۇتقان ئورنىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلمەسلىكى كېرەك.

ئۈچىنچى ماددا: ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتتا، ئەركىنلىكتە ۋە شەخسىي ئامانلىقتا ھەققى بار.

تۆتىنچى ماددا: ھېچقانداق ئادەمنى قۇل قىلىشقا بولمايدۇ، ھەر قانداق شەكىلدىكى قۇل قىلىش ۋە قۇل ئېلىپ ـ سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

بەشىنچى ماددا: ھېچقانداق كىشىنى قىيناشقا، قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى چۈشۈرىدىغان ۋەھشىي ئۇسۇل بىلەن خارلاپ جازالاشقا بولمايدۇ.

ئالتىنچى ماددا: ھەر قانداق ئادەم ھەر قانداق جايدا قانۇنىي شەخسىيىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

يەتتىنچى ماددا: بارلىق ئىنسان قانۇن ئالدىدا باراۋەردۇر، قانۇن ئالدىدا قىلچە پەرقلەندۈرۈلمەستىن ئوخشاش ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ھەممە ئادەم بۇ خىتابنامىغا زىت كېلىدىغان ئايرىمچىلىققا ۋە مۇشۇنداق ئايرىمچىلىققا كۈشكۈرتۈشكە قارشى باراۋەر ھىمايە قىلىنىشقا ھەقلىقتۇر.

سەككىزىنچى ماددا: ھەر بىر كىشى قانۇن بەرگەن ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان قىلمىشلارنىڭ تۈزىتىلىشى ئۈچۈن نوپۇزلۇق دۆلەت ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

توققۇزىنچى ماددا: ھېچقانداق ئادەمنى خالىغانچە قولغا ئېلىش، سولاپ قويۇش ۋە سۈرگۈن قىلىشقا بولمايدۇ.

ئونىنچى ماددا: ھەر بىر كىشىنىڭ مۇستەقىل ۋە بىتەرەپ بىر سوت مەھكىمىسىنىڭ ئادىل، ئوچۇق سوت ئېچىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ھەمدە ئەيىبلەنگەن ھەر قانداق جىنايى ئەيىبلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا باراۋەر ھوقۇقى بار.

ئون بىرىنچى ماددا: 1 ـ جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن كېرەك بولغان بارلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىلگەن بىر ئوچۇق سوتتا، قانۇن بويىچە جىنايىتى ئىسپاتلانغۇچە گۇناھسىز ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ جىنايەت سادىر قىلغان ۋاقىتتا، دۆلەت قانۇنى ياكى خەلقئارالىق قانۇندا جىنايەت ھېسابلانمايدىغان بىر ئىشنى قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق ئادەم جىنايەتچى ھېسابلانماسلىقى كېرەك. جىنايەتنى ئىشلىگەن ۋاقىتتا مۇۋاپىق بولغان جازادىن ئارتۇق جازا بېرىشكىمۇ بولمايدۇ.

ئون ئىككىنچى ماددا: ھېچكىمنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا، ئائىلىسىگە، ئۆيىگە، خەت ـ ئالاقىسىگە ھېچقانداق ئۇسۇلدا چېقىلىشقا ۋە كىشىلىك ئىززەت ـ ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرز قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ بۇنداق چېقىلىش ۋە ھۇجۇم قىلىشلاردىن قانۇنىي تۈردە ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقى بار.

ئون ئۈچىنچى ماددا: 1 ـ ھەر قانداق ئادەمنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئەركىن سەپەر قىلىش ۋە تۇرىدىغان جايىنى تاللاش ھوقۇقى بار.

2 ـ ھەر بىر كىشىنىڭ ھەر قانداق يۇرتتىن جۈملىدىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ۋە ئۆز دۆلىتىگە قايتىش ھوقۇقى بار.

ئون تۆتىنچى ماددا: 1 ـ ھەر قانداق ئادەمنىڭ زۇلۇمدىن قېچىپ، باشقا مەملىكەتلەردە باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش ۋە پاناھلىقتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار.

2 ـ سىياسىي بولمىغان جىنايەت ئۈچۈن ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا زىت كېلىدىغان قىلمىشلار ئۈچۈن جازا بېرىلگەنلەر مەزكۇر ھوقۇقتىن پايدىلىنالمايدۇ.

ئون بەشىنچى ماددا: 1 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقى بار.

2 ـ ھېچقانداق كىشىنى خالىغانچە گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا ياكى گىراژدانلىقىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئون ئالتىنچى ماددا: 1 ـ توي قىلىش يېشىغا توشقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ دۆلەت ۋە دىن سەۋەبى بىلەن ھەر قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن توي قىلىپ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى بار. ئۇلار توي قىلىشتا ۋە ئەر ـ ئاياللىق جەريانىدا، ئاجرىشىپ كېتىشتە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە.

2 ـ توي قىلىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقانداق بېسىم ئاستىدا قالماستىن، ئۆز رازىلىقى ۋە ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ.

3 ـ ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق تەبىئىي بىر پارچىسى، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت تەرەپتىن ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقى بار.

ئون يەتتىنچى ماددا: 1 ـ هەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن شېرىك هالدا مال ـ مۈلۈك تۇتۇش هوقۇقى بار.

2 ـ هېچقانداق ئادەمنى خالىغانچە مال ـ مۈلكىدىن ئايرىۋېتىشقا بولمايدۇ.

ئون سەككىزىنچى ماددا: هەر بىر ئىنساننىڭ پىكىر، ۋىجدان ۋە دىن ئەركىنلىكى هوقۇقى بار. بۇ هوقۇق دىنىنى ياكى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىنى، دىنىي ئېتىقادىنى تەلىم ـ تەربىيە، تائەت ـ ئىبادەت ۋە دىنىي مۇراسىملار ئارقىلىق مەيلى يالغۇز ياكى كوللېكتىپ هالدا بولسۇن، مەيلى ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، بىمالال ئىپادىلەش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئون توققۇزىنچى ماددا: هەر ئىنساننىڭ پىكىر قىلىش ۋە پىكرىنى بايان قىلىش ئەركىنلىكى هوقۇقى بار، بۇ هوقۇق هېچبىر توسالغۇسىز خالىغان پىكىرگە ئىشىنىش ئەركىنلىكىنى هەمدە ئۇچۇر ۋە پىكىرلەرنى چېگرا چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن هەر قانداق يول بىلەن ئىزدەش، قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يىگىرمىنچى ماددا: 1 ـ هەر بىر ئادەم تىنچلىق بىلەن يىغىلىش ۋە جەمئىيەت ـ تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇش ئەركىنلىكى هوقۇقىغا ئىگە.

2 ـ هېچقانداق ئادەمنى مەلۇم بىر جەمئىيەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن زورلاشقا بولمايدۇ.

يىگىرمە بىرىنچى ماددا: 1 ـ هەر بىر ئادەم ئۆز مەملىكىتىنىڭ هۆكۈمىتىگە بىۋاستە ياكى ئەركىن سايلىغان ۋەكىلى ئارقىلىق قاتنىشىش هوقۇقىغا ئىگە.

2ـ بارلىق ئىنسان ئۆز دۆلىتىدىكى ئاممىۋى خىزمەتلەردىن تەڭ پايدىلىنىش هوقۇقىغا ئىگە.

3 ـ خەلق ئىرادىسى هۆكۈمەت هاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىدۇر، بۇ ئىرادە هەممە ئادەمگە ئوخشاش سايلام هوقۇقى بېرىلىپ، مەخپىي بىلەت تاشلاش ياكى ئەركىن ئاۋاز بېرىشنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق رەسمىي سايلام بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

يىگىرمە ئىككىنچى ماددا: ھەر بىر ئىنسان جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي كاپالەتكە ھوقۇقلۇق، ھەر بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈمى ۋە بايلىقلىرىغا قاراپ، مىللىي تىرىشچانلىق ياكى خەلقئارا ھەمكارلىق ئارقىلىق ئىززەت - ئابرۇيى، كىشىلىك مىجەزىنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

يىگىرمە ئۈچىنچى ماددا: 1 - ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىشلەش ھوقۇقى بار، ھەمدە ئىشنى ئۆزى رازى بولغان ئادىل شەرتلەر بىلەن تاللاش ئەركىنلىكى ۋە ئىشسىزلىقتىن ھىمايە قىلىنىش ھوقۇقى بار.

2 - ھەر بىر ئىنساننىڭ ھېچقانداق پەرقلەنمەستىن قىلغان ئىشقا باراۋەر ھەق ئېلىش ھوقۇقى بار.

3 - ئىشلەۋاتقان ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىنسانلىق قەدرى - قىممىتىگە لايىق كاپالەتلىك قىلىدىغان ئادىل ھەم ئۆزى رازى بولىدىغان ھەق ئېلىشقا، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، باشقا ئىجتىمائىي ھىمايە يولى بىلەن كىمىنى تولۇقلىۋېلىش ھوقۇقى بار.

4 - ھەر بىر ئىنسان ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن سودا بىرلەشمىسى قۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

يىگىرمە تۆتىنچى ماددا: ھەر بىر كىشى دەم ئېلىش، بىكار ۋاقىت چىقىرىش، ئىش سائەتلىرىنى مۇۋاپىق ھالدا بەلگىلەش، قارارلىق ھالدا مائاشلىق تەتىل قىلىپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

يىگىرمە بەشىنچى ماددا: 1 - ھەر بىر ئىنسان ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە پاراۋانلىقىنى ساقلاشقا يېتەرلىك بولغان تۇرمۇش سەۋىيىسى ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ھوقۇق يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي، داۋالىنىش ۋە زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىشسىز قالغاندا، كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئاجىزلاشقاندا، قېرىغاندا ۋە باشقا ئىرادىسىدىن تاشقىرى بىر ھادىسە بىلەن تۇرمۇشنى

قامدىيالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، تۇرمۇشنى تەمىنلەشكە كاپالەتلەندۈرۈلۈش ھوقۇقى بار.

2 ـ ئانىلار ۋە كىچىك بالىلار ئالاھىدە كۆيۈنۈش ۋە ياردەم قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. بارلىق بالىلار نىكاھلىنىش ئارقىلىق ياكى نىكاھسىز تۇغۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتىمائىي ھىمايىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشى لازىم.

يىگىرمە ئالتىنچى ماددا: 1 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ھوقۇقى بار، ھېچ بولمىغاندا باشلانغۇچ تەلىم ـ تەربىيە ھەقسىز بولۇشى كېرەك، باشلانغۇچ تەلىم مەجبۇرى بولۇشى لازىم، تېخنىكوم ۋە كەسپىي مەكتەپلەر ئومۇمىي بولۇشى، ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىش قابىلىيىتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش شارائىت يارىتىپ بېرىلىشى لازىم.

2 ـ مائارىپ تەربىيىسى ئىنسان خاراكتېرىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشنى ھەمدە ئىنسانغا ۋە ئاساسلىق ئەركىنلىكلەرگە بولغان ھۆرمىتىنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغان بولۇشى كېرەك. ئۇ، بارلىق دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە دىنىي گۇرۇھلار ئارىسىدا ئۆز ئارا چۈشىنىشكە يول قويۇش ۋە دوستلۇقنى ئالغا سۈرۈش ھەمدە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى»نىڭ تىنچلىقنى ساقلاش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

3 ـ ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە بېرىلىدىغان تەربىيە تۈرىنى تاللاشتا ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇققا ئىگە.

يىگىرمە يەتتىنچى ماددا: 1 ـ ھەر بىر ئىنسان جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا ئەركىن قاتنىشىش ھوقۇقىغا، سەنئەتلەردىن ھۇزۇرلىنىش، ئىلمىي تەرەققىياتقا ھەسسە قوشۇش ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

2 ـ ھەر بىر ئىنسان ئۆزى ياراتقان ئىلمىي، ئەدەبىي ياكى سەنئەت ئىجادىيەتلىرىدىن كېلىپ چىققان ماددىي، مەنىۋى مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە.

يىگىرمە سەككىزىنچى ماددا: ھەر بىر ئىنسان مەزكۇر خىتابنامىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلار ۋە ئەركىنلىكلەرنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان خەلقئارالىق ئىجتىمائىي قانۇندىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

يىگىرمە توققۇزىنچى ماددا: 1 ـ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنى ئەركىن ئۆستۈرۈشگە ئىمكان يارىتىپ بەرگەن جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مەجبۇرىيەتلىرى باردۇر.

2 ـ ھەر بىر ئىنسان ئۆز ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنى ئىشلەتكەندە، قانۇندا پەقەت باشقىلارنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنى تونۇش، ھۆرمەتلەش ھەمدە بىر دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ئومۇمىي پاراۋانلىقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپى جەھەتلەردىكى ئادىل تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا بەلگىلەنگەن چەكلىملەرگە بويسۇنۇشى لازىم.

3 ـ بۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرنى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا زىت ھالدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئوتتۇزىنچى ماددا: بۇ خىتابنامىدىكى ھېچ بىر سۆزنى قايسى بىر دۆلەت، گۇرۇھ ياكى شەخسكە مەزكۇر خىتابنامىدا بايان قىلىنغان ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت ياكى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويىدۇ دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ.

## ئۈچىنچى قوشۇمچە: ئىسلام كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى

## بسم الله الرحمن الرحيم

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر.» (سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)

ئىسلام قۇرۇلتىيىغا ئەزا بولغان دۆلەتلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پۈتۈن نېمەتلەرنى بەرگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلغان، ئۇنى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلغان، ئۇنى زېمىننى ئىسلاھ قىلىپ گۈللەندۈرۈشكە ۋەكىل قىلغان، ئۇنىڭغا ئىلاھىي تەكلىپ ئامانىتىنى يۈكلىگەن ۋە ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھ تەئالا ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئالەملەرگە رەھمەت، قۇل قىلىنغانلارنى قۇتقۇزغۇچى، ئازغۇنلار ۋە زوراۋانلىق قىلغۇچىلارنى پاچاقلاپ تاشلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن، بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدا باراۋەرلىك ئېلان قىلغان، ئىنسانلارنى پەقەت تەقۋا بىلەنلا بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق قىلغان ۋە ئاللاھ بىر جاندىن ياراتقان ئىنسانلار ئارىسىدىكى پەرق ۋە دۈشمەنلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنى تەستىقلىغان؛ ئىسلام ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىنسانلارنى يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا، ئاللاھنى قويۇپ بەزىسى بەزىسىنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىققا چاقىرغان؛ ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھۆرمىتىنىڭ ھەقىقىي ئاساسىنى بېكىتكەن ۋە ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا قۇل بولۇشتىن ئازات قىلىشنى ئېلان قىلغان خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىگە مەھكەم ئەگەشكەن؛ دىنىنى، جانىنى، ئەقلىنى، مالىنى، ئىپپەتنى ۋە نەسلىنى قوغداشنى پەرز قىلغان، پۈتۈن ھۆكۈم ۋە پۈزىتسىيىلىرىدە

ئوتتۇراھال ۋە ئالەمشۇمۇل بولغان؛ روھ بىلەن ماددىنى ۋە ئەقىل بىلەن قەلبنى بىرلەشتۈرگەن مەڭگۈلۈك ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئېلىپ كەلگەن بارلىق ھۆكۈملىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان؛ ئىنسانلارغا دۇنياۋى ھەققانىيەت مەدەنىيىتىنى مىراس قالدۇرغان، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى بىرلەشتۈرگەن، ئىلىم بىلەن ئىماننى بىرلەشتۈرگەن، بۈگۈن ھەم بۇ ئۈممەتنىڭ بىر- بىرىگە زىت ئېقىملار ۋە داۋالغۇشلار ئارىسىدا گاڭگىراپ قالغان ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە يېتەكلىشى ھەمدە پەقەت ماددا بىلەنلا ئورالغان مەدەنىيەت ئېلىپ كەلگەن ھەر تۈرلۈك مۈشكۈللەرنى ھەل قىلىشى ئۈمىد قىلىنغان ۋە ئاللاھ تەئالا ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلغان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەتتىكى رولىنى تەكىتلىگەن؛ ئىنسانىيەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتا تەئەللۇق پائالىيەتلىرىگە، ئىنسانلارنى ھەر تۈرلۈك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇملاردىن قوغداشنى نىشان قىلغان، ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق ئىززەت - ئابرۇيلۇق ھايات كەچۈرۈشتىكى ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلىرىنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلغان ھالدا تۆھپە قوشقان؛ ماددىي ئىلىملەردە يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ھېلىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئىمانىي كۈچكە ۋە ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئىچكى تۈرتكىگە ئاساسلىنىشقا قاتتىق موھتاج ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن؛ ئىسلامدىكى ئومۇمىي ئەركىنلىك ۋە ئاساسىي ھوقۇقلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن بىر پارچە بولۇپ، ئۇنى تەلتۆكۈس ياكى بىر قىسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، ئاللاھ ساماۋى پەيغەمبەرلىكنى ئاياغلاشتۇرغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىگەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئىبادەت، سەل قاراش ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىش دىنغا ئىنكار قىلغانلىق بولىدىغان، ھەر بىر كىشى ئۆزى يالغۇز ۋە ئۈممەت بىرلىكتە ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئىلاھىي تەكلىپ بولغان ھۆكۈملەرنى بىلمەسكە سېلىشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئىسلام قۇرۇلتىيىغا ئەزا بولغان بارلىق دۆلەتلەر تۆۋەندىكى ماددىلارنى ئېلان قىلىدۇ:

بىرىنچى ماددا: 1 - پۈتۈن ئىنسانلار بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرىدۇر، ئۇلارنى بىر ئاللاھنىڭ بەندىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقى بىرلەشتۈرىدۇ،

ئىنسانلار ئىنسانلىق ئىززەت ـ ئابرۇيدا، تەكلىپ ۋە مەسئۇلىيەتتە باراۋەردۇر، ئۇلار ئىرقى، رەڭگى، تىلى، جىنسى، دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ۋە باشقا ئېتىبارلار سەۋەبى بىلەن پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ، توغرا ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ.

2 ـ بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ ياقىدىغىنى ئۇنىڭ بەندىلىرىگە ئەڭ پايدىلىق بولغانلاردۇر، ئىنسانلار پەقەت تەقۋا ۋە ئەمەلىي سالىھ بىلەنلا بىر ـ بىرىدىن ئەۋزەل بولىدۇ.

ئىككىنچى ماددا: 1 ـ ھايات ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىدۇر، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ھەققى، ھەر بىر كىشى، جەمئىيەتلەر ۋە دۆلەتلەر بۇ ھەقنى ھەر تۈرلۈك تاجاۋۇزدىن قوغدىشى كېرەك، شەرئى سەۋەب بولماستىن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

2 ـ ئىنساننى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ھارام قىلىنىدۇ.

3 ـ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە داۋام قىلدۇرۇش شەرئى مەجبۇرىيەتتۇر.

4 ــ ئىنسان جىنازىسىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىق ۋاجىپ بولىدۇ، شۇنىڭدەك، شەرئەت جائىز قىلماستىن مېيىتنى پارچىلاش ھارام بولىدۇ، دۆلەتلەرنىڭ بۇنىڭغا كېپىل بولۇشى ۋاجىپ.

ئۈچىنچى ماددا: 1 ـ كۈچ ئىشلەتكەن ياكى قوراللىق ئۇرۇش ھالىتىدە ئۇرۇشقا قاتناشمىغان قېرى كىشى، كىچىك بالا ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، كېسەل ۋە يارىدارلارنىڭ داۋالىنىش ھوقۇقى بار، ئەسىرلەرنىڭ يېيىش، ئىچىش ۋە كىيىش ھوقۇقى بار، ئۆلۈكلەرنى پارچىلاش ھارام، ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، ئۇرۇش ئايرىۋەتكەن ئائىلىلەر بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

2 ـ دۈشمەننىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش، زىرائەت ۋە ھايۋانلىرىنى ھالاك قىلىش، قۇرۇلۇش ۋە شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆتىنچى ماددا: ھەر بىر ئىنساننىڭ ھۆرمىتى بار، ھاياتىدىمۇ ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش ھوقۇقى بار، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۇنىڭ جەستىنى ۋە قەبرىسىنى قوغدىشى لازىم.

بەشىنچى ماددا: 1 - ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر، ئائىلىنىڭ ئاساسى توي قىلىشتۇر، ئەر- ئاياللىق ئۆزى خالىغان كىشى بىلەن توي قىلىش ھوقۇقى بار، ئىرقى، رەڭگى ياكى گىراژدانلىقىغا چەكلىمە قويۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى توسۇشقا بولمايدۇ.

2 - دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ توي قىلىش ئالدىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىشى، توي قىلىش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇشى، ئائىلىنى قوغدىشى لازىم.

ئالتىنچى ماددا: 1 - ئاياللار ئىنسانلىق ئىززەت - ئابرۇيدا ئەرلەر بىلەن باراۋەردۇر، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى بولغاندەك ھوقۇقلىرى بار، ئۇلارنىڭ مەدەنىي كىشىلىكى، ئۆز ئالدىغا مال - مۈلۈك تۇتۇش، ئۆز ئىسمىنى ۋە نەسەبىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقى بار.

2 - ئائىلىنىڭ نەپىقىسىنى كۆتۈرۈش مەسئۇلىيىتى ئەرنىڭ ئۈستىگىدۇر.

يەتتىنچى ماددا: 1 - ھەر بىر بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئاتا - ئانىسى، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئۈستىدە بېقىش، تەربىيىلەش، ماددىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش ھوقۇقى بار، شۇنىڭدەك، ھامىلە ئاياللارنى ۋە قۇرسىقىدىكى بوۋاقنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ۋاجىپ بولىدۇ.

2 - ئاتا - ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولغانلار ئەۋلادىغا بېرىدىغان تەربىيە تۈرىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. تەربىيىنى تاللاشتا شەرىئەت ھۆكمى ۋە گۈزەل ئەخلاق تۈرى ئاستىدا ئەۋلادىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە كەلگۈسىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

3 - ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈستىدە ھەقلىرى بار، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭمۇ شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق بىر - بىرى ئۈستىدە ھەقلىرى بار.

سەككىزىنچى ماددا: ھەر بىر ئىنسان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت جەھەتتە شەرئى سالاھىيەتكە ئىگە، ئەگەر سالاھىيىتى يوقالسا ياكى كەمەيسە، ۋارىسى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

توققۇزىنچى ماددا: 1 ـ ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر، تەلىم ـ تەربىيە جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر، شۇڭا دۆلەتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە يولىنى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشى، جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ھەر تۈرلۈك بىلىملەرگە كاپالەتلىك قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تونۇشىغا، كائىناتنىڭ ھەقىقەت ۋە سىرلىرىنى ئۆگىنىپ ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىشىگە ئىمكان يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

2 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ تەلىم ـ تەربىيە قۇرۇلۇشلىرى، ئائىلىنىڭ ھەرخىل تەۋسىيىلىرى، مەكتەپلەر، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، ئاخبارات ئاگىنتلىقى ۋە باشقا قۇرۇلۇشلىرىدىن ئىنساننى دىنىي، دۇنياۋى جەھەتتە تولۇق تەربىيىلەشنى، ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنى ئۆستۈرۈشنى، ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى، كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەپ قوغدىشىنى، كۈچەيتىشىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار.

ئونىنچى ماددا: ئىنساننىڭ ئىسلامغا كىرىشى تەبىئىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىرىشكە مەجبۇرلايدىغان ھەر قانداق بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، بىر كىشىنىڭ دىنىنى باشقا دىنغا ياكى دىنسىزلىققا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاجىزلىقى، كەمبەغەللىكى ۋە بىلىمسىزلىكىدىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ.

ئون بىرىنچى ماددا: 1 ـ ئىنسان ھۆر تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ھېچقانداق كىشىنىڭ قۇل قىلىش، خارلاش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ھوقۇقى يوق، ئاللاھتىن باشقىغا قۇللۇق قىلىنمايدۇ.

2 ـ ھەر تۈرلۈك بېسىۋېلىش ۋە ئىستېلا قىلىش ئىنسانلارنى ۋەھشىيلەرچە قۇل قىلىش بولۇپ، قەتئىي ھارام قىلىنىدۇ، ئىستېلا ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ تولۇق مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار.

3 ـ ئىشغال ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئىشغال ۋە ئىستېلادىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۈرىشىدە بارلىق دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشى كېرەك. بارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل كىشىلىكىنى قوغداش، ئۆز ئىقتىسادىغا ۋە تەبىئىي بايلىقىغا ئۆزى ئىگە بولۇش هوقۇقى بار.

ئون ئىككىنچى ماددا: ھەر بىر ئىنسان شەرىئەت دائىرىسىدە مەملىكىتى ئىچى ۋە سىرتىدا يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە تۇرىدىغان جايىنى تاللاش هوقۇقىغا ئىگە. ھەمدە بېسىمغا ئۇچرىغاندا باشقا دۆلەتتىن باشپاناھلىق تەلەپ قىلىش هوقۇقى بار، باشپاناھلىق تەلەپ قىلىشنىڭ سەۋەبى شەرئى جىنايەت ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بولمىسا، پاناھلىق تەلەپ قىلىنغان دۆلەتنىڭ ئۇ كىشىنى خاتىرجەم بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپلا قوغدىشى لازىم.

ئون ئۈچىنچى ماددا: ئىشلەش ھەممە كىشىنىڭ ھەققى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىشلەشكە كۈچى يېتىدىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ۋە جەمئىيىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۆزىگە لايىق ئىش تاللاش هوقۇقىغا ئىگە، ئىشچىلارنىڭ ئامانلىق، تىنچلىق ۋە باشقا ئىجتىمائىي كاپالەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقىغا ئىگە، ئىشچىلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سېلىش، مەجبۇرلاش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ياكى زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەر ـ ئايال ئايرىماستىن قىلغان ئىشقا لايىق ئادىل ھەق ئېلىش ھەمدە كېچىكتۈرمەستىن ئېلىش هوقۇقى بار، ئۇلارنىڭ لايىق بولغان سەۋىيىگە يۈكسىلىشى، ئىش ھەققىنىڭ كۆپەيتىلىشى ۋە مائاشلىق تەتىلگە چىقىش هوقۇقى بار، ئىشچى ئىخلاس بىلەن، پۇختا ئىشلىشى كېرەك. ئەگەر ئىشچىلار بىلەن ئىش ئىگىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقسا، دۆلەت بىتەرەپ ھالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادالەت بىلەن تۈزەش، ناھەقچىلىكنى يوقىتىپ ھەقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قول سۇنۇشى كېرەك.

ئون تۆتىنچى ماددا: ھەر بىر ئىنساننىڭ بېسىمدارلىق قىلماستىن، ساختىپەزلىك قىلماستىن، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا زىيان ئۇرماستىن، مەنئى قىلىنغان جازانىخورلۇق قىلماستىن كەسىپ قىلىش ھوقۇقى بار.

ئون بەشىنچى ماددا: 1 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ شەرئى يول بىلەن مال ـ مۈلۈك تۇتۇش ھەمدە ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان ئۇرماستىن مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زۆرۈر بولمىغان تەقدىردە ھېچقانداق كىشىنىڭ مۈلكى تارتىپ ئېلىنمايدۇ، ئەگەر ئېلىش زۆرۈر تېپىلسا ئادالەت بىلەن بەدىلىنى نەق تۆلەپ بېرىپ ئېلىنىدۇ.

2 ـ شەرئەت تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ئۇنى تارتىۋېلىش ھارام بولىدۇ.

ئون ئالتىنچى ماددا: ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي، سەنئەت ۋە تېخنىكا جەھەتتە ياراتقان ئىجادىيىتىدىن ماددىي ۋە مەنىۋى پايدىلىنىش ھوقۇقى بار ھەمدە ئۇنىڭ ئەدەبىي مەنپەئەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مالىي مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ھوقۇقى بار، بۇ ئىجادىيەتلەرنىڭ شەرئەت ھۆكمىگە زىت كەلمەسلىكى شەرت.

ئون يەتتىنچى ماددا: 1 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇزۇقچىلىقتىن، ئەخلاقىي رەزىللىكتىن پاك، مەنىۋى كىشىلىكىنى بەرپا قىلىشقا ئىمكانىيەت بولغان مۇھىتتا ياشاش ھوقۇقى بار. جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۇنىڭغا بۇ ھەققىنى ئىشلىتىشكە ئىمكان يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

2 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سەھىيە ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىدىن ھەمدە موھتاج بولغان ئاممىۋى ياردەملەرنىڭ ھەممىسىدىن مۇمكىن بولغان مىقداردا پايدىلىنىش ھوقۇقى بار.

3 ـ دۆلەت ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ ھوقۇق يېمەك ـ

ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي، تەلىم ـ تەربىيە، داۋالىنىش ۋە باشقا ئاساسلىق ھاجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئون سەككىزىنچى ماددا: 1 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ جىنى، مېلى، دىنى، ئائىلىسى ۋە ئېپپىتىنىڭ ھەر قانداق دەخلى تەرۇزگە ئۇچراشتىن خاتىرجەم ياشاش ھوقۇقى بار.

2 ـ ئىنسان ئۆز ئۆيى، ئائىلىسى، مال ـ مۈلكى ۋە خەت ئالاقىسى قاتارلىق شەخسى ھاياتىدا مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقى بار، جاسۇسلۇق قىلىشقا، ئۇنى ماراشقا، ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، ئۇنى ھەر قانداق خەتەردىن قوغداش ۋاجىپ.

3 ـ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆينىڭ ھۆرمىتى بار، ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيگە كىرىش ياكى قانۇنسىز يول بىلەن كىرىشكە بولمايدۇ. ئۆينى يىقىش ياكى مۇسادىرە قىلىش ياكى ئۆي ئەھلىنى قوغلاپ چىقىرىشقا بولمايدۇ.

ئون توققۇزىنچى ماددا: 1 ـ ئىنسانلار شەرىئەت ئالدا باراۋەر، ھاكىم ۋە مەھكۇم ئوخشاش.

2 ـ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش بارلىق ئىنساننىڭ ھوقۇقى.

3 ـ جاۋابكارلىق شەخسي بولىدۇ.

4 ـ شەرىئەت ھۆكمىنىڭ سىرتىدا جىنايەت ۋە جازالاش يوق.

5 ـ جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن كېرەك بولغان بارلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىلگەن ئادىل سوت مەھكىمىسىدە جىنايەتلىرى ئىسپانلانغىچە گۇناھسىزدۇر.

يىگىرمىنچى ماددا: ئىنسانلارنى شەرىئەتكە زىت ھالدا قولغا ئېلىش، ئەركىنلىكىنى چەكلەش، سۈرگۈن قىلىش ياكى جازالاشقا بولمايدۇ، ھېچقانداق ئىنساننى جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتە ئازابلاشقا، ئىنساننى خارلايدىغان، ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا زىت كېلىدىغان مۇئامىلىلەرنىڭ ھېچبىرىنى قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ھېچقانداق ئىنساننى ئۆز رازىلىقىسىز تىببىي ياكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە زورلاشقا بولمايدۇ، ئۆز رازىلىقى بولغاندىمۇ ھاياتى ۋە سالامەتلىكىنى ھالاكەتكە ئۇچراتماسلىق

شەرت. بۇ ھەقتە ئىجرا ھاكىمىيىتى تۈزىدىغان ناتوغرا قانۇنلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

يىگىرمە بىرىنچى ماددا: ھەر قانداق بىر شەكىلدە ۋە ھەر قانداق بىر مەقسەتتە ئىنساننى گۆرۆگە ئېلىش ھارامدۇر.

يىگىرمە ئىككىنچى ماددا: 1 ـ ھەر قانداق ئىنساننىڭ شەرىئەت پرىنسىپىغا زىت كەلمەيدىغان شەكىلدە پىكرىنى ئەركىن بايان قىلىش ھوقۇقى بار.

2 ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، يامانلىقتىن توسۇش ھوقۇقى بار.

3 ـ ئاخبارات جەمئىيەتنىڭ ھاياتىدۇر، ئۇنى پۇرسەت بىلىپ سۈيىئىستېمال قىلىش، ئۇ ئارقىلىق مۇقەددەس ئامانەتلەرگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ھۇجۇم قىلىش، گۈزەل ئەخلاققا دەخلى يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتنى بۆلگۈنچىلىككە، پارچىلىنىشقا ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، ئېتىقادنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ.

يىگىرمە ئۈچىنچى ماددا: 1 ـ مەنسەپ بىر ئامانەتتۇر، ئىنساننىڭ ئاساسى ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەنسەپتىن پايدىلىنىپ ئىستىبداتلىق قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش قەتئىي ھارام قىلىنىدۇ.

2 ـ ھەر بىر ئىنسان ئۆز مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە ياكى ۋاستە ئارقىلىق قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر ھەمدە ئۇنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئاممىۋى خىزمەتلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار.

يىگىرمە تۆتىنچى ماددا: بۇ بايانىنامىدا بەلگىلەنگەن بارلىق ھوقۇقلار ئىسلام شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە باغلىقتۇر.

يىگىرمە بەشىنچى ماددا: بۇ بايانىنامىنىڭ ھەر بىر ماددىسىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاشتا بىردىنبىر مەنبە ئىسلام شەرىئىتىدۇر.